


ئابدۇۋەلى ئەلى

# تۇغلۇق تۆمۈرخان

3


شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇۋەلى ئەلى
تۇغلۇق تۆمۈرخان
3
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-17351-8
定价：43.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



ئابدۇۋەلى ئەلى

# تۇغلۇق تۇمۇرخان

3

## سۇبھىدە چاقنىغان يۇلتۇز

(رومان)



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

秃黑鲁·帕木儿.3：维吾尔文 / 阿不都魏力·艾力著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2014.1（2015.3 重印）
ISBN 978-7-228-17351-8

Ⅰ.①秃… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第321017号

责任编辑 巴力江·孜帕尔
责任校对 再米拉·裴达依
特约校对 万力·在顿
绘　　画 苏帕洪
封面设计 买买提·诺比提
出版发行 新疆人民出版总社
　　　　 新疆人民出版社
电　　话 0991-2827472
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
印　　刷 北京顺诚彩色印刷有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 32开本
印　　张 15.5
版　　次 2014年12月第1版
印　　次 2015年3月第2次印刷
印　　数 5001 — 13000
定　　价 43.00 元

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە  سۇبھىدە چاقنىغان يۇلتۇز ........................ 1
بىرىنچى باب  پىتنە ۋە سۇلھى ................................ 86
ئىككىنچى باب  كىگىز ئاستىدىكى چايان ..................... 142
ئۈچىنچى باب  «بەيتفالىخە خەير ـ ساخاۋەت ئۆيى» ........... 169
تۆتىنچى باب  يەتتە ياشلىق ۋەلىئەھد ........................ 208
بەشىنچى باب  بۆرىنى قوتانغا باشلاش ....................... 237
ئالتىنچى باب  ئەسىر ئاژۇن .................................. 272
يەتتىنچى باب  قىلمىشىغا يارىشا نەتىجە ...................... 321
سەككىزىنچى باب  دوغلاتلار ئىسيانى ........................ 352
توققۇزىنچى باب  قانلىق ئەگىزلەر ........................... 388
ئونىنچى باب  سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا .................. 427
خاتىمە  كىچىككەن ھەقىقەت ................................. 460

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## مۇقەددىمە

# سۈبھىدە چاقنىغان يۇلتۇز

«روھ دەرەخ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. گەرچە ئۇ تۇپراق ئىچىدە بولسىمۇ، ئەسەرلىرى شاخلاردا نامايان. ئەگەر دەرەخنىڭ بىرەر شېخى سۇنسا، يىلتىزىدا كۈچ بولغانلىقتىن يېڭىدىن ئۆسۈپ چىقىۋېرىدۇ. ئەگەر يىلتىزى چىرىگەن بولسىچۇ، ئۇنىڭدا شاخمۇ، ياپراقمۇ بولمايدۇ.»

— جالالىدىن رۇمىي

كۈچلۈك قۇياشنىڭ ئىسسىق ھارارەتلىك تەپتىدىن ئىللىشقا باشلىغان ئەتىيازنىڭ ھاۋاسىدا كەيگەنسايىنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچبۇلاق قىياسىنى قاپلىغان قار ـ مۇزلار ئېرىشكە باشلىدى. قار ـ مۇزلاردىن ئېرىپ ھاسىل بولغان مەرۋايىتتەك تۇنجى سۇ مونچاقلىرى تۆۋەنگە تامچىلاپ چۈشۈپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ ئەگىز بولۇپ ئېقىپ، كۆكدالاغا باھار پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. پايتەخت ئالمالىق شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان كەيگەن تېغىنىڭ كۈنگەي قاپتاللىرىدىكى قار ـ مۇزلارمۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئېرىپ، ئاستىدىكى قارامتۇل سېرىق يەر پوستى پەيدىنپەي كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سان ـ ساناقسىز ئەگىز سۇلىرى قىشتىن بېرى توڭلاپ ياتقان تاشتەك قاتتىق يەرلەرنى ئەكچىتىپ، بۇلتۇرقى كوكاتلارنىڭ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان غوللىرى نەملىشىشكە باشلىدى. قېلىن

www.uyghurkitap.com

قارغا پۈركىنىپ قىش ئۇيقۇسىدا ياتقان دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزلىرى خانلىنىشقا باشلىدى ھەمدە يېڭىدىن بىخلىنىپ يىلتىز سۈرۈپ، بۈلتۈرقى كۈز شامىلىدا يەرگە تۆكۈلگەن غازاڭلاردىن ھاسىل بولغان قېلىن بىر قەۋەت قىغلارنى ئاستا ـ ئاستا نېرى ئىتتىرىپ تاشلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇقىرىغا قاراپ ئۆسۈشكە باشلىدى.

كەيگەن تېغىنىڭ تەسكەي جايلىرىدىكى سوغۇقنىڭ كۈچىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئېرىگەن قار ـ مۇز سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان تارام ـ تارام ئەگىز سۇلىرى ئۇچبۇلاق جىلغىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئېقىنلارنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ قار ـ مۇزلارنى ئېرىتىشكە، ئېقىنلاردىكى مۇز قاتلاملىرىنى بۇزۇشقا باشلىدى، ئۇچبۇلاق قىياسىدىكى مۇزلاپ قېتىپ قالغان غايەت زور شارقىراتمىنى ئاستا ـ ئاستا ھەرىكەتكە كەلتۈردى. سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ، ئاخىرىدا ئۆركەشلەپ ئاققان زور بىر ئېقىننى ھاسىل قىلدى. بۇ ئېقىن تاغ ئۇستىدىكى چوڭ كەيگەن دەرياسىغا كېلىپ قۇيۇلۇپ، دەريادىكى قېلىن مۇز قەۋەتلىرىنى قاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، شۇرمەل مۇزلارنى شىددەت بىلەن سۈر ـ توقاي قىلىپ تۆۋەن تەرەپكە كەتتى.

«جىزىيە تۆلەش» چارىسى بويىچە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەسىلىسى ۋاقتىنچە ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى داۋالغۇپ بىر ئىزدا تۇختىماي كېتىۋاتقان ئەنسىز ۋەزىيەت ئاساسىي جەھەتتىن تىنچلاندى. ئىچكى ـ تاشقى تىنچ ۋەزىيەت خانلىقنىڭ ئىگىلىكىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. خانلىق تەۋەسىدە بارلىققا كەلگەن ئاساyىشلىق، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىگىلىك، خانلىق ئىچىدىكى ئۇلۇس ـ مىللەتلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدەك بىر قاتار ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن،

مەملىكەتتە ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرىغا ئائىت تۈرلۈك پىكىر ـ مۇلاھىزىلەر تېز ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى.

چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر مەملىكەت مىقياسىدا تېز ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇنداق پىكىر ـ مۇلاھىزىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ سەلتەنەتىگە ۋە مەملىكەتنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيىتىگە بولغان تەسىرىنى ياخشى چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ چاغاتاي خانلىقىدىكى دوغلات، بارلاس، دوختەۋى ۋە سۇلدۇز ئۇلۇسلىرىنىڭ ئۇلۇسبېگى بولغان تۆت چوڭ ھوقۇقلۇق بەگنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى خاننى قورچاق قىلىۋېلىپ، بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب يەنىلا چاغاتاي سەلتەنەتىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىشتىن بولغان، موڭغۇللارنىڭ خاننى قۇرۇلتايدا سايلايدىغان ئەنئەنىسىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىپ تاشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك تەختكە بەيبېشەدىن تۇغۇلغان چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئورناتقاندىلا، مۇنداق ئىچكى مالىمانچىلىقنى تەلتۆكۈس تۈگەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەمما، بۇ دېمەككە ئوڭاي بولغىنى بىلەن، ئەمەلگە ئاشۇرماق ھازىرقى دىن ئىسلاھاتىدىنمۇ بەكرەك قىيىنغا توختايدىغان ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر جەريان بولغاچقا، «ئالدىغا تارتسا ئات ئۆلەتتى، ئارقىغا يانسا شوتا سۇناتتى.» بۇنى چۈشەنگەن تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ بۇ ئىشقا كەلگەندە قارامىلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى، بولمىسا تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زىيانلىق ئاقىۋەت يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان مۆلچەرلەپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ھەم «ئاتمۇ ئۆلمەيدىغان»، ھەم «شوتىمۇ سۇنمايدىغان» بىر تۈرلۈك تىنچ ۋە مۇۋاپىق يول تېپىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بىراق، بۇ يول زادى قەيەردە، ئۇنى قانداق تېپىش كېرەك؟

مەملىكەت بويىچە يولغا قويۇلغان دىن ئىسلاھاتى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقىدىكى

www.uyghurkitap.com

موغۇللارنىڭ ئەھۋالىدا نېگىزلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قەشقەر، خوتەن، يەركەن، ئاقسۇ، چالىش، ئىدىقۇت شەھىرى، قامۇل ۋە پايتەخت ئالمالىقتا ئوخشاش چوڭ ـ چوڭ مەركىزىي شەھەرلەر بىلەن بۇ شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان كەڭ يېزا ـ قىشلاقلاردا ياشايدىغان ئاھالە ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بولۇپ، ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ يۈكسەك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ مەملىكەت مىقياسىدا ئاھالىنىڭ ئاساسىي ئېتىقادىغا ئايلىنىشى ئارقىسىدا، بۇنداق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، چاقناپ نۇر چېچىشقا باشلىدى.

* * *

باھار پەسلىدىكى پايتەخت ئالمالىق ئاللىقاچان ياپيېشىل ئورمان دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. باراقسانلىشىپ قاراڭغۇلاشقان دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدا كاككۇكلار بەس ـ بەستە سايرىشىپ، بۇلبۇللارنىڭ ناخشا ساداسى ياڭراپ، باھارغا تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. پۈتۈن شەھەر ئادەمنى مەپتۇن قىلارلىق دەرىجىدە گۈزەل باھار مەنزىرىسىگە چۆمگەنىدى.

بۈگۈن يەكشەنبە بولۇپ، ئالمالىقتىكى كاتولىكلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان كۈنى ئىدى. خانىش زەمۇران بىبى تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولغاندىن كېيىن چېركاۋغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلاندى. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇخلاپ قالغان تۇغلۇق تۆمۈرخان تېخى ئويغانمىغانىدى. ئاخشامقى مەسلىھەت بويىچە خان كاتولىكلارنىڭ بۈگۈنكى ئىبادەت كۈنىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە سان سىمون چېركاۋىغا ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت بىلەن كۆرۈشۈشكە بارماقچىدى. شۇڭا، خانىش زەمۇران بىبى خاقان ئېرىنى ئويغاتماقچى بولۇپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ يېنىك تىنىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،

ئويغاتقۇسى كەلمەي بېشىدا قاراپ تۇردى. دەل مۇشۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۈرخان كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ، بېشىدا قاراپ تۇرغان خانىشنى كۆرۈپ، تاتلىقىنا كۈلۈمسىرىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى كىيىشكە باشلىدى.

خان ۋە خانىش كىيىملىرىنىڭ ئۈستىدىن زىغىر رەڭ پەرىجىلىرىنى كىيىپ، باشلىرىنى چۈمكىۋالغاندىن كېيىن، خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش كىيىنگەن تۆت تۇرغاۋۇتنى باشلاپ ئوردىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نەگە ۋە نېمىشقا ماڭغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەي قالدى.

ئالمالىقنىڭ ئۈستىگە سىلىق تاراشلانغان ياپىلاق تاش يېيىتىلغان كوچىلىرىغا تەكشى سۇ سېپىلگەن، پاكىز سۈپۈرۈلگەنىدى. تېخى ئەتىگەن بولغاچقا، ئاندا ـ ساندا مېڭىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كوچىلار بوش ئىدى.

سان سىمون چېركاۋى خانىش زەمۇران بىبىنىڭ ئىلتىماسى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ يارلىقى بويىچە ئالمالىقتىكى كاتولىك مۇخلىسلىرىغا ئىبادەت قىلىدىغان چېركاۋ سۈپىتىدە قايتىدىن ئېچىپ بېرىلگەنىدى. سابىق ئېپىسكوپ رىچارد «چاقىرىقىقا بىنائەن» مۇقەددەس رىم ۋاتىكانلىقىغا قېچىپ بېرىۋالغاندىن كېيىن، ئاۋۋالقى مىسسىيونېر لاۋرېنتىي ھەزرەت كاتولىك دىنى ئالمالىق يېپارخىيەسىگە يېڭىدىن ئېپىسكوپ بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى.

ئۇلار سان سىمون چېركاۋىغا يېتىپ كەلگەندە، تەبلىغ ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن خانىش زەمۇران بىبى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن ئاخىرقى رەتتىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى ـ دە، مۇنبەردە تۇرۇپ تەبلىغ قىلىۋاتقان ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى.

— بىرەيلەن ھەزرىتى ئەيسادىن: «ئىنسان قانداق قىلغاندا مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، — دېدى

www.uyghurkitap.com

ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت مۇخلىسلىرىغا مەسائىل ـ مەرۇپ قىلىپ تۇرۇپ، — ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەردىكى: «پەرۋەردىگارىڭنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ، پۈتۈن كۈچۈڭ ۋە پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن سۆيگىن»، «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن». دېمەك، بىز بۇنىڭدىن شۇنى چۈشەندۇقكى، ئىنسان ئەگەر ئىككى ئالەملىك ساۋاب تاپىمەن دەيدىكەن، چوقۇم پەرۋەردىگارنى ۋە باشقىلارنى خۇددى ئۆزىنى سۆيگەندەك سۆيۈشى لازىم. ئىنسان شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات ياشىيالايدۇ! مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە «ئىنجىل»دا رىۋايەت قىلىنغان مۇنداق بىر ئىش ئىسپات بولالايدۇ:

بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ قاراقچىغا ئۇچراپ قاپتۇ. قاراقچىلار ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاپ كېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بىر جوھۇت موللىسى شۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ھېلىقى يارىدار ئادەمنى كۆرگەن بولسىمۇ، كارى بولماستىن يولنىڭ بىر چېتى بىلەن مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. جوھۇتلارنىڭ سىناگوگىدا ئىشلەيدىغان يەنە بىر ئادەممۇ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ يەرگە كەلگەندە ھېلىقى بىچارە ئادەمنى كۆرۈپ كارى بولماي، يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن، جوھۇتلار ئىنتايىن يامان كۆرىدىغان ئۇچىنچى بىر ئادەم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھېلىقى يارىدار ئادەمنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ جاراھىتىنى يۇيۇپ، مەلھەم چېپىپ تېڭىپ قويۇپتۇ. ئاندىن بۇ يارىدار ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئۇلىغىغا مىندۈرۈپ بىر سارايغا ئەكەپتۇ ـ دە، ئۇ يەردە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ بىر مەزگىل تۇرۇپتۇ. يارىدار ئادەم سەل ياخشىلانغاندىن كېيىن، ھېلىقى يولۇچى سارايۋەنگە ئىككى دانە كۈمۈش تەڭگە بېرىپتۇ ۋە: «ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇڭ. ئارتۇق چىقىمىڭغا مانا مەن ئىگە، قايتىشىمدا چوقۇم تۆلەپ، سىزنى رازى قىلغايمەن!» دەپ جېكىلەپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ

ھەممىسى قاراقچىغا يولۇققان ھېلىقى ياردار ئادەمنىڭ قوشنىسى ئىكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت ئۇچىنچى ئادەملا ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىپ، قوشنىدارچىلىق ھەققىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئادا قىپتۇ. دېمەك، بىزمۇ باشقىلارغا خۇددى ئەنە ئاشۇ ئۇچىنچى ئادەمدەك مېھرىبان بولۇشىمىز، باشقىلارنى خۇددى ئاشۇ ئادەمدەك سۆيۈشىمىز لازىم①!

چېركاۋنىڭ ئىچىدىكى ئاسما شامدانلاردا شاملار يېنىپ تۇراتتى. خۇش پۇراق ئىسرىق ئىسلىرى تولغىنىپ ـ تولغىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتنىڭ تەبلىغى توختىشى بىلەن تەڭلا زالدا دۇئا ـ تىلاۋەت، مەۋلۇت ساداسى ياڭراشقا باشلىدى. ئۇچىسىغا ئېپىسكوپلۇق ئىبادەت كىيىمىنى كىيىۋالغان لاۋرېنتىي ھەزرەت مۇنبەردە تۇرۇپ جامائەتكە قارىدى. ئۇنىڭ بېشىدا دۇر ـ ياقۇت كەشتىلەنگەن ئېپىسكوپلۇق تاج بولۇپ، ئۇچىسىدا كىمخاب تون — قۇبا بار ئىدى. بوينىغا ئالتۇن كىرېست ئېسىۋالغانىدى.

مۇخلىسلار ئۇنىڭ تەبلىغىنى يەنە داۋاملاشتۇرماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ جىم بولۇشتى.

— ئىنسان ئوغلى ھەزرىتى ئەيسا شۇنداق دەپ ئېيتتىكى، — دېدى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت تەبلىغ قىلىۋېتىپ، — سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلغانلارغا مېھىر ـ مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار. ئۆچمەنلىك قىلغانلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. سىلەرنى قاغىغانلارغا بەخت تىلەڭلەر! سىلەرگە يامان مۇئامىلىدە بولغانلارغىمۇ دۇئا قىلىڭلار. بىرسى سىلەرنىڭ ئوڭ مەڭزىڭلەرگە ئۇرسا، سول مەڭزىڭلەرنىمۇ تۇتۇپ بېرىڭلار. بىرسى سىلەرنىڭ چاپىنىڭلارنى سالدۇرۇۋالسا، كۆڭلىكىڭلارنىمۇ سېلىپ بېرىڭلار. بىرسى سىلەردىن بىرنېمە تىلىسە، شۇنى بېرىڭلار. بىرسى سىلەرنىڭ بىرنەرسەڭلەرنى ئەكەتسە، ئۇنى

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، «ئىنجىل. لوقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 11 ـ سۇرە، 25 ـ، 27 ـ ئايەتلەرگە قاراڭ.

قايتۇرۇپ بېرىشنى سورىماڭلار. باشقىلارنىڭ سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى خالىساڭلار، سىلەرمۇ ئۇلارغا شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇڭلار! ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلەرنى ياخشى كۆرگەنلەرنىلا ياخشى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭ نېمە ساۋابى بولسۇن؟ گۇناھكارلارمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ياخشى كۆرىدۇغۇ؟ ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلەرگە ياخشىلىق قىلغانلارغىلا ياخشىلىق قىلساڭلار، ئۇنىڭ نېمە ساۋابى بولسۇن؟ ھەتتا گۇناھكارلارمۇ شۇنداق قىلىدۇغۇ. ئەگەر سىلەر قەرز قايتۇرالايدىغانلارغىلا قەرز بەرسەڭلار، ئۇنىڭمۇ نېمە ساۋابى بولسۇن؟ گۇناھكارلارمۇ ئەينەن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن باشقا گۇناھكارلارغا قەرز بېرىدۇغۇ؟ ياق! سىلەر دۈشمىنىڭلارغىمۇ مېھىر - مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلىمايلا، باشقىلارغا پۇل قەرز بېرىڭلار. شۇ چاغدا ئەرشتە مول ئىنئامغا ئېرىشىسىلەر ۋە ئۇلۇغ پەرۋەردىگارنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىڭلاردىن گۇۋاھلىق بەرگەن بولىسىلەر. چۈنكى، پەرۋەردىگار تۇزكورلارغا ۋە يامان ئىنسانلارغىمۇ شەپقەت قىلىدۇ. خۇددى ئەرشتىكى پەرۋەردىگارىڭلار مېھرىبان بولغاندەك مېھرىبان بولۇڭلار!»① چۈنكى پەرۋەردىگار مۇقەددەس كىتابتا: «پاك بولۇڭلار، چۈنكى مەن پاكتۇرمەن» دەپ ئېيتقان. پۈتكۈل ئىنسان گۈل - گىياھقا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ شان - شەرىپى تېز توزۇپ غازاڭ بولىدىغان چېچەككە ئوخشايدۇ. گىياھلار قۇرۇپ، گۈللەر سولىشىپ ئۆلىدۇ. بىراق، رەببىمىزنىڭ سۆزى مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ! ئامىن!②

ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتنىڭ تەبلىغى ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭ يەكشەنبىلىك ئىبادەتكە قاتناشقان كاتولىكلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ چوقۇنۇشتى. بۇ چاغدا چىركاۋ خور

① «ئىنجىل. لوقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6 ـ سۈرە.

② «ئىنجىل. ھەزرىتى ئەيسانىڭ رەسۇللىرىنىڭ پائالىيەتلىرى. پېترۇس يازغان بىرىنچى خەت».

www.uyghurkitap.com

ئۆمكى ئورۇنلىغان چېركاۋ ئومۇمىي خورىنىڭ ياڭراق ساداسى زالنى قاپلىدى:

ئويغان ئەي غاپىللار،
تىرىل روھىي ئۆلۈمدىن تېز.
ئەيسا مەسىھ نۇر چاچىدۇ،
ئۇ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك رەببىمىز !
......

ئىبادەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخان خانىش زەمۇران بىبىگە پىچىرلاپ ئۆزىنىڭ ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىدا ھايال بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئوردىغا قايتىشقا بۇيرۇدى ـ دە، ئۆزى ئىبادەت زالىنىڭ تۆرىدىكى مېھراب تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كىشىلەرنىڭ كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرمىگەن بولسا، بەلكىم ئۇ سان سىمون چېركاۋىنىڭ خىلۋەتتىكى تىلاۋەتخانىسىنىڭ ئىشىكىنى زادىلا تاپالمىغان بولاتتىمۇ، قانداق؟ ئۇ ئاخىر چېركاۋ تىلاۋەتخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ھايالشىماستىنلا قارىياغاچتىن ياسالغان قېلىن ئىشىكنى تەستە ئىتتىرىپ ئېچىپ خانىنىڭ ئىچىگە كىردى.

تىلاۋەتخانا يان تەرىپىدە بىرلا كىچىك پەنجىرىسى بولغان، خۇددى غارغا ئوخشايدىغان قاراڭغۇ كېمىر ئۆي ئىدى. قېلىن خىش تامنىڭ تەكچىلىرىدىكى ھەربىر ئىكونا①نىڭ ئالدىغا بىردىن تۇتەپ يېنىپ تۇرغان چىراغ قويۇلغانىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان كېمىر ئۆينىڭ تۆرىدىكى سۇپىدا تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان ئۇزۇن ئاق چاچلىق مويسىپىتنى بىر قاراپلا تونۇدى: ئۇ كاتولىك دىنىدىكىلەرنىڭ ئالمالىق يېپارخىيەسىنىڭ ھازىرقى ئېپىسكوپى لاۋرېنتىي ھەزرەت ئىدى. ئۇ مەسائىل ـ مەرۇپىلىرىنى

① ئىكونا ــ خىرىستىيان ئەۋلىيالىرىنىڭ رەسىملىرى.

تۈگەتكەندىن كېيىن، مۇخلىسلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تىلاۋەتخانىغا كىرىپ ئولتۇرغانىدى. ئىشىكتىن كىرىۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قولىغا سۆيۈپ، تەبرىكلەشمەكتە ئىدى. ئۇ بولسا خۇددى دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاندەك زىيارەتچىلەرگە قاراپ لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ قوياتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ زىيارەتچىلەرنىڭ قاتارىدا ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلدى، ئۇنىڭ قولىغا سۆيدى. ئېپىسكوپ نەدە كۆرگەنلىكىنى دەررۇ ئېسىگە ئالالماي، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ ئۇزاقىچە قاراپ كەتتى. بىراق، ئاخىر ئۇنى تونۇپ قالدى ـ يۇ، چاندۇرماستىن يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. خان ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇغانلىقىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدى ـ دە، باداشقان قۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— ئوغلۇم، سىز مېنىڭ ئالدىمغا مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن.

ئېپىسكوپنىڭ سوئالى خانغا قىزىق تۇيۇلدى:

— شۇنداق، تەخسىر. بىراق، ھەزرىتىم، مېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن كەلگەنلىكىمنى قانداق بىلدىلە؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەجەبلىنىپ.

— سىزنىڭ چىرايىڭىزغا قاراپ بىلدىم!

— مەن پەقەت ھەزرىتىمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلگەنىدىم.

— بۇ زىيارەتنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە بولامدىكىن؟

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئېپىسكوپنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن، شۈبھىلەنگەندەك قىلىپ ئەتراپىغا قاراپ قويدى. ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت ئىشىك ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان چېركاۋ خىزمەتچىسىگە:

— مەن مۇنۇ مۇخلىسىمنىڭ زىيارىتىنى ئايرىم قوبۇل قىلماقچىمەن. شۇڭا، بىزنى خالىي قويۇشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى. ھېلىقى خىزمەتچى چۈشەنگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئاندىن تىلاۋەتخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئېپىسكوپنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن تۇرغان مۇخلىسلارغا زىيارەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى ـ دە، تىلاۋەتخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت ئورنىدىن تۇرۇپ، خاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە:

— ھۆرمەتلىك خان ئالىيلىرى، ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويغان بولسام كەچۈرگەيسىز. سىزنىڭ مېنى زىيارەت قىلىشىڭىزدىكى سەۋەبىنى بىلىپ باقسام بولامدۇ؟ مۇبادا مالال كۆرمىسىڭىز ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز؟ — دېدى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— مەن ئالدىڭىزغا ئۆز لەۋزىمنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا.

— ھۆرمەتلىك خان ئالىيلىرى، سىز نېمىنى لەۋز قىلغانىدىڭىز؟

— بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى مۇشۇ يەردە مەن سىزگە: «ھەزرىتىم، بىز سىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىڭىزنى بېشىمىزدا كۆتۈرۈپ ئەزىزلىگەيمىز !» دەپ لەۋز قىلغانىدىم. ھالا بۈگۈن بىزگە ئاشۇ لەۋزىمىزنى ئورۇنلايدىغان پۇرسەت تۇغۇلۇپتۇ. مۇبادا ھەزرىتىم مالال كۆرمەيدىغان بولسىڭىز، ئاشۇ لەۋزىمىزنى ئورۇنلىغان بولساق؟

— پېقىر مەن مەغلۇپ بولغان ئېتىقادنىڭ ۋەكىلىدۇرمەن. شۇڭا، مەن سىز ئېيتقان ئاشۇ شان ـ شۆھرەتكە مۇناسىپ كەلمەيمەن !

— قەلبى ئۆزىگە گۇۋاھ بولىدىغان ئاق كۆڭۈل كىشى مەغلۇبىيەتتىن ھەرگىز قورقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەزرىتىم

سىز ھەرگىزمۇ ئاددىي قاتاللاردىن ئەمەستۇرسىز، چۈنكى سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسانىيەتكە پايدىلىق گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتنى ۋە مول بىلىملەرنى مۇجەسسەملىگەن ئارىپ - مەۋلانادۇرسىز!

— جانابىي خان ئالىيلىرى، — دېدى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت يەنىلا بايىقىدەك يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، — مېنىڭ سىز ۋە سىزنىڭ خەلقىڭىز ئېتىقاد قىلىدىغان ئاشۇ دىن بىلەن كىنە - ئاداۋىتى بولغان يەنە بىر دىنىنىڭ مۇخلىسى ئىكەنلىكىمنى ھەرگىز نەزىرىڭىزدىن ساقىت قىلمىغايسىز!

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويىدى. شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىدىن ئۇنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يەتمىگۈچە زادىلا توختىمايدىغان قەيسەر مىجەزى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىنىڭ چاغاتاي خانلىقىدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلار بىلەن كاتولىكلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بېرىدىغان تەسىرىنى ياخشى چۈشەنگەچكە، ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتنى قايىل قىلماقنىڭ ئانچە ئوڭايغا توختىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدى.

مانا شۇ پەيتتە ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت ئۇنىڭغا مۇنداق بىر سوئالنى قويۇپ قالدى:

— جانابىي خان ئالىيلىرى، سۈكۈتتە تۇرۇپ قېلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ ياكى بولمىسا قاتاللار بىلەن مۇسۇلمانلارنى تىنچلىقتا بىللە ئۆتىدىغان قىلىش يولىنىڭ مۇشكۈللۈكىدىن ئەنسىرەۋاتامسىز؟

— ھۆرمەتلىك تەخسىر، بىز سىزگە كۆڭلىمىزدىكىنى بايان قىلدۇق، — دېدى خان ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — شۇنىڭ بىلەن بىللە سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا ئايان بولغان گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت، مول بىلىم - خىسلەتلەرنى تەرىپلەپ بەردۇق. بىراق، چاغاتاي مەملىكىتىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار بىلەن قاتاللارنى

تىنچلىقتا بىللە ياشايدىغان قىلىشنىڭ بىرەر ياخشى چارىسىنى تاپالماي، بېشىمىز قېتىپ تۇرۇپتۇ. بىلمىدۇقكى، ھەزرىتىم بۇ مۇشكۇللۇكلەرنى ئاسان قىلىشنىڭ بىرەر چارە ـ ئامالىنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرەلەمدىكىن؟

ــ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ناسارالار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئېتىقاد ماجىرالىرىدا قەدىمدىن تارتىپلا ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چېچىۋەتكەچكە، مۇسۇلمانلار بىلەن قاتاللارنىڭ تىنچلىقتا بىللە ياشاش يولى مانا مۇشۇنداق ئەگرى ـ توقايلىشىپ كەتكەن! بىراق، جانابىي خان ئالىيلىرى، بۇنىڭلىق بىلەنلا ھەرگىز ئىزتىراپ چەكمىگەيسىز. ئىنسانلار ئۈچۈن مۇشكۇل تۇيۇلغان ھەرقانداق بىر ئىش پەرۋەردىگارىمىز ئۈچۈن ئەزەلدىن ھېچقانچە مۇشكۇل تۇيۇلغان ئەمەس. شۇڭا، روھلۇق، ئۈمىدۋار بولغايسىز. مەن سىزنىڭ بۇ مۇشكۇللۇكنى يېشىپ كېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. چۈنكى، پەرۋەردىگارىم ئەزەلدىن ئۆز بەندىلىرىنى تەڭقىسلىقتا قالدۇرغان ئەمەس.

ــ سۆزىڭىزدىن تولىمۇ مەمنۇن بولماقتىمەن، جانابىي ھەزرەت، ــ دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۈمىدلىنىپ، ــ ئەجەبا سىزنىڭ بۇ مۇشكۇللۇكنى يېشىشىمىزگە مەدەتكار بولغۇڭىز كەلمىسە ـ ھە؟!

ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى ـ دە، ئۇچتەك ئاقارغان ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ــ ئوغلۇم، بىلەمسىز، ناسارالار تارىخىدا بۇنىڭدىن يەتتە يۈز يىل ئىلگىرى دەمەشىقلىق يۇھاننا بۇھەيرا① ئىسىملىك بىر كاتتا ئۆلىما ئۆتكەن. «بۇھەيرا» كەلدانچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئىلىمگە تولغان ئالىم» دېگەنلىك بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ

---

① يۇھاننا بۇھەيرا (مىلادىيە 676 ــ 749) ــ سۇرىيەنىڭ دەمەشىق شەھىرىدە ياشىغان. خىرىستىيانلارنىڭ پراۋوسلاۋىيە مەزھىپىنىڭ فاتىرىخى. ئۇنىڭ «مەنبەئۇل ئۆلۇم» دېگەن ئەسىرى بار.

«مەنبەئۇل ئۇلۇم» دېگەن كاتتا ئەسىرىنى باشتىن ـ ئاياغ ئوقۇپ تەھسىل قىلغانمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كاتتا ئەسىرىدە «تەۋرات»تىكى «سۈرە دانىيال»دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، دانىيال پەيغەمبەرنىڭ: «مەن ناھايىتى چىرايلىق قىياپەتتىكى چىچەن بىر ئوغلاننى كۆردۈم. ئۇنىڭ تۇغۇلىدىغان ۋاقتى مۇشتەرى،① زۇھەل② يۇلتۇزلىرى سەۋر③ ۋە زۆھرە④ بۇرجلىرىدا ئۇچراشقان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئۆز بوۋىسى ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرىنى پەرۋەردىگارنى تونۇشقا يېتەكلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۇلغايتىدىغانلىقىنى، ئەۋلادلىرىنىڭ تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تاغنىسى ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ؛ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ!» دەپ بېشارەت بەرگەن، دەپ يازغانىدى. ھالبۇكى، «تەۋرات»تا ئېيتىلغان ئاشۇ چىرايلىق قىياپەتتىكى چىچەن ئوغلاننىڭ ئىلىم ـ ئىرپان، بەخت ـ سائادەت ئىگىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىنسان ئوغلى مەسىھ ئەيسامۇ: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى، مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللا ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن»⑤ دەپ بېشارەت بەرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ بۇ خۇش خەۋەرنى ئۇيۇقنىڭ ھەممە ئەتراپلىرىغىچە يەتكۈزگەن ۋە بۇ خۇش خەۋەرنىڭ شارابىتى ھەممە پەرۋەردىگارنىڭ ئىزنى (رۇخسىتى) بىلەن ئۇلۇكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان شەرەپلىك مەنزىلگە يېتىشكەن. ئۇنىڭدىن

① مۇشتەرى ــ يەتتە سەييارىنىڭ بىرسى. يۇپىتېر يۇلتۇزى.
② زۇھەل ــ يەتتە سەييارىنىڭ بىرسى. ساتۇرن يۇلتۇزى.
③ سەۋر ــ ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئىككىنچىسى.
④ زۆھرە ــ ئون ئىككى بۇرجنىڭ بىرسى. ۋېنېرا يۇلتۇزى.
⑤ «قۇرئان كەرىم»: سۈرە سەپ، 6 ـ ئايەت. بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى) 553 ـ بەت.

ئىلگىرى ئۆتكەن مۇرسەل نەبىيلەردىن بولغان مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ: «پەرۋەردىگار ئەھمەد (مۇھەممەد)نىڭ ئۇممەتلىرىنى ياراتقاي» دېگەن ئارزۇ قوللىرىنى ئۇنىڭ ئەبەدىيلىككە ئۇلاشقان دۆلىتىنىڭ غانجۇغىسىغا قويدى ۋە ئاشۇ ئارزۇنىڭ بەركاتى بىلەن ئاپپاق خاسىيەتلىك قولغا ئېرىشىپ، مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەت تاپتى. دېمەك، بىز بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ناسارالار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي دىيانىتى ئەسلىدىنلا بىر ئىدى. شۇڭا، ئىنسان ئوغلى مەسىھ ئەيسا بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەلىم بېرىپ ئۆگەتكەنلىرىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بولدى. ۋاھالەنكى، ئادەمئاتىنىڭ ئەۋلادلىرى ئادىمىي شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسە سېلىشى ئارقىسىدا، شەيتان لەئىنىنىڭ ئاچ كۆزلۈككە ۋە تەمەخورلۇققا جورۇشى تۇپەيلىدىن ھىدايەتتىن ئېزىپ خارابلاشتى. تەپرىقىچىلىك قىلىشىپ، ئايىنىپ كەتتى. مەزھەپ ـ گۇرۇھ تىكەنلىرى زېمىننى قاپلىدى. دىنىي ئاداۋەتلەر كۆچىيىپ كەسكىنلىشىپ كەتتى. پەرۋەردىگار ئۆزلىرىگە بۇيرۇمىغان ئاشۇ دەھرىي ھاكىمىيەتنى دەپ، ئادەملەر ئۆزئارا ئۇستۇنلۇك تالىشىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى دەپسەندە قىلىشىپ كەلدى...

ئېپىسكوپ لاۋرىنتىي ھەزرەت سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، گويا ھازىرقى كاتولىكلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى دىنىي ئاداۋەتنىڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋىتىدىن چۆچۈگەندەك قىلىپ، چوڭقۇر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. ئاندىن خۇددى ئۇمىد ـ ئىشەنچ ئىزدىگەندەك چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

تۇغلۇق تۆمۈر ئۆزى ئىلگىرى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان ھەم ئويلاپمۇ كۆرمىگەن ئىشلارنى ئاڭلاپ ناھايىتى يېڭىلىق ھېس قىلدى ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىدا چاغاتاي سەلتەنەتى دۇچ كەلگەن

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن مۇشكۇلاتلارنى ھەل قىلىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى ئاخىر تاپقاندەك بولدى ـ دە، كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتتى. ئۇ شۇ پەيتتە بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىشكە تولىمۇ قىزىقسىمۇ، ئەمما ئېپىسكوپ ھەزرەتلىرىنىڭ چارچىغانلىقىنى ۋە ئىزتىراپ ئىلكىدە پۇچىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئېپىسكوپنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ تىلاۋەتخانىدىن چىقىپ كەتتى...

* * *

چاغاتاي خانلىقىدا يولغا قويۇلغان ئىسلاھات يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ يۈرگۈزۈلگەن بولغاچقا، مەملىكەتتە تەرتىپ ئورنىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەلدۈرۈش، پۇقرالارغا ئاسايىشلىق بېرىش، خەزىنە ـ كىرىملەرنى تەرتىپكە سېلىش، باج ـ سېلىق، نىكاھ ۋە ئەدلىيە تۈزۈملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئوغرى ـ يالغان ۋە باشقا تۈرلۈك جىنايى ئىشلارنى تەھقىق قىلىش ـ جازالاش، مەملىكەتنىڭ ئىچكى ۋە خارجى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ئائىت مەسىلىلەر تۇغلۇق تۆمۈرخان باشچىلىقىدىكى چاغاتاي سەلتەنەتى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ـ يېڭى مەسىلىلەر بولۇپ سانىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەملىكەتنىڭ زېمىنى كەڭ، ھودۇدى ئۇزۇن بولغاچقا، شەرقىي جەنۇب قىسمى بىلەن غەربىي شىمال قىسمىنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر ـ بىرىدىن زور پەرقلىنەتتى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەشقەر بىلەن ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىلىرى ئىسلامىيەتكە بالدۇر كىرگەن بولغاچقا، ئىگىلىك تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت جەھەتتە خانلىقنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان موغۇلىستاندىن كۆپ ئالدىدا تۇراتتى؛ قەشقەر، ماۋەرائۇننەھر قاتارلىق مەدەنىيەتتە ئىلغار ئۆلكىلەرنى

مەدەنىيەتتە بىر قەدەر قالاق بولغان موغۇلىستانغا ئوخشاش چارۋىچىلىق ۋابدىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ باشقۇرۇش ئارقىغا چېكىنگەنلىك بولاتتى؛ ئاھالىنىڭ ئېتىقادىنى سەلتەنەت سۈرىگە ۋە ئەمر - پەرمانغا تايىنىپ زورمۇزور ئۆزگەرتكىلى بولغان بىلەن، خانلىقنىڭ تىنچ - مۇقىملىقىنى زورلۇق ۋاستىسى بولغان قانۇن - تۈزۈمگە ۋە قەلەمىي ۋاستە بولغان ئىلغار مەدەنىيەتكە تايانماي تۇرۇپ قوغداپ قېلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ ئاللىقاچان ھېس قىلىپ يەتكەندى.

خانلىقنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان قەشقەر، خوتەن، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە پايتەخت ئالمالىق قاتارلىق شەھەرلەر چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا ئاللىقاچان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن ئىدى. بۇ ئۈچ مەركەزنىڭ مەدەنىيەت گۈللىنىش دەۋرى گەرچە ئىلگىرى - كېيىن بولغان ھەمدە بۇ شەھەرلەر ئايرىم - ئايرىم ئۈچ خىل مەدەنىيەتكە، يەنى قەشقەر - خوتەن تىپىك ئىسلام ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، قوچۇ خانلىقى تىپىك بۇددا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ۋە ئالمالىق تىپىك خرىستىيان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بۇ ئۈچ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر - بىرى بىلەن ئۆزئارا زىچ باغلىنىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇشقانىدى. ھالبۇكى، بۇ ئۈچ خىل مەدەنىيەت شەكلىدە قەشقەر - خوتەن ئىسلام ئۇيغۇر مەدەنىيىتى باشتىن - ئاياغ يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا، تارىخچىلارنىڭ قەشقەر - خوتەن ئىسلام ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى غايەت زور بىر ھەسەل ھەرىسى كۆنىكىگە ئوخشاتقانلىقىدىن ھەرگىزمۇ ئەجەبلەنمەسلىك كېرەك. خۇددى ئىشچان ھەسەل ھەرىلىرى ئاشۇ

كۆنەك ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ئەمگىكى بىلەن مەشغۇل بولغىنىدەك، نامى ئاتالغان ۋە ئاتالمىغان سان ـ ساناقسىز ئۇيغۇر باخشى ـ ئاچارلىرى ۋە ئۆلىما ـ ئالىملىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىنىمسىز سەمەرىلىك ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشۇپ، كېيىنكى چاغلاردا مۇشۇ زېمىندا قۇرۇلغان چاغاتاي خانلىقىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئاجايىپ پۇختا ئۇل سېلىپ بەرگەنىدى. بۇ كېيىنكى گەپ، ئەلۋەتتە.

*　　　*　　　*

بۇ يىل ياز ناھايىتى ياخشى كەلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئاسمان سۈپسۈزۈك ئېچىلىپ كەتكەن، قۇياش نۇرى تەكشى سېپىلگەن، ھاۋامۇ قاتتىق ئىسسىغان. ھۆل ـ يېغىنمۇ جايىدا ئىدى. پايتەخت ئالمالىق شەھىرىنىڭ كەڭ كوچىلىرىدىكى كۆك بىلەن بوي تالاشقاندەك ئېگىز ئۆسكەن ياپيېشىل شەمشاد، سەرۋى، دۇپ ـ كاشتان دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى كېچىدىن بېرى ياغقان يامغۇردا خۇددى ھېلىلا سۇغا چىلاپ سۇزۇۋالغاندەك پارقىراپ تۇراتتى. دۇپ ـ كاشتان ۋە تۇخۇمەك دەرەخلىرىنىڭ چېچەكلىرى ئەتراپقا گۇپۇلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. بۇنداق ئەھۋالنى كىشىلەر ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ھويلا ـ ئارانلاردىكى ئەتىرگۈللەر، قىزىلگۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كېتىشكەنىدى. باغلىرىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر مېۋىسىنىڭ ئاۋۇنلۇقىدىن شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قېلىشقانىدى.

سان سىمون چېركاۋىنىڭ دىياكونى خان ئوردىسىنىڭ خىزمەتكارىنى خانغا باشلاپ كىرگەندە، كاتولىك ئېپىسكوپى لاۋرېنتىي ھەزرەت كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغانىدى. خىزمەتكار

ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، قوينىدىن بىر مەكتۇپنى ئېلىپ ئىككى قوللاپ ئۇنىڭغا سۇندى ـ دە:

— جانابىي خان ئالىيلىرى سىز مۆھتەرەم ھەزرەتنىڭ ئۆزىنىڭ كەيگەن بويىدىكى چاربېغىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان باراۋەت سۆھبىتىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزنى سورايدۇ. بۇ سورۇندا خان باشلىق جىمىكى چاغاتاي ئېسىلزادىلىرى جەم بولغۇسى ۋە سىز مۆھتەرەم ھەزرەت بۇ باراۋەت سۆھبىتىنىڭ ئالاھىدە مۆتىۋەر مېھمىنى بولغايسىز. جانابىي تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرى ئېيتتىكى، مۇبادا ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشنى خالىسىڭىز، بۇنداق ھۆرمەتتىن خان ئالىيلىرىنىڭ بېشى كۆككە يەتكەن بولاتتى، — دېدى.

ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت مەكتۇپنى تەپسىلىي ئوقۇپ، ئۇنىڭغا يېزىلغانلىرىنى تەپەككۇر تارازىسىدا تازا دەڭسەپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ باراۋەت سۆھبىتىگە بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى خىزمەتكارغا ئۇقتۇردى ۋە:

— سۆھبەتنىڭ ۋاقتى قاچان ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولامدىكىن؟ — دېدى ئۇ، — جانابىي خان ئالىيلىرى ئۆزى ئامان ـ ئېسەن تۇرۇۋاتامدىكىن؟ مەن خان ئالىيلىرى بىلەن مۇلاقاتتا بولۇپ، سۆھبەتلىشىشنى ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقانىدىم...

— سۆھبەتنىڭ ۋاقىت ـ قەرەلى يېتىپ كەلگەندە، كەمىنە قۇلىڭىز ھۇزۇرىڭىزغا كېلىپ، خىزمىتىڭىزدە بولۇشنى شەرەپ ھېس قىلىدۇ!

— سىز جانابىي خان ئالىيلىرىغا بېرىپ ئېيتقايسىزكى، مەن ئۇنىڭ تەۋازۇ بىلەن قىلغان تەكلىپىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇم. شۇڭا، بەلگىلەنگەن كۈن ۋە سائەتتە ئەلۋەتتە خان ئالىيلىرى بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولغايمەن!...

ئوردا خىزمەتكارى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتنىڭ

جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

كاتولىك ئېپىسكوپى لاۋرېنتىي ھەزرەت چاچ ـ ساقاللىرىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سۆڭەكلىرى چىڭ، تېنى قۇۋۋەتلىك، يۈزى قىپقىزىل مېغىزدەك، ئۆزى تېتىك، خۇش پېئىل، بىلىدىغىنى كۆپ ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. ئۇ رۇم ئۇممانى① بويىغا جايلاشقان ئىسكەندەرىيە دېگەن قەدىمكى بەندەرگاھ②تىن بولۇپ، چاغاتاي خانى جەڭگىچى زامانىسىدا مۇقەددەس رىم ۋاتىكانلىقىنىڭ پاپاسى، ئاۋېنگىنونلۇق گىرىگورى تەرىپىدىن چاغاتاي خانلىقىغا كاتولىك دىنىنى تەرغىب قىلىشقا ئەۋەتىلگەن تەرغىباتچىلارنىڭ بىرسى ئىدى③. ئىسكەندەرىيەدىن ئالمالىققا كەلگەندە ئۇ تېخى ئوتتۇز ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى. ئالمالىقتا كاتولىك دىنىنى تەرغىب قىلىپ يۈرۈپ، يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالغانىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ چاربېغى شەھەرنىڭ ئەڭ خىلۋەت جايلىرىدىن بولغان كىچىك كەيگەن دەرياسىنىڭ بويىدا ئىدى. كىچىك كەيگەن دەرياسى ئېقىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە جەنۇبقا چىقىرىپ ئايلىنىپ ئېقىپ چوڭ كەيگەن دەرياسىغا قويۇلاتتى. بۇ چارباغ دەل ئاشۇ جەنۇبتىكى تۆپىلىك ئۈستىدە ئىدى.

كاتولىك ئېپىسكوپى لاۋرېنتىي ھەزرەت ئوردا خىزمەتچىسىنىڭ باشلىشى بىلەن چارباغقا يېتىپ كەلگەندە، باراۋەت ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى. «مال تۈرى بىلەن، ئادەم قاياشى بىلەن» دېگەندەك، باراۋەت ئەھلى ئۆز قاياشلىرى بويىچە چارباغنىڭ بىرنەچچە يېرىدە سورۇن تۈزۈشۈپ ئولتۇرۇشقانىدى. خىزمەتكار ئېپىسكوپ ھەزرەتنى باشلاپ بەگ ـ

① رۇم ئۇممانى ـــ ئوتتۇرا يەر دېڭىزى.

② بەندەرگاھ ـــ دېڭىز پورتى دېگەن مەنىدە.

③ بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۇچۇن ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «يەتتىسۇ تارىخى ئوچېرىكلىرى» دېگەن ئەسىرىدىن پايدىلىنىلدى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

ئەمىرلەر سورۇنىنىڭ قاتارىدىن ئۆتكەندە، سېمىز گۆش يېيىشىپ، قىمىز ئىچىپ ئولتۇرۇشقان بەگ ـ ئەمىرلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىشىدى، ئېپىسكوپ ھەزرەت بېشىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلەن توسۇپ قويىدى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى.

بەگلەر سورۇنى بەكمۇ قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاقتا قالغان بالىلىق، ياشلىق دەۋرلىرىنى ئەسلىشىپ ۋارقىرىشاتتى.

— يادىڭدىمۇ ھوي چاغرى بەگ ! — دەپ ئەمىرلەردىن بىرسى يېنىدىكى يەنە بىر بەگ بىلەن چېقىشىۋاتاتتى، — كىچىك ۋاقتىڭدا ئاۋۇلدىكىلەرنىڭ مارقا موزىيىغا مىنىۋېلىپ زادىلا ئارام بەرمەيتتىڭ !

— نېمىشقا يادىمدا بولمايدىكەن، — دەپ قوڭغۇراقتەك ئاۋازىنى چىقىرىپ چاغرى بەگ دېگەن ئەمىر سۆزلەۋاتاتتى، — قايسى يىلى ئىكەنلىكى يادىمدا يوق. بىراق، خۇددى ھازىرقىدەكلا ياز كۈنلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. سەن، بىزنىڭ يايلاقتا تىنىق سۇدەك، يانغان ئوتتەك ۋاقىتلىرىمىز ئىدىغۇ ئۇ ! ئىككىمىز بىر يەرگە كەلسەكلا، بىرەر شوخلۇقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماي قالمايتتۇق...

ئۇ «شوخلۇق» دېگەن سۆزىنى ئېيتقاندا ئۆزىچە مەغرۇرلىنىپ جىلمىيىپ قويىدى، تېخى !

— ئىككىمىز ئاۋۇلدىكى ئاچۇق باينىڭ كۆندۈرۈپ كېلىڭلار، دەپ بەرگەن توپچاق تېيىغا يايداق مىنگىشىۋېلىپ، لاچىن ئۇچۇرۇپ يۈرۈشكەن ۋاقىتلىرىمىز ئىدىغۇ ئۇ، ئە ـ ھە ! تازا بەڭباش بالىلىق چاغلىرىمىز ـ دە، شۇ چاغلارنى ئەسكە ئالساقمۇ، ئەسكە ئالمىساقمۇ بولىدۇ. ئىشقىلىپ، خالىغان يېرىمىزگە بارالايتتۇق ھەم ئوينايتتۇق، ھەم كۈلەتتۇق. لاچىننىڭ ياخشىسى قۇشقاچىنىمۇ ئالالايدۇ. سېنىڭ بىلەن بىز ئىككىمىز بولساق خۇددى سارالڭلاردەك پايپاسلاپ يۈرۈپ، قاغا

www.uyghurkitap.com

ئۇچىسىمۇ لاچىننى سالاتتۇق. زېرىككەن لاچىن بولسا قاغىنى قوغلاپ كېتەتتى. بىز بولساق دۆڭنى دۆڭ دېمەي، ئوينى ئوي دېمەي، لاچىننىڭ كەينىدىن تاينى چاپتۇرغان پېتىمىزچە كېتىۋېرەتتۇق. ئۇچىمىزدىكى ئەگلىمىزنى چاتقاللار ئىلىۋېلىپ، يۇلۇۋېلىپ قىلىۋېرەتتى...

— هوي چاغرى بەگ، بولدى قىل، ياشلىقتىكى بەگباشلىقىڭنى تىلغا ئېلىپ ئۆزۈڭنى ماختاۋەرمە! — دەپ گېپىنىڭ بىلگە تېپىۋەتتى ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىۋاتقان يەنە بىر بەگ، — «شاق - شاق قىلغان كېلىننى سىگىر يەشكەندە كۆرەرمەن، بەق - بەق قىلغان تېكىنى سۇركەلگەندە...» دېگەن ماقال بارغۇ؟ ئەر كىشىنىڭ گېپىگە قاراپلا ئەركەك ئىكەن دېگىلى بولمايدۇ. ياۋ ياقىدىن ئالغاندا، بۆرە ئېتەكتىن ئالغاندا ئاندىن كارغا كېلىدىغان، كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. قارىسام سەنزە بەش ئايقۇر قىمىزنى ئارتۇق ئىچىۋەتكەن ئوخشايسەن، لېكىن، ۋالاقلىغىنىڭ ۋالاقلىغان!

— باللىق ۋاقتىڭنى ئەسلىدىڭ نېمە، ئەسلىمىدىڭ نېمە؟ بولدى قىلىڭلارچۇ، ئايىغى چىقمايدىغان چاقچىقىڭلارنى قويۇپ، قىمىزىڭلارنى ئىچىڭلار، — دېدى سورۇندىكى باشقا بەگلەر ئۇلارنى توسۇپ.

بەگ - ئەمىرلەرنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتنىڭ قۇلىقىغا ھېلى ئاڭلىنىپ، ھېلى ئاڭلانماي، خۇددى ئايىغى چىقمايدىغان تۈگمەس بىر ھېكايىدەكلا بىلىنىپ كەتتى.

خىزمەتكار ئېپىسكوپ ھەزرەتنى ئۇدۇل خان ئولتۇرغان سورۇنغا — خان چېدىرىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ: «قاتال ئېپىسكوپى لاۋرېنتىي ھەزرەت قەدەم تەشرىپ قىلدى. ئۇ خان ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشنى سورايدۇ» دەپ خەۋەر قىلدى.

بۇ سورۇن چارباغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئەڭ ھاۋالىق يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قالغان سورۇنلاردىن خېلىلا يىراقتا

ئىدى. سورۇندىكىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پاراڭلىرىنى توختاتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئېپىسكوپ ھەزرەتنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. قالغان سورۇن ئەھلىمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا باشلىرىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

خان ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتكە يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتكەندىن كېيىن، قالغانلارغىمۇ جايىي راھەت ئىشارىتى قىلدى.

— ئېپىسكوپ جانابلىرى، ھارمىغايسىز، — دېدى خان تەكەللۇپ قىلىپ، — بىز تېخى بايىلا سىزنى نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ، دېيىشىپ ئولتۇرغانىدۇق...

— ئىلتىپاتىڭىزغا مىڭ تەشەككۈر، جانابىي خان ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ تۇغلۇق تۆمۈرخانغا بېشىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، — خان ئالىيلىرىنى ۋە سورۇن ئەھلىنى ئۇزاق كۈتكۈزۈپ قويغانلىقىمغا تولىمۇ خىجىلمەن!

— يوقسۇ، ھۆرمەتلىك ئېپىسكوپ، — دېدى خان كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزغۇ، بىز ئويلايمىزكى، سورۇن ئەھلى بىلەن ئوڭايلا چىقىشىپ قالىسىز!

ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سۆزىدىن باياتىن بۇ سورۇندا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش توغرىسىدا بولۇنۇۋاتقان سۆھبەت ئۆزىنىڭ يېتىپ كېلىش سەۋەبىدىن ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمايلا تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇردى.

— مۆھتەرەم جانابلار، — دېدى خان سورۇن ئەھلىگە مۇراجىئەت قىلىپ، — ھەممىمىز ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت بىلەن يېقىن تونۇشلاردىنمىز. ئۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە بىر قەرنىدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيان دىن تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بىلىملىك زاتتۇر. بولۇپمۇ «جامە مەسچىتى ۋەقەسى»دە بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ ئادالەتنى ياقلايدىغان جاسارىتى

ۋە شەخسىيەتسىز ھىممىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئىنسانىي پەزىلىتىنى تولۇق نامايان قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق.

— ئىسلاھات مەملىكىتىمىزگە ئىلگىرىكىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلەنگەن ئالەمشۇمۇل زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكەلدى، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز ئەنە شۇ ئىسلاھاتنىڭ شارائىتىدە مەملىكەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇش ۋە ئەلنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇردۇق. بىراق، «جامە مەسچىتى ۋەقەسى» دۈشمەنلەرنىڭ ئۆز مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىز تەن بەرمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭى ـ يېڭى مەسىلىلەر بىزگە چاغاتاي مەملىكىتىنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان، ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن ياساقلار بىلەن ئۇنۇملۇك باشقۇرۇپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. چۈنكى، ھەربىر زامان كىشىگە ئۆز ھېكايىسىنى ئېيتقۇزىدۇ. ئەمدىكى گەپ، بىزنىڭ بۇ ھېكايىنى قانداق ئېيتالايدىغانلىقىمىزغا باغلىق بولۇپ قالدى. ئىسلامىيەت ئالىلىقاچان مەملىكىتىمىزدە ياشايدىغان ئاھالىنىڭ تۈپ ئېتىقادىغا ۋە تۇرمۇش شەكلىگە ئايلاندى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر تۇرلۇك ئومۇمىيۈزلۈك ۋە دائىملىق ئىلغار تۇرمۇش شەكلى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل!

تۇغلۇق تۆمۈرخان سۆزلەپ بولۇپ، سورۇندىكىلەرگە بىر قۇر قاراپ ۋە تەكەندىن كېيىن، يەنە قوشۇمچە قىلدى:

— بۈگۈنكى بۇ سورۇن سىلەرگە ئوخشاش ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ھەر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىلىملىك زاتى ئالىيلاردىن تۈزۈلگەن كېڭەش ئەنجۇمەنى ھېسابلىنىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىڭلارغا موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز.

شۇڭا، بۇ كېيىنكى ئۆيلىنىدىغانلارنى قىلچىمۇ يوشۇرماستىن تولۇق ئۇتتۇرىغا قويغايسىلەر !

— ئەل ئىچىدە ئەل يۇرۇيدۇ. ئەۋلادىمىز ئاۋۇپ، كۆپەيسۇن، قاتارىمىز كېڭەيسۇن دېسەك، باشقا ئەل ـ ئۇلۇسنى يامان كۆرمەسلىكىمىز، كەڭ قورساق بولۇشىمىز كېرەك، — دېدى تاشتۆمۈر باھادىر سۆز ئېلىپ، — باھادىرنىڭ پەزىلىتى جەڭدىكى جاسارىتىدە ئىسپاتلىنىدۇ؛ بەگنىڭ شان ـ شەرىپى ئەل ـ ئۇلۇسقا بولغان ھىممىتىدە ئىسپاتلىنىدۇ. بىرلىكى بولغان ئەل بەختىيار ئەلدۇر. بەختىيار ئەل ھەرگىز يېڭىلمەستۇر.

— جانابىي ئەمىر كېبىر ناھايىتى دۇرۇس ئېيتتى، — دېدى خان مۆھۈردارى يەللىغ تايشى تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — مەملىكىتىمىزنىڭ ھودۇد ـ زېمىنىدا ياشايدىغان ئەل ـ ئۇلۇسلار سەن موڭغۇل، مەن ئۇيغۇر، سەن قىتان، مەن قىپچاق دەپ مىللەت ئايرىماسلىقى، بىرسىنى بىرسى كەمسىتمەسلىكى، بەلكى بىر مۇددىئا، بىر مەقسەت ئۈچۈن خۇددى بىر ئاپقۇر سۇتتەك بىر كۆنەك ئەتراپىدا ئۇيۇشۇشى لازىم. ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىق قۇدرەتتۇر. كۈچلۈك، قۇدرەتلىك بولغاندىلا، ئاندىن بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولىدۇ...

— جانابىي ئاللا «قۇرئان كەرىم»دە: «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشتۇر. (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار...»[1] دەپ ئېيتقان، — دېدى شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ، — جانابىي رەسۇلىللامۇ: «ئىنسانلار ھەممە جەھەتتە باباراۋەر، خۇددى تارغاقنىڭ چىشىغا ئوخشاش؛ ئەرەبلەر غەيرىي ئەرەبلەردىن ئەتىۋارلىق ئەمەس، تەقۋادار ئادەملەرلا ھۆرمەتكە سازاۋەر !» دەپ ئېيتقان. بىز ئۇيغۇرلارنى تۇغما تەبىئىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا

---

① «قۇرئان كەرىم»: سۇرە ھۇجۇرات، 10 ـ ئايەت. بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى).

ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەگىشىدىغان مەرىپەتپەرۋەر ئۇلۇس دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. خۇددى كۆڭلى بىر ـ بىرىگە يېقىنىراق بولغانلار بىر ـ بىرىنىڭ تەسىرىنى ئوڭايلا قوبۇل قىلىۋالىغانغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلارمۇ تارىختىن بۇيان باشقا ئۇلۇس ـ مىللەتلەردىن ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئوڭايلا ئۆزلەشتۈرۈپ كەلگەن.

سورۇندىكىلەرنىڭ مۇھاكىمىسى بارغانسېرى قىزىپ ئەۋجىگە چىققىلى تۇردى. ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇراتتى. خېلىدىن بېرى كۆزىتىپ ئولتۇرغان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنى كۆزقارىشىنى بايان قىلىپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى:

— ھەزرىتىم، بىز سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئوي ـ پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇمىز بار. قېنى، دادىللىق بىلەن ئۆز كۆز قارىشىڭىزنى بايان قىلىپ باقامسىز؟

— ئىزىن بەردىڭىز، جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ خانغا بېشىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، — مەن ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش يولىدا پەرۋەردىگارغا بولغان ساداقىتىمنى باشلامچى، ھەقتائالاغا بولغان ئىخلاسىمنى مەنۋى تۈرتكە قىلىپ كەلمەكتىمەن، — ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئويلىنىپ بىرپەس سۈكۈتتە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ بىر ساداقەتمەن قاتال بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىمتىيازلىق مۇسۇلمانلار تەبىقىسىگە ئاداۋىتىم بولۇشى پۈتۈنلەي تەبىئىي. لېكىن، شۇنىڭغا قارىماستىن مەن ئىسلامىيەت تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئوقۇپ مەخسۇس مۇتالىئە قىلىپ كۆرگەنمەن. شۇڭا، بەزىدە مەن ئۆزۈمنى ئىسلام مۇخلىسلىرىنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. مەن ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئىنتايىن زوقلىنىمەن. ھۆرمەتلىك سورۇن ئەھلى، ئىستىبدات

دېيىش توغرا كەلسە، مانا شۇنى ئىستىبدات دېسە بولىدۇ. ناۋادا بۇ جەرياندا توغرا يول تاپالىغان بولسام، ئۇ ھەم پەرۋەردىگارىمنىڭ شاپائىتىدىن بولغان. مەن پەرۋەردىگارنىڭ بۇ نېمىتىگە كۆپ شۈكۈر ئېيتىمەن؛ مۇبادا خاتالاشقان بولسام، بۇ ھەم ئەسلىي نىيەت ـ ئىقبالىم ھەقىقەتنى ئىزدەش بولغانلىقتىن، ئۆز نىيىتىمگە تۇشلۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل!

— مەۋلانام، ھەق سۆز قىلدىلا، — دېدى شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — ئاللانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن، ئۆز قوۋمىنىڭ تەپەككۇر، ئىلىم ـ مەرىپەت تارىخى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ بۇ يولدا تارتقان تۈرلۈك ئەرزىيەتلىرى ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەنلىرى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ!

— رەھمەت، مەۋلانا ئەرشىدىن، سىزنىڭ مېنى چۈشەنگەنلىكىڭىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن، — دېدى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — ئىلىمىزنىڭ ئېقىن ـ دەريالىرى مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن چەشمە ـ بۇلاقلاردىن ھاسىل بولغىنىدەك، ئىلىمىزدە ياشايدىغان ئادەملەرمۇ ئەسلىدە بۆلەك ـ بۆلەك ئىدى. ئۇلار خۇددى توقايلىقتا ئاداشقان توشقاندەك، بىر ـ بىرىگە ئەزەلدىن يار ـ يۆلەك بولالماي كەلگەن بىر قوۋم ئىدى. مانا ئەمدى قاراڭلار ئۇلارغا، خاقانىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ يولباشچىلىقىدا بۇ ئەلنىڭ ئادەملىرى خۇددى ئۈزۈلمەس تۆمۈر ئېقىنىدەك بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشتى. دۈشمەنلىرىمىز: «تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سەلتەنەتى مۇستەھكەم ئەمەس. بۇ ئەلدە ياشايدىغان ئۇلۇس ـ ئايماقلارنىڭ دوستلۇقىنىمۇ مۇستەھكەم، يىمىرىلمەس دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مۇبادا تۇغلۇق تۆمۈرخان باشلىغان ئىسلاھات مەغلۇپ بولسا، بۇ ئەلدىكى ئۇلۇس ـ خەلق ئارىسىدا يېغا ـ تەپرىقە كۆتۈرۈلىدۇ ـ دە، مەملىكەت خۇددى كۈيە تەشكەن كونا تېرىدەك

پارچە ـ پارچە بولۇپ، بۆلۈنۈپ كېتىدۇ!» دەپ ئويلىشىدۇ. بىراق، ئۇلار ھەرگىز سانىماي سەككىز دىمەسلىكى كېرەككى، بىزنىڭ بۇ ئىسلاھاتىمىز ئاللىقاچان ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. مەملىكىتىمىزدە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ دوستلۇق رىشتىسى تېخىمۇ چىڭىدى. دۈشمەنلىرىمىز كۆزىنى يوغانراق ئېچىپ قاراشسۇن، بىز ئەمدى «قارس» قىلىپ سۇندۇرۇپ تاشلايدىغان قۇرۇق شاخ ئەمەسمىز. ئاتمىش ئەل خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بىر يەڭدىن باش، بىر ياقىدىن قول چىقىرىپ، بىر مەقسەت يولىدا تىرىشىپ ياشاپ، ئۇلۇغ خەلق بولۇپ ئاتالماقتىمىز!...

سورۇندا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەركانلىرى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتنىڭ سۆزىنى ناھايىتى دىققەت بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى.

— مەملىكەتتە ياشايدىغان خەلق نەسەب ۋە ھەسەب جەھەتتە ئەسلىدىنلا كۆپ خىل ئۇلۇس ـ ئايماقتا تەۋە ھەمدە ھەر خىل ئېتىقادقا مەنسۇپ بولغانلىقتىن، ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە پەرقلەرگە ئىگە ئىدى، — دېدى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ مەزگىلدە ئىسلامىيەت گۈللەپ ـ ياشناپ كىشىلەرگە ئۈمىد ـ ئىستىقبال ئەكەلدى. بىراق، بۇ مەملىكەتتە دىن تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قاتاللار نادانلىق قىلىپ، ئاھالىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى بىلەن كارى بولماستىن، چېركاۋ ـ موناستىرلارغا بېكىنىۋېلىپ ئۆز ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى. نەتىجىدە قاتاللار موغۇلىستاندا مۇسۇلمانلارغا ئۇتتۇرۇپ قويدى. ئەسلىدە بىز بۇنداق ئاقىۋەتنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز لازىم ئىدى. بىراق، كونا ئېپىسكوپ، كاردىنال رىچارد باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قاتال ئۆلىمالىرى بۇنداق ئاقىۋەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى. ئۇ پەرۋەردىگار ئۆزىگە مەنسۇپ قىلمىغان ئۆزگىچە ھاكىمىيەتنى تالىشىپ، مەسىلىنى سۇيىقەست ئىشلىتىش

ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئىچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى...

تۇغلۇق تۆمۈرخان:

— رىچارد قاتارلىق سۈيىقەستچىلەر سەممىي، راستچىل ۋە ئاق كۆڭۈل قاتاللارغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، — دېدى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ئۇلۇغلار: «ئوت ياققۇچىنىڭ خامىنى كۆيەر» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. شۇڭا، ئېپىسكوپ ھەزرەتلىرى، سىز بۇ ھەقتە ئارتۇقچە ئويلاپ ھەرگىز ئىزتىراپ چەكمىگەيسىز. ھازىر بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىنىڭ تۈگۈنى زادى قەيەردە؟ سىزنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى پىكرىڭىزنى ئاڭلىغۇمىز بار.

— رەھمەت، خان ئالىيلىرى، ھىممەتلىرىگە رەھمەت! — دېدى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت، — چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ ھودۇدى ئۇزۇن، يەر مەيدانى كەڭ ئىكەنلىكى، بۇ ھودۇدلۇقتا تۈرلۈك ئۇلۇس ـ ئايماقلارنىڭ بىللە ياشايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى، ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە بۇنداق ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ھاسىلاتى بولغان مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق ۋە ئالاھىدىلىك قاتارلىقلار ھازىر بۇ مەملىكەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىسلاھات داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان نېگىزلىك مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەرقانداق بىر مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئالدى بىلەن شۇ مىللەت، شۇ ئۇلۇسنىڭ تارىخىدىكى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. يات ئۇلۇس ـ مىللەتنىڭ تارىخىدىكى ئىلىم ـ مەرىپىتى ياكى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى پەقەت بۇنداق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى تېزلىتەلىسىمۇ، ئەمما ھەرگىز مۇشۇ ئۇلۇس ـ مىللەتكە ۋاكالىتەن مەدەنىيەت يارىتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق بىر ئۇلۇس ـ مىللەتنىڭ تارىخىدىكى ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان مىللىي مەدەنىيەت خۇددى تەبىئەت

دۇنياسىدىكى مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن تارام ـ تارام ئېقىنلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ ئېقىپ ئۇلغىيىپ ئەڭ ئاخىرىدا بىر ئەزىم دەرياغا ئايلانغىنىدەك، ھەرگىزمۇ بىراقلا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنە شۇنداق چەشمە ـ بۇلاقلاردىن ھاسىل بولغان تارام ـ تارام ئېقىنلارغا ئوخشايدىغان سان ـ ساناقسىز ئىلىم ـ مەرىپەت سەمەرىلىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىشى ئارقىلىق پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن بولىدۇ!

قەدىمكىلەر: «چېچىلغان نۇتۇق سۆزدۇر، تىزىلغان نۇتۇق دۇردۇر» دەپ توغرا ئېيتقان. ئېپىسكوپ لاۋرېنتىينىڭ بۇ پاساھەتلىك سۆزلىرى چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىنى ئۇزاقتىن بېرى قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ چىگىش مەسىلىنى يېشىدىغان تۈگۈننى ئاخىر تاپقانىدى. شېرىن بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا مەۋج ئۇرۇپ دولقۇنلاۋاتقان قان ئارقىلىق پۈتۈن بەدىنىگە تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇ چەكسىز ھاياجان ئىلكىگە چۆمگەنىدى.

— ھۆرمەتلىك ئېپىسكوپ ھەزرەتلىرى، سىزنىڭ تولىمۇ پەزىلەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكىڭىزگە تۈنجى قېتىم كۆرۈپلا ئىشەنگەنىدۇق، — دېدى خان ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئىنسان ئۆز ھاياتىدا مال ـ دۇنياسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئادىمىيلىك پەزىلەتلىرى بىلەن قەدىرلىنىدۇ. ئەلھال، بۈگۈن بۇ يەردە سىز ئاشۇ ئىنسانىي پەزىلىتىڭىز ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىل ـ پاراستىڭىزنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىپ، ھەممىمىزنى قايىل قىلدىڭىز. شۇڭا، سىز مەۋكەبتە بىزگە خىزمەت قىلىدىغان دۆلەتخاھلار قاتارىدا ئالىي مەرتىۋە ۋە ئورۇنغا مۇناسىپ ئادەم سىز. بىز سىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئىمتىيازلىق كىشىلىرىمىز قاتارىدا ھېسابلايمىز. سىزنى بۈگۈنكى كېڭەشكە تەكلىپ قىلىشىمىزدىكى سەۋەبمۇ مانا مۇشۇ ئىدى.

ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت خانغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن

ئورنىدىن تۇردى:

— ئەلۋەتتە، بۇ ئىنتايىن ئۇلۇغ ئىلتىپات. بىراق، مەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس. مېنىڭدەك ئاددىي بىر قاتال مۇخلىسىنىڭ ساھىبقىران جانابىي خان ئالىيلىرىنىڭ تاغدەك ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇشى چۈشۈمدىمۇ ئويلاپ كۆرمىگەن كاتتا ئىش. نىھايەت، ساھىبقىران خاقان ئالىيلىرىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈش مېنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىلتىپات ۋە كاتتا شان ـ شەرەپ بولغاچقا، مەن خان ئالىيلىرىنىڭ بۇ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن!

سورۇندا خان بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇرۇشقان دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ خان بىلەن ئېپىسكوپ ھەزرەتلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەشتى.

*                *                *

باش كۈزنىڭ جانغا راھەت بېغىشلايدىغان ئارامبەخش كۈنلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. ئەتىگەندە تاغ ئارقىسىدىن ئەمدىلا بالقىپ چىققان قۇياشنىڭ قىپقىزىل نۇرى پۈتۈن ئالمالىق شەھىرىنى، قۇياس ۋادىسىنى، كەيگەن دەرياسىنى، كەيگەن تېغىنىڭ ئېتەكلىرىنى، كەيگەن دەرياسىنىڭ نېرىقى ياقىسىدىكى قېلىن ئورمانىنى ۋە شۇنىڭدەك پۈتۈن كۆكدالانى قاپلاشقا باشلىدى.

بۈگۈن ھاۋا بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، زەڭگەر ئاسمان ئىنتايىن سۈزۈك ئىدى. چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خابگاھىدا تاشتۆمۈر باھادىر، يەللىغ تايشى، مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ۋە كاتولىك ئېپىسكوپى لاۋرېنتىي ھەزرەتلەر قاتناشقان ئاخشامقى كېڭەش ئۈچىنچى توخۇ چىللىغانغا قەدەر داۋام قىلىپ ئاخىرلاشتى. بۈگۈن ئەتىگەن نېمىشقىدۇر خاننىڭ كۆڭلى شىكارنى خالاپ قالغاچقا، ئورنىدىن ناھايىتى سەھەر تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى.

مىراخور ماڭلىيىدا يۇلتۇز قاشقىسى بار غار بويۇن، قومۇشقۇلاق، ئارغۇن① ئىسىملىك قۇلا ئارغىماقنى يېشىپ، ئاتخانىدىن يېتىلەپ چىقىقاندىن كېيىن، ئىگەرلەپ، ئۇلاڭ ـ تۆشلۈكىنى تارتىپ چىڭىتىپ تەييار قىلىپ تۇرۇۋىدى، ئۈچىسىغا شىكارلىق كىيىملىرىنى، پۇتىغا ساپتاما② كىيگەن تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ خابگاھىدىن چىقىپ ئاتخانىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ مىراخورنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا چىلان تورۇق تەييار قىلىنمىدى؟ — دەپ سورىۋىدى، مىراخور:

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، چىلان تورۇق ئارغىماقنىڭ سول ئالدى تۇيىقى ئارسىغا «ئاقباش» دەپ ئاتىلىدىغان يامان يارا چىقىپ قالغاچقا ئاقسايدىغان بولۇپ قاپتۇ. قۇللىرى ئاتنى ساقايسۇن دەپ يارىسىنىڭ ئاغزىغا دورىلىق مەلھەم چاپلاپ قويغانىدىم. شۇڭا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئارغىماق ئارغۇننى ئىگەرلەپ تەييار قىلىپ قويدۇم، — دەپ مەلۇم قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا چىلان تورۇق ئارغىماقنى ئاتخانىدىن ئاچىقىشنى بۇيرۇدى.

چىلان تورۇق ئارغىماق خاننىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋاپادار ئېتى ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈر مالچىلىق قىلىۋاتقان ئاشۇ بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ يىلقا ـ مالنى ئۆز جېنىدەك ئاسرايدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ياخشى ئاتنى ئۆز يېنىدىن زادىلا نېرى قىلمايدىغان تەجرىبىلىك خان ئىدى. «ئەر قانىتى ئات» دېگەندەك ئاتا ـ بوۋىلار، ھالا بوگۇن ياخشى

---

① ئارغۇن — بەيگە ئېتىنىڭ نامى.

② ساپتاما — ئۇيغۇرلاردا ئۆتۈكنىڭ بىر تۈرى. قونچى ئۇزۇن ۋە كەڭ بولىدۇ. ئادەتتە ئات مىنگەندە كىيىلىدۇ.

كۆرگەن سۆيۈملۈك ئىتىنى ئاسراپ بېقىپ، تاۋلاپ مىنەلمىگەن ئەر ئۆز قانىتى بولغان دوستىنىڭ ھۆرمىتىگە قانداقمۇ نائىل بولالىسۇن؟ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرگەن ئەڭ ياخشى ئىتىنىڭ مېيىپ بولۇپ، ئاقساپ ئۈچ ئاياغلىق بولۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامسىزلىنىپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

خان قۇلا قاشقا ئارغىماقنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە قولىنىڭ كەڭ ئالقىنى بىلەن ئاتنىڭ ساغرىسىنى سىلىدى. ئاتنىڭ كۈن نۇرىدا يالقۇنىدەك تاۋلىنىپ تۇرغان قوڭۇر تۈكلىرى خۇددى ئوت ئۇچقۇنىدەك چاقناپ تۇراتتى. سەپەرگە چىقىشنى سەزگەن قۇلا ئارغىماق ئۇيناقلاپ، تىزگىن سىيرىپ، بىر جايدا جىم تۇرالماستىن تىپىرلايتتى؛ يۈگەننىڭ سۇلۇقىنى چايناپ، ئاغزىنى كۆپۈكلەندۈرەتتى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى بۆلەكچىلا سۆيۈنگەن تۇغلۇق تۆمۈرخان دەرھال بايىقى پەرىشانلىقىنى ئۇنتۇپ:

— بۈگۈن كېيىك - جەرەنلەر تاغ باغرىدا ئوتلاپ يۈرىدىغان ياخشى كۈن بوپتۇ. ئاللا بۇيرۇسا، نۇرغۇن ئولجىلىق بولۇپ قايتارمىز ! — دېدى قاشقىلىق قۇلا ئارغىماقنى ئەركىلەتكەچ ياللىرىنى تاراپ تۇرۇپ.

خاننىڭ كەيپىنىڭ ساز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ مىراخورنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى ۋە:

— ئىلاھىم، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، خان ئالىيلىرى ! — دېدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان مىننەتدار بولغاندەك قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

مىراخورنىڭ ئىسمى باسۇت①، لەقىمى تاقا ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئوردا ئاتخانىسىدا مەخسۇس ئات تاقىلايتتى. قايسىبىر يىلى ئات تاقىلاۋاتقاندا، ئات دەردىن بوشىنىپ كېتىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە

---

① باسۇت — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ياردەمچى، يۆلىگۈچى» دېگەنلىك بولىدۇ.

تېپىۋەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ خامىرى ئېزىلىپ كېتىپ، ئاغزى ـ بۇرنى قانغا بويالغان، يۇزىگە تاقىنىڭ ئىزى چۇشۇپ قالغانىدى. يارىسى ساقايغاندىن كېيىن، مىخ ئىزلىرى يۇزىگە تامغا باسقاندەك چېكىم ـ چېكىم قارا خال بولۇپ ئىز قالدۇرغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا «باسۇت تاقا» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغانىدى. ئاتخانىدا ئات بېقىشتا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان ئىككىنچى ئادەم يوق ئىدى. ئۇ قىش، ياز ئوردا ئاتخانىسىدا تۇراتتى. ھېچكىم ئاتنى ئۇنىڭدەك ياخشى چۇشەنمەيتتى. ئۇ ئوردىنىڭ مىراخورى بولغاندىن سىرت، ئات ئەمچىسىلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئاتقۇراتتى. ياز پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، دالاغا چىقىپ يازنىڭ بېشىدا چېچەك ئاچقان دورا ئوت ـ چۆپلەرنى يۇلۇپ كېلەتتى. دالادىن، قۇرغاق ۋە زەي دۆڭلۇكلەردىن ھەر خىل ئات كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدىغان تۇگۇنەك يىلتىزلارنى كولاپ تاپاتتى. ئوردا ئاتخانىسىنىڭ تۆت تېمىنىڭ ئېگىز يەرلىرىدە قۇرۇتۇلغان ھەر خىل دورىلىق ئوت ـ چۆپلەر، ئىسسىقى ئېشىپ كەتكەن ئاتقا داۋا بولىدىغان يەر مەدىكى، يىلان چاققان ئاتقا داۋا بولىدىغان يىلانئوت، يۇت يارىسى بولغان ئاتقا داۋا بولىدىغان ئاتقۇلاق، زورۇققان ئاتقا داۋا بولىدىغان، پاكار تالنىڭ تۇۋىدە ئۆسىدىغان پاكار ئاق گىياھ ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ئات كېسەلىگە داۋا بولىدىغان ئىسمى نامەلۇم نۇرغۇن ئوت ـ چۆپلەر داۋاملىق ئېسقىلىق تۇراتتى...

تۇغلۇق تۆمۈرخان مىراخور باسۇت تاقىنىڭ ياردىمى بىلەن قاشقا قۇلا ئارغىماقنىڭ ئۇزەڭگىسىگە پۇت قويدى ـ دە، يېنىك ئىرغىپلا ئاتنىڭ ئۇستىگە مىنىۋالدى، ئاندىن تۆت تۇرغاۋۇتنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاتنى سىلىق يورغىلاتقان پېتى مېڭىپ كەتتى.

قۇلا قاشقا ئارغىماق كەڭ كۆكرەكلىك، پۇتلىرى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولۇپ، يوغان ۋە چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان ساپ قانلىق يولتۇز ئىبتى ئىدى. ئۇ چېپىپ كېتىۋاتقاندا خۇددى بولۇت ئۇستىدە يېنىك پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ

كېتىۋاتقان قىران بۈركۈتتەك، تۆت تۇيىقىنىڭ يەرگە تەگكىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. مىراخور باسۇت تاقا ئۇنى خۇددى تويى بولۇۋاتقان يىگىتتەك ياساندۇرغان، ئۇستىگە جىيەكلىرىگە قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ رەڭگارەڭ كۆرۈنىدىغان زەر چۇچىلار ئېسىلغان زۇمرەت رەڭلىك كىمخابتىن تىكىلگەن يوپۇق يېپىپ جابدۇغانىدى. يوپۇق ئۇستىگە ئېچىگە قېلىن تايلاق تىۋىتى ئېلىنىپ، سىلىق شىرىلغان ئىشمەكلىك قۇشبېشى ئېگەر توقۇلغان بولۇپ، ئاتنىڭ يالى سىلىق تارالغان، خېنە قويۇلغان قۇيرۇقى چېچىلىپ تۇراتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان شەھەردىن چىققاندىن كېيىن، قۇلا قاشقا ئارغىماقنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. بوز قىرلار ئۇستىدە يېنىك چايقىلىپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۆزىنى تولىمۇ ئەركىن سېزىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆز شامىلى بوز دالادىن ئېلىپ كېلىۋاتقان يېقىملىق پۇراقلارنى پۇراپ، چىرايلىق قومۇشقۇلاقلىرىنى ھېلىدىن - ھېلىغا دىڭگايتىپ، پۇشقۇرتۇپ قوياتتى.

يىراقتا چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز ئاقباش تەڭرىتېغىنىڭ باغرىدا يالغۇز بىر بۈركۈت پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ياز ئاخىرلىشىپ قالغان، پايانسىز كۆككىدالا تەرەپتىن كېلىۋاتقان مول ھوسۇلنىڭ پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئەتراپ تىنىق ھەم جىمجىت ئىدى. پەس تەرەپتە سەدەپتەك يالتىراپ كۆرۈنگەن كەيگەن دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئېگىز تاغلارنىڭ ئۇستىدە قۇياش نۇر چېچىپ تۇراتتى. يۇقىرى تەرەپتە ھەممىلا ياق ئېگىز - پەس ئېدىرلىق، غول - قىيالىق ۋە قۇرۇشقا باشلىغان ئوت - چۆپلەر ئىدى. تاغ باغرىدىكى ئۇچبۇلاق غولىنىڭ يان تەرەپلىرىدە، ئوت - چۆپ، چاتقال ئۆسكەن توقايلىق ۋە قارىياغاچلىقتا يەنىلا يېشىللىق كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ ماكاندا قارلىق تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن

www.uyghurkitap.com

جىلغا سۇلىرى ۋە بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان زور بىر ئېقىن بار ئىدى. بۇنداق پەسىلدە تاغ ئۆچكىلىرى، ئارقارلار ۋە كېيىك ـ جەرەنلەر ئىنسۇجىنىنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان ئېگىز ھاڭلارنىڭ ئۈستىدىن ئېدىرلىق ئارىسىغا جايلاشقان ئۇچبۇلاق غولىغا سۇ ئىچىش ۋە ئوتلاش ئۈچۈن كېلىشەتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇچبۇلاق غولىغا يېتىپ كەلگەندە كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. ئېقىنىدىكى زۇمرەت سۇ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ ئاقاتتى. ئېقىننىڭ نېرىقى تەرىپىدە قاپچىغاي بىر جاي بار ئىدى. بۇ ئاتنى سۇغىرىپ، يەم بەرگىلى بولىدىغان ھەم دەم ئېلىپ ئولتۇرۇشقا ئەپلىك تولىمۇ پىنھان جاي ئىدى. خان تۇرغاۋۇتلارنى شىكار قىلىشقا ئەۋەتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى بىر تاشنىڭ يېنىدا ئاتتىن چۈشتى.

مۇلازىم خاننىڭ قولىدىن تىزگىننى ئېلىپ، ئاتنىڭ ئېغىزدۇ-رۇقىنى چىقاردى ۋە سۇلۇ قاچىلانغان خۇرجۇننى ئېلىپ، ئېگىز-مىسىنى يەشكەندىن كېيىن، ئاتنىڭ بوينى ئاستىغا سۇرۇپ قويۇ-دى. ئات بېشىنى ئېگىپ خۇرجۇننى بىرھازاغىچە پۇراپ تۇردى، ئاندىن خۇرجۇندىكى سۇلۇنى كالپۇكلىرى بىلەن يالماپ ئاغزىغا لىق تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن كارسىلدىتىپ چاينىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان سۇ بويىدىكى ھېلىقى تاشنىڭ ئۈستىگە راسلانغان ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئېقىندا تاشتىن ـ تاشقا ئوقچۇپ بۇژغۇنلاپ شوخ ئېقىۋاتقان زىلال سۇغا ھەۋەسلىنىپ بىرپەس قاراپ ئولتۇردى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ سۇ بويىغا كېلىپ ئوچۇمغا تولدۇرۇپ سۇ ئېلىپ يۈز ـ كۆزنى راھەتلىنىپ يۇدى، يۈرىكى ياشارغۇدەك قېنىپ سۇ ئىچتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇچبۇلاق جىلغىسىنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاقباش تەڭرىتېغىغا قارىدى. بىردىنلا ئىلھامى قاناتلىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئېھ، خاسىيەتلىك تەڭرىتاغ!» دەپ

خىتاب قىلدى ئۇ، «سېنىڭدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىنىڭ ئۇلۇغ سىيماسى مۇجەسسەملەنگەن. سېنىڭ جانغا ئاراملىق بېغىشلايدىغان ئاشۇ مەيىن شامالللىرىڭ، ئادەمنى روھلاندۇرىدىغان ساپ ھاۋالىرىڭ، باغرىڭدا ئېچىلغان، خۇددى ئاتا ـ بوۋىلىرىم كۆتۈرگەن ئوتقاش كەبى قىزىل چۇغلۇقلىرىڭ ئەزەلدىن بىزنى تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك مۇشكۇلاتلىرىنى يېڭىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى؛ سېنىڭ باغرىڭدىكى خۇددى مېھرىبان ئانىنىڭ قۇچىقىغا ئوخشايدىغان ئاشۇ ئىللىق ۋادىلىرىڭ بىزگە ئىسسىق ماكان بولدى ! مۇبادا سېنىڭ ئاشۇ ئەلۋەك ۋادىلىرىڭ بولمىسا، ئەل ـ ئۇلۇسۇم ماكانلاشقان سان ـ ساناقسىز ئاۋۇل ـ ئاۋادانلىرىم بولارمىدى؟ مۇبادا سېنىڭ باغرىڭدىكى ئاشۇ خوتەن كېيىكىنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان چەشمە ـ بۇلاقلىرىڭ بولمىسا، يېشىل ئېرتىش، ئانا تارىم، بەڭباش قايدۇ، شوخ كەيگەن ۋە گۈزەل ئىلى دەريالىرىدەك ئەزىم دەريالار ئېقىپ چىقارمىدى؟ سېنىڭ قاتمۇقات بەل ـ يوتىلىرىڭ كۆك ئەركىسى بولغان قىران بۈركۈتنىڭ كۈچلۈك قاناتلىرىنىڭ سىيماسى ئەمەسمۇ؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىم: ‹قانىتى بارلار يىقىلماس !› دەپ ياخشى ئېيتقان. قويچى بولۇپ پادا ئارقىسىدا يۈرگەن چاغلىرىمدا بۇنى ھەرگىز بايقىغۇدەك بولمىغانىكەنمەن ! بېشىمغا جاھاننىڭ سەۋدالىرى چۈشكەندە، مانا ئەمدى سەزمەكتىمەن سېنىڭدىكى بۇ ھەقىقەتلەرنى، ئەي بۈيۈك تەڭرىتاغ !...»

تۇغۇلۇپلا ئاتا مېھرىدىن مەھرۇم قالغان، ئانا مېھرىگە قانمىغان، ئالتە يېشىدىن تارتىپ ئېرتىش بويىدا قوي باققان تۇغلۇق تۆمۈر كەم سۆز، يۈزى تۆۋەن، ئەمما قىيىنچىلىق ئالدىدا ھەرگىز تىز پۈكمەيدىغان قەيسەر ئىرادىلىك بولۇپ ئۆستى. بۇنى ئۇنىڭ كىچىكىدە ئۆگەي ئاتىنىڭ ئالدىدا قىيقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان،

www.uyghurkitap.com

دېگەندىن كۆرە، كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلگەن ساھىبقىرانلىق بەلگىسى ئىدى، دېگەن تۇزۇك. كىچىكلىكىدىكى كەم سۆزلۇكى ئۇنىڭدا ھەرقانداق ئېغىر مۇشكۇللۇكلەرنى قانداق يېڭىش چارىسىنى يالغۇز ئولتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىپ تاپىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۇرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇگۇن شىكار قىلىش نامى بىلەن ئۇچبۇلاق غولىغا كېلىشىمۇ دەل ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئادىتى بويىچە ئاخشامقى كېڭەشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ئۇستىدە ئۆزى يالغۇز تەپەككۇر قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن بىر قارارغا كەلمەكچى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئىسلاھات ــــ ھەقىقەتەن چاغاتاي خانلىقىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىۋاتقانىدى. ئۇ بىر خىل يېپيېڭى ئېتىقاد ــــ ئىسلام ئەقىدىسىنى كۆچمەن چارۋىچى ئۇلۇس بولغان چاغاتاي موڭغۇللىرىغا پەيدىنپەي سىڭدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئاۋۋالقىدىن تۇپ پەرقلىنىدىغان بىر خىل يېپيېڭى ئىدىيەنى ۋە يېڭىچە تۇرمۇش شەكلىنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى. بۇنداق يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭىچە تۇرمۇش شەكلى چاغاتاي مەملىكىتىدە ياشايدىغان ئاھالە ئارىسىدا، بولۇپمۇ موڭغۇللار جەمئىيىتىدە مەدەنىيەت جەھەتتە كەسكىن ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۇرمەكتە ئىدى. بۇنداق كەسكىن ئۆزگىرىش چاغاتاي موڭغۇللىرىنى ئىلىم - مەرىپەت ئىزدەشكە، ئۆز تەقدىرى ئۇستىدە ئويلىنىشقا، ئەتراپىدىكى تۇرلۇك ھادىسىلەرنىڭ سىر - ئەسرالىرىغا يېتىش ئۇچۇن تەپەككۇر قىلىشقا تۇرتكە بولماقتا ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇنداق تەپەككۇرنىڭ مەنبەسى بولغان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» پۇتۇنلەي تازىيلارنىڭ تىل - يېزىقىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولغاچقا، كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»دىكى سۇرە - ئايەتلەرنى تازىي تىل - يېزىقىدا ئېيادىلەشكە مەجبۇر ئىدى. شۇڭا، «قۇرئان كە-

رىم» زىكرى قىلىنىدىغان ئاساسلىق سورۇن ـ مەسچىتلەر ئىسلام دىنىغا يېڭىدىن ئېتىقاد قىلغان مۇسۇلمان موڭغۇللار ئۈچۈن كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان مۇقەددەس نامازگاھلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلار ئۈچۈن تازىي تىل ـ يېزىقنى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان دەسلەپكى مەكتەپمۇ بولدى.

شۇ چاغلاردا «قۇرئان كەرىم»دىكى «ئەلەق» سۈرىسى مۇسۇلمان موغۇللارنىڭ ئاغزىدا ئەڭ كۆپ زىكرى قىلىنىدىغان سۈرە بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلەتتى: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن.»[1] «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ دەسلەپتە نازىل بولغان بۇ ئايەت مۇسۇلمان موڭغۇللارنىڭ ئاغزىدا كۈنىگە بەش ۋاخ تەكرارلىنىپ تۇرغاچقا، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش ئۇلار ئۈچۈن خۇددى ئاش ـ تاماقتەكلا مۇھىم سانىلىدىغان بولدى.

مۇسۇلمان موڭغۇللارغا ئىسلام مەرىپەت ئېڭىنى سىڭدۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق سىياسىي ۋەزىپىلىرىدىن بىرسى دەپ ھېسابلىغان چاغاتاي سەلتەنەتى ئىسلامىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بولغان قەشقەر، خوتەن، سەمەرقەنت ۋە بۇخارا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى مەدرىسە دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ بىلىم ئالغان ئالىي مەلۇماتلىق ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىنى مەملىكەتنىڭ يېڭىدىن ئىسلاملاشقان ئۆلكىلىرىدە ھۆكۈمەت تەمىراتى بىلەن قۇرۇلغان مەسچىتلەرگە مائاش ـ تەمىناتلىق ئىمام قىلىپ ئەۋەتىشكە باشلىدى. چاغاتاي ئوردىسى ئۇلارنىڭ زىممىسىگە مۇسۇلمان موڭغۇللارغا ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ خەت ساۋاتىنى چىقىرىش ۋەزىپىسىنىمۇ يۈكلىدى. ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى يېڭىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن بۇ موڭغۇللارغا ئاللانىڭ بىرلىكى، ئىمان ۋە باشقا ئىسلام ئەھكاملىرى توغرىسىدىكى

---

[1] «قۇرئان كەرىم»: سۈرە ئەلەق. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 1 ـ نەشرى (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى).

ۋەھدانىيەت① ئەقىدىلىرىنى ئۇلار چۈشىنەلەيدىغان ئۇيغۇر تىلىدا ئاددىي سۆزلەر بىلەن يېشىپ سۆزلەپ بەردى. مۇسۇلمان موغۇللاردىكى قەبىلىۋازلىق ئېڭىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»دىكى ئۇلۇس ـ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى تەكىتلەنگەن «ھۇجۇرات» سۈرىسىدىكى: «ئى ئىنسانلار ! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھاۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا ـ بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر...»② دېگەن ئايەتلەرنى داۋاملىق ئوقۇپ چۈشەندۈرەتتى. مۇسۇلمان موڭغۇللارغا ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇتۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى ئۇلارنىڭ ئېڭىغا يەنە «قۇرئان كەرىم»دە زىكرى قىلىنىدىغان ھەربىر ئېغىز سۆزنىڭ «ئاللادىن چۈشۈرۈلگەن ۋەھيي» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئىسلامىيەتنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرى بولسا سۈننەت مەنىسىدىكى «ھەدىس» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئاددىي تىللار بىلەن سۆزلەپ سىڭدۈرەتتى ۋە: «مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆز ئۈممەتلىرىنى بىلىم ئېلىشقا ئۈندەپ: ‹ئىلىم ـ مەرىپەت خۇددى مۆمىنلەر يوقىتىپ قويغان تۆگىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇنى چوقۇم ئىزدەپ تېپىش كېرەك. ھەتتا جاھاننىڭ ئەڭ چېتىدىكى چىندا بولساڭلارمۇ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىزدەڭلار !› دەپ ئېيتقان، شۇڭا ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش ئىبادەتتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان ساۋابلىق ئىشتۇر. مال ـ دۇنيا ئىنسانغا ئەسقاتمايدۇ. بىلىم ئالغانلار گۈللەپ ـ ياشنايدۇ. ئىلىم ـ مەرىپەت ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغانلارغا

① ۋەھدانىيەت ـــ ئاللانىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى تەلىمات.

② «قۇرئان كەرىم»: سۈرە ھۇجۇرات. بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى).

بىھىش راۋا! ئەھلى ئىلىملەرنىڭ قەلىمىنىڭ سىياھىدىن ھەرقاچان ساۋاب تامىدۇ!» دەپ تەبلىغ قىلىشاتتى.

بىراق، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەزىرىدە، چاغاتاي خانلىقىدا يۈكسەلگەن تۆۋەنگە قارىتىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ ئىسلاھاتنىڭ تۈپ نىشانى بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. بەلكى ئىسلاھات ئارقىلىق تارىخىي مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقاد ۋە ھاكىمىيەتچىلىك جەھەتلىرىدە ئۆزىنىڭ سەلتەنەتىنىڭ تايىنىدىغان نۇقتىسىنى تېپىپ چىقىش ۋە بۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە مۇستەھكەم ئورنىتىپ چىقىش بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا ئۆزى يەتمەكچى بولغان ئاخىرقى نىشان ئىدى. ئۇ بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ھازىرقى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىدىن چىقالمايدىغان بىر يۈرۈش كونا ياساقلارنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تۇرلۇك ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان بىر يۈرۈش يېڭىچە ھۆكۈمرانلىق تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ چىقىش ھازىرقى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ئېھتىياجى دەپ قارايتتى. مەرھۇم يولباشچى بوۋىلىرى چىڭگىزخان بىلەن چاغاتايخان ھايات ۋاقتىدا تۈزگەن ياساقلار بويىچە مەملىكەتنى ئۇلۇسبېگى قويۇپ باشقۇرۇش ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە كارغا كەلمەي قالغانىدى. چۈنكى، ئۇلۇسبەگلىرىگە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقى بېرىلسە، ئۇلار ئۆز بەگ ـ ئۆز خان بولۇۋېلىپ تەپرىقىچىلىك قىلىشاتتى ـ دە، ئۇلارغا ئۆز تەسىر كۈچىنى زورايتىۋېلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىلەتتى ھەمدە چاغاتاي ئوردىسىنىڭ ئەمر ـ پەرمانى ۋە ياساق ـ تۈزۈكلىرى چاغاتاي خانلىقى ھودۇدلۇقىدا ئۈنۈملۈك جارى قىلىنمايتتى. نەتىجىدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سەلتەنەت نوپۇزى بىر پۇلغا يارىمايدىغان پۇچەك نەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. نۆۋەتتە مەملىكەتنىڭ جەنۇبىدىكى ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىدە ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان تەپرىقىچىلىك ھالىتىمۇ دەل مۇشۇ

مەسلىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى ئىدى. ئۇنداق بولسا مەملىكەتنىڭ بىرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان بۇ مەسىلىنى تۈپ يىگىزىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ يا بولمىسا، بەزىلەر تەشەببۇس قىلغاندەك، قورال كۈچىگە تايىنىش كېرەكمۇ؟

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىستىبداتلىق، ھوشيار ۋە تەدبىرلىك ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ بۇ مەسىلىنىڭ ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىلىرى ئات ئۈستىدە يۈرۈپ يۈرت ئالغاندا ئەسقاتقان بۇ چارىلەرنىڭ ھالا بۈگۈنكى تىنچ شارائىتتىكى زىيانلىق تەرىپى مانا ئەمدى پەيدىنپەي ئاشكارىلىنىشقا باشلىغانىدى. بىراق، مەسىلىنى قىلىچ، نەيزە بىلەن ھەل قىلغاندا ئەكسىچە نەتىجە بېرەتتى ـ دە، مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، سەلتەنەتنىڭ ئامانلىقى ئېغىر خەۋپكە ئۇچرايتتى. ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ مەسىلىنى ئەلەم يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلەم يولى بىلەن ھەل قىلىش ئەڭ مۇۋاپىق چارە ـ تەدبىر ئىدى! دادىل ۋە قەتئىي بولمىغاندا، خۇددى ئىككى ئىشكىلىك سەيناغا ئوخشايدىغان بۇ مەملىكەتنىڭ سەلتەنەت تىزگىنى قولدىن چىقىپ كېتەتتى! نىھايەت، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەزەلدىن تارتىپ ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە مۈشكۈللۈك ئالدىدا ھەرگىز تەمتىرەپ قالغان ئەمەس. بەلكى ئاشۇ تاغدەك قىيىنچىلىق ۋە مۈشكۈللۈكنى ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ۋە غەيرەت ـ شىجائىتىگە تايىنىپ يېڭىپ كەلگەن!...

ھەر مۈشكۈللۈكنىڭ بىر ئاسانچىلىقى بولىدۇ دېگەندەك، ئېقىندىكى شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆڭلى بىردىنلا پاللىدە يورۇپ كەتتى: ئۇ ئۆزىنى ئۇزاقتىن بېرى قىيناپ كەلگەن بۇ چىگىش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى ئاخىر تاپقانىدى! «ئۇلۇسبېگىلىق تۈزۈمىنى چوقۇم بىكار قىلىش

كېرەك !» دەپ تاشلىدى ئۇ خۇشال بولغىنىدىن.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەيران بولۇپ قارىشىپ تۇرۇشقان تۇرغاۋۇتلارغا: «دەرھال ئوردىغا قايتىمىز !» دەپ بۇيرۇق بەردى...

*　　　*　　　*

كۈنلەر ھەر خىل ناملاردا ئاتالسىمۇ، ئەمما خۇددى ھەر كېچىنىڭ كۈندۈزى، ھەر كۈندۈزنىڭ كېچىسى بولغىنىدەك، كۈنلەر بىر خىلدا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. تەقدىر ـ قىسمەت «موناستىر ۋەقەسى»دە ناسارا قىزى زەمۇران بىبىنى تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن ئۇچراشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر خىلدا ئۆتۈپ كېلىۋاتقان تۇرمۇشى پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. زەمۇران بىبى ئاللىقاچان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھەرىمىدىكى ئوردا ئايىملىرى ئارىسىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان خانىشلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوزاقى يىلى① كۈزدە ئۇنىڭ كۆزى يورۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئوغۇل پەرزەنت — تەخت ۋارىسىنى تۇغۇپ بەردى.

كېلىنىنىڭ ئىككى قات ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن خۇشال بولغىنىدىن قانچىلاپ كېچىلەرنى ئۇيقۇدىن بىدار ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

زەمۇران بىبىنىڭ ھامىلىدارلىق ۋاقتى ئاغرىقچانلىق ئىچىدە ئۆتتى. بەزى كۈنلىرى ئۇنىڭ پۇتى ئاغرىپ قاتتىق ئازاب سالغانلىقتىن ماڭالماي قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا شاھسانىيە ئانىنىڭ «تۇغۇتلۇق ئاسانلىشىدۇ» دەپ زورلىشى بىلەن ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئاغرىق پۇتلىرىنى سۆرەپ ئاران ـ ئاران مېڭىپ يۈرەتتى. ئەمما، ئۇ ئاغرىققا قاتتىق تۇرۇپ چىدىدى، ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى ھېچقاچان قىلچىمۇ چاندۇرمىدى. بولۇپمۇ

① مىلادىيە 1355 ـ يىلى.

www.uyghurkitap.com

پۈتلىرى تارتىشىپ قالغان چاغلاردا ئۈنىڭ ئىككى چېكىسىدىن مونچاقتەك ـ مونچاقتەك تەر تامچىلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇردى. شاھسانىيە قېيىنئانىسى مۇشۇ ئەھۋالدىلا كېلىنىنىڭ قاتتىق ئاغرىقىغا قىينىلىپ تۇرۇپ قەيسەرلىك بىلەن بەرداشلىق بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايتتى ـ دە، بېشىنى چايقاپ كايىپ كېتەتتى:

— ياتساڭچۇ ھوي كېلىن! سەن مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۆزۈڭنىڭ مادارىڭنى قۇرۇتماقچىمۇ؟

توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرگەندىن كېيىن، زەمۇران بىبىنىڭ ۋاقىت ـ قەرەلى توشۇپ، كۆزى سالامەت يورۇدى. تەڭرىتائالا چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا گويا غەۋۋاسلار دەريائىي ئۇممانىدىن سۈزۈپ چىققان دۇر ـ گۆھەردەك پاكىز چېھرىدىن ئۇلۇغلۇقى ۋە دانالىقى چىقىپ تۇرغان بىر ئوغۇل پەرزەنت — تەخت ۋارىسىنى تۇغۇپ بەردى!

كېلىنى سالامەت يەڭگۈۋالغاندىن كېيىن مەڭلىك خاتۇننىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالدى. چىرقىراپ يىغلاۋاتقان نەۋرىسىنى زاكىلاپ تۇرۇپ:

— بىزنىڭ نەسلىمىز مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ! ئى كەرەملىك تەڭرىتائالا! پاك ـ پەرۋەردىگارا، سېنىڭ بۇ مېھىر ـ شەپقىتىڭنىڭ ھەققىنى قانداقمۇ قايتۇرۇپ بولالايمەن! — دەپ كۆز يېشى قىلدى.

نەۋرىسىگە ئات قويىدىغان چاغدا، شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇندىن:

— تەختىيە زەربۇلقەلەم①بارمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، بالىنىڭ خان مومىسى، شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن دەرھال: «بار!» دەپ

① تەختىيە زەربۇلقەلەم — قەغەز ـ قەلەم دېگەن مەنىدە.

جاۋاب بەردى ۋە ئۇنى ئەكېلىپ، مەۋلانانىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا كۆك ئەركىسى بولغان سەييارە ـ يۇلتۇزلارنىڭ يۇكسەكلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۇستىرلاپىنى كۈنگە توغرىلاپ بالىنىڭ بەخت ـ تەلىيىگە قۇرئى سېلىپ كۆردى ـ دە، دەرھال پەگاھقا چۈشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! ئەي خوجا، قەدىمىڭىز مۇبارەك بولغاي ! — دېدى ۋە ئاپپاق ساقىلىنى بالىنىڭ ئايىغىغا سۈركەپ، پېشانىسىدىن سۆيدى. ئاندىن ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن تەكبىر ئېيتىپ، ئەزان توۋلىدى. بالىغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېتىغا ئوخشىتىپ «ئىلياس خوجا» دەپ ئات قويدى...

زەمۇران بىبى بوۋىقىنى قېيىنئانىسى مەڭلىك خاتۇننىڭ مەسلىھەتى بويىچە تاكى تولۇق يېشىغا تەگكەنگە قەدەر ئەمدۈردى. بالا تۇغۇلۇپ ئىككىنچى يىلى كۈزدە ئاندىن ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. ئەمما، ئۆزى خېلى بىر مەزگىلگىچە ماغدۇرىغا كېلىپ بولالمىدى. ئۇنىڭ ياداپ شۇمەكتەك بولۇپ قالغان چىرايىدا چىشلىرى ئاپپاق پارقىراپ تۇراتتى. ياداڭغۇلۇقتىن چوڭ ـ چوڭ كۆرۈنگەن كۆزلىرى ئىللىق چاقناپ تۇراتتى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئوغلىغا بېغىشلىغانىدى. تولا چاغلاردا بالىسى بۆلەكلىك تۇرغان ئالتۇن بۆشۈكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئوغلىنى بۆشۈكتىن يېشىپ قۇچىقىغا ئالاتتى ـ دە، كەڭ كۆڭلىكى ئاستىدىن ئوغۇز سۈتىگە تولۇپ، كۆكچە قوغۇندەك بولۇپ راسا چىڭقىلىپ كەتكەن كۆكسىنى چىقىرىپ ئۇنى ئېمىتكىنى ئېمىتكەنىدى.

بۇنى كۆرۈپ قېيىنئانىسى مەڭلىك خاتۇن بەزىدە:

— ھوي كېلىن، نېمانچە قىلىسەن، قاچانلا قارىسام ئېمىتكىنىڭ ئېمىتكەن ! — دەيتتى نەۋرىسىنىڭ ئەت ئېلىپ، پۇرۇلۇپ ـ پۇرۇلۇپ كەتكەن سېمىز پۇتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

بەزىدە بولسا نەۋرىسىنىڭ يىغلىغىنىنى ئاڭلاپ:

ـــ هوي كېلىن، بالاڭ يىغلاۋاتىدۇ، ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ بار ئۇنىڭ قېشىغا، سۇتۇڭنى ئايىما! هېچكىم ساڭا سۇتۇڭدىن قايماق يىغ دېگىنى يوقـقۇ؟! ـــ دەپ كايىپمۇ قوياتتى تېخى!...

بىر كۈنى شاهسانىيە مەڭلىك خاتۇن خان ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرنى هەرەمدىكى ئۆزىنىڭ خابگاهىغا جىددىي چاقىرتقۇزدى. خان تۇرغاۋۇتلىرىنىڭ هەمراهلىقىدا كۆپ هايالىشماستىنلا هەرەمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. هەرەم خادىمى ئىشىك پەردىسىنى كۆتۈرۈشىگىلا، تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ شاهسانىيە ئانىسى تۇرىدىغان خانائىي خاسقا كىرىپ بولدى. بۇ چاغلاردا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوتتۇز ياشلاردىن ئاشقان بولۇپ، ئۇ خۇش پىچىم، خۇش پېئىل، بىراۋغا ئوڭايلىقچە غەزەپ قىلمايدىغان، ئېگىز بويلۇق، ماڭلىيى كەڭ، كۆزلىرىدىن باهادىرلىق، غەيۇرلۇق، سەمىمىيلىك ۋە مۇرۇۋۋەت يېغىپ تۇرىدىغان ئېغىر ـ بېسىق ساهىبقىران پادىشاهقا ئايلانغانىدى. ئۇ بېشىدىكى قىرمىزى قالپىقى[①] ئۈستىدىن سارغۇچ ناۋات رەڭ نېپىز يىپەك سەللە ئورىۋالغانىدى. سەللىسىنىڭ ماڭلىيىغا قادالغان لەئەل ياقۇتلۇق تاج تىترەپ تۇراتتى. ئۇچىسىدىكى هاۋا رەڭ شاهانە كەمزۇل ئۈستىدىن قىزىل يىپەكتىن تىكىلگەن تون كىيىۋالغان، بېلىدىكى قىممەت باهالىق مەرغۇپ تاشلاردىن كۆز قويۇپ، نەپىس ياسالغان قىيىش كەمىرگە ئالتۇن ساپلىق ئەگرى مىسران قىلىچى كۈمۈش زەنجىر بىلەن ئېسىلغانىدى. ئۇنىڭ بەستلىك قامىتى خۇددى زېمىنغا مەهكەم يىلتىز تارتىپ ئورناپ كەتكەن چىنارنىمۇ يۇلۇۋالايدىغان پالۋانلارنى ئەسلىتەتتى.

خان ئىشىكتىن كىرىپلا يېشىغا توشقان ئوغلى ئىلياس خوجىنىڭ تەم ـ تەم مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

---

① قىرمىزى قالپاق ـــ قىزغۇچ قالپاق.

يىقىلىپ كەتمىسۇن دەپ خان مومىسى بىلەن خانىش ئانىسى ئۇنى قوغداپ تۇراتتى. خان قەدىمىنى توختاتتى.

خاقان ئېرىنى كۆرگەن خانىش زەمۇران بىبى:

— ھەزرىتىم، قاراڭ، ئوغلىڭىز ماڭدى! — دېدى خۇشال بولۇپ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان دەرھال يەرگە زوڭزىيىپ ئولتۇردى - دە، ئوغلىنى چاقىردى:

— كەل، كەل، قوزام، بېرى كەل، تايچىقىم، بېرى كەل! چىڭ دەسسەپ ماڭ، قورقما، يىقىلمايسەن، قېنى باھادىر بوۋىلىرىڭدەك مېڭىپ كۆرگىنچۇ؟

يېشىغا تېخى ئەمدىلا تولغان ئىلياس خوجا ئاتىسىنىڭ سۆزىدىن ئىلھاملىنىپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، غۇلىچىنى كەڭ يايدى ۋە:

— ئە - تەي! — دېگىنىچە خاقان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا تايتاڭلاپ يۈگۈردى، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىتتىك ئۇنى تۇتۇۋېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى ۋە باغرىغا چىڭ باستى.

— خان ئوغلۇم، — دېدى شاھسانىيە مەلىكە خاتۇن تۇغلۇق تۆمۈرگە، — بىز بالىغا «ئارقان يەشتى» قىلىپ بېرەيلى، سىز خىزمەتكارلىرىڭىزغا ئېيتىپ، ئاق چۇپۇر بىلەن قارا چۇپۇردا ئارقان ئەشتۈرۈپ تەييارلاتقايسىز. سىزنى بۇ يەرگە چاقىرتىشىمدىكى سەۋەبمۇ مۇشۇ ئىدى!

— باش ئۈستىگە، — دەپ قۇللۇق بىلدۈردى خان ئانىسىغا كۆلۈپ تۇرۇپ.

— ئارقان چوقۇم ئاق ۋە قارا چۇپۇردا ئېشىلگەن بولسۇن!...

«ئارقان يەشتى» — ئۇيغۇرلار قەدىم ئەييامدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر تۈرلۈك ئوغۇز ئىرىمى بولۇپ، ئوغۇل بالا يېشىغا يېتىپ تەم - تەم مېڭىشنى ئۆگەنگەندە، تەنتەنىلىك مۇراسىم بىلەن ئۆتكۈزۈلەتتى.

ئاردىن ئون كۈن ئۆتكەندە شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن ئوردىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - ئۆمەرا، ئەكابىر - ئەشرەپلەرنى ئۇششاق بالىلىرى بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق نەۋرىسى ئىلياس خوجىنىڭ «ئارقان يەشتى» مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلدى.

چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر تەخت ۋارىسى كىچىك ئىلياس خوجىنى يەرگە چىڭ دەسسىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئاق ۋە قارا چۇپۇردا سىلىق ئېشىلگەن ئارقاننى ئۇنىڭ پۇتىغا يۆگەپ قويدى، ئاندىن بىر چەتتە قارىشىپ تۇرغان ئۇششاق بالىلارغا:

— كىم بىرىنچى بولۇپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئارقاننى يېشىپ تاشلىيالىسا، بىرىنچى سوۋغات شۇنىڭغا بېرىلىدۇ؛ باشقا بالىلارغىمۇ تەرتىپ بويىچە سوۋغات ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ. قېنى بالىلار يۈگۈرۈڭلار! — دەپ قولىنى شىلتىدى.

بالىلار تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، چۇرقىراشقان پېتى ئىلياس خوجىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى - دە، ئۇلاش - چۇلاش تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجىنىڭ پۇتى چۇشەپ قويۇلغان ئارقاننى يېشىۋەتتى.

— ھەي، ئوغلان، ھەرگىز قورقما. نۆۋەت ئەمدى سېنىڭ، قېنى ئەمدى سەن يۈگۈر! بالىلار ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يۈگۈرۈڭلار! — دېدى تۇغلۇق تۆمۈر ئوغلىنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

ئۇششاق بالىلار تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجىنى يېتىلەپ يۈگۈرۈپ مېڭىشتى. خان مومىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن:

— ھەي، قاراڭلارچۇ مېنىڭ ئارسلىنىمغا، مانا ئۇ يەر ئۈستىدە ئولجىسىغا ئېتىلغان قاپلاندەك يۈگۈرەلەيدىغان بولدى! ئىلاھىم، چوڭ بولغىنىڭدا خاقان ئاتاڭدەك باھادىر بولغايسەن! — دەپ دۇئا قىلىپ قالدى.

تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا بالىلارنىڭ ئارقىسىدىن پىلتىڭلاپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئارقىسىغا قارىدى ۋە «ئە ـ تەي !» دېدى ـ دە، يىقىلىپ چۈشتى. خاقان ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان، مومىسى مەڭلىك خاتۇن ۋە خانىش ئانىسى زەمۇران بىبى ئۇنىڭ قېشىغا ئىتتىك يېتىپ باردى. خان قۇۋۋەتلىك قوللىرى بىلەن ئوغلىنى يەردىن كۆتۈرۈپ ئالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھاياجانلىق ئىلكىدىكى ئىككى كۆزى شادلىق يېشى بىلەن تولغانىدى...

* * *

مەملىكەت مىقياسىدا يولغا قويۇلغان ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەممىدىن ئاۋۋال مەملىكەتنىڭ شەرقىي قىسمىدا چاغاتاي ئوردىسىغا تېخى ئەمدىلەتىن زىممىيلىك① بىلدۈرگەن قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدىقۇتى كۇنچۇك بىلەن مەملىكەتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىدىكى چاغاتاي نائىبى ئەمىر قازغىن بارلاس ۋە ئۇنىڭ كونا ئىتتىپاقدىشى بولغان ئەمىر بايان سۇلدۇز قاتارلىق يەرلىك تەپرىقىچىلەرنىڭ تەسىر كۈچى بارغانسېرى زورىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتى ۋەكىللىكىدىكى مەركىزىي ھاكىمىيەت چاغاتاي ئوردىسىنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسىر كۈچى پەيدىنپەي ئاجىزلىشىپ كەتتى. شۇڭا، ھوقۇقنى چاغاتاي ئوردىسىغا، يەنى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈش ياكى ھوقۇقنى ئوردىنىڭ جايلاردىكى نائىبلىرىغا بۆلۈپ بېرىش مەسىلىسى چاغاتاي خانلىقى سەلتەنەتىنىڭ تەقدىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ قالغانىدى؛ ئۇنىڭدىن قالسا چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى

① زىممىيلىك ــ «قوغدىلىدىغانلار» دېگەن مەنىدە. ئادەتتە تەۋەلىك بىلدۈرگەن غەيرىي دىندىكى ئاھالىنى ۋە ئۇلار جايلاشقان جايلارنى كۆرسىتىدۇ.

چاغلاردا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەرلەر چاغاتاي ئوردىسىدىكى دوغلات، بارلاس، دوختەۋى ۋە سۇلدوز قاتارلىق تۆت چوڭ ئۇلۇسنىڭ ئۇلۇسبەگلىرىگە ۋە باشقا خىزمەت كۆرسەتكەن بەگ ـ ئەمىرلەرگە سۇيۇرغال تەرىقىسىدە تۆھپە ـ تارتۇق قىلىپ بۆلۈپ بېرىلگەنىدى. ئىلگىرى بۇ تۆت چوڭ ئۇلۇسبېگىنىڭ ئوردىدىكى ھوقۇقى ئىنتايىن چوڭ بولغاچقا، خان ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورچاققا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار كىمنى خالىسا، ئاۋۋالقى خاننى دەرھال تەختتىن ھەيدىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنى ئولتۇرغۇزاتتى. شۇڭا، مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتى خۇددى ئاشۇ قورچاق خانلارنىڭ بېشىدىكى تاجغا ئوخشاش تەۋرىنىپ، داۋالغۇپ كېتىۋاتقانىدى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ سۇيۇرغاللىقلاردىن ئېلىنىدىغان تامغا بېجى، يەر بېجى①، تۇياق بېجى②، دېھقانچىلىق سېلىقى قاتارلىق ئاساسلىق باج ـ سېلىقلارنى يىغىش ھوقۇقى ياساق بويىچە ئاشۇ سۇيۇرغال ئىگىسىگە مەنسۇپ بولغانلىقتىن، ئوردىنىڭ خەزىنە كىرىمىگە زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقانىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان دەسلەپكى چاغلاردا، پۈتۈن مەملىكەتتىن ئوردىنىڭ خەزىنە ئىمارىتىگە كىرىدىغان تامغا بېجى، تۇياق بېجى، يەر بېجى ۋە يېقىنقى يىللاردىن بىرى مەخسۇس قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىدىن ئېلىنىدىغان جىزيە③ ۋە مەملىكەتنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئاشلىق سېلىقى... قاتارلىق باج ـ سېلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاران ئۈچ يۈز

① تامغا بېجى ــ سودا ـ تىجارەتتىن ئېلىنىدىغان باج.
② تۇياق بېجى ــ چارۋا مالدىن ئېلىنىدىغان باج.
③ جىزيە ــ ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن جايلاردىكى ئاھالىدىن ئېلىنىدىغان جان بېجى.

لەك① كېبەكىيگە ۋە ئۈچ تۈمەن خەرۋار② ئاشلىقۇا چۈشۈپ قالغاندى③. ئاقسۆڭەكلەر پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ بەس ـ بەستە بايلىق توپلاپ، كاتتا زەردارلارغا ئايلاندى. ئۇلار مەملىكەتنىڭ بايلىقىنى قىلچىمۇ ئەپ تارتماستىن يۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقتىن، ئاھالە ئارىسىدىكى باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى ناھايىتى تېزلىكتە كېڭىيىپ كەتتى. لەشكەرلەر بىلەن ئاۋام پۇقرالارنىڭ غەزىپى تېشىپ، نارازىلىق كۈچەيدى. ھالبۇكى، بۇنداق نارازىلىق كۆپىنچە ھاللاردا ئوڭايلا غەلىيان ۋە ئىسيانغا تۇتۇرۇق بولۇپ بېرەتتى. مۇبادا بۇنداق ھالەتكە چەك قويۇلمايدىغان بولسا، تۇغلۇق تۆمۈرخان باشچىلىقىدىكى چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ ئاساسىغا دەز كېتەتتى؛ ئۇچىنچىدىن، چىڭگىزخان ۋە چاغاتايخانلار زامانىسىدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قەبىلە ـ ئايماقنى بىرلىك قىلىدىغان ھەربىي گېزەكچىلىك تۈزۈمى ئاللىقاچان ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بولۇپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، تاجاۋۇزچى قوشۇنلارنىڭ تۇيۇقسىز باسقۇنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قاتتىق تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن، دائىمىي خاراكتېردىكى مۇنتىزىم قوشۇن تەشكىل قىلىش ـــ نۆۋەتتىكى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەلىپى ئىدى؛ تۆتىنچىدىن، چاغاتاي خانلىقىدا جارى قىلدۇرۇلۇۋاتقان قانۇن ـ ياساقلار ئاساسىي جەھەتتىن چىڭگىزخان زامانىسىدا تۈزۈلگەن كونا ياساقلار بولۇپ، ئەينى زاماندىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان موڭغۇللارنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتكۈزگەچكە، ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرەپلىرى بارغانسېرى روشەن گەۋدىلەنمەكتە ئىدى...

---

① لەك ـــ مىقدار سۆز. بىر لەك ـــ بىر تۈمەن.

② خەرۋار ـــ مىقدار سۆز. بىر ئېشەكلىك يۈك.

③ بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شەرەفىدىن ئەلى يەزدىينىڭ «زەپەرنامە» دېگەن ئەسىرى بىلەن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ.

بۇ يىلقى روزى ھېيت كۈنى مىزان ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنىگە توغرا كەلدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن مەملىكەتنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن پايتەخت ئالمالىققا ئوردا كېڭىشىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن بەگ ـ ئەمىرلەر جامە مەسچىتىدە ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولۇشقاندىن كېيىن، دەرھال ئوردىغا قاراپ مېڭىشتى. ئۇلار كېڭەش ئۆتكۈزۈلىدىغان ئالتۇن قۇببىلىك ساراي ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، مەۋكەبتىكىلەر ئاللىقاچان ساراي ئالدىدا خاننىڭ ئىجازىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. ئىشىكئاغىسى ئىشىكتە كۆرۈنۈپ ئۇلارنى تەرتىپ بويىچە بىر ـ بىرلەپ ساراي ئىچىگە كىرگۈزدى.

كېڭەش مەجلىسىنىڭ تۆرىدىكى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە قىياپىتىدىن ھۆكۈمدارلارغا خاس بۇيۇكلۇك، سۇر ـ ھەيۋە، تەمكىنلىك ۋە ئالىيجانابلىق نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان، قاپقارا قويۇق ساقىلىنى ئەمدىلەتىن ئاق ئارىلىغان تۇغلۇق تۆمۈرخان مەجلىس ئەھلىگە خۇش چىراي نەزەر سېلىپ ئولتۇراتتى. بەگ ـ بىگات، ئەمىر ـ ئۆمەرا، ئەكابىر ـ ئەشرەپلەر شاھىنشىن ئالدىغا كېلىپ خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈشكەندىن كېيىن، خان ئۇلارغا جايى راھەت ئىشارىتى قىلىپ، قولىنى ئاستا سىلكىپ قويدى. خىزمەتچىلەر بۇ بەگ ـ ئەمىرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋە ـ دەرىجىسىگە قاراپ جاي ـ جايىغا ئولتۇرغۇزدى.

— ئى ئەركانىي دۆلەتخاھلار، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى خان ئۇلار جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، — بىزلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مۇشۇ ئەلنىڭ شاھى ـ سۇلتانى بولۇپ يۇرت سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئاتام ئىسەن بۇغاخان ۋاقىتسىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەلەكنىڭ چاقى نەچچە مەرتىۋە ئايلىنىپ، شاھى ـ سۇلتانلىق، خانى ـ خاقانلىق بىزگە نېسىپ بوپتۇ.

رەھمەتلىك بەگ ئەتكەمىز ئەمىر بۇلاجى دوغلاتنىڭ زورى بىلەن بىز چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان بولساقمۇ، ئەمما شاھى - سۇلتانلىقنىڭ تۇمەنمىڭ پاتمانلىق سالمىقىنى ئالالىغاچان ھېس قىلىپ يەتكەچكە، بۇ بەش كۈنلۈك ئۆتنە ئالەمنىڭ ئالدامچى مېھرىدىن ۋاز كېچىپ، چوپانلىق تايىقىنى كۆتۈرۈپ يۇرۇشنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلگەنىدۇق. بۇ نىيەت بىزنىڭ بارلىق ئوي - خىيالىمىزنى ئىگىلىۋالغانىدى. لېكىن، چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ خاقانلىق تەختىدىن ۋاز كەچسەك، ئەلدە ھاكىمىيەت تالىشىپ، جەڭگى - جېدەل يۈز بېرىدىغاندەك كۆرۈندى. چۈنكى، ھاكىمىيەت تالىشىش يۈز بەرسە، ناھەق قان تۆكۈلىدىغانلىقى روشەن ئىدى. ئەل - يۇرت قانخور، زالىملارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالسا، مەملىكەتتە خانىۋەيرانچىلىق يۈز بېرەتتى. بىز مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن تەڭرىتائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن قورقتۇق - دە، بۇ نىيىتىمىزدىن دەرھال ياندۇق! بىز ئۆزىمىز كىچىك بولساقمۇ ئەل - يۇرتنى ئادالەت بىلەن سوراپ، پۇقرانى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرىغا سىلەردەك قابىل، پازىل كىشىلەرنى تاللاپ خىزمەتكە قويدۇق. مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىنى سىلەرگە تايىنىپ بىر تەرەپ قىلىپ كەلدۇق. ھەرقاچان بىر ئىمارەت ئۈچۈن تۆت تۈۋرۈك كېرەك بولغىنىدەك، سەلتەنەت ئىمارىتى ئۈچۈنمۇ ئەقىللىك، پاراسەتلىك، زېرەك، ھوشيار، بىلىملىك ۋە ئاڭلىغانلىرىنى سىر قىلىپ ساقلىيالايدىغان پازىل كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن لازىم ئىكەنلىكى ھەممىڭلارغا مەلۇمغۇ؟...

— شۇنداق، ئى خاقانۇل ئەزەم، — دېدى شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا، — ئەل ئادالەتلىك پادىشاھ بىلەن روناق تاپىدۇ؛ سەلتەنەت كۈچلۈك قوشۇن ۋە پەزىلەتلىك ئەمەلدارلار بىلەن قۇدرەت تاپىدۇ؛ پۇقرالار خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىق بىلەن سائادەت تاپىدۇ؛ مەملىكەت مەمۇرچىلىق بىلەن

www.uyghurkitap.com

گۈللىنىدۇ!

— سۆزىڭىزدىن ئايلىناي، ئى مەۋلانام، — دېدى خان ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، — سىزلەردەك دۆلەت تايانچلىرىمىزنىڭ شاراپىتى بىلەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن بىزگە مىراس قالغان چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ بۇ تەختىدە ھالا بۇگۈنگىچە تىنچ - ئامان ئولتۇرۇپ كەلمەكتىمىز! بىراق، بۇ بەخت - سائادەتنىڭ بىزنىڭ قولىمىزغا ئاسانلىقچە كەلمىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق! بىز ھېسابسىز ئازاب - ئوقۇبەت، جاپا - مۇشەققەت، ئېغىر يوقسۇللۇق، كۆلپەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈردۇق. قىش - قىرووۋنىڭ قاتتىق چىللىسىنى مۇز ئۈستىدە يېتىپ، قاردىن كۆرپە يېپىنىپ ئۆتكۈزدۇق. ھالا بۇگۈن بىز ھىممەت پوتىسىنى بېلىمىزگە مەھكەم باغلاپ، جاسارەت قەدىمىنى دادىل تاشلاپ، ئاللانىڭ ھۆكمى ۋە ئىرادىسى بويىچە چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت ساھىبلىقىنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتىمىز. سۇبھاناللا، بىر كۆلپەتتىن قۇتۇلغان بولساقمۇ، يەنە بىر مېھنەتكە تۇتۇلدۇق!

تۇغلۇق تۆمۈرخان مەجلىس ئەھلىگە تولۇق سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ئى دۆلەتخاھلار، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تازىي يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن «تازىي مەدەنىيىتىنىڭ قورقۇنچلۇق دۈشمىنى»، «دوزىخىي» دەپ ئەيىبلەنگەن ئۇلۇغ يولباشچى بوۋىمىز تېموچىن ئات يىلى① تۇغۇلۇپ، ئاتىسىدىن كىچىك

① تېموچىن، يەنى چىڭگىزخان مىلادىيە 1162 - يىلى (ئات يىلى) 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى موڭغۇلىيە دالاسىدىكى ئۇنان دەرياسى بويىغا جايلاشقان دېلغۇنبۇلاق دېگەن يەردە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا تارىخچىلارنىڭ كۆزقارىشى ھەر خىل. مىڭ گۇڭ («يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ مۇئەللىپى) ۋە ئىرانلىق تارىخچى جۇرجانىيلار تېموچىننى 1162 - يىلى باش يازنىڭ 16 - كۈنى تۇغۇلغانىدى، دەيدۇ. لېكىن، پېللىئوت تېموچىننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى 1167- يىلى دېيىش كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. مەن بۇ يەردە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا يېزىلغانىنى ئاساس قىلدىم.

يېتىم قېلىپ، ئون ياشقا كىرە - كىرمەيلا تايچىغۇت[1]لارنىڭ قولىدا تۇتقۇنلۇقتا ياشاپتۇ. مۇبادا ئۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، بوينىغا سېلىنغان ئاسارەت تاقىقىنى پاچاقلاپ تاشلىمىغان[2] بولسا؛ مۇبادا ئۇ ياخشى - ياماننى كۆرۈپ، ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاچچىق - چۈچۈكنى تېتىمىغان بولسا؛ مۇبادا ئۇ زىمىستان قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىغا چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بەرمىگەن بولسا ۋە ئۆلۈمگە قارشى كۆكرەك كېرىپ بېرىپ ياۋدىن قاتتىق ئۆچ ئالمىغان بولسا، كېيىنكى چاغلاردا پايانسىز موڭغۇل دالاسىدا ئات ئويнىتىپ، ساداق تارتىپ تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپ، بوينى قاتتىقلارنى باش ئەگدۈرەلىگەن بولاتتىمۇ؟ مۇبادا ئۇ چىشلىرىنى ئۇشكە، تىلىنى بىگىز، يۈرىكىنى تاش، قىلىچىنى قامچا، بوراننى ئات قىلىپ، ئۇسسىسا شەبنەمنى ئىچىپ، كۈندۈزلىرى ئۆز ئەتراپىنى قېرى بۆرىدەك سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ، قاراڭغۇ كېچىلىرى ئويغاق قاغىنىڭ كۆزىدەك ماراپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ قۇربانلىقى ئۈستىگە قىران بۈركۈتتەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئاياغلىرى بىلەن قانلار كېچىپ جەڭ قىلمىغان بولسا، كۈنتۇغار بىلەن كۈنپاتاردىكى سان - ساناقسىز ئەل - ئۇلۇسلارنى دىر - دىر تىترەتكەن جاھانغا مەشھۇر چىڭگىزخان بولۇپ ئاتىلاتتىمۇ؟

قۇببىلىك سارايىنىڭ ئىچىدە چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

— بىراق، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى تۇغلۇق تۆمۈرخان، — چىڭگىزخان ئىسلامىيەت

---

[1] تايچىغۇت — موڭغۇللارنىڭ بىر ئۇرۇقىنىڭ نامى. تېموچىننىڭ ئاتىسى يېسۇگەي باھادىر تايچىغۇتلارغا ئاقساقال بولغان — «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دىن ئېلىندى.

[2] مىلادىيە 1174 - يىلى (ئات يىلى) تايچىغۇتلارنىڭ تارغۇتاي دېگەن بىر ئاقساقىلى تېموچىننى تۇتۇۋېلىپ، بوينىغا تاقاق سېلىپ، نەزەربەند قىلىپ قويغانىدى — «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

بىلەن ھەرگىز دۈشمەنلەشكىنى يوق ! ناۋادا كىشىلەر ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ غۇسۇل ـ تاھارەت ئالىدىغان ئادىتىنى ۋە قوي ـ كالىلارنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرىدىغان ئۇسۇلىنى چەكلىگەن، دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئىش پەقەت ئۇنىڭ موڭغۇللاردىكى: «بەدىنىمىزدىكى كىر ـ قەساۋەتلەر خۇددى بەرىكەت ـ رىزقىمىزغا ئوخشايدۇ. يۇيۇنساق، بەرىكەت ـ رىزقىنى يۇيۇۋەتكەن بولىمىز» دەيدىغان ئۆرپ ـ ئادىتىگە ياكى ئېتىقادىغا مۇخالىپ كېلىدۇ، دەپ قارىغانلىقتىن بولغان. چىڭگىزخان كۇنتۇغاردىكى تابغاچ ئېلى بىلەن كۇنپاتاردىكى خارەزىم شاھلىقىنى ئىستېلا قىلغاندا، ناھايىتى نۇرغۇن شەھەر ـ ئاۋادانلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، بۇ يەردىكى شانلىق شەھەر مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. بىراق، بۇنىڭدىمۇ ئۇ موڭغۇل ئاتلىرى ئۈچۈن «ئادەمسىز ئۆلكە»، «پايانسىز يايلاق» بەرپا قىلىشنى توپ مەقسەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىككى تۈرلۈك مىجەز تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى: بىر تەرەپتىن، ئۇ مەشھۇر ئىستېلاچى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قوزغىغان قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ھەرگىزمۇ مەلۇم دىنىي ئېتىقادنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇش ئەمەس ئىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ كۆچمەن چارۋىچى ئۇلۇسلارنىڭ دانا يولباشچىسى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھازىرقىدەك مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان مەدەنىيەتلىك شەھەر تۇرمۇشىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئېڭىدا شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىش، دېھقانچىلىق ئېكىلىكىنى يوق قىلىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئوتلاقلارغا ئايلاندۇرۇش خاھىشى كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى، موڭغۇللارنىڭ يايلاق قوغلىشىپ يۈرىدىغان كۆچمەنلىك تۇرمۇشى ئۇنىڭ مىجەزىگە ئېخىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. بۇنداق بولغاندا، ئەل ـ ئۇلۇسنى باشقۇرماقمۇ ئوڭايغا چۈشەتتى...

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشماي تۇراتتى، تۇرغاۋۇتلار تۇمەنىنىڭ تۇمەنبېگى ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر

باھادىر ئورنىدىن تۇرۇپ شاھسۇپىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:
— ئەسسالام، ئەي، ئۇلۇغ مەرتىۋىلەر ئىگىسى، سەلتەنەت دەرگاھىنىڭ ساھىبى، بۈيۈك چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى، — دېدى قول باغلاپ تۇرۇپ، — ئۇلۇغ تەڭرىم سېنىڭ بەخت ـ ئىقبالىڭنى مەڭگۈ بەرقارار قىلسۇن، يىللار بويى ئالتۇن بويۇڭغا سالامەتلىك ئاتا قىلسۇن ! ئەي، ساھىبقىران، سۆزۈڭنى ئۈزۈپ قويغىنىمنى كەچۈرگەيسەن ! ئىجازەت بەرسەڭ، كەمىنە قۇلۇڭ ساڭا بىر گەپنى ئېيتماقچىدىم.
— ئى تاشتۆمۈر باھادىر، سەن قاچان بىمەھەل سۆزلىگىنىڭ ئۈچۈن گۇناھكار بولغاندىڭ؟ — دېدى خان كۈلۈمسىرەپ، — سەن جايساڭلار بىگى ئەمەسمۇ؟ كۆڭلۈڭگە كەلگەن گەپنى سۆزلەۋەرگىن !
— ئىلتىپات قىلدىڭ، ھۆرمەتلىك خاقانىم، — دېدى تاشتۆمۈر باھادىر خانغا تەزىم قىلىپ، — مەن پۈتۈن ھاياتىمنى چاغاتاي سەلتەنەتىنى مۇستەھكەملەش، مەملىكەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇش ئۈچۈن بېغىشلىدىم. ھەتتا سەن ئەسلىدىكى ئېتىقادىڭدىن ۋاز كېچىپ ئىسلامىيەتكە بەيئەت قىلغان چاغدىمۇ، مەن يەنىلا سېنىڭ تەرىپىڭدە تۇردۇم ھەم ئەسلىدىكى ئېتىقادىمدىن ۋاز كېچىپ، سەن ئىمان كەلتۈرگەن ئاشۇ يېگانە ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا، ساماۋى كىتابلارغا، ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىگە چىن دىلىمدىن ئىمان كەلتۈردۈم. ئەلھال، بىز موڭغۇللار ئېتىقادىمىزنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، داۋالغۇپ بىر ئىزدا توختىماي كېتىۋاتقان بۇ مەملىكەتنى ئاران ئاسايىش تاپتۇرغاندۇق. بىراق، ھالا بوگۇن قارىسام، سەن يەنە بىر ئۇلۇغۋار يېڭى ئىشقا تۇتۇش قىلىۋېتىپسەن. مەن چۈشىنەلمەيۋاتىمەن: ئى ھۆرمەتلىك خاقانىم، سېنى ئاشۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا دەۋەت قىلىۋاتقان سەۋەب زادى نېمە؟ ماڭا، بىزگە تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتىپ بېرەلەرسەنمۇ؟ سېنىڭ مۇبارەك كاللاڭدا زادى قانداق ئوي ـ پىكىر بار؟...

— ئى ھۆرمەتلىك تاشتۆمۈر باھادىر، بۇ گەپنى ناھايىتى ئوبدان سورىدىڭ، — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىنتايىن سالماقلىق بىلەن سۆزلەپ، ئوزايىدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن خاتىرجەملىكى چىقىپ تۇراتتى، — شۇنداق، زامان ئۆزگەردى، چاغاتاي مەملىكىتىدە ياشايدىغان جىمى ئەل ـ ئۇلۇسلار شەرەپلىك ئىسلامىي ئېتىقادنىڭ شاراپىتىدە خۇددى ئاق سۇتنىڭ قايمىقىدەك بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشتى. سان ـ ساناقسىز موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، ھالا بۇگۈن نەسلى تېز ئاۋۇپ، باشقىلار تەرىپىدىن «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان، ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلاردىن تۇپتىن پەرقلەنمەيدىغان يېپيېڭى بىر ئۇلۇس بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. چاغاتاي ئېلىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ يېڭىلىقلار ھەممىدىن ئاۋۋال بىزدىن مەملىكەتنىڭ ھاكىمىيەتچىلىككە ئائىت سىياسىي ئىشلىرىنى تەلتۆكۈس ئىسلاھ قىلىشنى، مەملىكەتنى بۇرۇنقىدەك ئۇلۇسبېگى قويۇپ باشقۇرۇش چارىسىنى چوقۇم بىكار قىلىپ، بۈيۈك خان① كۈنتۇغاردىكى تابغاچ ئېلىدە يولغا قويغان ۋە كۈنپاتاردىكى مۇسۇلمان تازىيلارمۇ ئۆز ئېلىدە يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئۇسۇل ـ چارىلەرنى قوللىنىشىمىزنى، خان ئالدىدا بىۋاسىتە جاۋابكار بولىدىغان، تۈرلۈك پىرقىۋازلىق ۋە دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشىدىن خالىي، سەلتەنەتكە سادىق، بىلىملىك پازىل ئادەملەرنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ خىزمەتكە قويۇشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. ئىككىنچى، مەملىكەت بويىچە دېھقانچىلىق بىلەن سودا ـ سېتىقتىن ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىق دۆلەت خەزىنىسىگە ئايىغى ئۈزۈلمەستىن كىرىپ تۇرىدىغان يىللىق كىرىمنىڭ تۈپ كاپالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ھازىرقىدەك ھەرقايسى ئۇلۇسلارنىڭ ئۇلۇسبېگى باج ـ سېلىقنى ئۆز ئالدىغا يىغىدىغان

① بۇ چاغدا جوڭگودا توقان تېمۇر يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئىدى.

ھالەت ئۆزگەرتىلمەيدىغان بولسا دۆلەت نامراتلىشىپ، خەلق خانىۋەيران بولۇپ كەتمەمدۇ؟ خەزىنە ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن لىق تولسا، گەمە - ساڭلاردا ئاشلىق تولۇپ تۇرسا، ئاھالە خاتىرجەم، بازارلار ئاۋات بولىدۇ - دە، دېھقانچىلىقتا مەدەت بېرىپ، سودا - سېتىقنى گۈللەندۈرگىلى، مەملىكەتنى قۇدرەت تاپتۇرغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئىلگىرىكىدەك قەبىلە - ئايماقنى بىرلىك قىلغان ھەربىي گېزەكچىلىك تۈزۈمى ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ئۆز ئەھمىيىتىنى ئاللىقاچان يوقاتتى. دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مۇنتىزىم تەلىم - تەربىيە كۆرگەن، دائىمىي خاراكتېرلىك قوشۇن تەشكىل قىلىش نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەلىپى بولۇپ قالدى. تۆتىنچى، ھازىر مەملىكەت مىقياسىدا جارى قىلدۇرۇلۇۋاتقان قانۇن - ياساقلار ئاساسىي جەھەتتىن بوۋام چىڭگىزخان زامانىسىدا تۈزۈلگەن ياساقلاردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قانۇن - ياساقلار ئەينى زاماندىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان موڭغۇللارنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بەرگەچكە، ھازىرقى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاللىقاچان لايىقلىشالماي قالدى...

خان سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سۆزىنى توختىتىپ، مەجلىس ئەھلىگە باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— بىز يولغا قويغان ئىسلاھات بىزگە ئىستىقبال ئاتا قىلدى ۋە نىشانىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى. بىراق، «ئىسلاھات ئارقىلىق ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، يېپيېڭى ئېتىقاد بىزنى جەننەتتەك گۈزەل مەنزىلگە باشلاپ بارىدۇ!» دەپ ئويلىساق، بىز تولىمۇ گۆدەكلىك قىلغان بولىمىز. دەرۋەقە، ئىسلاھاتنىڭ غەلىبىسى تۈپەيلىدىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بارلىققا كەلگەن شاد - خۇراملىق دولقۇنلىرى بېسىلغۇچە، دۈشمەنلىرىمىز ئۆزىنى پىنھانغا ئېلىشقا مەجبۇر بولۇشتى. بىراق، بۇ پەقەت ۋاقىتلىق ھادىسە، خالاس! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان تۈرلۈك ئىمتىيازلىرىنى ھەرگىزمۇ كۆرەشسىز قولدىن بېرىپ قويمايدۇ. ئۇلار ھامان بىر كۈنى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىزنىڭ بېشىمىزدا ياڭاق چېقىشقا ئۇرۇنىدۇ، بىزگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ھەر خىل سۇيىقەست، ھىيلە ــ مىكىرلىك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ باقىدۇ. ئۇلار سەلتەنەتىمىزگە سادىق، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان ئادەملىرىمىزنى سېتىۋېلىش، ئالداش، دوق قىلىش، ھەتتا قاتىللىق ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ جىسمانىي جەھەتتىن نابۇت قىلىشتەك رەزىل چارىلەرنى قوللىنىشتىن يانمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ توپ مەقسىتى ــ چاغاتاي سەلتەنەتىنى يېڭىباشتىن كونا ئىزغا سېلىپ، ئۆز بەگ ـ ئۆز خان بولغان ئاشۇ تەپرىقىچىلىك ھالەتنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشتۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئىشقا ئاشسا، ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسى پۈتۈنلەي شامالغا سورۇلمامدۇ؟! جانابىي دۆلەتخاھلار، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بۇ چېكىنىش بولماي نېمە؟ چېكىنىسەك، بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز پۈتۈنلەي نابۇت بولمامدۇ؟!...

ــ ئى مەجلىس ئەھلى، ئى ئەركانىي دۆلەتخاھلار، ــ دەپ خىتاب قىلدى شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا، ــ كەرەملىك ئاللا بىزنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈردى. بىز بەندىلەرنىڭ بېشىمىزدىن نۇرغۇن زامانلار ئۆتتى. ئاللاتائالا ئىگەم بەزىدە زالىم، قانخور، ئۆز خەلقىنى سۆيمەيدىغان پادىشاھ ـ خاقانلارنى، بەزىدە يۇرت ـ پۇقرالىرىغا كۆيۈمچان، ئادالەتلىك شاھى ـ سۇلتانلارنى زېمىنىغا ساھىب قىلدى. خۇسۇسەن، ساھىبقىران پادىشاھىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخان جانابىي ئالىيلىرى چاغاتاي زېمىنىغا ساھىب بولغاندىن تارتىپ، ئەل ـ ئۇلۇسنىڭ غېمىنى يەيدىغان، پۇقرالارغا كۆيۈمچان، ئادالەتلىك پادىشاھ بولۇپ، قۇرۇپ قالغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە سۇ باشلاپ، خاراب بولغان باغ ـ ئېتىزلارنى كۆكەرتتى. مەملىكەتنى قوغداپ، باسقۇنچىلارنىڭ يۇرت ـ ئايماقلىرىمىزنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ،

خەلقىمىزنى خانىۋەيران قىلىشىدىن ساقلاپ قالدى. ئەل - يۇرت ئاۋۇپ، يەر يۈزىدە ئاسايىشلىق ئورنىدى. سودا - سېتىق، تىجارەت - ئوقەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەملىكەتنى بېيىتتى. دېھقانچىلىقنى روناق تاپتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ نېنىنى پۈتۈن، قورسىقىنى توق قىلدى. ئىلىم - مەرىپەتنى كۈچەيتىپ، ئەھلى ئىلىم، ئالىملارنى خەلققە رەھنەما قىلدى. ھەر ۋاقىت پۇقرانىڭ ھالىدىن غاپىل بولمىدى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، خاقانىي ئەزەم تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ساھىبقىرانلىق دەبدەبىسى پۈتكۈل مەلىكۇل مەغرىب بىلەن مەلىكۇل مەشرىقتا پۇر كەتتى. ئۇ شۇنداق خەلقپەرۋەر، مېھرىبان، ئادىل پادىشاھ بولدىكى، پۈتكۈل ئەل - ئۇلۇس ئۇنىڭدىن تۈمەنمىڭ مەرتىۋە رازى بولۇپ، ئۆمرىگە دۇئا قىلماقتا. تۇغلۇق تۆمۈرخان جانابىي ئالىيلىرى تەپرىقىچىلىك قايىنىغان تىزگىنسىز بۇ ئەلدە قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا تەرتىپ - تۈزۈم، ئادالەت ۋە ئاسايىشلىق ئورنىتىپ جاھاننى ئاۋات - بەختىيار قىلدى. جەبىر - زۇلۇمنى رەھىمسىزلىك بىلەن بىخىدىن بەربات قىلدى. سىپايىلىك بىلەن ئالەمنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ساھىبقىرانلىق نەبۇۋەت تاجىنى كىيدى. دېمەك، بۇنداق پەزىلەتلىك ۋە ھىممەتلىك خاقاننىڭ چاغاتاي مەملىكىتىگە ساھىب بولۇشى كەرەملىك ئاللانىڭ ئىرادىسىدىن بولغان، دەپ ئېيتماسلىقتا ھەددىمىز نېمە؟ ئەلھەمدۇلىللاكى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ساھىبقىران پادىشاھىمىزنىڭ زامانىدا شەھەر - ئاۋدانلىرىمىز ياۋنىڭ تاپىنىدىن ئامان بولۇپ، ئەل - ئۇلۇسىمىز راھەت - پاراغەت، ئاسايىشلىقتا كۈن كەچۈرگەي. كەرەملىك ئاللا ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن، دۆلەت ئىقبالىنى زىيادە قىلغاي!

شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. قالغان مەجلىس ئەھلىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈشتى:

— ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دۆلەتلىرىگە ئاللا

www.uyghurkitap.com

تەۋپىقۇ ئادالەت بەرگەي ! ...دۇشمەنلىرى خاراب، مۇناپىقلار بىتاپ بولغاي، ئىلاھىم !...

دۇئادىن كېيىن، رەئىيەت يۈز سىيپاشتى. بۇ چاغدا شاھىنشىنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىك سۇپىدا مەجلىس ئەھلىنىڭ كېڭەشلىرىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇرغان كاتولىك ئېپىسكوپى لاۋرېنتىي ھەزرەت ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھىنشىن ئالدىغا كەلدى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخانغا تەزىم قىلدى:

— ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇد قۇياشى موغۇلىستاندىكى دەريانىڭ شەرقىدە، يەنى دۇنياغا مەشھۇر يولباشچى بوۋىلىرى چىڭگىزخان ۋە چاغاتايخانلاردەك خاقانلارنىڭ نۇرلىرىنىڭ مەشرىق تەرىپىدە كۆتۈرۈلگەن، — دېدى خاننىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، — خان ئالىيلىرى، سىز ياش ۋاقتىڭىزدىن تارتىپ سەلتەنەتىڭىزنىڭ ئالتۇن دەۋرانىغىچە بولغان مۇشۇنچىلىك قىسقىغىنا ئارىلىقتا ئىلگىرىكى ئەجدادىڭىزنىڭ دەۋرانىدا ۋەيران بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئۇل چاغاتاي مەملىكىتىنى تۈزەپ، ئاۋات - بەختىيار قىلدىڭىز. بۈنىڭدەك پۈرسەتكە بۈزرۈكۋار ئەجدادىڭىز ئىنتىزار بولغانىدى. ھالا بۈگۈن سىزگە ئاتا - بوۋىلىرىڭىزمۇ ھەسەت قىلغۇدەك ھەشەم سەلتەنەت نېسىپ بوپتۇ. بۇ تۆھپە - نەتىجىلەرگە بىر ئۆزىڭىز ئىگە بولۇپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىپ كەلمەكتىسىز. ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھاتتىن كېيىن، تولۇق كامال تاپقان پېتىڭىز سەلتەنەت سۈرۈپ كەلمەكتىسىز. بىراق...

ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە «يەنە سۆزلەۋېرەيمۇ؟» دېگەندەك قىلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخانغا قاراپ جىم تۇرۇپ قالدى.

باياتىن ئۇنىڭ سۆزىنى بېرىلىپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئېپىسكوپ ھەزرەتنىڭ سۆزىدىن توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ شاھىنشىن ئالدىغا كەلدى ۋە:

— ھەزرىتىم، بىز ھەممىمىز سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇق، قانداق سۆزىڭىز بولسا، ئېيتىۋەرگەيسىز. بىز ئاڭلاشقا تەشنادۇرمىز! — دەپ ئۇنى داۋاملىق سۆزلەشكە رىغبەتلەندۇردى.

— ئىزىن بەردىڭىز، جانابىي خان ئاليىلىرى، — دېدى لاۋرېنتىي ھەزرەت، — بىراق تەپرىقە - غوۋغا قايىنىغان بۇ ئەلنى ئىدارە قىلماق ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس، چۈنكى ئىسلاھات پەقەت ئاھالىنىڭ ئېتىقاد مەسىلىسىنىلا ھەل قىلالىدى. ھالبۇكى، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش، بەلكى ئىلگىرىكىدىنمۇ ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىش يالغۇز ئېتىقادقا تايىنىپلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. مەملىكەتنىڭ ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرى ھۆكۈمرانلىق، سودا - سېتىق، دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەر - كەسىپ قاتارلىق تۆت چوڭ تارماقتا بۆلۈنىدۇ. مەملىكەتنى ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، يەنە مەۋكەبتە خاقانلارغا ياردەملىشىپ، توغرا سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ئىجرا قىلىدىغان ۋەزىر - ۋۇزرالار؛ جايلاردا ئوردىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىدىغان سەممىيەتچىل نائىبلار؛ مۇھارىبىيە جەھەتتە مەملىكەتنىڭ ئىچكى - تاشقى بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىغان ھوشيار بەگ - ئەمىرلەر لازىم بولىدۇ. پارسلارنىڭ ساسانىيلار سۇلالىسىدە نۇشىرۋان ئادىل① دېگەن بىر پادىشاھى بولغان. ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنى تۆت دەرىجە - بۇرجقا بۆلگەن ۋە ھەربىر دەرىجە - بۇرج ئۈچۈن بىردىن مەخسۇس تامغا ئويدۇرغان. بىرىنچى تامغىسى سەلتەنەت تامغىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا: «دۆلەت» سۆزى خاتەم② قىلىنغانىكەن؛ ئىككىنچى تامغىسى باج - سېلىق تامغىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا: «تەمىرات ۋە ئاۋاتلىق» سۆزى خاتەم قىلىنغانىكەن؛ ئۈچىنچى تامغىسى ئوزۇق - تۈلۈك تامغىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا: «توقلۇق ۋە

① نۇشىرۋان ئادىل (مىلادىيە 531 — 579) — ئىراندىكى ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 3 - ئەۋلاد پادىشاھى ئەردەشىر Ⅲ.

② خاتەم — ئويۇش، نەقىش؛ مۆھۈرلەش، تامغىلاش، دېگەن مەنىلەردە.

www.uyghurkitap.com

مەمۇرچىلىق» سۆزى خاتەم قىلىنىغانىكەن؛ تۆتىنچى تامغىسى ئەرز ـ شىكايەت تامغىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا: «ئەدلۇ ئادالەت» سۆزى خاتەم قىلىنغانىكەن...

بۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭغا:

— ھەزرىتىم، سىز تازىيلار ئېلىدىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتچىلىك ئۇدۇملىرىدىن خەۋەردارسىز. شۇڭا، بىز سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باققان بولساق؟— دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— باش ئۈستىگە، ساھىبقىران ئالىيلىرى، — دەپ قۇللۇق بىلدۈردى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت دەرھال، — مەن ۋەتىنىم مىسىردىكى ئىسكەندەرىيە دارىلئۇلۇمىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، مۇسۇلمان تارىخچىلىرى تازىيلارنىڭ ئىسلامىيەت تارىخىغا ئائىت يېزىپ قالدۇرغان نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ مۇتالىئە قىلغانمەن. بۇ كىتابلاردا يېزىلغان تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتچىلىك ئۇدۇملىرى ھەم قەدىمكى پارس شاھلىرى، رىم ئىمپېراتورلىرى ۋە قەدىمكى مىسىر پىرئەۋنلىرىنىڭ سەلتەنەت ئەنئەنىلىرىگە ئوخشاپمۇ قالىدىكەن، ھەم ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىدىن پەرقلىنىدىكەن. تازىيلار تارىختا ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىرىنى «خەلىپە» دەپ ئاتىغان: «خەلىپە» دېگەن ئاتالغۇ ئىسلامىيەتنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىزباسارى» ياكى «ئورۇنباسارى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. ئىسلام ھىجرىيەسىنىڭ 11 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 13 ـ كۈنى① مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چاھارىيارلىرى بولغان ئەبۇ بەكرى②،

---

① مىلادىيە 632 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.

② ئەبۇ بەكرى (مىلادىيە 573 — 634) — چاھارىيارلارنىڭ بىرىنچىسى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قېيىنئاتىسى. ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن تۇنجى ئىسلام خەلىپىسى بولغان.

ئۆمەر[1]، ئوسمان[2] ۋە ئەلى[3]لەر مۇسۇلمان تازىيلارغا ئارقىمۇئارقىدىن «خەلىپە» بولغان. ئۇلار ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر تازىيلار تارىخىدا «خىلافەت دەۋرى»[4] دەپ ئاتالغان. خىلافەت دەۋرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن قۇرۇلغان ئۇمەييە سۇلالىسى[5] يەنىلا «خەلىپە» تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما خەلىپىلىك تۈزۈمى تېخى مۇكەممەللىشىپ بولالمىغانىدى. ئابباسىيلار سۇلالىسى[6] دەۋرىگە كەلگەندە، ئاندىن تازىيلارنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيىتى مۇقىملاشقان. ئىگىلىك تېز راۋاجلانغان، دۆلەت ئىچىدە ئەل - ئۇلۇس كۆپەيگەن. تۈرلۈك ئېقىمدىكى پىكىر - مۇلاھىزىلەر ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان. نەتىجىدە بۇنداق يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشالايدىغان بىر يۈرۈش يېپيېڭى سەلتەنەت تۈزۈملىرىنىڭ ئورنىتىلىشى جىددىي زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆزى يەنە تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن ئۈزۈپ قويۇلدى:

---

[1] ئۆمەر (مىلادىيە 583 — 644) — چاھارىيارلارنىڭ ئىككىنچىسى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدىن كېيىن خەلىپە بولغان.

[2] ئوسمان (مىلادىيە 577 — 656) — چاھارىيارلارنىڭ ئۈچىنچىسى. ھەزرىتى ئۆمەردىن كېيىن خەلىپە بولغان.

[3] ئەلى (مىلادىيە 600 — 661) — چاھارىيارلارنىڭ تۆتىنچىسى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ۋە كۈيئوغلى. ھەزرىتى ئوسماندىن كېيىن خەلىپە بولغان.

[4] «خىلافەت دەۋرى» — مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىلەر ئارقىمۇئارقا خەلىپە بولغان دەۋر. بۇ دەۋر مىلادىيە 632 - يىلىدىن باشلىنىپ مىلادىيە 661 - يىلىغا قەدەر جەمئىي ئوتتۇز بىر يىل داۋام قىلغان ۋە تارىختا: «خىلافەت دەۋرى» دەپ ئاتالغان.

[5] ئۇمەييە سۇلالىسى — ئەرەبلەر تارىخىدىكى تۇنجى ئىسلام سۇلالىسى. مىلادىيە 661 - يىلى مەككىدىكى قۇرەيش ئاقسۆڭەكى مۇئاۋىيە تەرىپىدىن قۇرۇلغان. مىلادىيە 750 - يىلى ئەبۇ ئابباس تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.

[6] ئاببا‌سىيلار سۇلالىسى — ئەرەبلەر تارىخىدىكى ئىككىنچى سۇلالە. مىلادىيە 750 - يىلى ھاشىمىيلاردىن بولغان ئەبۇ ئابباس تەرىپىدىن قۇرۇلغان. مىلادىيە 1258 - يىلى مۇنقەرز بولغان.

— دېمەك، تازىيلارمۇ خۇددى بىز ھازىر دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەنىكەن ـ دە، ھۆرمەتلىك ھەزرىتىم، ئۇلار بۇ مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلغان؟ بىزگە شۇنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

— قۇللۇق، جانابىي خان ئالىيلىرى، مەن تۆۋەندە بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالماقچىمەن، — دېدى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت خاننىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — مۇسۇلمان تازىيلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قالغان ئەنئەنە ـ سۈننەت بويىچە: «ئىسلام خەلىپىسى مۇنداق تۆت شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى، بىرىنچى، چوقۇم مول بىلىمگە ئىگە بولغان بولۇشى؛ ئىككىنچى، ئادالەت يولىنى تۇتقان بولۇشى؛ ئۈچىنچى، ئىقتىدارلىق بولغان بولۇشى؛ تۆتىنچى، ھىممەتلىك بولغان بولۇشى كېرەك» دەپ قارايتتى. تازىيلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، ئىسلام خەلىپىسى سەلتەنەتتە مۇنداق ئۈچ چوڭ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولاتتى: بىرىنچى، «شەمشەر ھوقۇقى»، يەنى مەملىكەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي ھوقۇقى خەلىپىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە ئۇرۇش قوزغاشقا تامامەن ھوقۇقلۇق ئىدى؛ ئىككىنچى، ئەڭ ئالىي دىنىي ھوقۇق. ئىسلام خەلىپىسى «خەلفەئىي راھمان»، «خەلفەئىي ئىسلام» دەپمۇ ئاتىلاتتى؛ ئۈچىنچى، «ھاكىممۇتلەق»لىق ھوقۇقى، خەلىپە سەلتەنەتتە ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

تازىيلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللىشىپ بېرىشى ئارقىسىدا، ئىسلام دىنىغا كىرگەن پارسلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئەنئەنىلىرى تازىيلارنىڭ سەلتەنەت تۈزۈملىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشقا باشلىدى ۋە خەلىپىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق ھوقۇقىنىڭ چەكسىزلىكى پەيدىنپەي چەكلىمىگە ئۇچراپ، سەلتەنەتتە ئۇلۇغ قول ۋەزىر رىياسەتچىلىكىدە خەلىپىگە خىزمەت قىلىدىغان مەمۇرىيەت

تۈزۈمى تەتبىقلىنىشقا باشلىدى.

— ھەزرىتىم، تازىيلاردىكى ئوڭ قول ۋەزىر مەنسىپى بىزدىكى جايساڭلىق دەرىجىسىگە تەڭمۇ؟ — دەپ تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭدىن سورىۋىدى، ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت دەرھال:

— تازىيلاردىكى ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ھوقۇقى بىزدىكى جايساڭدىن يۇقىرى بولاتتى، — دېدى خاننىڭ سوئالىغا جاۋابەن، — ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تازىيلاردا بۇنداق مەنسەپ نامى يوق ئىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىسىدا ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر ئىككىسى «ياردەملەشكۈچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ۋەزىر» دەپ ئاتالغان. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ رولى ناھايىتى ئاددىي بولغاچقا، «ۋەزىر»نىڭ ۋەزىپىسىمۇ ناھايىتى ئاددىي بولغان. ئۇمەييە سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «خەلىپە» دېگەن نام «پادىشاھ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولسىمۇ، ئەمما تازىيلاردا «ئوڭ قول ۋەزىر» دېگەن مەنسەپ نامى تېخى شەكىللەنمىگەنىدى. «ۋەزىر» يەنىلا خەلىپىنىڭ ئالدىدا «ياردەملەشكۈچى»لىك رولىنى ئوينىغان، خالاس. بىراق، ئابباسىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سەلتەنەتتە خەلىپىدىن قالسىلا، مەملىكەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتىدىغان «ئوڭ قول ۋەزىر» مەنسىپى ئاندىن بارلىققا كەلگەن.

تازىيلارنىڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم «ئوڭ قول ۋەزىر»لىك مەنسىپىگە مۇشەررەپ بولغان كىشى ئەبۇ سەلىمە دېگەن كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ نامى: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋلادىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى» دەپ ئاتالغانىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تازىيلاردا خەلىپە ياكى پادىشاھ سەلتەنەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئوڭ قول ۋەزىرگە تايىنىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن ھەمدە ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ قول ئاستىدا «ۋازارەت» ياكى «مەھكىمە» دەپ ئاتىلىدىغان مەمۇرىيەت — ئىدارە - جۇجۇقلار تەسىس قىلىنىشقا باشلىغانىكەن. بۇ ۋازارەت، مەھكىمىلەرنىڭ

ۋەزىرلىرى بىۋاستە ئۇلۇغ قول ۋەزىرنىڭ ئالدىدا ئۆز خىزمىتىدىن ھېساب بېرىدىغان بولغان. ئۇلۇغ قول ۋەزىرنىڭ ئىشخانىسى «دىۋان» دەپ ئاتالغان. دىۋاندا «ھاجىب» (كاتىپ) دەپ ئاتىلىدىغان خىزمەتچىلەر بولغان. ھاجىپلار بىرنەچچە دەرىجىگە ئايرىلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان تون، سەرپايلار بىلەن كىيىنگەن. ھاجىپلىقتا ئۆز خىزمىتىگە يارىشا تۈرلۈك بىلىملەرگە، بولۇپمۇ ئەدەبىياتقا پىششىق، قەلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك، خەتتاتلىقتىن خەۋىرى بار تەجرىبىلىك كىشىلەر تەيىنلەنگەن. شۇ چاغلاردا خەلىپىنىڭ ئوردىسىدا بۇنداق مۇھىم خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەت پارسلارلا چىقالايتتى. تازى تىلىدىكى «ئەدەبىيات» ئاتالغۇسى كىشىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدىغان «ئەدەپ» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا «ئەشئار»، «نەزم» قاتارلىق «ئەدەبىيات» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالغان. كېيىنكى دەۋرلەردە «ئەدەپ» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، تارىخ، ناتىقلىق، شەترەنج، مۇزىكا، ھۆسنخەت، ماتېماتىكا، تېبابەت، بىناكارلىق ئىلىم ـ پەن ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت ساھەسىمۇ ئەسلىدىكى «ئەدەپ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئەدەبىياتقا مەنسۇپ بولغانىدى. شۇڭا، شۇ چاغلاردا خەلىپىنىڭ باش ۋەزىر دىۋانىدا ئىشلەيدىغان ھاجىپلار «ئەدىب» دەپمۇ ئاتالغانىدى.

— ھۆرمەتلىك تەخسىر، سىزنىڭ يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىڭىزدىن بىز ئۇلۇغ قول ۋەزىرنىڭ ھوقۇق ـ مەسئۇلىيىتىگە ئائىت ساۋاتلاردىن خەۋەردار بولدۇق، — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان، — نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بېشىمىزنى قاتۇرۇپ كەلگەن بۇ چىگىش مەسىلىنى سىز ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ يېشىپ بەردىڭىز. شۇنداق، دۆلەتنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىدا تەخت ساھىبى بولغان كىشىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، ئىقتىدار ـ قابىلىيىتى تولىمۇ چەكلىك بولىدۇ. خان بولغان كىشى قولغا قول، پۇتقا پۇت

بولىدىغان قابىل يارده‌مچىلەرسىز بىرەر ئىشنى ئەلۋەتتە ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كونىلار: «بىر قاشاغا تۆت قوزۇق كېرەك، بىر يىگىتكە تۆت قولداش...» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان.

— سۆزىڭىز بەرھەق، جانابىي خان ئالىيلىرى، — دېدى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — ئۇمەييە سۇلالىسى مەزگىلىدە تۇنجى قېتىم خەلىپىنىڭ ئوردىسىدا «شىغاۋۇل مەھكىمىسى» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس بىر دىۋان تەسىس قىلىنىغان. بۇ دىۋان خەلىپىنىڭ ھەر كۈنلۈك ئىش ـ ھەرىكىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن تاشقىرى، يەنە خەلىپىنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ مەسئۇل بولاتتى. مەنسەپدارلارنى، چەت ئەل ئەلچىلىرىنى ۋە ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ كەلگەن ئاۋام پۇقرالارنى خەلىپە بىلەن كۆرۈشتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارمۇ شىغاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دائىرىسىگە كىرەتتى. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، خىلافەت دەۋرىدىكى تۆت بۈيۈك خەلىپىنىڭ زامانىسىدا خەلىپە ئوردىسىنىڭ ئىشىكى مۆمىنلەرگە كەڭ ئېچىۋېتىلگەنىكەن، ھەرقانداق بىر كىشى مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قارىماستىن خەلىپە بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشەلەيدىكەندۇق. ئۇمەييە سۇلالىسىدىكى خەلىپە مۇئاۋىيە① زامانىسىدا تازىيلار رىم ۋە پارسلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش چارىسىدىن پايدىلىنىپ «شىغاۋۇل مەھكىمىسى» دەپ ئاتىلىدىغان دىۋاننى تەسىس قىلىپ، كىشىلەرنىڭ خەلىپە بىلەن خالىغىنىچە كۆرۈشۈشىگە چەك قويغان. ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە «شىغاۋۇل»نىڭ ھوقۇقى كېڭىيىپ، بىۋاسىتە خەلىپىنىڭ ئالدىدا ئۆز خىزمىتىدىن ھېساب بېرىدىغان «قارا دىۋان» ۋەزىرىگە ئايلانغان. «شىغاۋۇل» بىزدە «ئىشىكئاغىسى» دەپ ئاتالغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ھوقۇق دەرىجىسى تازىيلاردىكى قارادىۋان ۋەزىرى بولغان

---

① مۇئاۋىيە (مىلادىيە 600 — 680) — دەمەشىقنى پايتەخت قىلغان ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى (مىلادىيە 661 — 680 ـ يىللىرى تەختتە).

«شىغاۋۇل»دىن كۆپ تۆۋەن تۇراتتى. ئوردىدا يەنە خەلىپە سەلتەنەتىنىڭ باستۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان مىرشاپ مەھكىمىسى، ئاخبارات ـ پوچتا ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىككى ئىدارىنىڭ ئىچىدە مىرشاپ مەھكىمىسى ئوغرى ـ يالغان، قاراقچىلارنى تەكشۈرۈپ، تۇتۇپ، تەھقىق ـ سوراق قىلىش، ھەپسىگە تاشلاش، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش، شەرىئەتكە خىلاپ كېلىدىغان تۈرلۈك ناشايان ئىشلارنى تەھقىق قىلىپ جازالاش ۋە خەلىپىنىڭ كىچىلىك ئامانلىقىنى قوغداش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلاتتى؛ قەدىمكى پارسلار بىلەن قەدىمكى رىمدا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەخپىيەتلىك ئورگىنى ھېسابلىنىدىغان «ئاخبارات ۋازارىتى» تازىيلاردىكى مۇئاۋىيە زامانىسىدا قۇرۇلغانىدى. ئابباسىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە ئاخبارات ـ يەتكۈزۈش ۋازارىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئىلگىرىكى ئاخبارات ۋازارىتىنىڭ ھەممە ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن تاشقىرى، خەلىپىنىڭ مەملىكەت مىقياسىدىكى كۆز ـ قۇلىقىغا ئايلانغانىدى. مەركەزدە ئاخبارات ـ پوچتا ۋازارىتى، ھەرقايسى ئۆلكە ـ ۋىلايەتلەردە ئاخبارات ـ پوچتا مەھكىمىلىرى بىرتۇتاش قۇرۇلغان بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن خەلىپە ئوردىسى ئوتتۇرىسىدىكى خەۋەر ـ ئالاقىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. خەلىپە ئاخبارات ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى بىلەن ئاخبارات مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى مەخپىي مۇپەتتىش سۈپىتىدە ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتىپ تۇراتتى. مەملىكەتتىكى ئاۋام پۇقرالارنىڭ پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكىتى، ھەتتا خەلىپە ئوردىسىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىمۇ ئاخبارات ۋازارىتىنىڭ خادىملىرىنىڭ تەقىبى ئاستىدا بولاتتى. ئوردىدىكى ۋازارەت، مەھكىمىلەر كېڭەش ئۆتكۈزگەندە، ئاخبارات ۋازارىتىگە مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خادىملىرىنى قاتناشتۇراتتى. قازى ـ قۇززاتلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. دېمەك، ئوڭ قول ۋەزىر، قازى ـ قۇززات، باش مىرشاپ ۋە ئاخبارات ۋەزىرى خەلىپە

سەلتەنەتى دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا تايىنىدىغان تۈت تۈۋرۈككە ئايلانغانىدى.

ئاخبارات ـ پوچتا ۋازارىتىنىڭ يۇقىرىقى ۋەزىپىلىرىدىن باشقا، يەنە مەملىكەتنىڭ پوچتا ـ ئالاقە، جام ـ رابات، قاتناش ـ نەقلىيات قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا ئائىت ۋەزىپىلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى چاغاتاي مەملىكىتىدىكى پوچتا ـ ئالاقە، جام ـ رابات، قاتناش ـ نەقلىيات جۇجۇقىنىڭ رولىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە كۆپ توختالمىساممۇ، خان ئالىيلىرىغا چۈشىنىشلىك، دەپ ئويلايمەن.

ــ شۇنداق، ھەزرىتىم، ــ دېدى خان ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، ــ يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىڭىزدىن بىز تازىيلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە ئائىت خېلى كۆپ ساۋاتلارغا ئىگە بولدۇق. ئەمدى سىز تازىيلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم، مۇھاربىيە، باج ـ سېلىق، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ئائىت ساۋاتلاردىن بىزنى ئاز ـ تولا خەۋەردار قىلىسىڭىز؟...

ــ باش ئۈستىگە، جانابىي خان ئالىيلىرى، ــ دەپ قۇللۇق بىلدۈردى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت، ــ مۇسۇلمان تارىخچىلىرى يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى مەزگىللەردە تازىيلار پۇقرالار ئارىسىدىكى تۇرلۇك ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مەخسۇس ئادەملەرنى «زالىم ھەكەم» دەپ ئاتىغانىكەن. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر تۇنجى «قازى» بولغان. پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى خىلافەت دەۋرىدە خەلىپە بولغان ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىلەر قوشۇمچە ئەدلىيە ئىشلىرىغىمۇ مەسئۇل بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردىكى خەلىپىلەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئارىسىدىن ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن بەزى كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە ۋەكىل سۈپىتىدە ئەدلىيە ئىشلىرىغا مۇئەككەل قىلىپ تەيىنلىگەن. بەزى مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىلافەت

دەۋرىدە خەلىپە بولغان ھەزرىتى ئۆمەر قازىلىق تۈزۈمىنى ھەممىدىن ئاۋۋال يولغا قويغان ئىسلام خەلىپىسى ئىكەن. ئۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا باغداد، كۇفە، بەسىرە قاتارلىق شەھەرلەرگە قازى تەيىنلىگەن ۋە: «ئەدلىيە خىزمىتى ئاللانىڭ پەرمانى، رەسۇلىللانىڭ سۈننىتىدۇر. شۇڭا، قازى بولغان ئادەم چوقۇم تەقۋادار بولۇشى، ساختىلىق قىلماسلىقى لازىم. قازى دەۋا سورىغاندا مۇرەسسە چارىسىنى قوللىنىشى، ئەمما ئاق - قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، شەرىئەت ئالدىدا كەبىرمۇ، سەغىرمۇ باراۋەردۇر. زالىملارنىڭ گېپىنى راست قىلىپ، مەزلۇملارغا ئۇۋال قىلماسلىقى كېرەك. ئىلگىرى چىقىرىلغان ھۆكۈمنى قايتا تەكشۈرۈشكە يول قويۇش لازىم. گۇناھىغا توۋا قىلمىغانلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك...» دەپ بەلگىلەپ بەرگەن.

قازىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى جىنايەتنى تەھقىق قىلىپ جازا ھۆكۈم قىلىشتىن باشقا، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش، ۋەخپە، ۋەسىيەتنامە ۋە ئەھدىنامىلەر ئۈستىدىن كېسىم چىقىرىش، يېتىم - يېسىرلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىش، ۋەسىي بەلگىلەش، ھاۋالە قىلىش، نائىبنىق ئىشلار ئۈستىدە پەتىۋا بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كېيىنكى مەزگىللەردە شەرىئەتتە مەخسۇس پەتىۋا بېرىدىغان مۇفتى قويۇلغان...

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تازىيلار قەبىلە - ئۇرۇقلارنى بىرلىك قىلىپ، سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەچكە، ئۇلاردا دائىملىق قوشۇن بولمىغان. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى ئون يىل ئىچىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خىلافەت دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى «جەڭچى» ئىدى. ئۇلار ئادەتتىكى چاغلاردا سودا - سېتىق ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇرۇش بولسا، قوللىرىغا قورال ئېلىپلا جەڭگاھقا ئاتلىناتتى. سۇلالىلەر مەزگىلىدە خەلىپىنىڭ

ئارمىيەسى جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى بولغان ئەرەب قوشۇنى بىلەن پارس قوشۇنىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە خەلىپىنىڭ زېمىنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، خەلىپە ئارمىيەسىنىڭ تەركىبىدە ئىسلامىيەتكە يېڭىدىن بەيئەت قىلغان جايلاردىكى ئۇلۇس ـ مىللەتلەردىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇنلارمۇ بولغان. بۇ قوشۇنلارنىڭ ئارىسىدا تۈركلەردىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى ئەڭ ئۈستۈن بولغان. ئۇلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى ساھىبقىران جانابىي ئالىيلىرىنىڭ قوشۇن تۈزۈمىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.

خىلافەت دەۋرىدە، سىرتقا قارىتا كەڭ كۆلەملىك كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈلگەن مەزگىللەردە، مۇسۇلمان تازىيلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان جايلار «ئۆلكە» ياكى «ۋىلايەت» دەپ ئاتالغان. خەلىپە تەرىپىدىن ھەرقايسى ئۆلكە ياكى ۋىلايەتلەرگە مۇئەككەل قىلىپ قويۇلغان ئەمەلدارلار «نائىب»، «ئەمىر»، «ۋالىي» دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۆلكە ـ ۋىلايەتنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغاندىن سىرت، تاشقى جەھەتتە دۈشمەن قوشۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش، ئىچكى جەھەتتە ھەرقايسى جايلاردا خەلىپىنىڭ سەلتەنەتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن توپىلاڭ، ئىسيان ۋە غەلىيانلارنى تىنچىتىش قاتارلىق دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋە باج ـ سېلىق يىغىش، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش ئىشلىرى، يول ـ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرى قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا ئائىت بولغان تۈرلۈك ئىشلارغىمۇ مەسئۇل ئىدى. ئۆلكە ئەمىرلىرى ياكى ۋىلايەت ۋالىيلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى شەھەر ـ ئاۋادانلاردا ھاكىملار ئىش باشقۇراتتى. بۇ شەھەرلەرنىڭ ئاستىدا يېزا ـ قىشلاق، كەنت ـ ئاۋۇللار بار ئىدى...

ئېپىسكوپ لاۋرېنتىينىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشماي تۇراتتى،

خان ئورنىدىن تۇرۇپ شاھىنشىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ پۈتۈن مەجلىس ئەھلىگە نەزەر سېلىپ، ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى. ئۇ مۇلايىم، سەمىمىي نەزىرى بىلەن قارىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆز نۇرى مۇشۇ تاپتا ئىككى خىل مەنىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى: ئۇنىڭ بۇ سەمىمىي مۇلايىم كۆرۈنگەن كۆز نۇرى ئىچىگە ھۆكۈمدارلارغا خاس رەھىمسىزلىك، ئىشەنمەسلىك يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ قوش مەنە بىر - بىرىگە زىت ئىدى. ئۇنىڭ چاقماقتەك يانغان بىر جۈپ كۆزى بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ دادىل، قەيسەرلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېخچە ئەمەلگە ئاشماي كېلىۋاتقان ئۈمىد، ئارزۇلىرىنى، قېلىپ قالغان بىئاراملىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئۇ دىققەت - نەزىرىنى ئاخىر كاتولىك ئېپىسكوپى لاۋرېنتىي ھەزرەتكە ئاغدۇردى:

— خەزىنە، كىرىم سەلتەنەت ئۈچۈن خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى قانغا ئوخشاش مۇھىمدۇر ! — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — بىراق، كىرىمنى بىر تەرەپتىن توپلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلىپ تۈگىتىش بىلەن خەزىنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، يامغۇر سۈيىنى چاڭقاپ تۇرغان باغقا قۇيماي، ئۆتۈپ بېرىپ تاغقا قۇيغان بۇلۇتنى سېخىي دېگىلى بولمايدۇ. ھۆرمەتلىك ھەزرىتىم، خۇددى سىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، مەملىكەتنىڭ خەزىنە كىرىمى دېھقانچىلىقنى، ھۈنەر - كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش، سودا - سېتىقنى گۈللەندۈرۈشكە سەرپ قىلىنىشى كېرەك. بۇ خۇددى دېھقان يەرگە ھالال مېھنەت تەرىنى تۆكۈپ، ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، يەرمۇ ئۇنىڭغا مول ھوسۇل بىلەن جاۋاب قايتۇرغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. بىراق، تازىيلار ئۆزلىرىنىڭ خەزىنە - كىرىمنى قانداق ئۇسۇل بىلەن كۆپەيتكەن؟ بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

— قۇللۇق، جانابىي خان ئالىيلىرى، — دەپ ھۆرمەت بىلەن

بىشىنى ئەگدى كاتولىك ئېپىسكوپى لاۋرېنتىي ھەزرەت، — تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھىجرىيە 41 ـ يىلى[1] قۇرۇلغان ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى خىلافەت دەۋرىدىكى ئەھۋالدىن كۆپ جەھەتلەردىن پەرقلىنەتتى. خىلافەت دەۋرىدە ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىر گەۋدە بولغاچقا، ئىسلام دىنى دەھرىي ھاكىمىيەتتىن ئۇستۇن تۇراتتى؛ ئۇمەييە سۇلالىسى مەزگىلىدە بولسا، گەرچە نامدا ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىر گەۋدە دېيىلگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە دەھرىي ھاكىمىيەت دىنىدىن ئۇستۇن تۇرغاچقا، خەلىپە ھاكىممۇتلەق بولدى. ئۇمەييە ئاقسۆڭەكلىرى ئۆزلىرىنى بويسۇندۇرۇلغان زېمىندىكى ئاھالە ۋە بايلىقنىڭ قانۇنلۇق ئىگىلىرى دەپ ھېسابلايتتى. شۇ چاغدىكى ئىراق ئۆلكىسىنىڭ ئەمىرى سەئىد بىن ئەرىس: «ئىراق قۇرەيشلەرنىڭ قورۇقى. بىز نېمىنى خالىساق، شۇنى ئالالايمىز !» دېگەنىكەن. مىسىر ئەمىرى ئامىر: «مىسىر بىزنىڭ ئاشلىق كانىمىز» دەپ ئېيتقانىكەن. خۇددى يۇقىرىدا جانابىي ساھىبقىران ئالىيلىرى ئېيتىپ ئۆتكەندەك، دۆلەت ئۇچۇن ئادەم بەدىنىدىكى قاندەك مۇھىم سانىلىدىغان خەزىنە كىرىمى دۆلەت دەرىخىنىڭ گۈل شىرنىلىرىنى قۇرتتەك شورايدىغان ئاشۇنداق مەخلۇقلارنىڭ نەزىرىدە سېغىپ ئىچىدىغان سېغىن كالىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ دىلى ئەل ـ ئۇلۇسقا بولغان ساداقەت، مۇھەببەت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئالتۇن ـ كۈمۈش دەردى بىلەن ئاغرىيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ تاۋار ـ تورقىدىن، قاچا ـ قومۇچلىرىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن بولغىنىغا ھەرگىز قانائەت قىلمايتتى. ئۇلارچە بولغاندا، ئۆتۈكلىرىنىڭ نالىمۇ ئالتۇندىن بولسا !...

بۇ چاغدا نىمسۇپا ئۇستىدە ئولتۇرۇشقان مەجلىس ئەھلىنىڭ ئارىسىدا ئارامسىزلىنىپ يۆتەلگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

① مىلادىيە 661 ـ يىلى.

www.uyghurkitap.com

ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت ئۆزىنىڭ تېمىدىن چەتنەت كەتكەنلىكىنى سەزدى ـ دە، دەرھال تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن كەچۈرۈم سورىدى:

ــ ساھىبقىران ئالىيلىرى، مەن نادانىنى ئەپۇ قىلغايلا!

خان ئۇنىڭغا داۋاملىق سۆزلەشكە ئىجازەت بەردى.

ــ ئابباسىيلار سۇلالىسى تازىيلار تارىخىدىكى ئىككىنچى سۇلالە ئىدى. بۇ سۇلالە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ــ دېدى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ تۇنجى قارار خەلىپە ئەبۇ ئاbباس① داۋالغۇپ بىر ئىزدا توختىمايۋاتقان ۋەزىيەتنى ئوڭشاش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتكەنلىكتىن، باج ئىسلاھاتىنى يۈرگۈزۈشكە قادىر بولالمىدى. بىراق، ئىككىنچى قارار خەلىپە مەنسۇر② ئاساسلىق دىققەت ـ ئېتىبارىنى دۆلەت مالىيەسىگە، ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىشقا ۋە يەر بېجىنى ئىسلاھ قىلىشقا قاراتتى. ئۇ دۆلەت مالىيەسىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئوردىدا غەللە ـ پاراق جۇجۇقى بىلەن يەر بېجى جۇجۇقى تەسىس قىلىپ، دۆلەتنىڭ باج ـ سېلىق ئىشلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى. خەلىپە مەنسۇر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىلگىرىكىدەك تېرىلغۇ يەر كۆلىمىگە قاراپ ئېلىنىدىغان باجنى تېرىلغۇ يەردىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئېلىنىدىغان باجغا ئۆزگەرتتى. خەلىپە مەنسۇرنىڭ نەۋرىسى، ئاbباسىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خەلىپىسى ھارۇن رەشىد③ زامانىسىدا ياشىغان قازى ـ قۇززات ئەبۇ يۇسۇپ «يەر بېجى» دەپ بىر كىتاب

---

① ئەبۇ ئاbباس (مىلادىيە 702 ــ 754) ــ ئەرەب ئاbباسىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى (مىلادىيە 750 ــ 754 ــ يىللىرى تەختتە) بولغان.

② مەنسۇر (مىلادىيە 707 ــ 775) ــ ئەبۇ جەئفار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاbباسىيلارنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خەلىپىسى (مىلادىيە 754 ــ 775 ـ يىللىرى تەختتە) بولغان.

③ ھارۇن رەشىد (مىلادىيە 766 ــ 809) ــ ئاbباسىيلار سۇلالىسىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد خەلىپىسى (786 ــ 809 ـ يىللىرى تەختتە) بولغان.

يېزىپ، شۇ زاماندىكى باج ـ سېلىق ئۈستىدە مەخسۇس توختالغانىدى. بۇ كىتابتا: «تۈزلەڭدىكى ئۆلكە يەرلەردىن ئىككىدىن بىر، باشقا ئۆلكە يەرلەردىن ئۈچتىن بىر باج ئېلىنىدۇ»، «سۇغىرىلىدىغان يەرلەردىن تۆتتىن بىر باج ئېلىنىدۇ. تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەردىن بەشتىن بىر باج ئېلىنىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتابقا شۇ چاغلاردا مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئون بىر تۈرلۈك باج ـ سېلىقنىڭ نامى ۋە ئېلىنىدىغان باج مىقدارى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن.

— بۇ ئون بىر تۈرلۈك باج نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؟

— بۇ ئون بىر تۈرلۈك باج: «ئۆشرە» «زاكات»، «جىزىيە»، «يەر بېجى»، «مەھسۇلات بېجى»، «نەقلىيات بېجى»، «تامغا بېجى»، «قۇيمىچىلىق بېجى»، «ھۈنەرۋەنچىلىك بېجى»، «تىجارەت بېجى» ۋە باشقا باجلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ باجلارنىڭ ئارىسىدا يەر بېجىدىن دۆلەت مالىيەسىگە كىرىدىغان كىرىم قالغان باجلاردىن كىرىدىغان مالىيە كىرىمىنىڭ ئىچىدە سالماقلىق ئورۇندا تۇراتتى. ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خەلىپىلىرى كۆپ ساندىكى مەبلەغنى مەملىكەتنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلغاچقا، تازىيلارنىڭ ۋەتىنىدىكى قۇملۇق، چۆل ـ جەزىرىلەردىن تاكى شىمالدىكى كۇردىستانغا قەدەر بولغان كەڭ جايلاردىكى يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ تېرىلغۇ يەرلىرىگە ئايلاندۇرۇلغانىدى. خەلىپە ھارۇن رەشىد زامانىسىدا يېزا ئىگىلىكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغانلىقتىن، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھۈنەر ـ كەسىپ، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى ئىنتايىن يۈكسەلگەن ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولغانىدى. بۇ تازىيلار تارىخىدىكى «ھارۇن رەشىد زامانى» دەپ ئاتالغان گۈللەنگەن دەۋرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى

مۇھىم بىر سەۋەب، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن «مەئمۇن[1] دەۋرى» مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغانىدى[2].

بۇ چاغدا مۆھۈردار يەللىغ تايشى خاندىن سۆزلەشكە ئىجازەت سوراپ قولىنى كۆتۈردى:

ــ خان ئالىيلىرى، ئۇيغۇرلاردىمۇ قەدىمدىن تارتىپ يۇرتدارچىلىقتا تالىق بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك چارە ـ تۈزۈملەر يولغا قويۇلۇپ كەلگەن. بۇ تۈزۈم ــ ۋەزىپە ئېنىق، قورۇلمىسى پۇختا، ئىنچىكە ئىش تەقسىماتىغا ئىگە مۇكەممەل بولغان بىر خىل يۇرتدارچىلىق تۈزۈمى بولۇپ، تازىيلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. شۇڭا، ئەئيانلىرى مەملىكەتنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىش، ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتدارچىلىق تۈزۈملىرىدىن داۋاملىق پايدىلىنىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ــ ھۆرمەتلىك مۆھۈردار، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتدارچىلىق تۈزۈملىرى دېگەندە، سىز نېمىنى كۆزدە تۇتىسىز؟ بۇنى تېخىمۇ ئېنىق سۆزلەپ بەرسىڭىز؟ ــ دېدى خان ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ.

ــ ئىزىن بەردىڭىز، جانابىي خان ئالىيلىرى، ــ دېدى يەللىغ تايشى خانغا قوللۇق بىلدۈرۈپ، ــ ئۇيغۇرلار جايلارنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويغان. يەنى، مەملىكەتنىڭ ۋىلايەت ـ ئۆلكىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك جايلارغا ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنى تەيىنلەپ باشقۇرغان. مەسىلەن، دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى، باغۋەنچىلىك، سۇ ئىشلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك

---

[1] مەئمۇن (مىلادىيە 786 ــ 833) ــ ئەرەب ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد خەلىپىسى (مىلادىيە 813 ــ 833 ـ يىللىرى تەختتە) بولغان.

[2] يۇقىرىقى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، مۇھەممەد ناجۇك تۈزگەن، ئابابەكرى ئابلەت، خۇدا بەردى مۇھەممەدلەر تەرجىمە قىلغان «ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابقا قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.



www.uyghurkitap.com

غەللە ـ پاراقلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگلەر ئىچىدە:

خەزىنىچى بەگ: يەر ـ زېمىن، غەللە ـ پاراق ئېلىشقا ياكى غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى؛

مۆتىۋەللى بەگ: يەر ـ زېمىن، باغ ـ ئۆي، مۇلۇكلەر سودىسىنى ۋە گۆرۇگە ـ رەنىگە قويۇش ئۆلچەملىرىنى باشقۇرۇش، بۇ توغرىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باج ئېلىشقا مەسئۇل ئىدى؛

ئەرباب بەگ: ئالۋان ـ ياساق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنى ئورۇنلاشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل ئىدى؛

باغۋەن بەگ: مېۋىلىك باغلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى؛

دوپېبېگى: مىڭ تۇتۇن دېھقاندىن غەللە ـ پاراق ئېلىشقا مەسئۇل ئىدى؛

يۇزبېگى: يۈز تۇتۇن دېھقاندىن غەللە ـ پاراق ئېلىشقا مەسئۇل ئىدى؛

مىراب بەگ: سۇ ئىنشائاتى، سۇغىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

ھەر خىل قول ھۈنەرۋەن، كاسىپلارنى ۋە ھەربىي ھازىرلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگلەر ئىچىدە:

نېقىب بەگ: ئۇستىكارلارنى ئىشقا سېلىپ لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ياسىتىش قاتارلىق ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى؛

قارا دىۋانبېگى: جام ـ رابات، لەڭگەرلەرنى قۇرۇش، قورال ـ ياراغلارنى ياساش ۋە رېمونت قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى؛

جەب بېگى: قالقان ـ ياراغلارنى ياسىتىشقا مەسئۇل ئىدى؛

قاش بېگى: قاشتاش قېزىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى؛

كاتىۋال بەگ: بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى.

تىجارەت ۋە تىجارەت بېجىنى باشقۇرىدىغان بەگلەر ئىچىدە:

كېپەك ــ ياراغ بېگى: سودا ــ تىجارەت ۋە ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى؛

ياقا بەگ: باج ۋە باھا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى؛

بازار بېگى: بازار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى.

ئەدلىيە ۋە ئامانلىقنى ساقلاشقا مەسئۇل بەگلەر ئىچىدە:

قازى بەگ: بارلىق دەۋا ئىشلىرىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى.

سىپاھ قازى بەگ: لەشكەر ۋە باشقىلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى.

لايا قازى بەگ: يۇقرالارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى؛

پاششاپ بېگى: پاسقۇنچى، ئوغرىلارنى تەكشۈرۈش، تۇتۇش ۋە قاماش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى؛

سەدىر بەگ: كوچا، ئورمانلىق، باغىبارانلارنى چارلاشقا مەسئۇل ئىدى.

ھەربىي ئىشلار، خەۋەر ــ ئالاقە ۋە قاتناش ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگلەر ئىچىدە:

دىۋانبېگى: جايلارنىڭ خەت ــ ئالاقە، ئارخىپ، ئەمەلدارلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى؛

مىڭبېگى: جايلارنى بۆلۈپ باشقۇرىدىغان كىچىك باشلىق ئىدى؛

ئىشخانا بېگى: جايلاردىكى جام ــ رابات، لەڭگەرلەرنى ۋە ئۇنى تەمىنلەشنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى؛

سەدىر بەگ: يول ياساشقا مەسئۇل ئىدى.

دىن، مائارىپ ــ ئاقارتىش ئىشلىرىنى باشقۇرغان بەگلەر ئىچىدە:

مۆھتەسىپ بەگ: دىنىي كىتاب، دەستۇرلارنى باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا مەسئۇل ئىدى؛

زەپتى مەكتەپ بېگى: مەدرىسە، مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، مىس، تۆمۈر كانلىرىنى ئېچىپ، مېتال تاۋلاش يولغا قويۇلغانلىقتىن، مىس، تۆمۈر كانلىرى بار جايلاردا رۇدا قېزىش، مېتال تاۋلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان «مىس بەگ»لەرمۇ بار ئىدى.

بۇ بەگلەر ۋىلايەت ـ ئايماقلارغا قاراشلىق يېزا ـ كەنتلەر، ئاۋۇل ـ قىشلاقلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنى بىرتۇتاش ئىدارە قىلاتتى.

تۇيۇقسىز «جاڭ ! جاڭ ! ...» قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇدا بەش قېتىم ئۇرۇلغان جەزنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى خۇددى كۈمۈش قوڭغۇراقنىڭ ساداسىدەك قۇببىلىك سارايىنىڭ ئىچىنى قاپلىغان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى. ھەممەيلەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى. بۇ ئاۋاز تۇغلۇق تۆمۈرخان ئولتۇرغان ئالتۇن تەختىنىڭ يېنىدىكى مەخسۇس جايغا قويۇلغان يوغان پەرەڭ سائىتىدىن چىقىۋاتاتتى. سائەتنىڭ كىچىك تىلى بۇ چاغدا «بەش» رەقىمىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. سارايىنىڭ ئىچىنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن چىراغلارنىڭ نۇرىدا ئالتۇندەك سېرىق تۈچتىن ياسالغان سائەت قېپى پارقىراپ تۇراتتى. ھەر قېتىم سائەت توشقاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە ئوبراز قولىدىكى مېتال بولقا بىلەن سائەتنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلغان جەزنى ئۇرۇپ، ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بىراق، قۇببىلىك سارايدا تۈنۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇ ئوردا كېڭىشىدە مەجلىس ئەھلىنىڭ دىققىتى ئوتتۇرىدا بولۇنۇۋاتقان سۆھبەتكە مايىل بولۇپ كەتكەچكە، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىماي قالغانىدى. شۇڭا، تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ، كېڭەش ئەھلىمۇ مەجلىس بىلەن بولۇپ كېتىپ، كۈننىڭ قانداق كەچ بولغانلىقىنى ۋە تاڭنىڭ قانداق سۈزۈلگەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى. ئاسماندىكى چولپان يۇلتۇز تېخى تارقىمىغان، يەنىلا چاقناپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما

ئۇپۇق سىزىقىدا غۇۋا سۇبھى كۆتۈرۈلگەن، تۇنجى كۆپكۆك تاڭ جىلۋىسى ئىچىدە زېمىن بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتكەندى. يۇلتۇزلۇق سەھەر ئاسمىنى بارغانسېرى ئېگىزلەپ، زېمىننى قاپلىغان ئالتۇن كۆزدىكى مول ھوسۇل پۇرىقى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كەتكەندى.

— ئۆمۈر سائىتى پەلەك چاقىدەك تېز ئايلانماقتا، — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۇلۇغلار: «دانىشمەنلەر بىلەن بىر سائەت ھەمسۆھبەتتە بولماق يالغۇز قىلىنغان بىر يىللىق تائەت - ئىبادەتتىن ئارتۇقراق تۇرىدۇ!» دەپ ئېيتقانىكەن. بىز ھۆرمەتلىك ئېپىسكوپ ھەزرەتلىرى بىلەن جانابىي مۆھتەرەملىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىمىز خۇددى سۇبھى ئاسمىنىدەك روشەنلىشىپ، تېخىمۇ ئۇلۇغۋار يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. كىمنىڭ ئەقىل كۆزى تەۋپىق سۈرمىسىدىن روشەنلىك تاپالىسا ۋە مەنىلەر نۇرىنىڭ شولىسى ئۇنىڭ روشەن قەلبىدىكى ماھىيەتنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتە ئەكس ئەتسە، شۇ كىشى ئۆزى دۇچ كەلگەن ھەربىر قىيىن ئىشتا ۋە مەيدانغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان ھەم ئېتىبارغا ئىگە ھەرقانداق مۇھىم بىر ئىشتا ھامىيلىق ئىزدىگۈچى قولى بىلەن تەۋەككۇلنىڭ مۇستەھكەم ئارقىنىغا چىڭ ئېسىلىدۇ؛ قولىدىكى شىجائەت تۇغىنى «قۇرئان كەرىم»دىكى: «مەن ئىشىمنى ئاللاغا تاپشۇرىمەن»① دېگەن ئايەتنىڭ مەدەتكارلىقىدا ئېگىز كۆتۈرىدۇ. دېمەك، بىز مۆھتەرەم دۆلەتخاھلارنىڭ يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ كۆڭۈل تارازىسىغا قويۇپ دەڭسەپ بېقىشنى خالايمىز. سىزلەرگە ئوخشاش زاتى ئالىيلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن ھاسىل بولغان چارە نەقىشلىرىنى سەلتەنەتىمىزنىڭ تەدبىر لەۋھەسىگە يېزىپ چىقمىغۇچە كۆڭلىمىز ھەرگىز تىنىم تاپمايدۇ! بىز پەرمان بېرىمىزكى، جانابىي ئەمىر كېبىر

① «قۇرئان كەرىم»: سۈرە غافىر، 44 - ئايەت. بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)، 473 - بەت.

تاشتۆمۈر باھادىر، جانابىي مۆھۈردار يەللىغ تايشى، جانابىي شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ۋە مۆھتەرەم ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت قاتارلىق ئەئيانلاردىن يارلىق تەييارلاش ھەيئىتى تەسىس قىلىنغاي. ئۇلار دەرھال بۇ كېڭەشتە مۇھاكىمە قىلىنغان تۇرلۇك مەسىلىلەرنى رەتلەپ چىقىپ شاھانە يارلىق تەييارلىغاي ۋە بىزنىڭ نامىمىزدىن پۇتۇن مەملىكەتكە ئېلان قىلغاي! ئەمدى ھەممىڭلارغا ئىجازەت!

رەئىيەت گۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى ۋە: «ساھىبقىران جانابىي خان ئالىيلىرىنىڭ دۆلىتىگە ئاللا تەۋپىقۇئادالەت بەرسۇن!» دەپ ئالقىش ياڭراتتى. ئەمىر ـ ئۆمەرا، بەگ ـ بىگاتلارنىڭ ئالقىش ساداسى ئىچىدە چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان قۇببىلىك سارايدىن چىقتى.

بۇ چاغدا تاڭ قاراڭغۇسى ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوردا مەسچىتىنىڭ پەشتىقىدا مەزىن بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىۋاتقانىدى. كېڭەشكە قاتنىشىپ چارچاشقان مەجلىس ئەھلىمۇ خانغا ئەگىشىپ قۇببىلىك سارايدىن چىقىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

بىرىنچى باب

# پىتنە ۋە سۇلھى

«ئىشنى ئالتۇن بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن بولسا، جاننى خەتەرگە قويۇش توغرا ئەمەس.»
— شەيخ سەئدى

مىلادىيە 1359 ـ يىلى ئەتىياز.

ھەمەل ئېيى ( 3 ـ ئاي)نىڭ باشلىرى. چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ ئۇچ تۇمەن كىشىلىك چوڭ قوشۇنى ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىر ۋە نازىربەگ، ماۋەرائۇننەھر نائىبى تۆمۈر مەلىكلەرنىڭ قوماندانلىقىدا ئالمالىقتىن چىقىپ ئۇچ يولغا بۆلۈندى ـ دە، جەنۇبقا — ماۋەرائۇننەھرگە قاراپ ئاتلاندى.

قۇياس ۋادىسىدا ئەتىياز پەسلى يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما سوغۇق يەنىلا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقانىدى. ئەمما، جەنۇبقا قاراپ ماڭغانسېرى ھاۋا ـ جاھان ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى. ئاسماندا پارچە ـ پارچە بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرۈشەتتى. ھېلىدىن ـ ھېلى باھار يامغۇرى شارقىراپ يېغىپ قىزىلقۇم چۆلىنى ھۆل قىلسا، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بۇلۇتلار ئارىسىدىن پارقىراپ كۈن كۆرۈنۈپ قالاتتى. ھەتتا بەزىدە پارقىراپ كۈن چىقىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا باھار يامغۇرى شارىلداپ قۇيۇۋېتەتتى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن پارقىراپ كۆرۈنگەن كۈننىڭ قىزىق ھارارىتىدىن قىزىلقۇم چۆلىنىڭ شامىلى بىلەن كۆچۈپ يۈرىدىغان كۆچمە قۇم دۆڭلىرىنىڭ قىزغۇچ رەڭگى باھارنىڭ نەملىشىپ ئېغىرلاشقان

ھاۋاسى بىلەن توختىماي كەينى ـ كەينىدىن ياغقان يامغۇرنىڭ دەستىدە قارامتۇل بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇ قارامتۇل يەرلەردە پارچە ـ پارچە چىمەنلىكلەر پەيدا بولغانىدى. باھار يامغۇرىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ يېڭىدىن كۆكىرىپ چىققان يېشىل مايسىلارنىڭ ئارىسىدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتىشكەن ئاق، سېرىق ۋە قىزىل لەيلىقازاقلار زېرىكىشلىك چۆل سەھراغا ئۆزگىچە بىر گۈزەل مەنزىرە ئاتا قىلغانىدى.

قىزىلقۇم چۆلىدە ئۈچ تارامغا بۆلۈنۈپ يىلان باغرى يولدا كېتىۋاتقان، يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەن بۇ ئۈچ قوشۇننىڭ ھەربىرىدە بىر تۈمەندىن لەشكەر بار بولۇپ، ئوتتۇرا تارامدا كېتىۋاتقان ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ تۇرغاۋۇتلار تۈمەنى باشقا ئوڭ ۋە سول تارامدىكى ئىككى قوشۇندىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر ئۆزىنىڭ چوڭ قوشۇن بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، مۇشۇ ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى تۇرغاۋۇتلار تۈمەنىنى ئۆزىگە بارگاھ قوشۇن قىلىپ تاللىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قايسى تارامدىكى قوشۇن بىلەن كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا باشقىلار خەۋەرسىز ئىدى.

قىزىلقۇم چۆلىنىڭ ياز كۈنىدىكى زەھەردەك تېگىدىغان ئاپتاپلىق ئىسسىقىنىڭ چوڭ قوشۇننىڭ يۈرۈشىگە ئېغىر توسالغۇ بولىدىغانلىقى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئايان بولغانلىقتىن، چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىرغا بۇ يىل ئەتىياز كىرىشىگىلا، دەرھال جەنۇبتىكى ماۋەرائۇننەھرگە لەشكەر تارتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. شۇڭا، بارگاھ قوشۇن بولغان تۇرغاۋۇتلار تۈمەنى ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىر ۋە نازىربەگ، ماۋەرائۇننەھر نائىبى تۆمۈر مەلىكلەرنىڭ باشچىلىقىدا، بىر ئايغا يېقىن كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق سەۋر ئېيىنىڭ باشلىرىدا سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى خوجەند قەسەبىسىنىڭ چاقبۇلاق دېگەن يېرىگە

يېتىپ كەلدى، ئاندىن خاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن قالغان ئىككى تارامدىكى چاغاتاي قوشۇنلىرىنى كۈتۈپ، بۇ يەردە قوش تىكتى.


خوجەند قەسەبىسى ئەنجاندىن يىگىرمە بەش ياغاچ① غەربكە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي تەرەپتىكى سەمەرقەنت شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىمۇ يىگىرمە بەش ياغاچ كېلەتتى.

چاغاتاي لەشكەرلىرى ئۆزلىرىگە ئوت - چۆپلىرى مول، دەل - دەرەخلىرى قويۇق ئۆسكەن كەڭ چاقبۇلاق توقايلىقىنى تاللاپ چۈشكۈن قىلىشقانىدى. بۇ توقايلىقتا قاراپ كېلىۋاتقان لەشكەرنىڭ باش - ئايىغىنىڭ نەدە تۈگەيدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. نەچچە مىڭ ئورۇنغا يېقىلغان گۈلخاننىڭ يورۇقىدا كېچە پەردىسى ئىچىگە يوشۇرۇنغان چاقبۇلاق توقايلىقى خۇددى كۆيۈۋاتقاندەك بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئوت يورۇقىدا قىمىرلىشىپ يۈرۈشكەن ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى سىر دەريا ياقىسىنى بىر ئالغانىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ بىرسى ئوت ياقسا، بىرسى ئاش پىشۇرۇشاتتى. تۆگىلەر توختىغانلا يېرىدە بوزلاپ تۇرۇپ يەرگە چۆكەتتى. ئۇزۇن يول مېڭىپ ناھايىتى چارچاپ كېتىشكەن بۇ ئادەملەر پورۇقلاپ قايناۋاتقان يوغان قازاندىن كېلىۋاتقان مەززىلىك شويلا پۇرىقىنى مەززە قىلىپ پۇراپ يېتىشاتتى...

چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر خوجەندكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماۋەرائۇننەھرىدىكى كەرەيت، ئەرگىنەنۇن، قاڭلى، جالايىر، بارلاس ۋە سۇلدۇز قاتارلىق ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئەمىرلىرىگە: «بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە دەرھال ئۆز قوشۇنۇڭلارنى باشلاپ خوجەندتىكى بارگاھىمغا كېلىپ ماڭا كۆرۈنۈش قىلغايسىلەر!» دەپ ئىجراسى قاتتىق، سۈرۈكى چىڭ بولغان پەرمان چۈشۈردى.

---

① ياغاچ — قەدىمكى زاماندىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بىر ياغاچ تەخمىنەن ئون ئىككى كىلومېتىرغا تەڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خوجەند قەسەبەسى ماۋەرائۇننەھرگە كىرىدىغان ئاچا يول ئاغزىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر ئارقىلىق ھەم شىمالدىكى سۇلدۇزلارنىڭ زېمىنى بولغان سەمەرقەنتكىمۇ، ھەم جەنۇبتىكى بارلاسلارنىڭ سۇيۇرغالى بولغان كېش، قارشى ۋىلايەتلىرىگىمۇ ئۆتكىلى بولاتتى. شۇڭا، بۇ يەر قەدىمدىن تارتىپ لەشكەركەشلىكتە ئورۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپ جەزمەن تالىشىدىغان مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ كېلىۋاتقانىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خوجەند قەسەبىسىنى ئۆزىگە بارگاھ قىلىپ تاللىشىدىكى غەرىزى شىمالدىكى سەمەرقەنتنى بېسىپ ياتقان سۇلدۇز قوۋمىدىكى ئەمىرلەرگىمۇ ۋە جەنۇبتىكى كېش، قارشى شەھەرلىرىنى بېسىپ ياتقان بارلاس قوۋمىدىكى ئەمىرلەرگىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئىدى. خاننىڭ پەرمانى بويىچە ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ بەلگىلەنگەن سۇرۇك ئىچىدە خوجەندكە يېتىپ كېلىپ تۇغلۇق تۆمۈرخانغا كۆرۈنۈش قىلىش — بويسۇنۇش، تىنچلىقتىن دېرەك بېرەتتى؛ خاننىڭ پەرمانىغا بويسۇنماي بەلگىلەنگەن سۇرۇك ئىچىدە خوجەندكە يېتىپ كەلمەسلىك — ئىسيان ۋە قانلىق ئۇرۇشتىن دېرەك بېرەتتى. دېمەك، چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر ئۇلارغا: «چاغاتاي سەلتەنەتىنى ھىمايە قىلىپ، ماڭا بويسۇنىدىغان بولساڭ، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىل. شۇنداق قىلساڭلا مېنىڭ بىلەن بىللە بەخت - سائادەتلىك ياشاپ، دەۋران سۇرەلەيسەن! ئەگەر ماڭا بويسۇنمايدىغان بولساڭ، مانا ھاساڭ، ئەنە تونۇڭ، ئال - دە، جۆنە، يۇرتنى بوشات!» دەپ ئاخىرقى پۇرسەتنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارلىقىغا قالدۇرۇپ قويغانىدى.

ئاخىر ماۋەرائۇننەھردىكى تۇركلەشكەن بۇ موڭغۇل ئەمىرلىرى پايدا - زىياننى دەڭسەپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق قارارغا كېلىشتى: «كەرەيت ئەھلىنىڭ ئۇلۇغى تۆمۈر چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ ئىلغار قوشۇنىغا باش بولسۇن، ئەرگىنەنۇن ئەھلىنىڭ ئۇلۇغى بولغان ھاجى بەگ،

www.uyghurkitap.com

قاڭلى ئەھلىنىڭ ئۇلۇغى بولغان تەكجىل قاتارلىق ئەمىرلەر قوشۇنلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئەكىلىپ، ئۇلۇغ تۆمۈرگە قوشۇلۇپ چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ ئىلغارى بولغاي...» كىيىن جالايىر قوۋمىنىڭ ئەمىرى بايەزىتمۇ ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ بۇ قوشۇنغا قېتىلدى. بۇ ئەمىرلەرنىڭ كېڭەش ئىتتىپاقى چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ قارارگاھى بولغان چاقبۇلاقتا قاراپ ئاتلىنىشقا تەييارلاندى...

«جېتەلەر ئېلى»① دەپ ئاتالغان موغۇلىستاننىڭ پادشاھى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆز بارگاھىنى خوجەند دەرياسى بويىدىكى چاقبۇلاقتا قۇرغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ شەھرىسەبزدە ئاتىسى ئەمىر تەرەغاي باھادىرنىڭ ئۆلۈمىگە ھازا تۇتۇۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلدى.

بۇ چاغدا شەھرىسەبز ئاھالىسى «جېتە قوشۇنلىرى» دەپ ئاتالغان چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ ئۈچ تۈمەن كىشىلىك بۇ زور قوشۇنىنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە دەبدەبە، ھەشەمەتلەر بىلەن يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ، ئۇرۇش ۋەھىمىسىگە چۈشۈپ قېلىشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمىر تەرەغاي باھادىرنىڭ ۋاقىتسىز قازا قىلىپ كېتىشى ئارقىسىدا، «تۇغلۇق تۆمۈرخان لەكمىڭ ـ لەكمىڭ جېتە قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىۋاتقانىمىش، جېتە قوشۇنلىرى بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە كېش بىلەن قارشى ۋىلايەتلىرىنى باسقۇن قىلغۇدەك. ئەمىر ھاجى بارلاس قورقۇپ، جەيھۇن دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى خۇراسانغا كەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇدەك !» دېگەن پىتنە ـ ئىغۋا تارقىلىپ يۈرمەكتە ئىدى. دەسلەپتە ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان

---

① جېتە ــ «جېتتە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ «يەتتە» دېگەن سۆز بولۇپ، «سالپا ـ ساياق»، «بۇلاڭچى»، «قاراقچى» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرەتتى. تارىختا ماۋەرائۇننەھرلىكلەر موغۇلىستان ئاھالىسىنى شۇنداق دەپ ئاتىغان. شۇڭا، تارىخچىلار «جېتەلەر ئېلى» دېگەن ئاتالغۇنى «موغۇلىستان» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن بىر مەنىدە قوللىنىپ كەلگەنىدى.

چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرگە مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنى ماۋەرائۇننەھرگە كېلىشكە چىللاتقۇزغان تاغىسى — بارلاس ئەمىرى ھاجى تەرەغاي ھالا بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەندە نېمىشقىدۇر ئۆتكەنكى لەۋزىدىن تېزلا يېنىۋالغاندى ۋە خەت ئەۋەتىپ، ئۇنى كېش، قارشى ۋىلايەتلىرىدىكى شەھرىسەبىز، نەخشەب قورغانلىرىنى بېكىتىشكە دەۋەت قىلغانىدى: «ئىلگىرى دەشتى قىپچاقلىقلار ماۋەرائۇننەھرگە باستۇرۇپ كىرگەندە» دەپ يازغانىدى ئەمىر ھاجى بارلاس ئۆز خېتىدە، «مەن سەيھۇن ياقىسىنى بېكىتكەنىدىم. نەتىجىدە قىپچاقلار يېقىنلىشىپ، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي، قايتىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ھېلىھەم باسقۇنچى جېتەلەر كەلسە، مەن جەيھۇن ياقىسىنى بېكىتەي، سىز شەھرىسەبىز ھەم نەخشەب قورغانلىرىغا كۈچلۈك ئادەملىرىڭىزنى قويۇڭ! مەن ئەمىر قازغىنغا سەمەرقەنتنى چىڭ بېكىتىش، ھېچبولمىغاندا ئۇ يەرنى جېتە قاراقچىلىرىغا ئۇرۇشسىز بەرمەسلىكىڭىز لازىم، دەپ خەت يازدىم. شۇنداق قىلغاندىلا، جېتەلەرمۇ خۇددى قىپچاقلاردەكلا ھېچ ئىش قىلالماستىن يېنىشقا مەجبۇر بولىدۇ!»

تاغىسى، ئەمىر ھاجى بارلاستىن كەلگەن بۇ خەت ئەمىر تۆمۈرنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى: «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قىپچاق تەپرىقىسىدىن دىلى زېدىلىنىپ يارا بولغان ماۋەرائۇننەھر خەلقى» دەپ ئويلايتتى ئۇ كۆڭلىدە، «چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ يۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ، ئازراق بولسىمۇ ئۈمىدلىنىپ دىلى يايرار، دەپ تۇرغاندا، ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ دۈشمەن قىپچاقلارغا قارشى تۇرۇش ئۈستىدە سۆزلىمەي، چاغاتاي قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئە قىلىش يۈزىسىدىن يەرلەرنى بېكىتىش ئۈستىدە توختالغىنى خەلققە ئۈمىد بېغىشلىماستىن، بەلكى ئۇلار ئارىسىدا جېتە قوشۇنلىرى ھەققىدىكى ۋەھىمىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتمەسمۇ؟...»

تەۋاچى ئەمىر ھاجى تەرەغاي بارلاسنىڭ بۇ خېتىنى ئەكىلىپ

تاپشۇرغاندا، ئۇ ئاھاكىلىقتىكى باغ ھويلىسىدا ئاتىسى ئەمىر تەرەغاي باھادىرنىڭ ئۆلۈمىگە قارىلىق تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. باغدىكى ياشناپ تۇرغان مېۋىلىك دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار ۋە شاخلىرى كۆلدىكى سۈزۈك سۇغا ساڭگىلىشىپ تۇرغان چوكانتاللارمۇ ئۇنىڭغا خۇددى ئاتىسى ئەمىر تەرەغاي باھادىرنىڭ ئۆلۈمىگە مۇڭلىنىپ، ئۆز قايغۇلىرىنى بىلدۈرۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مانا بۇ باغنى، بۇ باغدىكى مېۋىلىك ـ مېۋىسىز دەل ـ دەرەخلەرنى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ رەھمەتلىك ئاتىسى ئۆز قولى بىلەن تىكىپ كۆكەرتكەن، بىنا قىلغانىدى. بۇ يىل ياخشى كەلگەنلىكتىن، باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى شېخىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە مول بولغانىدى. يەنە بىر ـ ئىككى ئاي ئۆتسە، ئۇلار پىشىپ تۆكمە بولۇشقا باشلايتتى. بىراق، بۇ مېۋىلەرنى تېتىيدىغان ۋە ئۇنى بىنا قىلغان ئادەمنى بولسا قارا يەر ئاللىقاچان قوينىغا ئالغانىدى...

ئەمىر تەرەغاي باھادىر قازا قىلغاندىن كېيىن، ئىنىسى ئەمىر ھاجى بارلاس ئۇلۇسى ئىچىدە ئىمتىياز ۋە مەرتىۋە جەھەتتە ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىنىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ھوقۇقلۇق بەگلەرنىڭ بىرسىگە ئايلاندى. گەرچە ئۆز لايىقىدا تۆھپە ـ خىزمەت كۆرسىتىش ياكى ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمىسىمۇ، ئەمما ھىيلە ـ مىكىر، خىلمۇخىل ناشايان ئىشلار ۋە تۈرلۈك يامانلىقلار ئۇنىڭ قولىدىن كېلەتتى...

ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىن ياش ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ بايغۇن خاتۇن ئىسىملىك بىر چىرايلىق توقلىغا ئۇزاقتىن بېرى كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرەتتى. ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئاشۇ بايغۇن خاتۇننى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ ئالماقچى بولدى. بىراق، بايغۇن خاتۇن: «ھېچقانداق ئۇلۇس ـ مىللەتتە ياكى دىن ـ مەزھەپتە ئانىنى ئوغۇل ئېلىش دۇرۇس ئەمەس. مەن گەرچە ئاتاڭنىڭ

كىچىك خوتۇنى بولسامۇ، يەنىلا ساڭا ئانا ھېسابلىنىمەن !» دەپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

ئەمىر قازغىن نائىلاج ئۆزىنىڭ خىيالىنى ئەمىر ھاجى بارلاسقا ئېيتىۋىدى، ئۇ: «بۇنىڭ چارىسى ئاسان» دەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمام ھاپىزىدىن بۇخارىي ئىسىملىك بىر موللىسىنى تېپىپ: «كىشىنىڭ ئاتىسى ئۆلسە، ئۇنىڭدىن قالغان مال ـ مۈلۈككە ئوغلى ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلسا بولامدۇ؟ شەرىئەتتە بۇنىڭغا قانداق يول بار؟» دەپ سوراپ، ئۇنىڭدىن پەتىۋا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھېلىقى ھاپىزىدىن بۇخارىي دېگەن موللىمۇ نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ باقماستىنلا «مىراس — ۋارىسنىڭ ھەققىدۇر» دەپ پەتىۋا يېزىپ بەردى. ئەمىر ھاجى بارلاس بۇ پەتىۋانى ئەمىر قازغىنغا ئەكېلىپ كۆرسىتىۋىدى، ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشتى ۋە دەرھال مۇسۇلمانلارنىڭ موللىسى يېزىپ بەرگەن ھېلىقى پەتىۋانى بايغۇن خاتۇنغا كۆرسەتتى. ئەمما، بايغۇن خاتۇن:

— مەجۇسىيلارمۇ ئاتا ـ ئانىنى خۇددى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇغان تەڭرىسىدەكلا چوڭ ۋە مۇقەددەس بىلىدۇ. مەن ساڭا ئانا، سەن مېنى خوتۇن قىلىپ ئالساڭ، كۆكتەڭرىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ ! — دەپ بۇ پەتىۋانى يىرتىپ تاشلىدى، ئاندىن ھېلىقى پەتىۋاچىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ مەزھىپىڭدە ئوغلى ئانىسىنى خوتۇن قىلىپ ئالىدىغان ئادەت بارمۇ؟ بىزغۇ مەجۇسىي. ئەجەبا سەن مۇسۇلمان تۇرۇپمۇ ئىككى تەڭگە پۇلنى دەپ ئاخىرەتتىن ۋاز كەچتىڭمۇ؟ — دەپ كۆپ ئىزا ـ ئاھانەتلەرنى قىلدى.

بايغۇن خاتۇننىڭ ئىزا ـ ئاھانىتىگە چىدىمىغان ئىمام ھاپىزىدىن بۇخارىي ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سەن قىزىل كۆز كاززاپ، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، يالغان سۆزلەپ، مېنىڭدىن پەتىۋا ئاپسەن ! — دەپ قاتتىق سوقۇشتى.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھېلىقى موللا ھەققىدە يەتتە ئىقلىمغا: «موللا پەتىۋا قىلىۇر راستى يوق، يالغان بىلەن، ئاللا راۋا كۆرەرمۇ ئانىنى ئوغلى ئالغان بىلەن؟ !» دېگەن سۆز پۈر كەتتى. مۇشۇ ئىش ۋەجىدىن پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر ئىقلىمىدا چوڭ روھانىي ھېسابلىنىدىغان ئىمام ھاپىزىدىن بۇخارىينىڭ ئابرۇيى بىراقلا تۆكۈلدى.

دېمەك، ئەمىر ھاجى بارلاس ئەنە شۇنداق نەزەر دائىرىسى تولىمۇ تار، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، زىبدى پەس، ھەسەتخور، ئىچىدە توڭگۈز قۇترايدىغان، نىيىتى يامان، قىزىل كۆز، ئەخلاقسىز، كاززاپ ئادەم ئىدى. گەرچە ئۇ ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئاتا يوللۇق تاغىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئىستىبداتىغا تايىنىپ ئەمىر قازغىنىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئەتىۋارى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقان بۇ جىيەنىگىمۇ كۆڭلى قارىلىق قىلاتتى !...

ئەمىر تۆمۈر تاغىسىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئويلاپ كۆردى. لېكىن، ئەل ھاكىمسىز قالسا خانىۋەيران بولىدىغىنى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئەل ـ ئۇلۇس ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى ـ دە، تاغىسىنى: «سىز خۇراسان تەرەپكە بارماقچى بولۇۋېتىپسىز، بۇ ئىختىيارىڭىز، لېكىن مەن ۋىلايەتنىڭ خاراب بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇغان تەڭرىنىڭ تاپشۇرغان ئامانىتى بولغان خەلقنى قىيىنچىلىق ۋە ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىچىگە تاشلاپ قويمايمەن ! بىر ۋىلايەتكە ئىككى پادىشاھ ۋە بىر لەشكەرگە ئىككى سەردار بولۇشى ئەلنى تەپرىقە ۋە ۋەيرانلىققا ئېلىپ بارىدۇ، پىتنە ۋە پەرىشانلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ. چۈنكى، ئون دەرۋىش بىر پالاسقا سىغىدۇ، لېكىن، ئىككى پادىشاھ بىر ئىقلىمغا سىغمايدۇ؛ تەقۋادار كىشى بىر ناننىڭ يېرىمىنى ئۆزى يېسە، قالغان يېرىمىنى نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىدۇ. بىراق، بىر ئىقلىمنى ئىگىلىگەن پادىشاھ باشقىلىرىنىمۇ ئىگىلىسەم دەيدۇ ! شۇ سەۋەبتىن ئەلدە يىغا ـ ئۇرۇش، جەڭگى ـ جېدەل تىنچىمايدۇ !

خەلقنىڭ بېشىدىن ۋەھىمە، پەرىشانلىق ئۆكسۈمەيدۇ! شۇڭا، مەن شەھرىسەبزگە دەرھال قايتىپ خالايىقنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن خانىنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، جانابىي ساھىبقىران ئالىيلىرى بىلەن مۇلاقاتتا بولۇشۇم، ئەمىر ـ ئۇمەرلار ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشۈشۈم توغرا كۆرۈنىدۇ. شۇڭا، بۇ توغرۇلۇق سىز بىلەن يۈزتۇرا تۇرۇپ سۆزلەشمىكىم زۆرۈر...» دەپ تەۋاچىدىن جاۋاب خەت يېزىپ ماڭدۇردى. ئاندىن ھازىدارلىق كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئەمىرلىك كىيىمىنى كىيىپ، دەرھال شەھرىسەبزگە تاغىسى ئەمىر ھاجى بارلاس بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى...

شەھرىسەبز خەلقى «موغۇلىستاندىن ھەددى ـ ھېسابسىز جېتە قوشۇنلىرى كېلىۋېتىپتىمىش» دەپ ئاڭلىغانىدى. دېگەندەك چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر موغۇلىستاننىڭ پايتەختى ئالمالىقتىن ئۈچ تۈمەن قوشۇننى باشلاپ خوجەندكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن چاقبۇلاقتا بارگاھ قۇردى. كېيىنكى قەدەمدە ئۇنىڭ كېيىش، قارشى تەرەپلىرىگە لەشكەر تارتىپ كېلىشكە تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر شەھرىسەبزگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەمىر ھاجى بارلاس ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى:

— ئەي، ئوغلۇم، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىۋاتقان ئەمىر تۆمۈرنى كۆرۈپلا، — تۇغلۇق تۆمۈرخان باشلاپ كېلىۋاتقان جېتە قوشۇنلىرى ھازىر خوجەندنى ئىگىلەپ بارگاھ قۇرغانىمىش. ئەمىر بايان سۇلدۇز ئۇرۇش قىلا ـ قىلمايلا، ئۆز قوۋمىنى باشلاپ دەشتى قىپچاق تەرەپكە قېچىپ كېتىپتىمىش. باشقا ئەمىر ـ بەگلەرنىڭمۇ تولىسى ئۆزىنىڭ قەبىلە ـ ئايماقلىرى بىلەن ھەر تەرەپكە تارىلىپ كېتىپتىمىش. بىزمۇ قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمىزنى ئېلىپ خۇراسان تەرەپكە كېتەيلى! تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ باسقۇنچى قوشۇنلىرى ئەتە ياكى

ئۆگۈن بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ! ــ دەپ ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە خۇراسان تەرەپكە كېتىشكە ئۈندىدى.

ــ ئەي، تاغا، ئۆتكەندە مېنى ئاتام بىلەن سىز خانغا مەكتۇپ يېزىپ، جېتە قوشۇنلىرىنى بۇ يەرگە چىللاپ كېلىشكە ئۈندىمىگەنمىدىڭلار؟ ئەجەبا بۈگۈن خاننىڭ ئالدىغا قوبۇلغا بارماق يوق، قاچايلى، دەيسىزغۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئەمىر تۆمۈر ئۇنىڭدىن.

ــ ئۇ بىر چاغ، بۇ بىر چاغ، ــ دېدى ئەمىر هاجى بارلاس قىلچە ئۇيالماستىن، ــ چاغاتاي ئۇلۇسى بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەن بولۇشتى. «ئۆي بېشىدا قاراخان» بولۇپ كەتتى. بىر ـ بىرىنى چاپماقتا، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرمەكتە. چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ كۆچۈپ يۈرمىگەن ئېلى، مېڭىپ يۈرمىگەن يولى بارمۇ؟ ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرمىغان يۇرتى بارمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، بىز خۇراسان تەرەپكە كەتسەك نېمىشقا بولمايدىكەن؟

ــ هازىر تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۈچ تۈمەن جېتە لەشكىرى راسا سۇغا تولۇپ، تۇغان ئارانلا توسۇپ تۇرغان تاشقىن كۆلگە ئوخشاپ قالدى. خان هازىر تەييارلىنىپ بولغان، ئۇنىڭ باسقۇنچى لەشكەرلىرى بولسا قىلىچلىرىنى بىلىگەن هالدا سەمەرقەنت بىلەن كېشكە تېگىش قىلىش ئۈچۈن خاننىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. مۇبادا ئۇرۇش پارتلاپلا قالسا، جېتە قوشۇنلىرى سەمەرقەنتنى، شەھرىسەبىزنى، نەخشەبنى، كېش بىلەن قارشى ۋىلايەتلىرىنى، هەتتا سىز هازىر پاناهلاپ بارماقچى بولغان ئاشۇ خۇراسان تەرەپلىرىنىمۇ بۇلاپ ـ تالاپ ۋەيران قىلماسمۇ؟

ــ شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئەمىر قازغىنغا: «خاننىڭ جېتە قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشايلى، بۇ يەرلەرنى جېتە قوشۇنلىرىغا هەرگىز ئۇرۇشسىز بەرمەيلى !» دەپ ئادەم چاپتۇردۇم. قېنى ئاۋۋال ئەمىر قازغىن جېتە قوشۇنلىرى بىلەن بىر ئۇرۇش قىلىپ

باقمىسۇنمۇ. مۇبادا ئۇ جېتە قوشۇنلىرى ئۇستىدىن غالىب كەلگۇدەك بولسا، بىز دەرھال ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتىپ، ئەمىر قازغىنغا بولۇشىمىز ـ دە، جېتە قوشۇنلىرىنى ماۋەرائۇننەھر هودۇدلۇقىدىن قوغلاپ چىقىرىمىز؛ مۇبادا خان باشلاپ كەلگەن جېتە قوشۇنلىرى ئەمىر قازغىننىڭ ئۇستىدىن غالىب كەلگۇدەك بولسا، بىز بەربىر يىراقتا بولغاندىكىن، ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز ـ دە، هازىرقىغا ئوخشاشلا چاغاتاي سەلتەنەتىگە سادىق بولغان بولىمىز. مانا بۇنى «بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش» دەيمىز. دېمەك، هاسىلى كالام شۇكى، ئەمىر قازغىن جېتە قوشۇنلىرىنى يەڭسىمۇ ياكى جېتە قوشۇنلىرى ئەمىر قازغىننى يەڭسىمۇ، بىزنىڭ بىر تال مويىمىزمۇ تەۋرىمەيدۇ!

ئەمىر هاجى بارلاسنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن ئەمىر تۆمۈر ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ دېدى:

— ئەي، ئەمىر هاجى بارلاس، سىززە بىر چالمىدا سوقىدىغان بۇ ئىككى پاختەكنىڭ قايسىسى بولسۇن، بىر لوقما گۆش، خالاس، دەپ ئويلاپسىز ـ دە، بىراق خاتىرجەم بولۇڭكى، بۇ لوقمىنىڭ قايسىبىرى بولسۇن، كېكىردىكىڭىزگە تۇرۇپ قالىدىغان سۆڭەكلىك لوقمىدۇر!

ئەمىر تۆمۈر سۆزىنى تۈگىتىپلا پېشىنى قاققان پېتى ئەمىر هاجى بارلاسنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەتتى...

*           *           *

خوجەند — ماۋەرائۇننەھردىكى قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بىرسى ئىدى. تارىختا «سەيهۇن دەرياسى» دەپ مەشهۇر بولغان سىر دەرياسى ئۇنىڭ ئۇستى تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتەتتى. خوجەند — قىش پەسلىدىكى هاۋاسى ئىللىق، ياز پەسلىدىكى

www.uyghurkitap.com

هاۋاسى سالقىن، باغۇ بوستانلىق بىر يۇرت ھېسابلىناتتى، ئۆزىدىن چىقىدىغان تاتلىق ئانىرى بىلەن پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىگە مەشھۇر ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئەل ئارىسىدا «سەمەرقەنتنىڭ ئالتۇن ئالمىسى، خوجەندنىڭ ياقۇت ئانىرى» دېگەن سۆز تارقىلىپ يۈرەتتى. شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە مۇتۇغىل تاغلىرى سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ تاغ تىزمىسى خوجەندىنىڭ ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى يەنە پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسى ئۇچۇنمۇ شىمالدىكى باسقۇنچى قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشتا ئىنتايىن مۇھىم تەبىئىي توسوق ئىدى. خوجەندنىڭ قوش سېلىپ ئوۋ ئوۋلاشقا ناھايىتى باب كېلىدىغان كەڭ ئوۋلاق ـ دالالىرى بار ئىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان بىر ئايدىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ، ھېرىپ ـ چارچىغان نۆكەر ـ لەشكەرلىرىنى دەم ئالدۇرۇش ۋە چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك ئۇزۇن يول بېسىپ ئەت تاشلاپ، ئورۇقلىغان ئاتلىرىنى سەمرىتىش ئۈچۈن قوشۇنغا ئوۋ قىلىش توغرىسىدا رۇخسەت بەردى...

بۈركۈتلەر كۆك قەرىدە ئۇچۇپ، پەستە سوزۇلۇپ يانپاشلاپ ياتقان بەستلىك ئەركەكنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئەسلىتىدىغان سالا ـ سالا تاغ يوتىلىرىنىڭ باغرىدا يۈز بىرىۋاتقان ئىشلارغا سالقىن نەزەر تاشلىغاچ، بەھۇزۇر پەرۋاز قىلىپ، لەيلەپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. تاغ باغرىدىكى يىراق ـ يىراقلارغىچە سوزۇلغان چۆل ـ سەھرادا نۇرغۇنلىغان ئاتلىق ئادەملەر تۈلكە، بۆرە، يىلپىز، قاپلان، تېكە، كېيىكلەرنى قوغلاپ، سۈر ـ توقاي قىلىپ يۈرەتتى. ئۇلاردىن سەل ـ پەل نېرىدىكى بۈك ـ باراقسان ۋە ئېگىز ئۆسكەن ئورمانلىق، چۆل چاتقاللىقلىرى ئارىسىدا يەنە بىر چوڭ پادا توپا توزۇتۇشۇپ، چۆلگە يېيىلىپ چېپىشىپ كېتىۋاتقانىدى. كۆك قەرىدىكى بۈركۈتلەر ئۇلارغا قىزىقسىنىپ

قارايتتى، پەستە سوزۇلۇپ ياتقان پايانسىز سەھرا ۋە جاڭگالنىڭ ئىككى تەرىپىمۇ يۇزلەپ ـ مىڭلاپ تۈرلۈك چۆل ھايۋانلىرى پادىسى بىلەن تولغانىدى.

ئادەملەر ياشايدىغان يۇرت ـ مەھەللىلەردىن يىراق ۋە چەتتە بولغان بۇ ياشاشقا ئەپلىك يېرىم سەھرا، يېرىم چۆل جاڭگاللىقنى قەدىم ئەييامدىن تارتىپ ماكان تۇتۇپ كەلگەن بۇ چۆل ھايۋانلىرى مۇشۇ زېمىندا ياشاپ، ئاۋۇپ كەلگەنىدى. بۇ چۆل ھايۋانلىرى كەچقۇرۇن ئىسسىقنىڭ يېنىشىنى كۇتۇپ، تۈن سالقىنىدا يىراق ـ يىراقلارغا جايلاشقان بۇلاقلارنىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ، چاتقاللىق ۋە ئورمانلىقتىكى دەرەخ، چاتقاللارنىڭ سايىسىدا دەم ئېلىپ يېتىشقانىدى. ئايرىم پادىدىكى چۆل ھايۋانلىرى چاڭقاپ كەتكەنمۇ قانداق؟ شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا تويلىشىپ سۇ ئىچىپ كېلىش ئۇچۇن يولغا چىققانىدى. ئۇلار پىژ ـ پىژ ئاپتاپتا چاڭقاق ئۇسسۇزلۇقىنى بېسىش ئۇچۇن تولىمۇ ئۈزۈن، ئەمما خېيىم ـ خەتىرى كۆپ يولغا قەدەم باسقانلىقتىن، بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلارنىڭ ئوقىغا دۇچ كېلىپ، تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ يۇرۇشمەكتە ئىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان تاشتۆمۈر باھادىر، تۆمۈر مەلىك قاتارلىق ئامۇخاسلىرى بىلەن بىللە نۆكەرلىرىنى باشلاپ بىر جاڭگاللىققا يېتىپ كېلىشتى. بۇ يەر كەڭرى كەتكەن بىر پارچە توغراقلىق ئىدى. بۇ جاڭگالدا تېكە، كېيىك، بۇغا، مارال قاتارلىق ئوۋ ھايۋانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈر ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ئوۋ قىلىشقا ناھايىتى ھېرىسمەن بولغاچقا، شىكارغا چىققاندا ئالدىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق بىر ئوۋنى شۇ زامان ئوۋلاپ قولغا چۈشۈرۈپ بولاتتى. ئۇ ئامۇ خاسلىرى بىلەن بىللە بۆك توغراقلىقنىڭ ئىچىدە كېتىۋاتقانىدى. ئالدىغا توساتتىن چىپار كېيىك ئۇچراپ قالدى. خان تۇنجى ئۇچرىغان ئوۋنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۇچۇن نۆكەرلىرىگە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ، ئوۋنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا پەرمان بەردى.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ھېلىقى كېيىكنى قوغلاپ كېتىۋېتىپ، ئوت ـ چۆپلىرى بولۇق ئۆسكەن كەڭرى بىر دالاغا چىقىپ قالدى. دالانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېرىق سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. بۇ دالا دەل ھېلىقى يۇزلىگەن ـ مىڭلىغان چۆل ھايۋانلىرى سۇ ئىچىدىغان «ھادەرۋىش چۆلى» ئىدى. ئەتىياز يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ بۇ چۆلدە قاتتىق بوران چىقاتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر زاماندىكى مۇشۇنداق بورانلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ چۆلدە بوراندا قېلىپ ئېزىپ قالغان بىرنەچچە دەرۋىش بىر ـ بىرىنى يىتتۈرۈپ قويۇشۇپ، «ھادەرۋىش !»، «ھادەرۋىش !» دەپ ۋارقىرىشىپ يۈرۈپ ھەممىسى ھالاك بولۇشقانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر دەرۋىشلەر ئۆلگەن بۇ چۆلنى «ھادەرۋىش چۆلى» دەپ ئاتايدىغان بولغانىكەن.

«ھادەرۋىش چۆلى»دە سۇ ئىچىشكە كەلگەن ۋە سۇ ئىچىپ بولۇپ قايتىۋاتقان چۆل ھايۋانلىرى گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى. ئۇلار ئۆز تىپى ۋە ئۆز قاياشلىرى بىلەن بىللە توپ ـ توپ بولۇپ يايلىشىپ يۈرۈشەتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان نۆكەرلىرىگە دەرھال ئەتراپىنى قورشاشقا ئەمر قىلدى. بۇ قورشاۋنى ھاسىل قىلغان مىڭلىغان ئاتلىق نۆكەرلەر ھايت ـ ھۇيت قىلىشىپ، مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى بارغانسېرى تارايتىشقا باشلاپ، مەلۇم چەككە كەلگەندىن كېيىن توختاپ، ئوۋلاشنى باشلىۋەتتى. قورشاۋ ئىچىدە قالغان جانىۋارلارغا قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدەك ۋاقىت ئىچىدە مىسلىسىز زور بالايىئاپەت، بەلكى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر ھالاكەت يۈزلەندى. خۇددى تەرەپ ـ تەرەپتىن قارا چېكەتكىدەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قازا ئوقلىرى تارسىلداپ تەگكىلى تۇرغاندا، ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ قانلىرى چاچراپ، چىقىپ، پۈتۈن دالانى بوياپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ تېنىدىن ئاققان قانلاردىن ئەگىز ـ ئېرىقلار ھاسىل بولۇشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە

تۇرۇپ، چىغلارنىڭ يېشىل پۆپۈكلىرىنى ئارىلاپ خۇددى بىلىقلاردەك ئوقچۇپ بىر تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقان كېيىكلەردىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. كېيىكلەر بىر ـ بىرىدىن زادىلا ئايرىلماستىن، غۇژمەكلىشىۋالغانىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ پاجىئەسىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئادەملەرنىڭ قولىدىكى ئوقيالاردىن، مىلتىق ـ تۇفەڭلەردىن ئېتىلغان ئوقلارغا تۇتۇپ بېرىۋاتاتتى. شۇڭا، ئايرىم قېچىپ كېتىۋاتقانلىرى بۇلاردىن ئازراق بولسىمۇ بەختلىكرەك ئىدى، چۈنكى ئۇلارغا ئوق ئاسانلىقچە تەگمەيتتى.

شۇ ئەسنادا دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقتا دۈچ كەلگەن بۇ ئوۋ هايۋانلىرى ئارىسىدا كېيىكلەر بىلەن يانمۇيان تەڭ چېپىشىپ كېتىۋاتقان بىر ئاڭ① تۇغلۇق تۇمۇرنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. ئۇ بىر ئۇچقۇر يىلپىز ئىدى.

خان دەرھال ئات سېلىپ ئۇنى ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئاتلىق چېپىپ كېتىۋېتىپ بەتلەنگەن ئوقياسىنىڭ كىرىچىنى تارتىپ ھېلىقى ئۇچقۇر يىلپىزنى مولجالغا ئالدى. ئۇچقۇر يىلپىز يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ بېشى بىلەن تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى. قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن مۇشۇ ئىش ھېلىقى ئۇچقۇر يىلپىزنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شىپقاپ يېتىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئادەم قولىدىكى ئوقيانىڭ كىرىچىنى قويۇپ بەردى. كىرىچتىن ئۈزۈلگەن ئوق ۋىڭىلدە قىلىپ ئۇچقۇر يىلپىزنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى! بۇ تۇغلۇق تۇمۇرنىڭ تۇنجى قېتىم ئاتقان ئوقىنى نىشانغا تەگكۈزەلمەسلىكى ئىدى...

ئادەملەرنىڭ ھايت ـ ھۇيتلىرى، تارسىلداپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلار، ئوق تېگىپ جان تالىشىۋاتقان ھايۋانلارنىڭ خىرقىراشلىرى، چىرقىراشلىرى! توپ ـ توپ يەرگە موللاق ئېتىپ يىقىلىۋاتقان ئاتلار پۇتلىرىنى تېپىرلىتىپ يەردە

① ئاڭ ــ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئوۋ ھايۋىنى» دېگەنلىك بولىدۇ.

يېتىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئورنىدىن قايتا تۇرۇشقا مادارى يەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ دېمى كېسىلگەن، يۈرەكلىرى ئالقىنىغا چىققان يېرىلغانىدى...

«ھادەرۋىش چۆلى»دىكى قانلىق قىرغىن كەچكە يېقىن ئاخىرلاشتى. قوغلىنىۋاتقانلارمۇ، قاچقانلارمۇ ھېرىپ ھالىدىن كېتىشتى. جاڭگال ئاستا – ئاستا گۇگۇمنىڭ مەشئۇم قاراڭغۇ پەردىسى ئىچىگە يوشۇرۇندى. نازىربەگ، ماۋەرائۇننەھر نائىبى تۆمۈر مەلىك خاننىڭ پەرمانى بويىچە بۇ بىرنەچچە كۈنلۈك ئوۋ پائالىيىتىنىڭ بۈگۈن ئاياغلاشقانلىقىنى، لەشكەرلەرنىڭ دەرھال بارگاھقا قايتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى...

*　　　*　　　*

ئەمىر قازغىننىڭ ئوردىسى سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى رېگىستان دەپ ئاتىلىدىغان مەيدانغا جايلاشقانىدى.

سەمەرقەنت شەھىرى خوجەندتىن يىگىرمە بەش ياغاچ جەنۇبقا جايلاشقان بولۇپ، شۇ چاغلاردا ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ئىدى. بۇ شەھەر جايلاشقان زېمىن يېرى مۇنبەت، سۈيى كۆپ، ھاۋاسى ساپ، بايلىقى مول، مەنزىرىسى گۈزەل بولغاچقا، ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ماۋەرائۇننەھر» دېگەن نام بىلەن قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر ئىدى.

ئىككى دەريانىڭ شەرق تەرەپتىكىسى «سەيھۇن دەرياسى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر سىر دەرياسى؛ غەرب تەرەپتىكىسى «جەيھۇن دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئامۇ دەرياسى ئىدى. سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئارىلىقى ئالاھازەل يۈز ياغاچ مۇساپە كېلەتتى. ماۋەرائۇننەھردە بۇ ئىككى دەريادىن باشقا، يەنە ئون – ئون بەش دەريا بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن باشقا – باشقا ئېرىق – ئۆستەڭلەر ھاسىل بولغانىدى. ھەربىر ئېقىندىن

بىرنەچچە شەھەر ـ قەسەبە①لەر سۇ ئىچىپ ئاۋاتلاشقانىدى. بۇ سۇلارنىڭ ئارىسىدا «كۆھەك دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا بار ئىدى. بۇ دەريانىڭ ھاۋزىسى مەنزىرە جەھەتتە مۇبايىنىلنەھر② دىكى دەجلە ـ ئېفرات دەريالىرىنىڭ ھەۋزىسىدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە گۈزەل ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بىلەن سۈيى خۇددى كىتابلاردا تەسۋىرلىنىدىغان فىردەۋس جەننىتىدىن نەمۇنە ئىدى، «جەننەت مېۋىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ سەمەرقەنت شەھىرى ئۇزاق قەدىمكى زاماندىلا مۇشۇ كۆھەك دەرياسىنىڭ بويىدا بىنا بولغانىدى.

سەمەرقەنت شەھىرى بۇنىڭدىن بىر يۈز ئوتتۇز ئۈچ يىل ئىلگىرىكى مىلادىيە 1220 ـ يىلى يازدا بۈيۈك ئىستىبلاچى چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۇزۇل- كېسىل ۋەيران قىلىپ تاشلانغانىدى. بىر چاغلاردا «بەندەرى مەھفۇز»③ دەپ ئاتالغان بۇ ئاۋات شەھەر شۇنىڭدىن تارتىپ خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە خاراب پېتى ساقلىنىپ كەلدى. ئارىدىن يۈز ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ مىلادىيە 1353 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ شەھەر ئومۇمىي ئايلانمىسى بىر تۈمەن ئالتە مىڭ بىر يۈز قەدەم كېلىدىغان، كۈنچىقىش تەرىپىدە فروزە دەرۋازىسى، يۇقىرى تەرىپىدە ئاھانىن دەرۋازىسى، كۈنپېتىش تەرىپىدە چاررەھ دەرۋازىسى ۋە تۆۋەن تەرىپىدە سۆزەنگەران دەرۋازىسى ۋە بۇ دەرۋازىلارنىڭ ئارىلىقىدىكى شەيخزادە دەرۋازىسى، گازۇرىستان دەرۋازىسى دەپ ئاتىلىدىغان ئالتە يەردە تۆمۈر قوۋۇقى بولغان «سەددى ئىسكەندەرىي»④دەك مۇستەھكەم سېپىل بىلەن

---

① قەسەبە — شەھەر، قورغان.

② مۇبايىنىلنەھر — ئىراقتىكى مىسوپوتامىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ قەدىمكى نامى. «ئىككى دەريا ئارىلىقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

③ بەندەرى مەھفۇز — بىخەتەر شەھەر.

④ سەددى ئىسكەندەرىي — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ياساتقان سېپىلىنىڭ نامى.

ئىھاتىلەنگەن ئىلگىرىكى ئاۋات ئاۋدانلىق ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەندى.

ئوردىنىڭ دەرۋازىسى ئەتىگەندىلا يوغان ئېچىۋېتىلگەنىدى. بارلاس ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىنىنىڭ سارايغا چىقىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشقان بەگ ـ ئەمىرلەر سارايىنىڭ ئىشىكىدە قول باغلىشىپ قاتار تۇرۇشقانىدى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئەمىر قازغىن بارلاس نۆكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئۆزىنىڭ ھەرىمىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى قارا مەخمەلدىن تىكىلگەن موڭغۇلچە دىڭ قالپىقىغا قادالغان بەدەخشان دۇر ـ لەئەلى كۈن نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك چاقناپ تۇراتتى. سارايىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشقان ئەئيانلىرى ئۇنىڭغا سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، شەرىپىگە مەدھىيە ـ ئالقىش ياڭرىتىشتى.

ئەمىر قازغىن ئېگىز بوي، مولۇن كۆز، شاپ بۇرۇت، ماش ساقال، گەۋدىلىك ئادەم بولۇپ، ئۇچىسىغا كەشتىلەنگەن يان ئىزمىلىق قېنىق كۆك موڭغۇلچە زەرباب تون، پۇتىغا سەختىيان ئۆتۈك① كىيىۋالغانىدى. ئارقىسىدىن ئۇنىڭ قىلىچ بىلەن ئوقياسىنى كۆتۈرگەن قورۇقچىلىرى ئادەمنى ئەيمەندۈرگۈدەك ھەيۋەت بىلەن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ سارايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تۆرگە قويۇلغان تەخت ئۈستىگە ئەمدىلەتىن ئولتۇرۇشىغا، خىزمەتكارى ئۇنىڭغا: «مەرھۇم ئەمىر تەراغاي باھادىرنىڭ ئوغلى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان جانابلىرى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى سورايدۇ!» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئەمىر قازغىن دەرھال: «كىرسۇن!» دەپ ئىجازەت بەردى، ئاندىن ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

---

① سەختىيان ئۆتۈك — ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك.



www.uyghurkitap.com

ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرا بوي، گۆرەنلىك زىرەك يىگىت ئىدى. ئۇ ئوردا بەگ - سىپاھلىرىدەك ئاددىي كىيىنىۋالغان بولۇپ، ئوڭ قولى بىلەن يېنىغا ئېسىقلىق قىنىغا نەقىش ئىشلەنگەن ئەگرى قىلىچىنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە، ئەمىر قازغىن ئالدىغا بېرىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنى تەخت يېنىغا قويۇلغان شاھانە كۇرسىلارنىڭ بىرسىگە ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن مەرھۇم ئاتىسى ئەمىر تەرەغاي باھادىرنىڭ ئاخىرەتلىكىگە ئائىت ئىشلارنى سورىدى...

ماۋەرائۇننەھردىكى بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىن توڭگۇز يىلى قىشتا، قارشى تاغلىرىدا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى نائىبى قازانخاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ ھوقۇقلۇق ئەمىرگە ئايلاندى. قازانخاننىڭ ئوغلى ئابدۇللا مىرزىنى ئۆزىگە قورچاق قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىدە «ئۆي بېشىدا قاراخان» بولۇپ كەتتى. جەڭگى - جېدەل ئۆي توشقىنىدەك ئاۋۇشقا باشلىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى چېپىپ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرگىلى تۇردى. جاھان سەيھۇن سۈيىنىڭ دولقۇنىدەك داۋالغۇپ، بىر ئىزدا توختىمايۋاتقان چاغلاردا، بارلاس قوۋمىنىڭ كۆرەگان ئۇرۇقىدىكى ئەمىرلەردىن بىرسى بولغان ئەمىر تەرەغاي باھادىر ئۆزىنىڭ ياش ئوغلى تۆمۈرنى ئەمىر قازغىنغا نۆكەر قىلىپ تۇتۇپ بەردى.

ئەمىر تۆمۈر ئۆسمۈر ۋاقتىدىن تارتىپلا ئەقىللىك، تۇغۇشلۇق، كارامەت مەرگەن، چېچەن، ھۇنەرلىك، ھەر مۇقامغا ۋە ھەر يولغا مېڭىشنى بىلىدىغان تەدبىرلىك بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەچكە، ئۇزاققا قالمايلا ئەمىر قازغىننىڭ خاس نۆكەرلىرىدىن بىرسىگە ئايلاندى. ئەمىر تۆمۈرنىڭ زېرەكلىكىدىن

تولىمۇ سۆيۈنگەن ئەمىر قازغىن كۆپلەپ ھەممەتلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىچكى بەگ[①] لىرىنىڭ قاتارىغا قوشۇپ، ئەمىرلىك ئوتۇغاتىنى بەردى.

ئەمىر تۆمۈرنىڭ تاغىسى ئەمىر ھاجى بارلاس ئىچىدە توڭگۈز قۇترايدىغان، ھەممەتسىز، پەس ۋە نائەھلى ئادەم بولغاچقا، ئەمىر قازغىنىنىڭ ياش تۆمۈرگە بۇنچىلىك ھەممەت كۆرسىتىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەسەت قىلىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ غەيۋىتىنى ئەمىرگە قانداق يەتكۈزۈشنى بىلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئەمىر قازغىنىنىڭ بابۇر خاتۇن ئىسىملىك بىر توقال خوتۇنىنىڭ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانغا ئاشىق ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ قالدى.

بىر كۈنى بابۇر خاتۇن ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان خالىي قالغان پەيتنى تېپىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ئەي، بەگ بەچچە، مېنىڭ باغرىمنى ئۇنداق كۆيدۈرۈپ، ئىشق ئوتىدا كاۋاپ قىلمىغىن!

— ...

ئاشىنىسى بىلەن ئويىنىغان خوتۇن كىشى قانداق قىلغان بولسا، بابۇر خاتۇنمۇ شۇنداق قىلىشقا باشلىدى:

— مېنىڭ ھالىمدىن ھېچ خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ مەن ساڭا ئاشىقمەن. كېچىلىرى ئۇيقۇم، كۈندۈزلىرى قارارىم يوق. مېنىڭ ھالىمغا قارا، قىرى ئادەمدىن ھاسىل بولمىغان مەقسىتىمنى سەن ھاسىل قىل!...

ئەمىر تۆمۈر بابۇر خاتۇنىنىڭ بۇ قىلىقىدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ:

— ئەمىر قازغىنىنىڭ تۇزىنى يەپ تۇرۇپ، بۇنداق ئىشنى قىلسام، تۇزكورلۇق قىلغان بولمامدىمەن؟! — دەپ ئۇنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى.

---

① ئىچكى بەگ — خاس بەگ، خان ـ ئەمىرلەرنىڭ يېقىنلىرى.



www.uygurkitap.com

دەل مۇشۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە تاغىسى ئەمىر ھاجى بارلاس كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە گۇدرەت ئوتى بولغاچقىمۇ، ئەمىر تۆمۈرنى بىر ئامال قىلىپ ئوسال قىلىشنىلا ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ:

— شۇنداق گۈزەل خوتۇننىڭ تەلىپىنى يەردە قويغىنىڭ نېمىسى ؟ — دەپ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننى قىلتاققا دەسسەتكەن بولدى. بىراق، ئۇ تاغىسىنىڭ سۆزىگە كۆنمىدى.

ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالدانمىغانلىقىنى كۆرگەن ئەمىر ھاجى بارلاس دەرھال بابۇر خاتۇنغا: «ئۇ بۇ ئىشنى ئەمىر قازغىنغا ئېيتماستىن بۇرۇن ئېيتىپ بولۇشۇڭ كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، سەن ئۆلۈمگە كېتەرسەن !» دەپ ئەقىل ئۆگەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بابۇر خاتۇن دەرھال كىيىملىرىنى يىرتىپ، يۈزىنى تاتىلاپ ھەممە يېرىنى قان قىلغاندىن كېيىن ئەمىر قازغىننىڭ قېشىغا يىغلاپ كىردى ۋە:

— كېچە ئۇخلاپ ياتار ئىدىم، تاڭ سەھەردە بىر كىشى قوينۇمغا كىردى. مەن ئويغىنىپ، «كىم سەن؟ !» دەپ ۋارقىراي دېيىشىمگە، قارىسام تۆمۈر بەچچە ئىكەن. ئۇ ماڭا: «ۋارقىرىما، بۇ مەن، ساڭا ئۇزاقتىن بېرى ئاشىقمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈندۈزى ئەمىر قازغىننىڭ بولساڭ، كېچىسى مېنىڭكى بولغايسەن !» دېدى. مەن: «ئەمىرنىڭ تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىنى چاقماقچىمۇ سەن؟» دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇ مېنىڭدىن بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن ئىزا تارتىپ چىقىپ كەتتى ! — دەپ ئەرز قىلدى.

بابۇر خاتۇننىڭ سۆزىگە ئەمىر تۆمۈرنىڭ تاغىسى، ئەمىر ھاجى بارلاسمۇ: «سىز ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، ئىچكىيلىرىڭىزنىڭ قاتارىغا قوشقانىدىڭىز، ئۇ بۇ ئىززەتنى بىلمىدى. ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن يامانلىقلىرىدىن قايسىبىرىنى ئېيتىپ بولاي؟ ھەممىدىن يامان بولغىنى شۇكى، ئۇ سىزنىڭ خوتۇنىڭىز بىلەن ئاشنا ئويناپ، كەچۈرۈپ بولمايدىغان گۇناھ

ئۆتكۈزدى !» دەپ يالغان گۇۋاھلىق بەردى.

ئەمىر قازغىن دەرھال ئەمىر تۆمۈرنى ئالدىغا چاقىرتتى ـ دە، ئۇنى:

— بۇ نېمە ئىش؟ بۇ ئىشنى كېچە سەن قىپسەنغۇ؟ — دەپ ئۇنى قاتتىق قىستاققا ئېلىۋىدى، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان يۈز بەرگەن ھەممە ئىشنى بىر باشتىن ئەمىر قازغىنغا ئېيتىپ بەردى:

— مەن سىزدىن ئۇيالغىنىمدىن بۇ ئىشنى دەرھال كېلىپ ئېيتالمىغانىدىم، — دېدى ئۇ دادىللىق بىلەن، — بابۇر خاتۇننىڭ ئەل ئارىسىدا رەسۋا بولۇپ، يۈز ـ ئابرۇيى تۆكۈلمىسۇن دېدىم. ئەمما، ئۇ «سەن تاز دېگۈچە، مەن تاز دەۋالاي» دەپ، مېنىڭدىن بۇرۇن داۋراڭ كۆتۈردى...

ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، ئەمىر قازغىن نۆكەرلىرىگە بابۇر خاتۇننى قىيناشقا بۇيرۇدى. قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغاندىن كېيىن، بابۇر خاتۇن ئاخىر راستىنى دېيىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئاقلىنىپ ئەل ئىچىدە ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى. بۇ ئىشتىن كېيىن، ئەمىر قازغىن ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشىنىدىغان بولدى...

بۇ گەپ ھازىر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلى.

ئەمىر قازغىن ئەتىگەندىن بېرى ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان بەگ ـ ئەمىرلەرنىڭ سۆزىنى بىر ـ بىردىن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا تېگىشلىك كۆرسەتمىلەرنى بەردى، ئاندىن بۇ بەگ ـ ئەمىرلەرگە:

— مەن ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان بىلەن خۇسۇسىي كېڭەش قىلىپ، ئىشلىرىمىز توغرىسىدا ئايرىم سۆزلىشىۋالماقچىمەن. سىلەرگە ھازىرچە رۇخسەت، قايتساڭلار بولىدۇ! — دېدى.

www.uyghurkitap.com

بەگ ـ ئەمىرلەر ئەمىر قازغىنغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككىسىنى خالىي قالدۇرۇپ، سارايدىن چىقىپ كېتىشتى.

— ئەمىر ھاجى تەرەغاي مېنىي جېتەلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دەۋەت قىپتۇ، — دېدى قولىدىكى خەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مەنمۇ ئۇرۇشساق ئۇرۇشايلى، دېگەن ئوي بىلەن نەچچە رەت ئەتراپتىكى ئۇلۇس ـ ئايماق، ئەل ـ يۇرتلارغا ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەلچىلەر ۋە ئادەملەرنى ماڭدۇردۇم. بىراق، ھېچكىمدىن ياردەم كەلمىدى. ئادەتتە ھەممىدىن بەكرەك چۇقان كۆتۈرۈپ، سۈرەن سالغان ئەمىر بايان سۇلدۇز بىلەن ئەمىر ھاجى تەرەغاي ئىككىسى قېچىپتۇ. قاچقاندىمۇ نەگە قېچىپتۇ دېمەمسەن؟ بىرسى شىمالىي تەرەپتىكى باسقۇنچى قوشنىسى قىپچاقلارغا، يەنە بىرسى غەرب تەرەپتىكى خۇراسان ئېلىگە قېچىپتۇ. ئۇلار قوۋۋىتىمىز زور ھەم ھېچقانداق نۇقسانىمىز يوق چاغلاردا ياردەم بەرمىگەن تۇرسا، بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا بىزگە ياردەم بېرەرمۇ؟ مەن تېخى ئەمىر بايان سۇلدۇز بىلەن ئەمىر ھاجى تەرەغاينىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ ئولتۇرغانىدىم. ياردەمسىز قالغان ئەھۋالدا سەمەرقەنتنى مۇداپىئە قىلماق قىيىن! شۇڭا، كونىلار: «قورغاننى بېكىتمەك ئۈچۈن باش كېرەك، ئىككى قول كېرەك، ئىككى پۇت كېرەك!» دېگەنىدى. باش دېمەك، سەردار دېگەنلىكتۇر؛ ئىككى قول دېگىنى ئىككى ياقتىن كېلىدىغان ياردەمنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككى پۇت دېگىنى بولسا سۇ بىلەن ئاشلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئەمىر بايان سۇلدۇز بىلەن ئەمىر ھاجى تەرەغاينىڭ باشقا خىيالدا ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟ ياردەمغۇ بەرمىسۇن، قېچىپ كېتىپ جەيھۇننىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋالغىنىنى دېمەمسىز ئۇلارنىڭ تېخى؟!

— مېنىڭچە، خان سىز بىلەن يارىشىپ قېلىش — سۇلھى قىلىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان، — سۇلھى قىلىش پەقەت ئىنسانلار ئارىسىدا داۋاملىق كۆرۈنۈپ

www.uyghurkitap.com

تۇرىدىغان بىر خىل ھادىسە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھايۋانلار ئارىسىدىمۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر خىل تەبىئىي ھادىسىدۇر. ئادەتتە ئائىلىدىكى خورازلار ئۆزئارا سوقۇشۇپ تۇرۇشىدۇ؛ تازا سوقۇشۇۋاتقاندا گەرچە ئۇلارنى ئاجرىتىپ ياراشتۇرۇش تەسكە چۈشكەن بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر قەپەسكە سولاپ، دان ۋە سۇ بەرمەي قويۇڭچۇ، ئۇلار دەرھال ياۋاشلاپ جىمىپ قالىدۇ ۋە ئۆزئارا يارىشىپ قېلىشىدۇ. ئىنسانلارمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمكىلەر: «ئىشنى ئالتۇن بىرىپ ھەل قىلىش مۇمكىن بولسا، جاننى خەتەرگە قويۇش توغرا ئەمەس!» دەپ كۆرسەتكەن...

ئۇنىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشماي تۇراتتى، ئەمىر قازغىن دەرھال:

— ياق، ياق! — دېگىنىچە ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، — مەن ھەرگىز تۇغلۇق تۆمۈردەك جېتە قاراقچىلىرى بىلەن سۈلھەلەشمەيمەن، بەلكى سىزگە كېش، قارشى ۋىلايەتلىرىدە يېڭىدىن قوشۇن توپلاشنى بۇيرۇيمەن! بەخت ـ سائادەت مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈمىگەن بولسىلا، غەلىبە ـ نۇسرەت ماڭا تالىق بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن!

— ھۆرمەتلىك ئەمىر جانابلىرى، مۇبادا ئالدىڭىزدا تەنتەكلىك قىلىپ قويغان بولسام كەچۈرگەيسىز، — دېدى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن، — بەخت ـ سائادەت دېگەن نېمە ئۆزى؟ ئەقىللىك كىشى بەخت ـ سائادەتنى ھەرگىز قولىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ! ئىنسانلار تۈرلۈك زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەرگە موھتاج بولۇشىدۇ. بىراق، بۇنداق چارە ـ تەدبىرلەرنى ئىنسانىنىڭ ھاياتىغا زۆرۈر بولغان ئاشۇ بەخت ـ سائادەتنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن بۇ چارە ـ تەدبىرلەر ئىنسانلارغا پايدىلىق چارە ـ تەدبىر بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمدە ياشىغان ئۇلۇغلار شۇنداق دەپ ئېيتقانىكى: «ئىككى ياخشىنىڭ ئارىسىدىن

تېخىمۇ ياخشىراقىنى تاللىغان ياكى ئىككى يامانىنىڭ ئارىسىدىن ياخشىراقىنى ئىختىيار قىلغان ئادەم ئاقىل ئادەمدۇر !»

— سىزنىڭچە، هازىرقى ۋاقىتتا جېتەلەر خانى تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن سۇلهى قىلىش سىز ئېيتقان ئاشۇ ياخشى چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ ئارىسىدىكى ياخشىراقى ياكى يامان چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ ئارىسىدىكى ياخشىراقى ئىكەن ـ دە؟ !

— شۇنداق، چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن سۇلهى قىلىش — هازىرقى چاغدا ماۋەرائۇننەهر خەلقىنىڭ ئۇستىگە سەلدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇرۇش خەۋپىنى توسقۇچى ئەڭ ياخشى چارە ـ تەدبىر هېسابلىنىدۇ !

— ئى جانابىي ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان، سىز ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش بىلەن سۇلهى قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل چارە ـ تەدبىرنىڭ ئارىسىدىن سۇلهى قىلىشنى تاللىماقچى بولغانلىقىڭىزنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

— باش ئۇستىگە، جانابىي ئۇلۇسبېگى، مۇبادا سىز خالىسىڭىز، مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش چارىسىنى تاللىماي، سۇلهى قىلىش چارىسىنى تاللىۋالغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىم مۇمكىن.

— مەرھەمەت، قۇلىقىم سىزدە...

— ئى ئەمىر جانابلىرى، — دېدى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئەمىر قازغىنغا چۈشەندۈرۈپ، — چىڭگىزخان هايات ۋاقتىدا ئۆز ئاغزى بىلەن تۈزگەن ياساقتا: «دۈشمىنىڭلارنى هەر دائىم باستۇرۇڭلار، دوستلىرىڭلارنى بېشىڭلاردا كۆتۈرۈڭلار» دەپ ئېيتقان، شۇنداقمۇ؟ هازىرقى ۋاقىتتا چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، خۇددى بىر تۇتۇننىڭ ئادىمىدەك هەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن، تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋەرائۇننەهرگە ئۆزىنىڭ ئىنىسى، مەملىكەتنىڭ باش يارغۇچىسى تۆمۈر مەلىكنى نائىب قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ياساققا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، ئەلدە خان تىكلەشكە توغرا كەلسە،

ياساق بويىچە پەقەت چىڭگىز ئەۋلادىدىن بولغان بىر ئادەمنى خان قىلىپ كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەرگىز ئىككى ئادەمنى تەڭ كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، خان بىر بولسا ئەل تۈزۈلىدۇ، خان ئىككى بولسا ئەل بۇزۇلىدۇ. ئۆتمۈشنى بېشىدىن كەچۈرگەن بىلىملىكلەر شۇنداق دەپ ئېيتقانكى، «بىر قىنغا ئىككى قىلىچ سىغماس، بىر خوتۇننى ئىككى ئەركەك ئېلىپ ئولتۇرماس، بىر يۇرتتا ئىككى تۆرە سىغماس.» ئۇنىڭ ئۈستىگە نەسەب جەھەتتىن سۈرۈشتە قىلغاندىمۇ، چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان چاغاتايخاننىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمىر جانابلىرى ئۆزبېك دەشتى قىپچاق قوۋمى بولغان قارا ماڭغىت ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان. ماڭغىتلار بولسا جۇچى ئەۋلادى بولغان ئۆزبېك – قىپچاق ئۇلۇسىغا تەۋە بىر ئەل ھېسابلىنىدۇ. جۇچى بىلەن چاغاتاي چىڭگىزخاننىڭ ئۆز ئوغلى بولسىمۇ، ئەمما چىڭگىزخان بۇ تەرەپلەرنىڭ سەلتەنەتنى ئۆز ۋاقتىدا چاغاتايغا تاپشۇرۇپ كەتكەن. چاغاتاي بولسا ۋارىسلىرىغا قالدۇرۇپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. شۇڭا، ماۋەرائۇننەھردە چاغاتاي ئەۋلادى نەسەب – ھەسەب جەھەتتىمۇ ياكى مەرتىۋە – دەرىجە جەھەتتىنمۇ جۇچى ئەۋلادىدىن يۇقىرىراق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمىر جانابلىرى، سىز ئاتا – بوۋىڭىزدىن تارتىپ چاغاتاي سەلتەنەتىدىن مائاش – ئوتتۇغات ۋە سۈيۇرغال ئېلىپ كېلىۋاتقان ھوقۇقلۇق ئۇلۇس بەگلىرىنىڭ بىرسى. شۇنداق ئىكەن، سىز يەنە چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرگە بەيئەت قىلمايمەن، دەپ ئېيتالامسىز؟

سارايىنىڭ ئىچىنى بىرپەس جىمجىتلىق قاپلىدى. بارلاس ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىن ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ بىرھازادىن كېيىن سۆز ئالدى:

— چاغاتاي مەملىكىتىدەك ھودۇدى پايانسىز، مەنزىرىسى گۈزەل، سۈيى ئەلۋەك، بايلىقى مول، يېرى مۇنبەت زېمىن

جاھاندا يەنە ئاز تېپىلسا كېرەك، — دېدى ئەمىر قازغىن ئويچان كۆزلىرى بىلەن سارايىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ تۇرۇپ، — سان - ساناقسىز بوز قىرلارنىڭ ئارىلىقىدا پايانسىز سەھرالار سوزۇلۇپ ياتىدۇ. چەۋەندازنىڭ سەركىسىمۇ ئۇچقۇر ئاتتا بۇ پايانسىز زېمىننىڭ ئۇ چېتىگە يىل - يىللاپ يۈرۈپمۇ چىقىپ بولالىشى قىيىن. قاتمۇقات تاغلاردا، بولۇق ئۆسكەن ئورمانلىقلاردا تۈرلۈك ھايۋانلار چېپىپ يۈرۈشىدۇ، خىلمۇخىل قۇشلار يېقىملىق سايرىشىدۇ. زۇمرەتتەك دېڭىز - كۆللەردە ئاپپاق ئاق قۇلار، غاز - ئۆردەكلەر سەيلە قىلىشىپ ئۈزۈپ يۈرۈشىدۇ ... شۇنداق، چاغاتاي مەملىكىتىدە ھەممىگە ياشايدىغانغا جاي تېپىلىدۇ. ھەتتا تۈلكىنىڭمۇ ئىنى بار، ئۇچار قاناتنىڭمۇ ئۇۋىسى بار. پەقەت مېنىڭ بىچارە كۆچمەن قەبىلەمگىلا ياشايدىغانغا جاي يوق. ئاچ كۆز چاغاتاي خانلىرى، كۈچلۈك قەبىلىلەر ماڭا پەقەت قۇملۇق سەھرا، تاقىر دالالارنىلا قالدۇرۇپ، ياپپېشىل، مۇنبەت يايلاقلارنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ماللىرىمىز بۇ ئۇنۇمسىز چۆل سەھرادا ئەت تاشلاپ، ئورۇقلاپ، ئاچلىقتىن قىرىلىپ كېمىيىپ كەتتى. ئاتلىرىمىز ماغدۇرىدىن كەتكەنلىكتىن، تۆت پۇتى تىترەپ كارغا كەلمەس بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ھەممىسىگە كىمنىڭ پۇشتىدىن تامغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئەنە شۇ تۇغلۇق تۆمۈر دېگەن قويچى لەنتى سەۋەبچى بولۇۋاتامدۇ؟ شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق، مەن يەنە نېمىشقا ئۇنىڭغا بېشىمنى ئېگىپ بەيئەت قىلغۇدەكمەن؟

— تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مەۋكەبنى ئاقسۇدىكى دوغلات زېمىنىدىن قۇياستىكى ئالمالىققا كۆچۈرۈپ كېلىپلا، ھەممىدىن ئاۋۋال چىڭگىزخان ياساقلىرىنى رەتلەپ چىقىپ پۈتۈن مەملىكەتكە قايتىدىن ئېلان قىلغانلىقىدىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بارغۇ دەيمەن، ھۆرمەتلىك ئەمىر قازغىن جانابلىرى، بىراق سىز ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟

www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭ ھەممىنى ئۆز ئاغزىغا قارىتىش ئۇچۇن شۇنداق قىلغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ !

— ھەببەللى، ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز. بىراق، بۇ مەسىلىنىڭ بىرلا تەرىپى، خالاس...

— ئۇنداق بولسا مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىچۇ؟

— سىز تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بۇتپەرەسلىكنى تەرك ئېتىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتەك دىن ئىسلاھاتى يۈرگۈزمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، بىراق تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە جېتە قوشۇنلىرىنى باشلاپ كەلگەنلىكىنىڭ بۇ ئىش بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

— ناھايىتى زور مۇناسىۋىتى بار! ئۇنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە لەشكەر باشلاپ كېلىشتىكى مەقسىتىمۇ شۇ، ئۇ كېيىنكى قەدەمدە مەملىكەت مىقياسىدا يۈرگۈزمەكچى بولغان ئاشۇ ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى كۆزلەيدۇ.

— ھۆرمەتلىك تۆمۈربەگ، سىز زادى نېمە دېمەكچى، سىزنىڭچە، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى ئەمىر قازغىن يەنىلا چۈشەنمەي.

— ھۆرمەتلىك ئەمىر قازغىن جانابلىرى، بىلەمسىز، — دەپ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى، — ماۋەرائۇننەھردىكى بۇ قۇملۇق سەھرالار بىلەن تاقىر تاشلىق دالالار بىزگە ھەم ئەجەل، ھەم بەخت بېغىشلىشى مۇمكىن. تۇغلۇق تۆمۈرخان باشلاپ كەلگەن چاغاتاي قوشۇنلىرى سىز ـ بىزنىڭ تولپىلماقچى بولغان قوشۇنىمىزدىن ئۈچ ھەسسە ئاز. بىراق، گەپ بۇنىڭدا ئەمەس. سىز بۇ لەشكەرلەرگە ئىشەنچ قىلالامسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ لەشكەرلىرىڭىزنىڭ كۆپ قىسمى دەشتى قىپچاق ئاھالىسى ئارىسىدىن يۆلغا سېتىلغان

ياللانما لەشكەرلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ موھتاجلىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، قورسىقىنى بېقىش ئۈچۈنلا سىزگە ياللانغان. ئۇلار بۇ ئۇرۇشقا دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ جۈۋىسىدا تەرلەش يۈزىسىدىنلا قاتنىشىدۇ. ئۇلارغا پەقەت ئولجا ـ غەنىيمەت بولسىلا بولدى. شۇڭا، جەڭدە ئولجا ـ غەنىيمەتنى قايسى تەرەپتىن ئاسانراق ۋە كۆپرەك ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولسا، ئۇلار شۇ تەرەپكە باسقۇن قىلىشتىن يانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ پۈتۈن ئەقىل ـ پاراسىتىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئۈستىمىزگە بالايىئەزىمدەك بېسىپ كېلىۋاتقان بۇ ئۇرۇش ۋەھىمىسىنىڭ توپان سۈيىنى قايتۇرمىقىمىز، تېزدىن غەلىبە ـ نۇسرەت ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، بىزنى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدىن قۇتقۇزغۇچى ئاشۇ ئىشەنچلىك سوقماقلارغا چۈشمىكىمىز زۆرۈر... ئۇرۇشساق، بىزنى ئۆلۈم، ۋەيرانچىلىق، ئىززەت ـ نەپسىمىزنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدەك پاجىئەلىك ئاقىۋەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

— بىزگە سۈلھى قىلىشتىن باشقا چارە يوق، دېمەكچىمۇسىز؟

— شۇنداق، سۈلھى قىلىش ھەرھالدا يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى ياخشىراق ئاقىۋەتتۇر. ھېچبولمىغاندا، ئۇ زېمىنىمىزنى، خەلقىمىزنى بالايىئاپەتتىن ۋاقتىنچە بولسىمۇ ساقلاپ قالىدۇ.

ئەمىر قازغىن ئالدىدا تۇرغان بۇ يىگىرمە ياشلىق يىگىتكە سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى مانا ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدى...

ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ ئۈچىسىدىكى ئاددىي نۆكەرلىك كىيىمىدىن ۋە ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشىدىن ئۇنىڭ باھادىرلارغا خاس قەيسەرلىكى نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق باھارىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ھۆكۈمرانلارغا خاس رەھىمسىزلىكنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان

سۇرلۇك سالاپىتى ئۇنىڭ ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان، ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھقا ئىگە جەسۇر ۋە شىجائەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

*　　*　　*

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سىرىق رەڭلىك چېدىرى چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىدىن يىرىم ياغاچ يۇقىرىسىدىكى بىر تۆپىلىك ئۈستىگە تىكلەنگەنىدى. خان چېدىرىنىڭ ئەتراپىدا جىسەكچىلىكتە تۇرغان نۆكەرلەر تۇرغاۋۇتلار تۇمەنىنىڭ ئىچىدىن خىللاپ گىزەكچىلىككە ئەۋەتىلگەن تۇرغاۋۇتلار ئىدى. ئۇلار ئۆز ۋەزىپىسىگە ئىنتايىن سادىق، بىر ـ بىرىدىن بەستلىك، كۈچتۈڭگۈر نۆكەرلەر بولۇپ، تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ رۇخسىتىسىز خان چېدىرىنىڭ ئەتراپىغا ھېچكىمنى بىر قەدەممۇ يېقىنلاشقىلى قويمايتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەتىگەندىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ سىرىق رەڭلىك چېدىرىدا چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىر كىبىرى، تۇرغاۋۇتلار تۇمەنىنىڭ ئەمىرى تاشتۆمۈر باھادىر، مەملىكەتنىڭ باش يارغۇچىبېگى، نازىر بەگ، ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئەمىر تۆمۈر مەلىك، خان مۆھۈردارى، بىتىكچى يەللىغ تايشى ۋە بىر قىسىم ئەمىر ـ ئۆمەرالار قاتارلىق ئاز سانلىق كىشىلەرنى كېڭەشكە چاقىرغان بولۇپ، بۇ كېڭەشتە چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىدى.

ـــ ئەمىر قازغىن سەمەرقەنت سىپىلىنىڭ ئېگىز ھەم مۇستەھكەملىكىگە، لەشكەرلىرىنىڭ كۆپ ھەم كۈچلۈكلۈكىگە تەمەننا قويۇپ، بىز بىلەن كۈچ سىناشماقچى بولۇۋاتىدۇ، ـــ دىدى تۇغلۇق تۆمۈر كېڭەش ئەھلىگە، ـــ شەھىرىسەبىزدىن كەلگەن

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئەمىر ھاجى بارلاس ئەمىر قازغىننى سەلتەنەتىمىزگە قارشى قوپۇشقا قۇترىتىپ قويۇپ، ئۆزى جەيھۇننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى خۇراسان ۋىلايىتىگە قېچىپ بېرىۋاپتۇدەك. ئەگەر بىز بۇ يەردىن لەشكەر چېكىندۇرۇشتىن ئىلگىرى ئەمىر قازغىننىڭ ئەدىپىنى تازا بېرىپ قويمايدىغان بولساق، ئۇنىڭ يۈرىكى يوغىناپ، سەلتەنەتىمىزگە يەنە مۇشت ئېتىشتىن يانمايدىغاندەك قىلىدۇ. بىراق، مەن قولىمىزدىكى بۇ ئۈچ تۇمەن لەشكەرگە تايىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن نۇسرەت بەرگۇ ئۇرۇش قىلالماسلىقىمىزدىن ئەنسىرىمەكتىمەن. ھۆرمەتلىك دۆلەتپاناھلار، بۇ ھەقتە سىلەرنىڭ قانداق ياخشى مەسلىھەتىڭلار بار؟

— ناھايىتى ھەق گەپ قىلدىڭ، جانابىي خان ئالىيلىرى، — دېدى ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىر ھەممىدىن بۇرۇن سۆز ئېلىپ، — مەن ئالغان سىرتىقتىن قارىغاندا، ماۋەرائۇننەھردىكى ئۇلۇس ـ قەبىلىلەرنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرى پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، ئەمىر قازغىنغا بولۇشماسلىقنى قارار قىپتۇ. قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇلۇغ تۆمۈرنىڭ ئىلغارلار سېپىگە قوشۇلۇپ، سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ بارماقچى بولۇۋېتىپتۇ؛ كۆرەگانلار ئۇرۇقىنىڭ ئۇلۇغى ئەمىر تۆمۈر ئەمىر قازغىنغا چاغاتاي سەلتەنەتى بىلەن قارشىلاشماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئالايتەن سەمەرقەنتكە يېتىپ بېرىپتۇ. يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، ھۆرمەتلىك خان ئالىيلىرى، بىز ئەمىر قازغىننىڭ ئىشىدىن بەك ئەندىشە قىلىپ كەتمىسەكمۇ بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

— مەنمۇ ئەمىر كېبىر جانابلىرىنىڭ بۇ مۇلاھىزىسىگە قوشۇلىمەن، — دېدى خان مۆھۈردارى يەللىغ تايشىمۇ، — مەنمۇ سەمەرقەنت شەھىرى ھېچقانچە بەدەلسىزلا خان ئالىيلىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن!

— ھۆرمەتلىك تايشى، سىززە، ئەمىر قازغىنىنى سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ قاپقىلىرىنى ئېچىپ، ئاچقۇچلىرىنى ئۆز قولى بىلەن بىزگە تاپشۇرۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايدىكەنسىز - دە! — دېدى تۇغلۇق تۆمۈر چوڭقۇر ئىستىھزا بىلەن.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، جانابىي خان ئالىيلىرى، — دەپ يەللىغ تايشى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كېچە مەن ئۇستۇرلاب[①]نى ئېچىپ يۇلتۇزلارغا باقسام، مىررىخ يۇلتۇزى[②] پەلەكنى ئايلىنىپ بىر دەۋر قىلىپ چىققان ئون ئىككىنچى كۈنگە — يەنى دەل ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورنىغا توغرا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. مىررىخ يۇلتۇزى غەزەپ يۇلتۇزىدۇر. مىررىخ يۇلتۇزىغا توغرا كەلگەن ۋاقىت ماكان ۋە زامان ئەھمىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا غەلىبە - نۇسرەتتىن دېرەك بېرىپ تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئويلايمەنكى، مۇنداق ئون تۇرلۇك ئىش تۈپەيلىدىن غەلىبە - نۇسرەت ئەمىر قازغىندىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە شۇنىڭدەك يەنە مۇنداق ئون تۇرلۇك ئىش تۈپەيلىدىن غەلىبە - نۇسرەت سىز خان ئالىيلىرىغا كۈلۈپ قۇچاق ئاچىدۇ.

— بۇ ئون تۇرلۇك ئىش بىلەن ئۇ ئون تۇرلۇك ئىش قايسىدۇر؟ ھۆرمەتلىك مۆھۈردار، بىزگە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ چۈشەندۈرگەيسىز، — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ.

— باش ئۈستىگە، جانابىي خان ئالىيلىرى، — دېدى يەللىغ تايشى قۇللۇق بىلدۈرۈپ، — بۇ ئون تۇرلۇك ئىشنىڭ بىرىنچىسى، ئەمىر قازغىن قۇدرەتلىكتەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە سەۋر - تاقەتنى بىلمەيدىغان، زالىم، شەپقەتسىز،

① ئۇستۇرلاب — ئىسلام ئاسترونومىيەسىدە قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

② مىررىخ يۇلتۇزى — مارس. ئۇ ئىسلام ئاسترونومىيەسىدە قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدىغان يەتتە سەييارىنىڭ ئۈچىنچىسى دەپ قارىلىدۇ.

ھاكاۋۇر ۋە بىسيار ئابرۇيپەرەس ئادەمدۇر؛ ھالبۇكى، خان ئالىيلىرى سىز ئىنتايىن چىداملىق، غەيرەتلىك، كىچىك پېئىل، چىقىشقاق ۋە ئەئيانلارنى قانداق ئىشقا سېلىشنى بىلىدىغان ھۆكۈمدارسىز. شۇڭا، ھۆكۈمدارلىق ئۇدۇمىدا سىز ئەمىر قازغىنىدىن ئۈستۈن تۇرغاچقا، ئۇنى چوقۇم ئۇتالايسىز؛ ئىككىنچىسى، ئەمىر قازغىن قۇدرەتلىكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن زامانغا بېقىپ ئىش قىلىشنى بىلمەيدۇ، خان ئالىيلىرى سىز زامانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىپ كەلمەكتىسىز. شۇڭا، خەلق رايى ئۇدۇمىدا سىز ئەمىر قازغىنىدىن ئۈستۈن تۇرغاچقا، ئۇنى چوقۇم ئۇتالايسىز؛ ئۈچىنچىسى، مەرھۇم خان ئاتىڭىز ئېسەن بۇغاخاندىن كېيىنكى تا سىزگىچىلىك بولغان چاغاتاي خانلىرى رەئىيەتكە زىيادە رايىشلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. بۇ گەرچە ئاددىي كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى سۈپەت بولسىمۇ، ئەمما ھاكىمىيەتچىلىك ئۇدۇمىدا ئۇ سەلتەنەتنىڭ سۈرىگە ئىنتايىن قاتتىق زەرەر يەتكۈزىدىغان ئىش بولغاچقا، ھۆكۈمدار بولغان كىشى قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدىغان بىر ئىش ئىدى. ھالبۇكى، ئەمىر قازغىن قاتتىق بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردا ئىنتايىن رايىش بولدى، ئەكسىچە رايىش ـ يۇمشاق بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردا ناھايىتى قاتتىق بولدى؛ خان ئالىيلىرى، سىز چاغاتاي سەلتەنەتىدىكى بۇ نۇقسانلارنى تېز تۈزىتىپ، ھاكىمىيەتچىلىك سۈرىنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلمەكتىسىز. ئەمىر ـ ئۆمەرالار، بەگ ـ بىگاتلار سەلتەنەتىڭىزنىڭ سۈرىدىن ئەيمىنىدىغان، تەپ تارتىدىغان بولدى. سىز ياساق ـ تۈزۈكلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلگەن يوسۇن بويىچە سوراۋاتىسىز. شۇڭا، ياساق ـ تۈزۈك ئۇدۇمىدا سىز ئەمىر قازغىنىدىن ئۈستۈن تۇرغاچقا، ئۇنى چوقۇم ئۇتالايسىز؛ تۆتىنچىسى، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ۋە يۇكسەك دەرىجىلىك خانلار پەزىلەتلىك ياخشى كىشىلەرگە شەپقەت يۈزىنى كۆرسىتىپ، ئۇلار

ئۈچۈن مەرھەمەت يولىنى كەڭ ئاچمىقى لازىمدۇر. چۈنكى، خان ـ پادىشاھلارنىڭ ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرى جۈرئەتلىك، تەدبىرلىك، بىلىملىك، غەرەزسىز، ھىممەتلىك ۋە پەزىلەتلىك دۆلەت ئەركانلىرىسىز ھەرگىز ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئەمىر قازغىن قارىماققا شەپقەتلىك ۋە مەرھەمەتلىكتەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېچكىمگە شەپقەت يۈزىنى كۆرسەتمىدى، ھېچكىمگە مەرھەمەت قىلمىدى. بۈگۈنى بۇنى ئەتىۋارلاپ مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىغا مۇئەككەل قىلسا، ئەتىسى ئۇنى ئەمىرلىكتىن چۈشۈرۈۋېتىپ، يەنە باشقا بىرىسىنى ئەتىۋارلاپ بەگ قىلدى. كاتتىلار بىلەن ئۇلۇغلارنىڭ قەدرىنى بىلمىدى، چوڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىدى. بۇ ۋەجىدىن كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلى ئاغرىپ، ئامالسىزلىقتىن ئىتتىپاقلاشقاندەك قىلىشىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى ئۆز غېمى بىلەن مەشغۇل بولدى؛ خان ئائىلىلىرى، چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ دۆلەت ئەسۋابلىرى سىزنىڭ ھىممىتىڭىزنىڭ شاراپىتىدە تەييار بولدى. جىمى ئۇلۇس ـ ئايماقلار سىزگە قۇللۇق دەرىجىسىدە پەرمانبەردار بولدى. خەزىنە ۋە مەملىكەت مەمۇرچىلىق ۋە مۇستەھكەملىك سۈپىتى بىلەن زىننەتلەندى. دۆلەت كۆچىتى ھىممىتىڭىزنىڭ بە قارارلىق سۈيىنى ئىچىپ ياشاردى. شۇڭا، ھىممەت ئۇدۇمىدا سىز ئەمىر قازغىندىن ئۈستۈن تۇرغاچقا، ئۇنى چوقۇم ئۇتالايسىز...

يەللىغ تايشى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سۆزىنى توختىتىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخانغا: «داۋاملىق سۆزلەۋېرەيمۇ» دېگەندەك قاراپ قويدى.

خان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمەستىن ئاڭلاپ ئولتۇرغان ۋە كۆڭلىدە بىر ـ بىرلەپ تەھلىل قىلىۋاتقاندى. يەللىغ تايشىنىڭ توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە:

— ھۆرمەتلىك يەللىغ تايشى، قۇلىقىم سىزدە، سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرىۋېرىڭ! — دېدى.

خاننىڭ داۋاملىق سۆزلەشكە ئىجازەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ،

يەللىغ تايشى:

— قۇللۇق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بەشىنچىسى، پاراسەت بىلەن شىجائەت ئىككىسى بىر جۈپ قوشكېزەكلەردۇر. پاراسەتنىڭ مەنىسى — ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ سۈرىتىدىن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تېپىپ چىقىش دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، قەدىمكىلەر: «سەلتەنەتنىڭ زىننىتى پاراسەت بىزىكى بىلەن روشەنلىشىدۇ» دېگەن. ۋاھالەنكى، شىجائەتنىڭ مەنىسى — كۆڭۈلنىڭ قۇۋۋىتى دېگەنلىك بولىدۇ. پاراسەتلىك بولۇش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال قەلبىنى پاك ۋە كۆڭۈلنى ساپ تۇتماق لازىم. بۇ — پاراسەتلىك بولۇشنىڭ شەرتىدۇر؛ پاراسەتلىك بولۇش ئۈچۈن يەنە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى دائىم ئەستە ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ پاراسەتلىك بولۇشنىڭ يولىدۇر. قورقۇنچاقلار مەغلۇبىيەت ئىچىدە قاچماقنى جاننى ھىمايە قىلىشنىڭ يولى دەپ بىلىشىدۇ؛ شىجائەتلىكلەر پەم ـ پاراسەتكە تايىنىپ مەغلۇبىيەت ئىچىدىمۇ نىجاتلىق تاپالايدۇ. ئەمىر قازغىن پەم ـ پاراسەت بابىدا خامراق بولسىمۇ، ئەمما ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشكە ماھىر، شىجائەت بابىدا جۈرئەتسىزلىك قىلىدىغان قاچاقتۇر. خان ئالىيلىرى، سىزگە ھېچقانداق نەرسە سىر ۋە مەخپىي ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇغان تەڭرى سىزنى پاراسەتلىك ۋە شىجائەتلىك قىلىپ ياراتقان. ھەرقانداق مۈشكۈل ئىشقا يولۇقسىڭىزمۇ ئەقلىڭىزنى غەيرىتىڭىزگە يولباشچى قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ كېتەلەيسىز. شۇڭا، ئەقىل ـ پاراسەت ئۇدۇمىدا سىز ئەمىر قازغىندىن ئۈستۈن تۇرغاچقا، ئۇنى چوقۇم ئۇتالايسىز؛ ئالتىنچىسى، كەرەملىك بولۇش ۋە تەۋازۇلۇق قىلىش — ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئېسىل پەزىلەتتۇر. كەرەملىك بىلەن تەۋازۇلۇق — كۆڭۈل قۇشىنى ئوۋلاشتىكى ئىككى لوقما دام بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەركىم شۇ ئىككى لوقما دامنىڭ بىرسىگە ئىلىنىپلا قالسا، ئۇنىڭ بوشىنالىشى ھەرگىز

www.uyghurkitap.com

مۇمكىن ئەمەس. ئەمىر قازغىن ئۆزىنىڭ يېشىنى، ئۆزىنىڭ نەسەبىنى پەش قىلىپ، نام ـ شۆھرەت تاپىقان ئادەمدۇر. ئۇ ئۆزىنى كۆچلۈك ۋە زور قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۆز ئەتراپىغا ئار ـ نومۇسنى تاپاۋىتىگە سەرپ قىلىدىغان بىر توپ تەخسىكەشلەرنى يىغىۋالدى؛ ھالبۇكى، خان ئالىيلىرى باشقىلارنى خۇددى ئۆزىڭىزدەكلا قەدىرلىك بىلدىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئۆزىڭىزدىنمۇ زىيادە قىلدىڭىز. ئۇلۇغلار: «ئالىمنىڭ ئارقىسىدىن يەتتە قەدەم يەرگىچىلىك ئۇزىتىپ بارغان ھۆكۈمدار يەتتە دوزاخ ئازابىدىن پارىغ بولۇر، ئۇنىڭ نەسەبىدىن يەتتە ئەۋلادىغىچە پادىشاھ چىقۇر» دەپ ھۆكۈم قىلغان. شۇڭا، پەزىلەت ئۇدۇمىدا سىز ئەمىر قازغىندىن ئۈستۈن تۇرغاچقا، ئۇنى چوقۇم ئۇتالايسىز؛ يەتتىنچىسى، ھىممەتلىك بولۇش بىلەن سېخىيلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى شەرەپلىك سۈپەت پەقەت پاك ـ دىيانەتلىك ھۆكۈمدارلارغىلا خاس سۈپەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سېخىيلىق ئىنساننىڭ تېنى بولسا، ھىممىتى ئۇنىڭ جېنىدۇر. ئادەملەرگە سېخىيلىق قىلىش گويا ئاچ قالغان كىشىگە تاماق بېرىپ، قورسىقىنى تويدۇرغانغا ئوخشاش بولسا، ھىممەتلىك بولۇش ئەت ـ يانى ئېچىلىپ قالغان يالىڭاچ ئادەمگە كىيىم كىيدۈرۈپ، ئار ـ نومۇسنى ياپقانغا ئوخشايدۇ؛ ئەمىر قازغىن مەنسەپ ۋە بايلىق كىبىرى بىلەن مەست ـ مۇستەغرەق بولۇپ كەتكەچكە، موھتاجلىق ئىشىكىدە خەيرخاھلىق ئىزدەپ يۈرگەن پازىللارغا ھىممەت ئىشىكىنى ياپتى؛ چىشىنى چاشقاندەك نەپسىگە قورال قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ قارنى تويسىلا ئەل ـ جامائەت بىلەن كارى بولمايدىغان زالىملارغا خەير ـ ساخاۋەت تونى ياپتى؛ خان ئالىيلىرى، سىز ھۆكۈمدارلىق بابىدا قىلچىمۇ غاپىل بولمىدىڭىز، بەلكى بارغانسېرى ھوشيار بولۇپ، پۇقرالارنىڭ ھالىغا يەتتىڭىز. مېھىر ـ شەپقەت ئارغامچىسى بىلەن مەزلۇملارنى زۇلۇم قۇدۇقلىرىدىن تارتىپ چىقىرىپ، جەبىر ـ جاپادىن خالاس قىلدىڭىز. ئادالەت قۇياشىنىڭ ئاپتىپى بىلەن

مەملىكەتنى يورۇتتىڭىز. شۇڭا، مېھىر ـ شەپقەت ئۇدۇمىدا سىز ئەمىر قازغىنىدىن ئۈستۈن تۇرغاچقا، ئۇنى چوقۇم ئۇتالايسىز.
سەككىزىنچىسى، ھۆكۈمدارلىق ئۇدۇمىدا ھىممەتسىز، پەسكەش ئادەملەر ئەزەلىي تەرىقە①دە باش بولسا، سەلتەنەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى قەدىرسىزلىك بۇلۇڭىغا تاشلىنىپ قالىدۇ. زۇلۇم ئوچاقلىرىدىكى زورلۇق ئوتلىرى يالقۇنلىغانسېرى، پۇقرالارنىڭ قەلبىدىكى نىجاتلىق ئۇچقۇنلىرى ئۆچۈشكە باشلايدۇ! باشباشتاقلىق، تەپرىقە ـ ئىنقىزار②لىق تۈپەيلىدىن مەملىكەت ۋەيران بولۇشقا باشلايدۇ؛ ئەمىر قازغىنىن رەزىل ۋە رىياكار ئادەملەرنى ئەتىۋارلىدى، پازىل ـ ئىستېدات ئىگىلىرىنى قەدىرلىمىدى. خان ئائىلىلىرى، سىز پازىل، قابىلىيەت ئىگىلىرىگە ھىممەت قىلىپ قەدىرلىدىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە لايىق مەرھەمەت ۋە مېھرىبانلىق كۆرسەتتىڭىز. ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرۇپ، خاھىشىڭىزغا خىلاپ سۆز ـ ھەرىكەتتە بولۇشقا يول قويمىدىڭىز. شۇڭا، دانالىق ئۇدۇمىدا سىز ئەمىر قازغىنىدىن ئۈستۈن تۇرغاچقا، ئۇنى چوقۇم ئۇتالايسىز؛ توققۇزىنچىسى، مەملىكەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى زاۋال تېپىشى خان ـ پادىشاھلارنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىغا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر پادىشاھ ئادىل، ھوشيار بولسا، پۇقراغا بەرىكەت، مەملىكەتكە تىنچلىق، ئاسايىشلىق نېسىپ بولىدۇ؛ ئەگەر پادىشاھ زالىم، غاپىل بولسا، پۇقرانىڭ مەئىشىتى خانىۋەيران، مەملىكەت زەبۇن ۋە خاراب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دانىشمەنلەر: «ئادالەت پادىشاھلارنىڭ بارچە سۈپەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى سۈپىتىدۇر؛ زالىملىق مەملىكەت ۋە سەلتەنەتنىڭ زاۋاللىقىدۇر» دەپ ياخشى ئېيتقانىدى؛ ئەمىر قازغىن زالىم ھۆكۈمران بولغاچقا، رەئىيەتنىڭ دىلىغا ئازار بەردى. ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆردى. شۇڭا، بىز ئۇنى چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ ئىززەت ـ

① ئەزەلىي تەرىقە — باش يول، چوڭ يول، داغدام يول.
② ئىنقىزار — بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش.

ئابرۇيىنى تۆككەن ئەخمەق ھۆكۈمدار دەيمىز؛ خان ئالىيلىرى، سىز زۇلۇم چەككەنلەرنىڭ دادىغا يېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا شەپقەت نەزىرىڭىزنى سالدىڭىز. دىلى زالىملارنىڭ غەزەپ تىغىدىن مەجرۇھلانغانلارنىڭ جاراھىتى سىزنىڭ ئادالەت مەلھىمىڭىزدىن شىپالىق تاپتى. زۇلۇمنىڭ ئىگىلىرى سىزنىڭ ئادالەت شەمشىرىڭىزدىن جازاسىنى تارتتى. شۇڭا، ھاكىمىيەتچىلىك ماھارىتىدە سىز ئەمىر قازغىندىن ئۈستۈن تۇرغاچقا، ئۇنى چوقۇم ئۇتالايسىز. ئۇنىڭچىسى، سىپاھگەرلىك — لەشكەركەشلىك بابىدا تەمكىن، ئېغىر - بېسىق ۋە تەدبىرلىك بولۇش خان - پادىشاھلارنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىدىن بىرسى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكىلەر ئالدىراقسانلىقنى ئوققا ئوخشاتقان. چۈنكى، ئوق كىرىچتىن ئايرىلدىمۇ، ئۇنى ئارقىسىغا قايتۇرماق بەسى قىيىندۇر؛ قەدىمكىلەر يەنە سالماقلىقنى قىلىچقا ئوخشاتقان. چۈنكى، قىلىچنى خالىغان چاغدا قىنىدىن چىقىرىشقا ياكى قايتۇرۇپ قىنىغا سېلىپ قويۇشقا بولىدۇ؛ تەدبىر — قول مەسەللىكتۇر. چۈنكى، ھېچقانداق قىلىچ قول مەدەت بەرمىگۈچىلىك كارغا كەلمەيدۇ. ئەمىر قازغىن لەشكەركەشلىك ئىلمىدىن خەۋەردار بولسىمۇ، ئەمما لەشكىرىي ئىشلاردا سالماق ئەمەس. پۇتىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدۇ، تەدبىرچانلىقى كەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەرلىرىنى تەمىناتتىن قىسقانلىقتىن، سىپاھلىرىنىڭ ئاتلىرى ئارپا - سۇلۇسىز، ئېگەر - جابدۇقلىرى كونىرىغان. نىھايەت، ھۆكۈمدارلار لەشكەرلىرىدىن پۇلىنى ئايىسا، لەشكەرمۇ ۋاقتى كەلگەندە قىلىچ تۇتۇشتىن قولىنى ئايايدۇ. بۇنداق لەشكەر جەڭدە قانداق باتۇرلۇق كۆرسەتسۇن؟ خان ئالىيلىرى، سىزنىڭ يۈكسەك ھىممىتىڭىز سەۋەبىدىن لەشكەرلەر قۇللۇق دەرىجىسىدە پەرمانبەردار بولۇپ تۇرماقتا. ئۇلار سىز ئۈچۈن ئوتقا كىرىشكە، ئۇلۇغ سۇلارنى كېچىشكە رازى. خەزىنە ۋە مەملىكەت مەمۇرچىلىق ۋە مۇستەھكەملىك سۈپىتى بىلەن زىننەتلەندى،

دۆلەت دەرىخى بىقارارلىق شاراپىتى بىلەن بىزەلدى. شۇڭا، لەشكەر باشقۇرۇش ئۇدۇمىدا سىز ئەمىر قازغىنىدىن ئۇستۇن تۇرغاچقا، ئۇنى چوقۇم ئۇتالايسىز !

— باريكاللا، سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ دىلىم يورۇپ كەتتى، — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ ھەقىقەتەن دەستۇر قىلىپ ئوقۇيدىغان ھەقىقەتلەر ئىكەن !

— ئىلتىپات قىلسىڭىز، جانابىي خان ئالىيلىرى ! — دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى يەلىلىغ تايشىمۇ دەرھال، — خان ئالىيلىرىغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن بۇ ھەقتە بىر رىسالىمۇ تەييار قىلىپ قويغانمەن !

ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، تۇغلۇق تۆمۈر بەك خۇشال بولدى:

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا بەك ياخشى ئىش بوپتۇ. ئاستانىگە قايتقاندا، سىز يېزىپ چىققان بۇ رىسالىنى بىر ئوقۇپ چىقسام بولغۇدەك.

— تولىمۇ مىننەتدارمەن، جانابىي خان ئالىيلىرى !

بۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۈرخان تاشتۆمۈر باھادىرغا قاراپ:

— تاشتۆمۈر باھادىر، سىز لەشكەرلەرنى مېنىڭ قارارىم بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ دەرھال سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلانغايسىز ! — دېدى، ئاندىن نازىربەگ، ماۋەرائۇننەھر نائىبى تۆمۈر مەلىككە دېدى:

— سەن ھەرقايسى ئۇلۇس - ئايماقلارنىڭ ئەمىر - بەگلىرىگە پەرمانىمنى يەتكۈزگەيسەن. ئۇلار ئادەملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى ئاستىغا توپلىسۇن ۋە سەمەرقەنتكە ئاتلىنىشقا تەييارلانسۇن. مۇبادا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى چەتكە ئالغۇچىلار بولسا، دەرھال سۈرۈشتە قىلىپ، ياساققا تارتىڭلار ! ھەرگىز رەھىم قىلىنمىسۇن !

تاشتۆمۈر باھادىر بىلەن تۆمۈر مەلىك ئىككىسى:

— پەرمانىڭىزنى دەرھال ئورۇنلىغايمىز ! — دەپ قۇللۇق بىلدۈرۈشتى.

www.uyghurkitap.com

ئەتىگەندە باشلانغان بۇ كېڭەش كەچقۇرۇن ئاياغلاشتى...

ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق. تۆپىلىكنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا چېدىرلاردا ئادەملەر كىرىپ - چىقىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار ماۋەرائۇننەھردىكى ئۇلۇس - قەبىلىلەرنىڭ ئەمىر - بەگلىرى ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بارلاس، سۇلدۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئەمىر - بەگلىرى كۆرۈنمەيتتى.

ئۇلار چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ باش سەركەردىسى ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىرغا ھەر خىل رەڭدە بويالغان ئوقيا ئوقلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقانىدى. بۇ ئوقلار ئۇلارنىڭ چاغاتاي سەلتەنەتىگە بويسۇنىدىغانلىقى ھەققىدىكى تىلخەتلىك رولىنى ئۆتەيدىغان ھەربىي ھوقۇقنىڭ بەلگىسى ئىدى. مۇلازىملار تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇلاردىن رەڭلىك ئوقلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مىتالدىن ياسالغان تەمتەكلەرنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ياساق - بەلگىلىمىلەرنى ئۇلارغا ئېزىپ ئىچۈرۈپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. بۇ تەمتەكلەرمۇ باش سەركەردە بىلەن باشقا سەركەردىلەر ئارىسىدا يۇقىرى - تۆۋەن مۇناسىۋەتتىكى ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلەرنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان شەرتلىك بەلگىلەر ئىدى.

چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ پەرمانى بويىچە ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىر قوشۇنغا بۈگۈن ئەتىگەن تاڭ ئاتماستىلا سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. پۈتكۈل قوشۇن بويىچە غول قىسىم، ئوڭ قانات قىسىم ۋە سول قانات قىسىمدىكى لەشكەرلەر باشتىن - ئاياغ ساۋۇت - قۇياق، دۇبۇلغىلىرىنى كىيىشىپ، ئاتلىرىغا گىچىم① تاقاشقا باشلىدى.

لەشكەرلەر ئۆز تۇمەنىدىكى ھەزارە، يۈزلۈكلىرىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن، ئەمىر - بەگلەرنىڭ نامىنى ئاتىشىپ ئۇياق - بۇياققا

---

① گىچىم — ئۇرۇشتا ئاتلارنى ئوقتىن ساقلايدىغان زەنجىر زىرىھ.

چېپىشاتتى، بىر ـ بىرىنى چاقىرىشاتتى. ئۇلار بىرپەس ئوپۇر ـ توپۇر بولۇشقاندىن كېيىن، ئاتلىرىنىڭ ئۇلاڭ ـ تۆشلۈكلىرىنى تارتىپ چىڭىتىشتى ـ دە، ئاتلىرىغا مىنىشىپ، سەپكە قوشۇلۇش ئۈچۈن توقايلىققا چېپىپ كېتىشتى.

چاغاتاي قوشۇنلىرى ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە رەتلىك، تەشكىللىك ئاساستا سەپ تۈزدى. ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان سىپاھلاردىن ئالاھىدە بىر قىسىم تەشكىل قىلدى، ئۇلارنى ئوندىن ـ ئوندىن ھەم ئەللىكتىن ـ ئەللىكتىن قىلىپ بۆلۈملەرگە بۆلدى. ئاندىن ئۇلارغا ئونبېشى، ئەللىكبېشى بەلگىلەپ بەردى. بۇنداق بولغاندا، ئۇرۇش ۋاقتىدا قوشۇندىكى ھەربىر ئونلۇق، ئەللىكلىك توپلار ئۆزلىرىنىڭ ئوڭ قول ياكى سول قولدا تۇرىدىغان يەرلىرىنى ۋە ھۇجۇمغا ئۆتكەندە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئېنىق بىلىپ تەييار بولالايتتى ھەمدە ئوڭ يان تەرەپ، سول يان تەرەپ ۋە ئالدىدا يۈرگۈچى دېگەندەك سەپلەر بويىچە ئوڭاي ۋە خەۋەرچىسىزلا راسلىنىپ جەڭگە بىۋاستە كىرەلەيتتى.

قوشۇننىڭ ئارقا سەپ ئىشلىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولغان خوجىلىق قىسىملىرى ھەربىي چېدىرلارنى يىغىپ، يۈك ـ تاقلارنى تېڭىپ، تايلاپ ھارۋىغا بېسىش ۋە تۆگىلەرگە ئارتىش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلاۋاتاتتى. ئەتراپتا ھەربىرىگە بەشتىن ئۆكۈز قېتىلغان كۆتەك ھارۋىلار، قېچىرلار ۋە قاتار تۆگىلەر، ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى، موي ۋە مەخمەل چېدىرلار ۋە ئۆيلەر، خەرۋار ـ خەرۋار ساندۇقلار كۆزگە چېلىقاتتى.

كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، چىلان تورۇق يۇلتۇز ئارغىمىقىنى مىنگەن تۇغلۇق تۆمۈرخان نازىربەگ، ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئەمىر تۆمۈر مەلىك ۋە ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ ھەمراھلىقىدا قوشۇننىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا يەللىغ تايشى ۋە ماۋەرائۇننەھرلىك بەگ ـ

ئەمىرلەرمۇ بار ئىدى. قوشۇندىكى لەشكەرلەر خانغا قىزغىن ئالقىشلارنى ياڭراتتى. ئالقىش سادالىرىدىن پۈتۈن توقايلىق لەرزىگە كەلدى.

چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان تۇغچىنىڭ قولىدىكى توققۇز جالالىق قىزىل تۇغ شامالدا يەلپۈنۈپ جەۋلان قىلاتتى. تۇغنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆتكۈر تىرناقلىق چاڭگىللى بىلەن ئۈچ تال ئوقنى قاماللاپ تۇتقان قارچىغىنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەنىدى.

تۇغلۇق تۆمۈر ئۈستىگە زىرىھلىق ساۋۇت ـ قۇياق كىيگەن بولۇپ، بېشىدىكى دۇبۇلغىسىنىڭ قۇببىسىگە قاداقلىق تۇرغان بىر تۇتام كۆككۈتان ئۇكىسى مەيىن شامالدا تەۋرىنىپ، خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك، ئۇنىڭ قاۋۇل بەستىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. قۇياش نۇرىدا بېشىدىكى دۇبۇلغىسى، ئۈستىدىكى زىرىھ ـ ساۋۇتى تېخىمۇ جۇلالىنىپ پارقىرايتتى. ئاستىدىكى چىلان تورۇق ئارغىماق خۇددى جەڭ مەيدانىغا ئۇچۇپ كىرىشكە تەلپۈنۈپ تۇرغاندەك چاپچىپ، تىزگىن سىيرىپ بىر ئىزدا زادى جىم تۇرمايۋاتاتتى.

ئاخىر يۈرۈش قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. تۇغلۇق تۆمۈر ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىرغا «ئاتلىنىڭلار !» دەپ قول شىلتىدى. قوشۇن ئۆركەشلىگەن دەريا سۈيىدەك جەنۇبقا قاراپ ئاقتى. چىلان تورۇق ئارغىماقنى سىلىق قاترىتىپ كېتىۋاتقان چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئارقىسىدىن ئەمىر ـ ئۆمەرالىرىمۇ ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ ماڭدى. «جېتە قوشۇنلىرى» دەپ ئاتالغان بۇ قوشۇن سەلتەنەتلىك يۈرۈشكە ئاتلاندى. باش ـ ئاخىرى كۆرۈنمەيدىغان بۇ غايەت زور ئېقىم ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ پارلاق نۇرى ئىچىگە چۆمۈپ، ئۇيۇققا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

* * *

سەمەرقەنت شەھىرى ماۋەرائۇننەھر بويىچە مۇداپىئەسى ئەڭ مۇستەھكەم شەھەرلەرنىڭ بىرسى. شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن بىر دەريا ئايلىنىپ ئاقاتتى. بۇ سۇ بىلەن سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدا كەڭلىكى تەخمىنەن تۆت چاقىرىم كېلىدىغان كۆھەك ئېدىرلىقى بار بولۇپ، دەريانىڭ نامىمۇ ئاشۇ كۆھەك ئېدىرلىقىنىڭ نامى بىلەن «كۆھەك سۇيى» دەپ ئاتىلاتتى. سەمەرقەنت قورغىنى كۆھەك ئېدىرلىقىدىكى تىك يار ئۇستىگە جايلاشقان. كۆھەكنىڭ كەسكەن ياردەك تىك ياقىسى سەمەرقەنتنى دۈشمەننىڭ ئۇدۇلىدىن قىلىدىغان ھەرقانداق ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالالايتتى.

تېگى چوڭقۇر خەندەكتىن ھاسىل بولغان ئېگىز تاغدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قورغان سېپىلى كۆھەك ئېدىرلىقىنىڭ تىك ياقىسىنى بويلاپ ئۇزاقلارغىچە سوزۇلغان بولۇپ، خەندەكلەرنىڭ ئىچى سۇ بىلەن تولدۇرۇلغانىدى. سېپىلنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈپ ياسالغان بەزى بۆلەكلىرىنىڭ ئۇستىگە يوغان تاشلار دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. شەھەرنى بىكىتىش ھەربىي ئىلمىدە «مۇداپىئە سەنئىتى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭ مەنىسى: «سان جەھەتتە ئاز بولغان مۇداپىئەچىلەرنىڭ سان جەھەتتە كۆپ بولغان دۈشمەن ھۇجۇمىدىن سېپىلغا تايىنىپ ئۆزىنى قوغدىشى» دېگەنلىك بولاتتى. ئەمما، بۇ يەردە ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئىسيانچى ئەمىر قازغىن سەمەرقەنت سېپىلىغا «جېتە قوشۇنلىرى»دىن بىر ھەسسىدىن كۆپ لەشكەر بىلەن بېكىنىۋالغانىدى. ئۇنى باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈن سەمەرقەنت سېپىلىنىڭ ئالدىغا توپلانغان بۇ «جېتە قوشۇنلىرى» بولسا سان جەھەتتىن ئۇنىڭغا يەتمەيتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ قارارگاھى كۆھەك سۇيىنىڭ دوقمۇشىدىكى يوغان بىر پايناپ تاشنىڭ دالدىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ تاشنىڭ

ئالدى تەرىپى سەمەرقەنت شەھىرىگە قاراپ تۇراتتى. تاشنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ قارىغان ئادەمگە شەھەر قورغىنى بەش قولدەك ئېنىق كۆرۈنەتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن ھاۋا سۈزۈك بولۇپ، ئاسماندا ئاندا ـ ساندا ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى. قۇياش كۆھەك ئېدىرلىقنىڭ ئۇستىدە پارلاپ تۇراتتى. پايناپ تاش ئۇستىدە تۇرۇپ شەھەر سېپىلىنى كۆزىتىۋاتقان تۇغلۇق تۆمۈر مۇلازىملىرىغا ئات كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئۇ تاشتۆمۈر باھادىر، ئەمىر تۆمۈر مەلىك قاتارلىق بەگ ـ ئەمىرلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە سەمەرقەنت سېپىلىنى ئايلىنىپ كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

خان ئەمىر ـ ئۆمەرالىرىنى باشلاپ، تۈپ ئوقى يەتمەيدىغان يەردىن سېپىلنى ئاتلىق ئايلىنىپ ماڭدى. سېپىل ئۇستىدىكى كۆزەتچى لەشكەرلەر سېپىلنى ئايلىنىپ ئاتلىق كېتىۋاتقان بۇ ئادەملەرگە ھەيران بولۇپ قارىشىپ تۇراتتى.

ئۇلار ئات ئۇستىدە كېتىۋېتىپ، يول ئۇستىدە قورغان سېپىلىغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان يۈزلۈكلەر ۋە ھەزارەلەرنى ئۇچراتتى. بۇ لەشكەرلەر ئۆزلىرى ھوجۇمغا ئۆتىدىغان بۆلەكلەرگە ئالدىنئالا كىرىپ ئورۇنلىشىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىشىۋاتاتتى. ھەرقايسى لەشكىرىي بىرلىكلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى يول ئۇستىدە قوشۇن بىلەن بىللە يۈرىدىغان بازارغان① سوغداقلار يايمىلىرىنى يېيىشىپ، دۇكانلىرىنى ئېچىشقان بولۇپ، ماللىرىنى ماختىشىپ چۇقان سېلىشاتتى. يول ياقىسىدىكى تاشلاردىن قوپۇرۇلۇپ ياسالغان ئوچاقلارغا ئېسىلغان قازانلاردا پىشۇرۇلۇۋاتقان پولۇ، شويلا، قورۇما شورپا ـ نېرىن ۋە باشقا تاماقلارنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى لەشكەرلەرنىڭ دىماقلىرىغا ئۇرۇلۇپ، ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. بازارغانلارنىڭ قارا چېدىرلىرىنىڭ يېنىغا

---

① بازارغان ــ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا: «سودىگەر»، «يايمىكەش»، «چار بازارچى» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇچاقلىرىنى قۇرۇۋېلىشقان تۆمۈرچىلەر قارا كۈيگە مىلەنگەن قوللىرىدىكى بولقا ـ قىسقاچلىرى بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ئاتلىرىنى تاقىلاۋاتاتتى.

يايمىسىنى قورام تاش ئۈستىگىلا يايغان بۇغداي ئۆڭلۈك بىر سوغداق قولىدىكى يېپيېڭى بىر كۈمۈش يوگەننى ساتماقچى بولۇپ ھەدەپ شاراقلىتىۋاتاتتى. بازار ئايلىنىپ يۈرگەن بىر سىپاھ ئۇنىڭ قولىدىكى كۈمۈش يوگەننى كۆرۈپ، باھاسىنى سورىۋىدى، بازارغان سوغداق ئۇن چىقارماستىن قولى بىلەن بەشنى كۆرسەتتى.

ــ بەش كىبەكمۇ؟! ــ دەپ ئەندىكىپ سورىدى سىپاھ ئۇنىڭدىن. ھېلىقى سوغداق سىپاھقا «شۇنداق» دېگەندەك قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتتى. سىپاھمۇ «بىر كىبەكىگە بېرەمسەن؟» دەپ ئۇنىڭغا بىر بارمىقىنى چىقىرىپ كۆرسەتتىۋىدى، ئۇ «ياق!» دەپ بېشىنى چايقىدى. سىپاھ ئۇنى ئىككى كىبەككىگە بېرىشكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن جىق تىرىشىپ باقتى. بىراق، ھېلىقى سوغداق «تۆت كىبەكتىن بەرسەڭ ساڭا بېرەي» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

بۇ چاغدا سىپاھ بىلەن سوغداقنىڭ سودىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىرمۇنچە ئادەم توپلاشتى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرمۇ بار ئىدى.

سىپاھ سوغداق بىلەن باھا تالىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر يوگەننى ئۈچ كىبەكىگە ئالىدىغان، سوغداقمۇ ئۈچ كىبەكتىن كەم بولسا ساتمايدىغان بولۇپ پۈتۈشتى. سىپاھ كۈمۈش يوگەننى قولىغا ئېلىپ، قويىنىدىن پۇلنى چىقىرىپ سانىۋىدى، ئۇنىڭ قوينىدىكى قارا تىيىنلار ئاران ئىككى كىبەكتىن بولۇپ چىقتى. سوغداق دەرھال سىپاھنىڭ قولىدىكى يوگەننى ئېلىۋالدى. ھېلىقى سىپاھ نائىلاج توپ ئىچىدىن يېنىپ چىقماقچى بولۇپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈشىگە: «يوگەننى ئۇنىڭغا بەر، ئۈچ كىبەكىنى مانا مېنىڭدىن ئال!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، بازارغان سوغداقمۇ،

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى سىپاھمۇ ۋە تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشقانلارمۇ ھەيران بولۇشۇپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى ـ دە، ئەمىر ـ ئۆمەرالىرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ تۇرغان چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنى كۆردى.

سوغداقمۇ، سىپاھمۇ، باشقىلارمۇ دەرھال ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاشتى:

— گۇناھىمىزدىن كەچكەيلا، ئى جانابىي پادىشاھى ئالەم!

بۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۈر:

— ھېچ ئىش يوق، سوداگەرلارنى قىلىۋېرىڭلار! — دېدى ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن. ئاندىن ھېلىقى سوغداقا:

— گۇناھىڭدىن كەچتىم. تۇر ئورنۇڭدىن، يۈگەننى مۇنۇ سىپاھقا بەرگىن ـ دە، ھەققىڭنى مېنىڭدىن ئال! — دەپ ئەمىر قىلىۋىدى، ھېلىقى سوغداقمۇ دەرھال خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— قۇللۇق، پادىشاھى ئالەم! — دېدى، ئاندىن «ئاله، مانا يۈگەن! بىكارغا بەردىم!» دېگىنىچە، كۈمۈش يۈگەننى ھېلىقى سىپاھىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

بۇ چاغدا بۇ ئىشنى كۆرۈپ تۇرغان تۇغلۇق تۆمۈرمۇ، ئەمىر ـ ئۆمەرالارمۇ، ئەتراپتىكىلەرمۇ پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى...

سەمەرقەنتنى قاتمۇقات قورشىۋالغان چاغاتاي قوشۇنلىرى قورغانغا ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى جىددىي ئىشلەپ پۈتكۈزۈۋالدى. بىراق، چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر شەھەرنى بىكىتكۈچىلەرنىڭ بەربىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھۇجۇمنى باشلاشقا ئالدىرىمىدى...

چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر سەمەرقەنتنى بىكىتىۋالغان ئەمىر قازغىنغا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ ئەمىر تۆمۈر مەلىكنى ئۇنىڭ ئورنىغا ماۋەرائۇننەھرگە نائىب قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى، بىھۇدە قان تۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن سەمەرقەنت قورغىنىنى ئۇرۇشسىز بوشىتىپ بەرسىلا ئۇنىڭ ھاياتىغا

كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۇلۇسبېگىلىق مەرتىۋىسىنى ساقلاپ قېلىشىغا يول قويىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەنىدى. بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«ئەمىر قازغىنغا، سەمەرقەنت قورغىنىنى بېكىتىۋالغان ئەمىر - بەگلەرگە ۋە بارلىق لەشكەر - سىپاھلارغا:

مەن ئۇلۇغ لەشكەر بىلەن بۇ يەرگە كەلدىم. سىلەرگە ئويلىنىشقا ساقمۇساق يېرىم كۈن ۋاقىت ئىختىيار بەردىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىككى يۈز دانە زەربزەنى چېقىن توپنىڭ ئاغزىنى سەمەرقەنت قورغىنىغا توغرىلاپ قويدۇم. بىزنىڭ بىرىنچى پاي توپ ئوقىنى ئېتىشىمىز سىلەرنىڭ ئۆلۈمىڭلار بىلەن باراۋەر ! سىلەرگە ئويلىنىشقا يېرىم كۈن ئىختىيار! تەسلىم بولغانلىقىڭلارنىڭ نىشانى ئاق بايراق ! يېرىم كۈندىن كېيىن سەمەرقەنت قورغىنى ئۈستىدە ئاق بايراق كۆرۈنمىسە ھۇجۇم باشلىنىدۇ !

ماۋەرائۇننەھر ۋە پۈتۈن چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانى، خاقانى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئېسەن بۇغاخان ئوغلى !»

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر قازغىننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ يازغان بۇ ئاخىرقى شەرت ھېسابىدىكى خەتنى ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئەمىر تۆمۈر مەلىك ئارقىلىق سەمەرقەنتكە ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىرغا سېپىل بۇزىدىغان ئىككى يۈز دانە زەربزەنى چېقىن توپنىڭ ئاغزىنى تامامەن سېپىل تەرەپكە قارىتىپ تۇرۇشقا ۋە سېپىلغا كەسكىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييار تۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى.

يېرىم كۈنلۈك سۈرۈكىنىڭ مۆھلىتى توشقاندا، سەمەرقەنت سېپىلىنى بېكىتكۈچىلەر ئاخىر ئاق بايراق چىقاردى...

* * *

چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ ئۈچ تۈمەن كىشىلىك زور قوشۇنى

سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ كۈنچىقىشتىكى فىرۇزە دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىرىشكە باشلىدى. بۇخارا يولى كېلىپ تۇتىشىدىغان چوڭ رەستىنىڭ ئىككى ياقىسىدا ۋە ئۆگزىلەردە تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ كېتىشكەن سەمەرقەنتلىكلەر چوڭ كوچىدا خۇددى غوجايىنلاردەك گىدىيىپ، سالماق قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان بۇ «جېتە قوشۇنلىرى»غا ئەيمىنىشىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. لەشكەرلەر شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رېگىستان دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى مەيدانغا قاراپ تولۇق تەرتىپ بىلەن كېتىشىۋاتاتتى. چۈشكە يېقىن زور قوشۇننىڭ ئاساسىي قىسمى مەيدانغا كىرىپ قاتار سەپ تۈزۈپ تۇرۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىر تۇتاش قۇلا ئات مىنگەن تۇرغاۋۇتلار تۈمەنى — چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ خىللانغان بارگاھ قوشۇنى يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمۇ خۇددى ئۈستىدىكى ئىگىلىرىگە ئوخشاشلا زىرىھلىق گىجىم بىلەن پۈركەنگەنىدى. بۇ تۇرغاۋۇتلار تۈمەنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانى — تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ ئاتلىق كېلىۋاتقانىدى. خاننىڭ ئالدىدا ئۈچ تال ئوقنى چاڭگاللاپ تۇتقان قارچىغىنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن توققۇز جالالىق يوغان قىزىل تۇغنى كۆتۈرگەن بىر نۆكەر كۆكرىكىنى كېرىپ باھادىرلارچە كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىق ئىككى نۆكەر قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان قومۇشقۇلاق يايداق بىر ئايغىرنى يېتىلەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈستىگە پولات زىرىھلىق ساۋۇت قوياق، بېشىغا يېنىك دۇبۇلغا كىيىۋالغان خان ئۆزىنىڭ ئاددىي ئېگەر ـ جابدۇقلۇق چىلان تورۇق ئارغىمىقىنى سالماق يورغىلىتىپ كەلمەكتە ئىدى.

رېگىستاننىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئالدى تۆۋەنگە قارىتىپ بىر سىرىق چېدىر تىكىلگەنىدى. چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر خان چېدىرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى، ئاندىن تاشتۆمۈر باھادىر، يەللىغ تايشىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا خان چېدىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن داغدۇغىلىق قوبۇل



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابى تور بېكىتى

مۇراسىمى باشلاندى.

خاندىن گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن ئوقيا ـ سادىقى بىلەن قىلىچىنى بويىنغا ئېسىپ كەلگەن بارلاس ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىن خان چېدىرىغا بىر ئوق يېتىمى قالغۇچىلىك يەرگە كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى. ئۇ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ ھەمراھلىقىدا خان چېدىرىغا قاراپ مېڭىۋىدى، تۇرغاۋۇتلار ئالدىنى توراپ، ئۇنى خان چېدىرىغا يېقىنلاشتۇرغىلى قويمىدى. بۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۈر ماۋەرائۇننەھردىكى ھەرقايسى قەبىلە ـ ئايماقلارنىڭ بەگ ـ ئەمىرلىرىنى ۋە ئاقساقال ـ نويانلىرىنى قوبۇل قىلىۋاتقانىدى. شۇڭا، ئەمىر قازغىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا خۇددى ئەرز قىلىپ كەلگەن ئادەمدەك قول قوۋۇشتۇرۇپ كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن مۇلازىم چىقىپ خاننىڭ ئۇنىڭغا كىرىشكە ئىجازەت بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئەمىر قازغىن بەگلىرىنى باشلاپ خان چېدىرىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئۇدۇلدىن كېلىپ، خان چېدىرىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن سول قول تەرەپ بىلەن چېدىرنىڭ ئارقىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ خان چېدىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، چېدىرنىڭ تۆرىدىكى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرگە ئۈچ قېتىمدىن يۈكۈنۈپ توققۇز تەزىم قىلدى. ئۇ ئۆمىلەپ تەخت ئالدىغا كەلگەندە، خان ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا ئەمىر قازغىنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن شوخشۇپ ئارقىغا ياندى، ئۈچ قېتىمدىن يۈكۈنۈپ توققۇز تەزىم قىلدى. خانغا تارتۇق ـ پىشكەشلەرنى قىلغان چاغدىمۇ ئۈچ قېتىمدىن يۈكۈنۈپ توققۇز تەزىم بەجا كەلتۈردى. موڭغۇل ئادىتى بويىچە، ئۇ چاغاتاي خانىغا مۇشۇنداق جەمئىي ئۈچ قېتىمدىن ئۈچ توققۇز رەت تەزىم بەجە كەلتۈرگەندىن كېيىن، خاننىڭ ئىلتىپات قىلىشى بىلەن تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇلغان كۈرس ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى.

خان ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغاندا ۋە تارتۇق بەرگەندىمۇ ئۇ بىر قېتىمدىن يۈكۈنۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. بۇ قېرى ئۇلۇسبېگىنى قانچە يىللاردىن بېرى ئۆزى قانچىلىغان ئىشلارنى ئىختىيارىچە قىلىپ كەلمىدى دەيسىز؟ ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلمىغىنىلا قالغانىدى. بۈگۈن ئۇ چاغاتاي خانىنىڭ ئالدىغا تەزىمگە كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ يىگىرمە يەتتە ـ يىگىرمە سەككىز قېتىمدەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قوپۇپ، بىردەم ئۆياققا، بىردەم بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، چارچاپ يىقىلىشقا ئازلا قالدى. شۇنداق قىلىپ، نەچچە يىلدىن بېرى قىلغان بەگلىكى، زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇلاق بولۇپ چىقتى. كۆرۈشۈپ تارتۇق ـ پېشكەشلەر قىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، خان ئۇنىڭ ئاتىسىدىن مىراس قالغان ھوقۇقلۇق ئۇلۇسبېگىلىق ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۇنىڭغا يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. بىردەم ئۆياندىن، بىردەم بۇياندىن گەپ بولدى. نامەردلىك ۋە تۈزكورلۇقتا يارىشا ئۇنىڭ قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىمۇ پۈچەك ۋە لاۋزا ئىدى. ئىشەنگەن ۋە ئېتىبار قىلغان نۆكەرلىرى، بەگ ـ ئەمىرلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا توپ ـ توپ كېلىپ خانغا تەزىم قىلىپ، پەرمانبەردارلىق قىلىشىپ، قول باغلاپ تۇرۇشتى. ماۋەرائۇننەھرده ئۆز بەگ ـ ئۆز خان بولۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت بولغان چاغاتاي سەلتەنەتىگە مۇشت ئېتىپ يۈرگەن بۇ قېرى ئۇلۇسبېگى چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئالدىغا مانا مۇشۇنداق خار ـ زارلىقتا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مانا مۇشۇنداق تەرزدە كۆرۈشتى.

بۇ چاغدا ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئەمىر تۆمۈر مەلىك ياش ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننى باشلاپ كېلىپ، خانغا تونۇشتۇردى.

— ماۋەرائۇننەھر مەسىلىسىنىڭ قان تۆكۈلمەي، تىنچ يول بىلەن ھەل بولۇشىدا جانابىڭىزنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى، — دېدى خان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — بۇ ئىش سىزنىڭ خەلقپەرۋەر كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بىر كىشىنىڭ قانداقلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا ئۇنىڭ قانداق ئۇرۇق ۋە قانداق جەمەتتىن كېلىپ چىققانلىقى مۇھىم ئەمەس.

خان ئەمىر قازغىنغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ كېلىپچىقىشىغا ياكى تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. بەلكى بۇ ئۇنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكى، چىنلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بىز سىزدە بىردىنلا يۇقىرى مەرتىۋىگە، ھۆكۈمرانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان خۇسۇسىيەت، خۇشخۇي مىجەز ۋە ئېسىل پەزىلەتنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق. قانچىلىغان كىشىلەر جاھاننى تىترەتكۈدەك قۇدرەتلىك پادشاھلاردىن بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ بەتنىيەتلىكى، زالىملىقى ۋە رەزىللىكى تۈپەيلىدىن ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان خار ـ زار ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تالاي ئاڭلىغانمىز !

— بەرھەق، جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ سۆزىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، — ئۇلۇغلار ئېيتقانكى، پادشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇغان تەڭرى خالىغان ئادەمگە پادشاھلىقنى بېرىدۇ، خالىغان ئادەمدىن پادشاھلىقنى تارتىۋالىدۇ. يەنە خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى خار ـ زار قىلىدۇ. ھەممە ياخشىلىق ئۇنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىر ھەم قۇدرەتلىكتۇر...

ئاخىر ئەمىر قازغىن ئاجىز كېلىپ، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن چاغاتاي سەلتەنەتىگە ئۆزۈل ـ كېسىل تەۋەلىك بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

ماۋەرائۇننەھرلىك ئەمىر ـ بەگلەر چاغاتاي خانى تۇغلۇق

تۆمۈرنىڭ دىم كۆرىكى① قىلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۈمەنلىرى، ھەزارەلىرى بىلەن رىگىستانغا كېلىپ خان چېدىرىنىڭ ئالدىدا ئوڭ قانات ۋە سول قانات قىسىملىرى بويىچە سەپ تۈزۈپ تۇرۇشتى. ئۇلار پۈتۈنلەي موڭغۇل قائىدىسىدە كىيىنىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشىدىكى موڭغۇلچە بۆكلەر، كەشتىلىك خاڭجوۋ تاۋىرىدىن تىكىلگەن تونلار، يېشىل چەمدىن تىكىلگەن ساغداقلار ۋە يېپيېڭى ئېگەر - جابدۇقلۇق ئاتلىرى بىلەن ئاجايىپ كۆركەم كۆرۈنۈشتە ئىدى.

دىم كۆرەك باشلىنىشتىن ئىلگىرى رىگىستاندا قەدىمكى ئوغۇز ئادىتى بويىچە داغدۇغىلىق تۇغ ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

خان چېدىرىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا يەردىن ئېگىزلىكى بىر غۇلاچ كېلىدىغان ياغاچتىن شاھسۇپا ياسالغان بولۇپ، چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر شاھسۇپا ئۈستىگە قويۇلغان تەختتە ئولتۇراتتى. ئۇ دىم كۆرەككە قاتنىشىش ئۈچۈن شاھسۇپا ئالدىدىن تەرتىپ بىلەن ئۆتۈۋاتقان لەشكەرلەرگە قول ئىشارىتى قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

تۇغ كۆتۈرگەن توققۇز تۇرغاۋۇت قولىدىكى تۇغنى شاھسۇپا ئالدىغا كۆتۈرۈپ كېلىپ يەرگە قاداپ قويۇشتى. خان ئورنىدىن تۇرۇپ شاھسۇپا ئۈستىدىن چۈشۈپ ھېلىقى توققۇز تۇغنىڭ ئالدىغا كەلدى. قالغان بەگ - ئەمىرلەر، ئەكابىر - ئەشرەپلەرمۇ خاننىڭ كەينىدىن تۇغنىڭ ئالدىغا كېلىپ خاننىڭ ئارقىسىدا قاتار تىزىلىشىپ تۇرۇشتى. بۇ چاغدا تۆت شامان پەيدا بولدى، ئۇلار خانغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قېرى شامان بىر ئۈينىڭ ئالدى پاچىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇن بىر پارچە ئاق يىپەك رەختنى باغلاپ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ تۇردى. قالغان ئۈچ شامان ئۈچ پارچە ئاق يىپەك رەختنى ئۈچ تۇغنىڭ

---

① دىم كۆرەك ــــ ھەربىي پارات، كۆزدىن كەچۈرۈش.

تۇتقۇچىنىڭ ئاستىغىراق باغلاپ، تۇغ دەستىسىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىلىشتى. بىر پارچە يىپەك رەختىنىڭ ئۇچىنى تۇغلۇق تۆمۈرخان بىسىپ تۇردى. يەنە بىر تۇغقا باغلانغان يىپەك رەختىنىڭ ئۇچىنى خان ئىنىسى، ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئەمىر تۆمۈر مەلىك بىسىپ تۇردى. يەنە بىر پارچە يىپەك رەختىنىڭ ئۇچىنى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ھوقۇقلۇق ئۇلۇسبەگلىرىدىن بىرسى بولغان ئەمىر قازغىن بارلاس بىسىپ تۇردى. ھىلىقى قىرى شامان ئاق يىپەك رەخت بىلەن باغلانغان ئۇينىڭ ئالدى پاچىقىنى قولىغا ئىلىپ تۇرۇپ بىرنىمىلەرنى دەپ ئەپسۇن ئوقۇغاچ، تۇغقا سۇپكۈچلىدى. خان ۋە ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تۇغ تەرەپكە قىمىز چاچتى. بۇ چاغدا پۈتۈن رىگىستان مەيدانىدىكى كاناي ـ سۇنايلار، تەبىل ـ دۇمباقلارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا چىلىنىپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ ئاسمىنىدا ياڭرىدى. سەپتە تۇرغان لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك: «تۇغلۇق تۆمۈرخان! تۇغلۇق تۆمۈرخان!» دەپ ئۈچ قېتىم ئۇدا شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈردى. ئاندىن ئاتلىرىغا مىنىشىپ «قىي! — قۇ!» دەپ سۈرەن سېلىشقىنىچە ئات چاپتۇرۇپ مەيداننى ئايلاندى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى باب

# كىگىز ئاستىدىكى چايان

«بىرسى چۆشىدە پەرۋەردىگاردىن سوراپتۇ:
— ئى قۇدرىتى ئۇلۇغ تەڭرىم، سېنىڭ نەزىرىڭدە مىڭ يىل قانچىلىك ۋاقىت؟
— بىر دەقىقە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تەڭرى ئۇنىڭغا.
— ئى قۇدرىتى چەكسىز ئىلاھىم، سېنىڭ نەزىرىڭدە ئۇنىڭ تىللا قانچىلىك پۇل؟
— بىر يارماق.
— ئەي، شاپائەتلىك پەرۋەردىگار، ئاشۇ بىر يارمىقىڭنى ماڭا ئىنئام قىلغان بولساڭ؟
— بولىدۇ، — دەپتۇ تەڭرى، — بىر دەقىقە كۈتۈپ تۇر.»

— پارس لەتىپىلىرىدىن

مىلادىيە 1360 ـ يىلى دەلۋە ئېيىنىڭ بىر كۈنى.

بارلاس ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىنىنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىسىدا ئەتىگەندىلا باشلانغان بەزمە تاكى تۈن نىسپىيگىچە داۋام قىلدى. چېدىرنىڭ ئىشىكىدىن تاكى تۆرىگىچە كەڭ داستىخان سېلىنغان بولۇپ، داستىخاننىڭ ئەتراپىغا چېدىر تېمىنى بويلاپ قېتىغا تايلاق تىۋىتى ئېلىنىپ تىكىلگەن يىپەك يېكەنداز سېلىنغان، قوش ياستۇقلار قويۇلغان. بەزمە تازا قىزىپ

كەتكەن بولۇپ، نۇرغۇن مېھمان كۈتۈلمەكتە ئىدى.

ئىشىك تۈۋىدە نەچچە سوغا قىمىز گەپ ـ سۆزسىز سىغىپ كېتىندىغان «تاي ئۈزگەن» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭقۇر سېرىق كۆن چاناچلار لىققىدە سېرىق قىمىزغا تولدۇرغان ھالدا تىكلەكلىك تۇراتتى. بوكاللار نۇرغۇن مېھمانغا ئۈزۈكسىز قىمىز قۇيۇپ تۇرماقتا. مېھمانلار ئۇچۇنلا تۈتۈلىدىغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك جانان قاچىلىرى قوللاردا توختىماستىن ئۇياق ـ بۇياققا بىر تولۇپ، بىر بوشاپ دائىم ئايلىنىپ تۇرماقتا ئىدى.

ساربۇغا سېلىپ يۇمشاق پىشۇرۇلغان سېمىز قوي ئەتلىرى قوللىرىغا تېرە پەلەي كىيىشىۋالغان بوكاللار ئارقىلىق مېھمانلارغا تاۋاق ـ تاۋاقلاردا تارتىلماقتا. مېھمانلار گۆش ـ ئەتلەرنى يەپ، قىمىزلارنى ئىچىپ بولۇشىغا، ياغلىرى بارماقلاردىن تېمىپ تۇرىدىغان پولۇ تارتىلدى.

بۈگۈنكى ئاساسلىق مېھمان چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى تۆت چوڭ ھوقۇقلۇق ئۇلۇسبېگىنىڭ بىرسى بولغان ئەمىر بايان سولدۇز ئىدى. بۈگۈنكى بەزمىگە ئۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەلگەنىدى. ئۇ بېشىغا تەقىيە كىيىپ، ئۈستىدىن سەللە ئورىغان، ئۈچىسىغا تەتىللا سەرپاي كىيگەن، پاكار بويلۇق، ئاغزى يوغان، سېرىق يۈز، چاڭگا ساقال، چىرايىدىن قۇۋلۇق ـ شۇملۇق نىشانى چىقىپ تۇرىدىغان مولۇن كۆز ئادەم ئىدى.

بەزمە قىزغىن داۋاملاشماقتا. سورۇن ئەھلى ئەرمەك ـ قىزىقچىلىق بولسۇن ئۈچۈن كالتە ـ كۇتە ھەزىل ـ چاقچاقلارنى قىلىشىپ، گەپ تېپىشىپ ئولتۇرۇشماقتا ئىدى.

بەگلەردىن بىرسى خان چېدىرىنىڭ تۆرىدە ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ ئوڭ يېنىدا گىدىيىپ ئولتۇرغان ئەمىر بايان سولدۇزغا قاراپ قويۇپ، «ياسانچۇق خوتۇنىنىڭ ھېكايىسى» دېگەن بىر رىۋايەتنى باشلىدى:

ــ ماڭغىت ئايمىقىدا خۇيى تولىمۇ ئوسال بىر ياسانچۇق

خوتۇن ئۆتكەنىكەن، — دېدى ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ، — بۇ خوتۇن چىرايلىق بولغىنى بىلەن، شۇنداق بولۇمسىز ئىكەنكى، ھۇرۇننىڭمۇ ھۇرۇنى، مەينەتنىڭمۇ مەينىتى، ئەسكىنىڭمۇ ئەسكىسى ئىكەن. ئېرى تېپىپ بەرسە يەيدىكەن، بولمىسا ئۆيىدىن چىقماي ياتىدىكەن. ئۆيىنىڭ ئىچى شۇنداق پاسكىنا ئىكەنكى، ئادەم باش تىققۇسىز دەرىجىدە ئىكەن. بۇ خوتۇن ھۇرۇنلۇقىدىن قازان يۇسا يۇندىسىنى چارىغا ئېلىپ يەردە قويۇپ قويىدىكەن. ھەرگىز تالاغا ئاچىقىپ تۆكۈۋەتمەيدىكەن. ئوچاقتا ئوت قالسا كۇلىنى ئالمايدىكەن. ئۆي سۇپۇرسە سۇپۇرەندىسىنى بىر بۇلۇڭغا يىغىپ قويىدىكەن. كىيىمى يىرتىلسا ياماپ كىيىشنى بىلمەيدىكەن. قەيىرى يىرتىلسا شۇ يەرنى چىگىپ قويىدىكەن. ئۆيىدىكى ئاشلىقنى تۇگمەنگە ئاپارغىلى قويمايدىكەن. ئۇدۇللۇق يارما چۆرۈگۈزۈپ، يىرىكىنى ئوماچ چالىدىكەن، يۇمشىقىنى كويلەڭگە كۆمەچ كۆمىدىكەن. ئون سەر پاختا ئېلىپ بەرسە، بىر ھەپتىگىچە ئېگىرىپ بولالمايدىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئېرىگە داۋاملىق ئېگىن غەلۋىسى قىلىدىكەن. ئېرىنىڭ تاپقان - تەرگىنىنى بۇ ياسانچۇق خوتۇن ئىسراپ قىلىپ تۈگىتىدىكەن، پۇلى ياسانچۇق خوتۇننىڭ پەردىزىغا يەتمەيدىكەن. ئاخىر ئېرى خوتۇنىدىن زېرىكىپ، خېتىنى بېرەي دېسە، خوتۇنى ئەمىرىدىن چىقىشقا ئۇنىماپتۇ. ئېرى «خەپ!» دەپ يۇرگەن كۇنلەرنىڭ بىرىدە ھېيت كېلىپ قاپتۇ. ياسانچۇق خوتۇن يەنە ھېيتلىق كىيىم غەلۋىسىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. ئېرى پۇل يوق، دېسە ئۇنىماپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئېرى، — ئەتە بازار دېگەن كۇنى مەن سېنى بازارغا باشلاپ بېرىپ دېگىنىڭنى قىلىپ بېرەي.

شۇنىڭ بىلەن خوتۇنىنىڭ غەلۋىسى بېسىقىپتۇ. كۇنلەر ئۆتۇپ ئەتە بازار دېگەن كۇنمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئېرى:

— ۋاي خوتۇن ئېگىن كىيەمسىلە؟ — دەپ سوراپتۇ.

ياسانچۇق خوتۇن خۇشال بولۇپ:

— ۋاي ئاتىسى، كىيمەمدىغان! — دەپتۇ.
— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئېرى، — بازارغا ئەسكى كىيىم بىلەن بارغىلى بولمايدۇ. يېڭىسىنى ئالساق، كونىسىنى قانداق قىلىمىز؟ سېنى ئاپارمىسام، ساڭا قانداق كىيىم يارايدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ شۇڭا سەن قىپيالىڭاچ بولغىن ـ دە، مۇنۇ ئىدىشنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇر. مەن ئۇنى ئۆشنەمگە ئارتىپ بازارغا ئاپىراي. قولۇڭغا بىر تال چىۋىقنى تۇتقۇزۇپ قويىمەن. رەستىگە بارغاندىن كېيىن، كۆڭلۈڭ نېمىنى خالىسا، چىۋىقنى ئىدىشنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىرىپ شۇنى كۆرسەتسەڭ مەن شۇ كىيىمنى ئېلىپ بېرىمەن. كىيىمنى كىيىۋالسەن ـ دە، ئاندىن ئىدىشنى تاشلىۋېتىپ، بازار ئوينايمىز. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟
— ۋاي شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ ياسانچۇق خوتۇن خۇشال بولۇپ، ئاندىن يالىڭاچ بولۇپ ئىدىشقا چۈشۈپتۇ. ئېرى ئىدىشنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ رەستىگە كەپتۇ ۋە:

سۈپۈرۈپ يىغايىن ئاغىچام،
يۇندا يىغايىن ئاغىچام.
ئۈستى ئۇماچ ئاغىچام،
ئاستى كۆمەچ ئاغىچام.
يىرتىپ چىگەيىن ئاغىچام،
ياتسا قوپماس ئاغىچام.
چەكسە پاختا ئېلىپ بەرسەم،
ھەپتىلىكىم ئاغىچام.
ئازنا دېدۈق ياتتۇق،
شەنبە دېدۈق ياتتۇق.
بارچە ھېيت ئوينىسا،
كۆپكە كىرىپ ياتتۇق.

دەپ ئىدىشنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە بىر ئۇرۇپتىكەن،

www.uyghurkitap.com

ئىدىش چېقىلىپ، خوتۇنى قىپيالىڭاچ ھالدا خام كاۋىدەك دومىلاپ چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن خالايىق ياسانچۇق خوتۇنغا نەپرەتلەر ياغدۇرۇشۇپتۇ①.

سورۇن ئەھلى ھېلىقى بەگنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، قورساقلىرىنى تۇتۇشقىنىچە پاراقلاپ كۈلۈپ تېلىقىپ قېلىشتى. شۇ ئەسنادا بەگلەردىن بىرسى ماڭغىت يۇرتىدىن بولغان ئەمىر بايان سۇلدۇزنى ئىملاپ تۇرۇپ:

— ھەقىقەتەن يامان ئەر ئىكەن ئۇ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — شۇڭا، «ئادەمنىڭ يامىنى ماڭغىت، قۇشنىڭ يامىنى ھاڭگىرت» دېگەن سۆز بىكارغا چىقمىغان ـ دە.

ئەمىر بايان سۇلدۇز بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ:

— ھوي ئۇ كىمدىن چىققان؟ سەن قەيەردىن ئاڭلىغانىدىڭ؟ شۇنداق يالغان نەرسىنىمۇ ھېكايە دەپ ئېيتامسەن؟ — دەپ تېرىكتۈردى، ئەمىر قازغىن بارلاس ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويدى ۋە چاقچاق تۇيەيلىدىن تۇگۇلۇپ قالغان ئاداۋەت تۇگۈنىنى يېشىپ تاشلىماقچى بولۇپ:

— جانابىي ئەمىر بايان سۇلدۇز، چاقچاقتا كەك يوق، يالغاندا شەك ...! نېمىگە ئۇنچىۋالا تېرىكىسەن؟ — دەپ چېدىرنىڭ ئىچىنى يېڭىباشتىن جانلاندۇردى.

ئەمىر بايان سۇلدۇر ئۇنىڭ بۇ تەسەللىسىنى ئاڭلاپ خېلىلا يېنىكلەپ قالدى ـ دە، ئۆزىنى دەرھال ئوڭشىۋېلىپ، جاۋاب قايتۇردى:

— «چاچسىز باشقا پارقىراپ تۇرغان كۆز، زۇۋانسىز ئېغىزغا جاراڭلىغان سۆز» دېگەنىدەك، ئەتىگەندىن بېرى بۇ سورۇندا يىرتىلغاننى يامىغان، ئۈزۈلگەننى ئۇلىغان تۇزۇكرەك بىر ئېغىز سۆزۈڭنى ئاڭلىمىغانىدۇق. ھەرقايسىڭلار ئەمىر بايان سۇلدۇزنى

---

① مۇھەممەت ئوسمان تۈزگەن «جەۋھەر ھېكايىلەر»دىن قىسقارتىپ ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

قاچان پۇتلىشاركىن، دەپ پايلاپ تۇرۇشۇپتىكەنسىلەر ـ دە!

— شۇنداق، «تاغدىكى تۈلكىنى قولدىكى تايغان ئالىدۇ» ئەمەسمۇ!؟

— ها ـ ها ـ ها...

ئەمىر بايان سۇلدۇزنىڭ كىگىزدەك چىگىچلىشىپ كەتكەن بومبۇز ماش ساقىلى، قېلىن بۇرۇتى چىشسىز ئاغزىنى يېپىپ تۇرغىنى بىلەن، سۆزلىسە، كۈلسە، ئۇتتۇر چىشلىرىنىڭ ئورنىدا قاپقارا كامار كۆرۈنۈپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ كۈلكىلىك بەشىرىسىنى كۆرگەن سورۇن ئەھلى تېخىمۇ قاتتىق قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا ئەمىر قازغىن بارلاس قولىنى كۆتۈرۈپ، كۆپچىلىكنى تىنچلىنىشقا ئىشارەت قىلدى. باياتىن كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن قىزىپ كەتكەن سورۇن خۇددى پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بىرپەستىلا جىمىپ كەتتى.

— خەلقىمىزدە: «ئەگەر خىلۋەت ئورۇننى تاپسا، توڭگۇز دۆۋىگە چىقىدۇ» دېگەن بىر سۆز بار، — دېدى ئەمىر قازغىن بارلاس ساقىلىنى قوللىرى بىلەن تاراپ تۇرۇپ، — سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىران تەختىدە ئۇلۇغ بوۋىمىز چىڭگىزخان نەسلىدىن شان ـ شەۋكەتلىك، سۆزى ئۆتىدىغان ئەتىۋارلىق بىرەرمۇ ھۆكۈمران قالماپتۇ. بىراق، چاغاتاي ئۇلۇسىدا ئەھۋال باشقىچە، قازانخان سۇلتانىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى مەلىك غىياسىدىن ئوغلى مەلىك مۇئىزىدىن ھۆسەيىن① بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئىقبالىنىڭ كۆچەتلىرى باراقسان بولۇپ ئۆستى. بىراق، تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا

① مەلىك مۇئىزىدىن ھۆسەيىن — كۇرد سۇلالىسىنىڭ ھېراتتىكى نائىبى (مىلادىيە 1331 — 1337 ـ يىللىرى تەختتە) بولغان.

مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق قانلىرى توپلىنىشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى چىڭگىز شاھزادىلىرىنىڭ ئىلتىپاتى ۋە ئەمىرلىرىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ ھىراتتا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگىنىگە قارىماي، ئۆز ئالدىغا يۇرت سوراش توغرىسىدا ئىغىز ئاچتى. سەلتەنەت دەۋاسى قىلىپ، چىدىر تىكىشكە جۈرئەت قىلدى. ماۋەرائۇننەھرنى تەسەررۇپ قىلىشنى خىيال ئەيلىدى. ئۇ كىم، بىز كىم؟ ئۆز ۋاقتىدا چىڭگىزخان ماۋەرائۇننەھرنى ئۆز ئوغلى چاغاتايخانغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا تەۋە زېمىن چاغاتاي ئۇلۇسى دەپ ئاتالغانىدى. پۈتكۈل چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ كۈنتۇغار تەرىپىدە ياشايدىغانلار ئۆزلىرىنى «موغۇل» دەپ، كۈنپاتار تەرىپىدە ياشىغۇچىلارنى قاراۋۇناس[1] دەپ ئاتىشاتتى؛ كۈنپاتاردىكىلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كۈنتۇغاردىكىلەرنى «جېتە»[2]لەر، ئۆزلىرىنى بولسا پەخىرلىنىپ «چاغاتايلار» دەپ ئاتاشقانىدى. بىز مەلىك ھۈسەيىننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، «سەن تازىيغا سەلتەنەتكە دەۋا قىلىشنى ۋە پادىشاھلارنىڭ پەرمانىدىن باش تارتىشنى كىم قويۇپتۇ؟» دېگەنىدۇق ۋە ئۇنى مۇبادا «دىمىقىڭدىن چىقىۋاتقان سەلتەنەت دۇتلىرىنى دەرھال ئۆچۈرمەيدىغان بولساڭ، بىز ئوت چاقناتقۇچى ئۆتكۈر قىلىچ بىلەن گىدىيىش ۋە مەغرۇرلۇق شاملىنى سېنىڭ باشباشتاق كاللاڭدىن چىقىرىپ تاشلاشقا قادىرمىز. شەھەرلىرىڭنى ئاستىمىزدا چاقماقتەك چاقناپ تۇرغان ئاتلىرىمىزنىڭ تۇياقلىرى بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلايمىز، باھادىرلىرىڭنىڭ قېنىدىن جەيھۇن دەرياسى ھاسىل قىلىمىز!» دەپ ئاگاھلاندۇردۇق. ئارقىدىنلا بىز ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ھىراتنى قامال قىلىۋالدۇق. نىھايەت، مەلىك ھۈسەيىن قامال تەڭلىكىدىن قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، سۇلھى تۈزۈش

---

① قاراۋۇناس ــ «شالغۇتلار» دېگەن مەنىدە.

② جېتە ــ بۇ يەردە «قاراقچىلار» دېگەن مەنىدە.

ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كېلەر يىلى ئىخلاس ئىبراھىمنى باغلاپ، ئالدىمىزغا باش ئېگىپ بارىدىغانلىقىنى، ئۆزىدىن ئۆتكەن خاتالىق، كەمچىلىكلەر ئۈچۈن ئۆزرە سورايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھېراتنىڭ ئۇلۇغلىرىنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ۋاستىچى قىلىپ ئەۋەتتى. بىز پۇقرا ۋە بىچارىلەرنىڭ ناھايىتى جاپا چېكىۋاتقانلىقىنى ھەمدە ھېراتنىڭ پۈتۈنلەي خاراب ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، سۈلھىگە رازى بولدۇق. كېيىن بىز ماۋەرائۇننەھرگە قايتىپ كەتتۇق. ئاڭلىغان خەۋەرلەردىن قارىغاندا، شۇنىڭدىن باشلاپ مەلىك ھۈسەيىننىڭ ئىشلىرى كەينىگە دەسسەپ، ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلىشىپتۇ. قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنى تەختتىن غۇلىتىپ، ئورنىغا ئىنىسى مەلىك باقىرنى قويماقچى بوپتۇ. ئۇ بۇ پىتنىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى بېسىشقا قۇربى يەتمەي، نائىلاج ھېراتتىن ماۋەرائۇننەھرگە قېچىپ بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىۋالدى. بىز ئۇنى ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالدۇق. ئاندىن ئالىي ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئىنىسى مەلىك باقىردىن ھېراتنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردۇق. بەزىلەرنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭغا: «ئەڭ ياخشىسى ساڭا بىرەر زەخمەت يەتمەستە، بۈگۈن كېچىلا ئۆز يۇرتۇڭغا قايتقىنىڭ تۈزۈك» دەپ ئېيتىۋىدۇق، ئۇ بىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، خوشلىشىپ ھېراتقا قايتىپ كەتتى...

باياتىن ئەمىرلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇرغان ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان تۆردە گىدىيىپ ئولتۇرۇشقان ئەمىر بايان سۇلدۇز بىلەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويغاندىن كېيىن، قوش ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئەمىر قازغىن بارلاسقا مۇنداق دېدى:

— بىر ماقالدا: «ئىنانماغىل (ئىشەنمىگىن) دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا» دەپ ئېيتىلغان. سەلتەنەت ھەۋىسى ۋە يۇرت ئېلىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان مەلىك ھۈسەيىندەك ئادەملەرنىڭ

بىر ـ ئىككى قېتىملىق ئىشىنىڭ يۇرۇشمەسلىكى بىلەن تىنچىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، مۇنداق ناكەس ئادەملەرگە سەلتەنەت نەدە تۇرۇپتۇ. ئۇلاردا سەلتەنەت ئىگىسىدە بولۇشقا لايىق نە ئېسىل نەسەب، نە بىلىم، نە تەدبىر، نە شىجائەت، نە ئىنساب، نە ئادالەت بولسۇن؟ شۇڭا، قولدىن كەلسە، ئوتنى بۇگۈن ئۆچۈرۈش كېرەك. ناۋادا ئوت ئۇلغىيىپ كەتسە، ھۆل ـ قۇرۇقنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرىدۇ. دۈشمەننى بىر ئوق بىلەن مىخلاپ قويۇش مۇمكىن بولغان يەردە، ئۇنىڭ ئۆز ياسىنى كېرىشكە ھەرگىز ئىمكان بەرمەسلىك كېرەك.

ئەمىر قازغىن بارلاس كۆز ئالدىدىكى بۇ جۇرئەتلىك ياش يىگىتكە دىققەت بىلەن نەزەر سالدى، ئاندىن ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشقان سورۇن ئەھلىگە خۇشخۇيلۇق بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇلار ئەمدى ماۋەرائۇننەھرنى ئۆزى بىللە بىلەن ئىدارە قىلىدىغان ئادەملەر ئىدى.

«خۇددى بۆركۈت بىلەن كەپتەرلەرگە ئوخشايدۇ» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى ـ يۇ، ئەمما دەرھال بۇ خىيالىنى تۈزەتتى، «ئۇ نېمىشقا كەپتەر بولسۇن، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش بۆركۈت، يەنە كېلىپ قىران بۆركۈت ـ دە!»

— ھۆرمەتلىك ئۇلۇسبېگى جانابلىرى، — دەپ سورىدى ئۇ يېنىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان ئەمىر بايان سۇلدۇزدىن، — ھە، سەن بۇگۈن بىزگە قانداق يېڭى خەۋەر ـ سىرتىق ئەكەلدىڭ؟

— ھۆرمەتلىك تەخسىر، مەن بۇگۈن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان لەنىتى قارا تاپان مالچى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ بېشىمىزغا سالغان جەبىر ـ زۇلۇملىرىنىڭ ئاساسىي چىقىملىرىنى قانداق تۆلىتىۋېلىش توغرىسىدا كەلگەنمەن!

— ھۆرمەتلىك ئۇلۇسبېگى، ھېچ بولمىسا سەن ئېيتىپ كۆرگىنچۇ، — دېدى ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگەن ئەمىر قازغىن بارلاس، — قارا، مۇشۇ سورۇندا ئولتۇرغانلار «بۇ نېمە چىقىم بولغىيدى؟» دەپ سۆزۈڭنى چۈشىنەلمەستىن خىجالەت بولۇپ

تۇرۇشقىنىنى كۆرۈۋاتقانسەن؟ بىزنى نېمە قىل دەيسەن؟ ئۆلگىن دېسەڭمۇ ئۆزۈڭ چۈشەندۈرۈپ ئېيتقىنچۇ؟! سەن بىزگە زادى نېمە مەسلىھەت بەرمەكچى؟

— تۇغلۇق تۆمۈرنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئادەم مەرھۇم ئۇلۇسبېگى ئەمىر بۇلاجى دوغلات ئىدىغۇ؟ چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ خانلىق سەلتەنەتىدە سېنىڭمۇ ھەم مېنىڭمۇ ھەسسىمىز بار ئىدىغۇ؟ ئۇ قايسىبىرىمىزگە زورلۇق قىلماي، خارلىق كۆرسەتمەي ھاكىملىق قىلىپ يۈردۇ؟ ئەنە شۇ نەپرەتلىك قارا تاپان مالچى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ھەددىدىن بەك ئېشىپ ـ تېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزۈڭ كۆرمىدىمۇ؟ بۇ دۇنيادا ئالدىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا راسا كېلىشتۈرۈپ ئۇرىدىغان بىرەر ئەر ياكى ئەل زادى بارمۇ، يوق؟...

— سەن بىزگە زادى نېمە دېمەكچى؟ مەقسىتىڭنى ئېيت ئۇلۇغۇم، گەپنى تولا ئاۋۇتماي؟!

— ئېيتقانىدىمغۇ ساڭا، ئۆزۈڭدىن چىققان دۈشمەن يىراقتا ئەمەس، بەلكى قېشىڭدا ! ئۇ مۇشۇ قارا تاپان مالچى تۇغلۇق تۆمۈر، دەپ !...

ئەمىر بايان سۇلدۇز قۇرۇپ كەتكەن لېۋىنى يالاپ قويغاندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— سەنمۇزە، ۋارقىرىسا ئۇن يەتمەيدىغان، قارىسا كۆز يەتمەيدىغان نەدىكى بىر يەردىكى مەلىك ھۆسەيىنىنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ كېتىۋاتىسەن، قويە، ئۇنى. ماۋۇ تۇغلۇق تۆمۈر دېگەن قارا تاپان مالچىنى قانداق قىلغاندا ئارىمىزدىن كۆتۈرۈپ تاشلاش مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە كۆپرەك باش قاتۇرايلى! ئەمدى يېڭىشنىڭ تۇغى سېنىڭ بىلەن مېنىڭ قولۇمدا! سېنىڭ بىلەن ماڭا ئەگەشمەيدىغان ئەل ئەمەس. مۇبادا سەن باشلامچىلىق بىلەن ئار ـ نومۇسنى ئاقلاش ئۈچۈن يېڭىش تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقساڭلا، تۇتقان يەردە قولىمىز، چىشلىگەن يەردە چىشىمىز كەتسۇن! بۇ ئىشتا بىزگە مۇنۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ياردەم

قولۇمنى سۇنىمەن، دەپ بۇ يەردە ئولتۇرۇپتۇ. شۇنداقمۇ ئەمىر جانابلىرى؟

بۇ چاغدا ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمىر قازغىن بارلاسقا تەزىم قىلدى. ئۇ ئۇنىڭ قولىنى كۆزىگە سۈرتۈپ سۆيگەندىن كېيىن، يەنە شۇنداق چاققانلىق بىلەن يەرگە چۆكۈپ، پۇتىنىمۇ سۆيدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى خەلفەئى مۇسلىمىن، ئەمىر ئىسلام ۋە ئۇلۇسبېگى جانابلىرى، — دېدى ئۇ قول باغلاپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ شىجائەت ۋە قەھرىمانلىقىڭىزغا يىراقتىن ئاشنا بولۇپ، ئاستانىڭىزنىڭ بوسۇغىسىنى سۆيسەم، دەپ ھۇزۇرىي مۇبارەككە كەلدۇق!

ئەمىر قازغىن ئۇنىڭ تىل ياغلىما سۆزلىرىگە ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەي:

— خۇش كەپسەن، ئەمىر جانابلىرى، ئىشلىرىڭ قانداق كېتىۋاتىدۇ؟ — دەپ ئاغزىنىڭ ئۇچىدا سوراپ قويغان بولدى.

— سورىماي قويۇڭچۇ، باشقىسىنى ئېيتىپ نىمە قىلاي ئەمدى، — دېدى ئۇ كۆچۈكلىنىپ، — مەن تۆھمەتكە ئۇچراپ، قاتاللارنىڭ «جامە مەسچىتىگە ئوت قويۇش ۋەقەسى»گە چېتىلىپ قالغاندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ تەقىبىگە ئۇچراپ، يالغۇز بېشىمنى ئېلىپ مانقىشلاق تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بولدۇم. موينىقۇم چۆللۈكىدە غېرىب ـ مۇساپىر بولۇپ، مىڭبىر جاپالار بىلەن سەپەر قىلىپ، پۇت ـ قوللىرىم ئۇششۇپمۇ كەتتى. ئاچ ـ توق قېلىپ ئىتنىڭ كۈنىنى كۆردۈم. «ئات جۇدەپ غورۇۋا، ئەر جۇدەپ ئەرۋاھ بوپتۇ» دېگەندەك، ئېتىم جۇدەپ قورۇق تېرە بىلەن ئۇستىخان بولۇپ قالغاندا، ئۆزۈم جۇدەپ قۇلاقلىرىمدىن كۆن كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغاندا ئاران سۇلدۇز ئېلىگە ئۇلاشتىم. ئۇلۇسبېگى ئەمىر بايان سۇلدۇز جانابلىرىنىڭ بېشىمنى سىلاپ ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلغانلىقى شارائىتىدىن مانا ھازىر سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزدا ئولتۇرۇشقا مۇشەررەپ بولدۇم!

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئەمىر قازغىن بارلاس چوڭقۇر

ئىستىھزا بىلەن: «سويلاڭ يوغان بولغىنى بىلەن، ئىشلىتىدىغان يەرنى بىلمەيسەن ـ دە!» دەپ غودۇراپ قويدى.

— ئېيتقىنىڭ كەلگەي، ئۇلۇسبېگى جانابلىرى، — دېدى ئەمىر بايان سۇلدۇز ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — تۇغلۇق تۆمۈرنى ئارىمىزدىن ئىرغىتىپ تاشلايدىغان پۇرسەت پىشىپ يېتىلمەكتە!

— ئەتتەڭگەي، چاشقان يىلىدىكى قۇرۇلتاي① ئەڭ ئوبدان پۇرسەت ئىدى، — دەپ ئەمىر قازغىن بالاس ئۆز بارمىقىنى ئۆزى چىشلەپ، يالغۇز كۆزىنى يەرگە تىكىپ بېشىنى چايقاپ قويدى، — ئەپسۇس، شۇ چاغدا ياخشى تەييارلىق قىلماي غەپلەتتە قالغانىدۇققۇ؟!...

— ئەپسۇسلانمىغىن، تەخسىرىم، شۇ چاغدىكى نىيىتىڭ يەنىلا نىيەت بولسۇن، پۇرسەت تېخى ئۆتۈپ كەتكىنى يوق!

— ئەمدى قانداق پۇرسەت بولسۇن؟

— پۇرسەت تېخى ئالدىمىزدا، — دېدى ئەمىر بايان سۇلدۇز سىرلىق كۇلۇپ، — بىز ھەممىدىن ئاۋۋال جېتەلەرنىڭ ۋەكىلى بەگچەكنى ھەيدىۋەتسەك، تۇغلۇق تۆمۈر چوقۇم ئۇستىمىزگە لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ. جېتە لەشكەرلىرى شۇنچە يىراقتىكى ئالمالىقتىن بۇ يەرگە ئاز دېگەندىمۇ ئوتتۇز ـ قىرىق كۈندە ئاران يېتىپ كېلەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھېرىپ ـ ئېچىپ كېلىشىگە بىز بىر تېگىش قىلساقلا جېتەلەرنى ئوڭايلا تىرىپىرەن قىلىپ تاشلىيالايمىز. قولاي پۇرسەت دېگەن مانا شۇ ئەمەسمۇ؟

— جېتەلەرنىڭ ئۈچ لەك لەشكىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ تاشلىيالىغۇدەك بىزدە نەدىمۇ ئۇنچىۋالا كۈچ بولسۇن؟

— شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىردىن باشلاپ لەشكەر تەييارلاشنى باشلىۋېتىشىمىز لازىم. ئەلگە ئەل، يەلگە يەل قوشۇلغاندەك بىرلەشسەك، سېنىڭ ئېلىڭ بىلەن مېنىڭ ئېلىمدىن ئاز

---

① مىلادىيە 1348 ـ يىلى ئاقسۇنىڭ دۆڭقىشلاق دېگەن يېرىدە چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا تۇغلۇق تۆمۈر خان بولۇپ سايلانغانىدى.

دېگەندىمۇ تۆت لەك لەشكەرنى تېزلا يىغالايمىز!

ئۇنىڭ ئىسيان تۇسىنى ئالغان سۆزلىرى ئەمىر قازغىن بارلاسنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. چۈنكى، بۇ ئەستايىدىل ئويلاشمىسا زادى بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. شۇڭا، ئۇ مۇنداق دېدى:

— چىشلىگەن ئىتتىن ئۆچ ئالىمەن دەپ مەنمۇ چىشلىسەم، مېنىڭدە يەنە قانچىلىك قەدىر ـ قىممەت قالىدۇ؟ ئۇ ئالەمگە بارغاندا چىڭگىزخان بىلەن چاغاتايخانلارنىڭ ئالدىدا قانداق جاۋاب بېرىمەن؟

— ئەمىر بايان سۇلدۇز ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتتى! قارا، ئۇنىڭ ھالىغا باقماي كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، — دەپ غودۇراشتى سورۇندىكى بەزى ئەمىرلەر ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، — سايدا سانى يوق، قۇمدا ئىزى يوق نەدىكى بىرنېمىلەرنىڭ غوجا ئاكىسىغا ساۋاق بېرىپ كېتىۋاتقىنىنى!

— شۇ ئەمەسمۇ، «بىر ئەخمەق ئاتىسى ئۆلۈپ، مىراسخور بولدۇم دەپ گىدىيىپ كېتىدۇ؛ بىر ئەخمەق خوتۇن ئېلىپ، ئەر بولدۇم دەپ ماختىنىپ كېتىدۇ!» دېگەنغۇ ئۇلۇغلار...

ئەمىر بايان سۇلدۇز سورۇندىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ نامىغا قارىتىپ ئېيتىۋاتقان تەنە سۆزلىرىنى قەستەنگە ئاڭلىمىغانغا سالدى ۋە ئەمىر قازغىن بارلاسقا قاراپ:

— ھۆرمەتلىك ئۇلۇسبېگى، سەن چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئاۋۋالقى شان ـ شۆھرىتىنى كەلتۈرۈش ئىشىغا باشچىلىق قىلىش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقىشىڭ كېرەك، — دېدى.

بىراق، ئەمىر قازغىن ئەمدى ئۇنىڭ پەلىپەتىش سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ «بىر ئاپقۇر قىمىز ئۈچۈن بۇنچىلىك نەسىھەت قىلىش ئارتۇقچە ئەمەسمىكىن ئۇنىڭغا» دېگىنىچە، ئاچچىقى بىلەن قولىنى سىلكىدى.

ئەتىسى ئەمىر بايان سۇلدۇزنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن،

ئەمىر قازغىن بارلاس ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانىنى ئۆزىنىڭ خابگاھىغا چاقىرىپ، تۈنۈگۈنكى بەزمىدە ئەمىر بايان سۇلدۇز بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان سۆھبەتكە ئۇنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدى.

— ئەمىر بايان سۇلدۇز ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتكەن نادان بىر كىشىدۇر، — دېدى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان، — ئەمىر قەمەرىددىن دوغلات بولسا ھىيلىگەر؛ ئەمىر بايان سۇلدۇز بىغەم، بىر يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ھوشيار بولغان ۋاقتى بىر ھەپتىگىمۇ يەتمەيدۇ. قالغان چاغلاردا ئۇنىڭ شاراب بىلەن ھەپىلەشمىسە كۈنى ئۆتمەيدۇ. داۋاملىق مەست ـ ئەلەس يۈرىدۇ. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر ئەينىكىدە «پەقەت مەي يەل ئەمەس، باشقىسى پۈتۈنلەي يەلدۇر» دېگەندىن باشقىسى ھەرگىز كۆرۈنمەيدۇ؛ ئەمىر قەمەرىددىن ھىيلىگەرلىكتە شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئويلاش بىلەن يەتكەن پىكىر ۋە تەدبىر مەككار دەللاللارنىڭ ئېسىگە نەچچە ـ نەچچە يىللاپ ئويلاپ، ئۇزاق تەپەككۇر قىلىپمۇ كەلمەيدۇ. ھەتتا كۆپنى كۆرگەن قېرى پەلەك كەمپىرىمۇ ھىيلە ـ مىكىر دەرسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا قامىتىنى ئېگىپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن پىتنە قوزغاش دەرسى ھەققىدە تەلىم ئېلىشى لازىم. ئۇ بۇلتۇر قىشتا ھىيلىدىن ھالۋا ياساپ ئەمىر بايان سۇلدۇزنىڭ ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ، ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالدى، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئارىدىن كۆتۈرۈپ تاشلاپ، ئورنىغا ئۆزى تەختكە چىقماقچى. كىم بىلمەيدۇ ئۇنىڭ بۇ قارا نىيىتىنى؟ بىراق، ئەمىر بايان سۇلدۇز ئۇنىڭ سۆزىنى بەك ئاڭلاپ كەتمىگەندىن كېيىن، ھالا بۈگۈن ئۇ ئۇلۇسبېگى جانابلىرىغا تېخىمۇ چوڭراق تاپانتۇزاق قويۇپ، كۆڭۈللىرىنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە رام قىلماقچى...

بۇ چاغدا ئەمىر قازغىن بارلاس ئۆزى چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان يىپەك يېكەنداز ئاستىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئەمىر تۆمۈر

كۆرەگانغا سۇندى ۋە:

— ئەمىر جانابلىرى، بۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ماڭا يازغان خېتى. ئوقۇپ بېقىڭ، — دېدى.

ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئۇلۇسبېگىنىڭ قولىدىن ھېلىقى خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغانىدى:

«ھەزرىتى ئۇلۇسبېگى، بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خاقانلىق سەلتەنەتى سىزگە مەنسۇپ ئىدى، شۇ چاغدا رەھمەتلىك ئاغام ئەمىر بۇلاجى ئاتىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاشۇ قارا تاپان مالچىغا يان بېسىپ، خاقانلىق سەلتەنەتىنىڭ تەختىنى ئۇنىڭغا سوغۇپ ئېلىپ بەردى. بۇ ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تارىخ ئىسپاتلىدى. چاغاتاي مەملىكىتىدە دىنىي ئىسلام خاراب بولماقتا، مەجۇسىي بۇتپەرەسلەر، ناسارالار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەكتە. مەسىلەن، مەۋكەبتىكى ئىككى مۇھىم ئادەمنىڭ بىرسى مۆھۈردار يەللىغ تايشى بۇتپەرەس مەجۇسىي، يەنە بىرسى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي بولسا ئالمالىقتىكى ناسارالارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى (جىزيە) تۆلەش نامى بىلەن بۇتپەرەسلىكنى ساقلاپ كەلمەكتە. دىنىي ئاداۋەت ۋە ئىچكى پاراكەندىچىلىك مەملىكەتنى تېز زەئىپلەشتۈرۈپ تۈگەشتۈردى. ھالبۇكى، بىز قۇدرەتلىك خاقانىنىڭ قول ئاستىدا بولغان بولساق، بۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالماس ئىدۇق. مەن نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى زامانىنىڭ رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن سەرگەشتە بولۇپ يۈرگەنىدىم. ئەلھال، ئۇلۇسبېگى جانابلىرىنىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن خەۋەر تېپىپ گويا مېنىڭدەك نىمجان بىر ئادەمگە باشقىلاتتىن جان كىرگەندەك بولدۇم. مەگەر ماڭا جاھاننى يورۇتقۇچى يارلىق قانداق بېرىلسە، خىزمەتلىرىگە تەيياردۇرمەن. چۈنكى، ھەرقانداق جايدا قولىدىن ئىش كېلىدىغان مەردلەر ۋە جاھاننى ئۆز ئىلكىدە تۇتالايدىغان ئاقىللار بولسا، خالايىق ئۇنىڭ قېشىغا يىغىلىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى غەپلەت — مەغرۇرلۇق، خاتالىق —

بۇزۇقلۇق ئىللەتلىرىگە دۇچار قىلىدۇ. يىراقنى كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ كور، قۇلىقى يەڭگىل كىشىلەرمۇ گاس بولىدۇ. ئاتا ئوغۇل بىلەن، بىر تۇغقان بىر تۇغقان بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ...»

ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سوغۇق كۈلۈپ قويدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن قەددى ـ قامىتىدە باشقا ئادەتتىكى كىشىلەردە ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە بىر ئۇلۇغلۇق ئالامىتى ئايان بولماقتا ئىدى:

— ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ قەلبى يىلاننىڭ زەھىرى بىلەن تولغان، بۇنداق قەلب ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغانلارنىڭمۇ ھەممە ئىستېداتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدۇ، — دېدى خەتنى ئۇلۇسبېگىگە ئۇزارتىۋېتىپ.

— ئەمىر بايان سۇلدۇزمۇ كىم بۇرنىدىن يېتىلىسە، شۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋەرمەس؟ — دېدى ئەمىر قازغىن بارلاس ئۇنىڭ سۆزىگە تازا ئېرەنشىپ كەتمەي.

— ھۆرمەتلىك ئۇلۇسبېگى جانابلىرى، بىز ئۇلارنى بۇ ئىشتىن توسقىنىمىز تۇزۇك، — دەپ ئۆز كۆزقارىشىنى ئېنىق بىلدۈردى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان، — يەنى دېمەكچىمەنكى، قۇلىقىمىزنى تىنچىتىش ئۈچۈن، خانغا ئېيتىپ، مۇنۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى موغۇلىستانغا كەتكۈزۈۋەتكىنىمىز ياخشىمىكىن...

— ئەمىر جانابلىرى، قانداق دەيسىز؟

— بىزگە تۈلكىنىڭ تېرىسىمۇ كېرەك ئەمەس، سېسىقىمۇ كېرەك ئەمەس، — دېدى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان، — مەن بۇلتۇر ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات سۇلدۇز ئېلىگە پاناھلاپ كەلگەندىلا، ئۇنىڭ بۇ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى ئەمىر بايان سۇلدۇزغا چۈشەندۈرۈپ، ئەگەر ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىۋەرسە، قانداق بالالارغا ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بېرىپ قويغانىدىم. لېكىن، ئۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ياغلىما سۆزلىرىنى مېنىڭ

سۆزۇمدىن ئارتۇقراق بىلىپ، ئۆزىنىڭ تەقدىر ـ ئىقبالىنى ئۇنىڭغا دوغا تىكتى. «قۇش يىڭىلىپ تورغا چۈشەر، ئادەم يىڭىلىپ قولغا...» دىگەندەك، ئاشۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ئاخىر ئۆزىنى «تەپرىقىچى» دىگەن نام بىلەن خاننىڭ دارى ئاستىغا باغلاپ ئەكىلىدىغانلىقىنى ئەمىر بايان سۇلدۇز دىگەن ئەخمەق چۈشەنمىدى.

— ھەقىقەتەنمۇ ئەمىر بايان سۇلدۇزنىڭ ئۆزى تازا بىر ئەخمەق ئىكەن، — دىدى ئەمىر قازغىن بارلاسمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ، — ئەمىر قەمەرىدىن سۇلدۇز ئىبلىگە قېچىپ كەلگەندىن بىرى، ئۇلۇسبېگى ھەربىر ئىشتا ئاشۇ كاززاپ بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بولۇۋالدى، بىزنى قىلچىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان بولدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى بولغان بولسا ئىدى، بۇ بالاخور قىزىل كۆزنى ھەرگىزمۇ تۆرگە چىقىرىپ قويۇپ، ھەر ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرمىغان بولاتتى. بۆرە قويغا پايدىلىق مەسلىھەت بەرمىگەندەك، ئەمىر قەمەرىدىنمۇ قاچان ئۇنىڭغا پايدىلىق مەسلىھەت بەرگەن؟

— مەسىلىنىڭ تۈگۈنى دەل مۇشۇ يەردە، — دىدى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان، — ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات كەلمەستە، ئەمىر بايان سۇلدۇز تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىدىكى تۆت چوڭ ھوقۇقلۇق ئۇلۇس بەگلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاغاتاي ئۇلۇسى ھەر قېتىم خان تىكلىگەندە، ئۇ سىز بىلەن ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش بولۇپ كەلگەنىدى. بىراق، قاچانكى ئاشۇ تېجىمەل ئۇنىڭغا قوناق بولۇپ كەلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ سىز بىلەن بىزنى زادىلا كۆزگە ئىلماي قويدى. ئۇنىڭ ھەربىر كۆرسەتكەن مەسلىھەتىنى سىز بىلەن بىزنىڭكىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويدى. ئىلگىرى خان دوغلاتلارنىڭ قولىدىكى قورچاق ئىدى. بىراق، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات باشچىلىقىدىكى بىر بۆلەك دوغلات ئەمىرلىرى بۇنداق ھالەتكە يەنىلا شۈكۈر ـ قانائەت قىلماي كەلدى. ئۇلۇسبېگى، ئەمىر بايان سۇلدۇز ۋە سىزنىڭ

ياردىمىڭىزدە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خاقانلىق تەختىنى تەنها ئىگىلىمەكچى. دېمەك، ئۇ بۇ مەقسەتكە يەتمىگۈچە ھەرگىز توختىمايدۇ.

— بۇ سۆزىڭىز توغرا، — دېدى ئەمىر قازغىن بارلاس، — كونىلار: «ئاچ ئىتنىڭ كەينىنى لالما ئىت يالايدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. شۇ ئەمەسمۇ، ئەمىر بايان سۇلدۇزنىڭ ئاشۇ ئەمىر قەمەرىدىنىدەك ساندا بار، ھەمدەمدە يوق بىر تېجىمەلگە غەمخورلۇق قىلىپ پاناھلىق بەرگىنى نېمىسى؟ تۇغلۇق تۆمۈرنى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خانلىق سەلتەنەت تەختىگە دوغلاتلار يۆلەپ چىقارغان. ئەمىر قەمەرىدىن بىلەن خان ئوتتۇرىسىدا جاڭجال چىقىپ قالغۇدەك بولسا، خۇددى ئۆز ۋاقتىدا بىز بىلەن خان ئوتتۇرىسىدىكى جاڭجالدا ئەمىر بۇلاجى دوغلات باشچىلىقىدىكى دوغلات ئەمىرلىرى خان تەرىپىدە تۇرغىنىدەك، كۆپ سانلىق دوغلات ئەمىرلىرى بۇ قېتىممۇ يەنىلا تۇغلۇق تۆمۈر تەرىپىدە تۇرىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ جاڭجالدا ھەم ئەمىر قەمەرىدىنىنىڭ ئىتتىمۇ بولماسلىقىمىز، ھەم دوغلاتلارنىڭ كۈچۈكىمۇ بولماسلىقىمىز لازىم. ئەڭ ياخشىسى، ئەمىر قەمەرىدىن بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرنى بىر ئامال قىلىپ ئەپلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئالمالىققا — خاننىڭ يېنىغا كەتكۈزۈۋېتىشىمىز لازىم. ئەمىر قەمەرىدىن ئالمالىققا كەتسىلا، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئىش بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق. مېنى دېسە، ئۆلۈشۈپ كەتسۇن!

ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئۇلۇسبېگىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىستېھزا بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە، ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلمىدى...

قىشتىن تارتىپ توختىماي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سوغۇق سەۋر ئېيىنىڭ بېشىدا بىردىنلا توختاپ ھاۋا بىراقلا ئىسسىدى. پامىر ئېگىزلىكى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان جەيھۇن دەرياسى قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ۋە شىددەت بىلەن

توختىماي يېغىۋاتقان قارا يامغۇردىن ھاسىل بولغان سەل سۇلىرى بىلەن لىق تولۇپ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتاتتى.

تۈنۈگۈن كەچتە ئەمىر قازغىن بارلاس ئۆزىنىڭ سالى سارايدىكى ئەمىر ئوردىسىدا ئەمىر بايان سۇلدۇز بىلەن ئەمىر قەمەرىددىن دوغلاتنى قوبۇل قىلدى.

ئەمىر قازغىن بارلاس سالاپەتلىك بەست ـ قامىتى بىلەن كېلىشتۈرۈپ ئورىغان يېشىل بۇخارا سەللىسى ۋە خېنە يېقىلغان قويۇق ساقىلى ئارقىلىق باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قولىدا قىزىل سۇرۇخ پېچىتى بۇزۇلغان بىر شاھانە مەكتۇپنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— يا ئەمىيۇئەلمۇسلىمىنا! — دېدى ئەمىر قەمەرىددىن دوغلات گەپىنى سوزماستىنلا ئۆز مەقسىتىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، — ھەربىر بالا ـ قازانى قادىر ئاللانىڭ ئۆزى ئەۋەتىدىغانلىقى بەرھەق. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇدرەتلىك ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرىنى ھەربىر بالا ـ قازادىن ساقلايدىغانلىقى ۋە قۇتقۇزىدىغانلىقىمۇ بەرھەق. «قۇرئان كەرىم»دىكى «سۈرە ياسىن» بىلەن «ئەلھەمدۇلىللا» دېگەن بىر كەلىمە ئايەت بۇنىڭغا گۇۋاھدۇر. شۇ سەۋەبلىك، تەڭرىتائالا ئۆز بەندىسىگە قانداقلا بىر كېسەلنى ئەۋەتسە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شىپاسىنىمۇ كۆرسەتكەن. شۇنداق بولغانلىقتىن، جېتە لەشكەرلىرى ھودۇدلۇقىمىزغا بالا ـ قازادەك يوپۇرلۇپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلىق قەرزىم ئۈچۈن، دىن قېرىنداشلىق ـ دوستلۇقۇم ئۈچۈن سىلەرگە: «بۇ بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار!» دەپ مەسلىھەت بېرىمەن. جېتە لەشكەرلىرىنىڭ ۋەھشىي تاپىنىدىن پەقەت سىلىق ساقلىنىش يولى بىلەنلا ئامان قېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپتىن ـ كۆپ ئۆتۈنۈپ ئېيتايكى، بىز ھەممىمىز بىرلىكتە زېمىنغا خۇددى قارا چېكەتكىدەك بېسىپ كېلىۋاتقان بۇ بالايىئەزىمدىن ساقلىنايلى!...

«هوي بىر پارچە نانغا ئالدىنىدىغان دوغلات كۈچۈكى» دەپ تىللىدى ئەمىر بايان سۇلدۇز ئۇنى ئۆز ئىچىدە، «يامان ئاتقا يالى چىقسا، بوينىغا تورۋا ئىلدۇرماس، دەپ راست ئېيتىپتىكەن. قېنى كۆرىمىزغۇ، كىم كىمنى يېڭىدىكىن؟!»

— مەن ئالىلقاچان يېشىمنى ياشاپ، يەيدىغىنىمنى يەپ بولغان ئادەممەن، — دېدى ئەمىر قازغىن بارلاس، — دۇنيانىڭ ماڭا رەھمى كېلىپ، تېخىچە مېنى ئۆز قۇچىقىدا ئاسراپ كېلىۋاتقىنىغا ھەيرانمەن. مەنمۇ، سەنمۇ ۋە باشقا ئادەملەرمۇ ھەممىمىز ئۆلۈمنىڭ شەربىتىنى تېتىغۇچىدۇرمىز. شۇڭا، ئۆلۈم شەربىتىنىڭ تەمىنى تېتىشتىن ئىلگىرى، بىز پۇقرالىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئويلىشىمىز، ئۇلارنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز لازىم. بۇ ھەم مېنىڭمۇ، ھەم سېنىڭمۇ مۇسۇلمانلىق قەرزىمىزدۇر!

— ھۆرمەتلىك ئۇلۇغۇم، قېنى سەن ئېيتىپ كۆرگىنچۇ، — دېدى ئەمىر بايان سۇلدۇز قىلىچە چاندۇرماستىن، — بۇ جېتەلەرنىڭ باسقۇنىدىن قانداق ساقلىنىشىمىز كېرەك؟

— مېنىڭ ئەمىرلىرىم جېتە لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدۇ! — دېدى ئەمىر قازغىن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ماڭا مۇنۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى دەرھال قاماقتا ئېلىشىمنى تەۋسىيە قىلىشماقتا. بىراق، مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئەھمىيەت بەرمىدىم. بەلكى مەن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرى بىلەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات جانابلىرىنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ، ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئويلاۋاتىمەن.

ئاندىن ئۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتقا قاراپ:

— ئەڭ ياخشىسى سەنمۇ ئۆزۈڭگە بىرەر زەخمەت يەتمەستە موغۇلىستانغا كېتىۋالغىنىڭ تۈزۈك، — دېدى قەتئىيلىك بىلەن، — مەن خاننىڭ ئالدىدا ھاياتىڭغا كېپىللىك قىلىمەن ۋە سەن گۇناھىڭغا توۋا قىلساڭلا، خاننىڭ سېنى كەچۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن!

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۇلۇسبېگىنىڭ تىكىلىپ تۇرغان ساق كۆزىدىن ئۆزىنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلدى ـ دە:

ــ ھۆرمەتلىك ئۇلۇسبېگى جانابلىرى، ــ دېدى ئۇ، ــ مېنى تۇغلۇق تۆمۈرنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلىغانسىز، بەلكىم. مەن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ يېنىدىكى دوغلات قەبىلىسى ئارىسىدىن چىققان ئادەممەن. ئۇنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى مانا مېنىڭدىن سورىغايسىز. مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي، تۇغلۇق تۆمۈر دوغلاتلارنى ئاللىقاچان يولدىن چىقىرىپ بولغان، ئاتا يولىدىن، دىنىي يولىدىن تېنەتكەن. ئۇ بىر ناسارا خوتۇننى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە بىر ناسارا ئېپىسكوپىنىمۇ ئۆزىگە ئەقىلدار قىلىۋالدى. ئۇ ناسارا دىنىغا تولىمۇ كەڭچىلىك قىلماقتا. ناسارالارنىڭ چېركاۋ ـ سىركىلىرىنى ساقلاپ قېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئاللىقاچان مۇسۇلمانلارنىڭ نامازگاھى قىلىنغان مەسچىتلەرنىمۇ ناسارالارغا چېركاۋ ـ سىركىپ قىلىپ ئېچىپ بەرمەكتە. ئۇ چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ پادىشاھى ئەمەس، بەلكى ئۇچىغا چىققان بۇزغۇنچى، ئۇلۇسنى ۋەيران قىلغۇچى، ھەق يولدىن ئازغۇچى. شۇنداق ئىكەن، مەن قانداق ئۇنىڭ ئالدىغا گۇناھىمنى تىلەپ بارغۇدەكمەن؟

ــ سەن ئۇنداق تەرسالىق قىلما، ماۋۇ مەكتۇپقا قارا، بۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سېنىڭ نامىڭغا ئەۋەتكەن شاھانە يارلىقى. سېنى باشقا بىرسى ئەمەس، بەلكى خاننىڭ ئۆزى پايتەختتە ئالمالىققا چاقىرىپتۇ. كۈچلۈك كۈچسىزنى ئىتائەت قىلدۇرىدۇ. شۇڭا، ساڭا ماقۇل دېمەكتىن باشقا ياخشى جاۋاب يوق. شۇنداق قىلساڭ، بۆرىمۇ توق بولىدۇ، قويمۇ ئامان قالىدۇ!

ــ كىم بۆرە، كىم قوي؟! ــ دەپ ئاچچىقى بىلەن سورىدى ئۇنىڭدىن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات.

ــ بۇ ساڭا ئېنىققۇ، تەخسىر؟!... ــ دېدى ئەمىر قازغىن بارلاس ئۇنىڭغا زەردە قىلىپ، ــ مەن سېنىڭ گېپىڭنى كۆپ

ئاڭلىدىم. سىنىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىڭنىمۇ كۆردۈم. ئەمىر بايان سۇلدۇزنىڭ سەن توغرىسىدىكى ئېيتقانلىرىنىمۇ ئاڭلىدىم، ئەمدى بەس. بىرلا نارازىلىق ۋە چىن سۆزۈمنى ساڭا ئېيتاي، سەن ئەيىبلىكسەن. بۇ يولدىن دەرھال قايت! بالا ـ قازانىڭ يولىغا كىرمە! سەن ئۆز ئۇلۇغۇڭغا خىيانەت قىلىغانسەن. سەن شۇنداق مەككار، كاززاپ، قىزىل كۆز، ناكەس بىر ئادەم ئىكەنسەنكىن، مەن ـ مەن دېگەن بوز يىگىتلەرنى جەيھۇن بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ياندۇرۇپ كېلەلەيدىكەنسەن. سېنىڭ ھىيلىگەرلىكىڭگە موغۇلىستان خەلقى قايىل. سەن تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن ئۇلۇسبېگىلىق مەرتىۋىسىنى تەمە قىلىپ ئالالمىغاندىن كېيىن، قاتاللارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن چاغاتاي سەلتەنەتىنى سوپۇۋالماقچى بولدۇڭ. قاتاللارنىڭ «جامە مەسچىتىگە ئوت قويۇش ۋەقەسى»دە سېنىڭ بۇ سۇيىقەستىڭ پاش بولۇپ قېلىپ، بېشىڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە تاس قالدىڭ. نائىلاج موينىقۇم چۆللۈكىگە قاراپ قېچىپ، سۇلدۇزلارنىڭ قېشىغا كېلىپ پاناھلاندىڭ! شۇڭا، ئۇلۇغۇڭ سېنىڭ گۇناھىڭنى سۈرۈشتە قىلمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، يەنە سېنىڭ بىلەن يارىشىشنى خالاپ، يارلىق چۈشۈرگەن چاغدا، سەن بۇنداق لەنەتگەردە نىيەتلىرىڭنى دەرھال تەرك ئېتىپ، ۋاقتىدا كېتىۋالغىنىڭ تۈزۈك! بولمىسا مەلئۇن بولىسەن! — دەپ قولىدىكى ھېلىقى شاھانە يارلىقنى ئۇنىڭ بېشىغا ئاتتى ۋە بىرلا ساق كۆكۈچ كۆزى بىلەن ئۇنىڭغا قاتتىق يىرگىنىپ خەنجەردەك تىكىلدى.

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ يۈزى قىپقىزىل بولۇپ يېنىپ كەتتى:

— ياخشى نىيىتىڭىزگە رەھمەت، جانابىي ئۇلۇسبېگى، قانداق قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، ماڭا ئۆگەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ! — دېدى ـ دە، پېشىنى قاققىنىچە ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ كەتتى. ئەمىر بايان سۇلدۇزمۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ مۇشۇ شۇملۇقلىرىنى ئەمدى

بىلگەندەك قىلىپ، يالغاندىن ھەيران بولدى ۋە خۇپسەنلىك قىلىپ ياقىسىنى تۇتقان پېتى «ئەستاغپۇرۇللا!» ۋە «سۇبھانالىلا!» دېگىنىچە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا سوغدىشىپ چىقىپ كەتتى...

* * *

تۇنۇگۈندىن بېرى قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇر بۈگۈن چۈش قايرىلغاندا توختاپ، ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. قۇياش پاللىدە چىقىپ يەر ـ جاھاننى ئىسسىتتى. بىراق، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ياۋاش، تىنچ ئاقىدىغان جەيھۇن دەرياسى سەل سۈيى بىلەن تولۇپ، لايقىلىشىپ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتاتتى.

بۈرناكۈن سالى سارايدىكى ئوردىسىدىن يولغا چىققان ئەمىر قازغىن بارلاس شىكار قىلىش ئۈچۈن ئون ـ ئون بەشچە مۇلازىمنى باشلاپ تۇنۇگۈن كەچتە تېخى تىنچ، ياۋاش ئېقىۋاتقان جەيھۇن دەرياسىدىن بۇ ياققا ئۆتۈپ بولۇشىغا، بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاسماندىن زېمىنغا چېلەكلەپ تۆكۈلگەندەك يامغۇر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. قارا يامغۇردا قالغان ئەمىر قازغىن بارلاس مۇلازىملىرىغا جەيھۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر توقايلىققا چېدىر تىكىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار شۇ يەردە يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ بىر كېچە تۈنەشكە مەجبۇر بولدى.

ئەتىسى چۈشتە يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن، مۇلازىملار ھۆل بولۇپ ئىۋىپ كەتكەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن يېيىۋەتتى. تەبىئەت گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. دالادا بولۇق ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر، رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن دالا گۈللىرى، كۆك ئاسماندا يايراپ ئۇچۇشۇۋاتقان قۇشلار جانغا ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە قاراپ تويمىغان ئەمىر قازغىن بارلاس شۇ كۈنكى كۈننىڭ قانداق كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى. قاش قارىيىپ، كۆز

باغلانغان چاغدىكى ئاشۇ مەشئۇم تۈن پەردىسى ئىچىگە ئۇلاردىن باشقا يەنە مەلۇم مەقسەتلىرى يولىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشكەن بىرنەچچە ئادەملەرمۇ يوشۇرۇنغانىدى. ئۇلار باشقىلارنىڭ ھاياتلىق يىپىنى ئۈزۈشنى مەقسەت قىلغان بىر توپ قاتىللار ئىدى. بۇ توپنىڭ ئارىسىدا ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ كۈيۈ ئوغلى، ئورنات قەبىلىسىدىن چىققان قۇتلۇق تۆمۈر بۇرۇلداي ئوغلى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى بىلەن ئەمىر بايان سۇلدۇزنىڭ يېقىن ئىككى سەردارىمۇ بار ئىدى...

ئەسلىدە ئەمىر بايان سۇلدۇز بىلەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتلار ئەمىر قازغىننىڭ سالى سارايدىكى ئوردىسىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، دەرھال سەمەرقەنتكە قايتىشقانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش پىلانىنىڭ ئەمىر قازغىن بارلاس تەرىپىدىن رەت قىلىنغىنىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنى قەستلەشكە كىرىشتى. ئۇلار بۇ سۇيىقەستنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەپلىك پۇرسەت ئىزدەپ يۈرەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ قارا نىيەت كۈيۈ ئوغلى قۇتلۇق تۆمۈر بۇرۇلداينى نۇرغۇن ئالتۇنغا سېتىۋېلىشتى.

قۇتلۇق تۆمۈر بۇرۇلداي ئۇزاقتىن بېرى قېيىنئاتىسى ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ ئەمىرلىك ئورنىغا كۆز تىكىپ يۈرەتتى. شۇڭا، ھەق ـ ھوقۇق ئۈستىدە گەپ ـ سۆز بولۇۋاتقان ئەنە شۇ مەزگىللەردە بۇ سۇيىقەستچىلەر ئارىسىدىكى تۈرلۈك ئۇچرىشىشلار، خۇپىيانە سۆھبەتلەر، ئەھدۇپەيمانلىشىشلار ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن يېقىنلىق ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇلارنىڭ دىمىقىدىكى ھاكىمىيەتچىلىك دۈتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ، شۇنداق يالقۇنلاتتىكى، خۇددى ئەمىر قازغىن بارلاس ئۆلۈپ ھاياتلىق يىپى ئۈزۈلسىلا، پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئۇلارغا ئوڭچە قالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئەمىر بايان سۇلدۇز ۋە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ئالتۇنى بىلەن ۋەدىسىگە ئىشەنگەن قۇتلۇق تۆمۈر بۇرۇلداي قېيىنئاتىسىنىڭ بۇنىڭدىن

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جەيھۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى توقايلىقتا شىكار قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سىرتتىقى ئۇلارغا يەتكۈزىدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات شۇنداق ئېيتتىكى: «ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ سالى سارايدىكى ئوردىسىدىن ئايرىلىپ جەيھۇن بويىغا ئوۋغا چىقىشى بىزنىڭ ئۈنىڭغا قول سېلىشىمىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەتتۇر. مۇبادا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانمايدىغان بولساق، كۆڭلەرنىڭ بىر دەم بىزگە ئەپسۇس بارمىقىمىزنى چىشلەشكە توغرا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.» ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئەمىر بايان سۇلدۇز ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئىككى سەردارىنى بىرنەچچە ئادىمى بىلەن قوشۇپ قۇتلۇق تۆمۈر بۇرۇلدايىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى ۋە: «ئەمىر قازغىن بارلاسقا جەيھۇن بويىدا قول سېلىڭلار!» دەپ كۆرسەتمە بەردى.

قېيىنئاتىسى ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ ئۇن ـ ئون بەشچە مۇلازىملىرىنى ئېلىپ سالى سارايدىكى ئوردىسىدىن جەيھۇن بويىغا شىكار قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققانلىقىنى كۆرگەن قۇتلۇق تۆمۈر بۇرۇلدايمۇ ئەمىر بايان سۇلدۇزنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ يەنە بىر يول ئارقىلىق جەيھۇن بويىدىكى ھېلىقى توقايلىققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

باشقا چاغلاردا دۈشمەنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن داۋاملىق ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى يەشمەستىن سەگەك ئۇخلايدىغان ئەمىر قازغىن بارلاس شۇ كۈنى بەك ھېرىپ كەتكەنمۇ قانداق؟ ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى پۈتۈنلەي يېشىپ تاشلاپ، ئېزىلىپ قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى.

ئايسىز، يۇلتۇزلۇق كېچىدە ئەتراپ جىمجىت، پىنھان ئىدى، تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە، ئۇدۇلدىكى يوغان قورام تاشنىڭ دالدىسىدىن يۈزىگە نىقاب تارتقان تۆت ئادەم ئەمىر قازغىن بارلاس

ياتقان چېدىرغا شىپقاپ كەلدى. ئۇلاردىن ئىككىسى تالادا قېلىپ، قالغان ئىككىسى ئەمىرنىڭ چېدىرىغا كىردى. غەيرىي تىۋشنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ ئويغانغان ئەمىر قازغىن بارلاس «قايسىڭ؟!» دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەن تەڭلا، ھېلىقى نىقابلىق ئىككى ئادەممۇ ئەمىرگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن پېتى قولىدىكى خەنجەر، چوقماقلىرى بىلەن تەڭلا ھۇجۇم قىلىشتى. ئەمىر بېشىغا قاتتىق تەگكەن چوقماقنىڭ زەربىسىدە قارشىلىق كۆرسىتىشكىمۇ پايلىماستىن پالاققىدە قىلىپ يەرگە يىقىلدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا بېرىلگەن يەنە بىر ئەجەللىك زەربە ـــ يۈرىكىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلغان خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ كۆزىدىكى نۇر ئەبەدىي ئۆچۈپ، خىرەلىشىپ قالدى. ئەمىرنىڭ قارنىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قان چاچراپ بىردەمدىلا چېدىرنى بوياپ تاشلىدى. شۇنچىلىك تېزلىك بىلەن باشلانغان بۇ قانلىق ۋەھشىيلىك يەنە شۇنچىلىك تېزلىك بىلەن ئاخىرلاشتىكى، ئۇنىڭ داۋام قىلغان ۋاقتى تۆت ـ بەش دەقىقىغىمۇ يەتمىگەنىدى.

ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ چېدىرىدىن ئاڭلانغان شاپۇر ـ شۇپۇر، پالاق ـ پۇلۇق ئاۋازدىن قالغان مۇلازىملار ئويغىنىپ دەرھال ئاياغقا تۇرۇشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ قان ئىچكۇر قاتىللارنىڭ قولىدىكى چوقماقلار قاراسلاپ باشلىرىغا تەگكەندە ئۇلارمۇ نېمە قىلىشنى بىلمەستىن مەڭدەپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئەمما، دەرھال ھوشىغا كېلىشىپ، قۇرۇق قوللىرى بىلەن ھېلىقى قاتىللارغا يېپىشىپ، ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى، قاتىللاردىن بىر ـ ئىككىسىنى يىقىتىشقا قادىر بولۇشتى. ئۇلارنىڭ قورالى بىلەن قوراللانغان مۇلازىملار تېخىمۇ روھلىنىپ باشقا قاتىللارغا ھۇجۇم قىلىشتى. ئىنتىقام ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بۇ قاتىللار ئەمدى داۋاملىق ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلالماستىن ئاجىزلىق قولى بىلەن قېچىش ئېتىكىنى تۇتۇپ، قىلىچ سوغۇرۇش ئورنىغا قالقاننىمۇ تاشلاپ قاچتى ...

ئەتىسى ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ سۆيىقەستكە ئۇچراپ قازا

www.uyghurkitap.com

قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بەگ ـ ئەمىرلەر ۋە مەرھۇمنىڭ يېقىنلىرىدىن بىر توپ كىشى ھېلىقى قاتىللارنىڭ ئارقىسىدىن ئات سېلىپ قوغلاپ قوندۇز ئەتراپىدا ئۇلارغا يېتىشىۋالدى ــ دە، ئۇلارنى قورشىۋېلىپ، ھەممىسىنى ئىنتىقام قىلىچىدىن ئۆتكۈزدى①.

## نەزم

دەرۋازا، مۇنار ۋە بارۇدىن نىشان قالمىدى،
ئۇ دەردنىڭ داۋاسىغا ئىمكان قالمىدى.
بۇ شۇنداق بىر ساراي ئىدى ئامانەت ناباب،
بىر يېقى تەلتۆكۈس، بىر يېقى خاراب.
بىرسى قۇرۇلغان ئېگىزگە، بىرسى ئىدى پەستە،
بىرسى ھەشەمەتلىك، بىرسى ۋەيرانە.
كەلگىن بۇ ئەرزىمەس تۇندىن ۋاز كېچەيلى،
ئىلىم ياردىمىدە بىر جاھان ئىگىلەيلى.
چۇنكى ئۇنىڭ شادلىقى ئەبەدىيلىكتۇر،
بۇ ئاۋات غەمدەك ئەمەس، ئۇ پانىيلىقتۇر.
ــــ شەرەفىدىن ئەلى يەزدىي②

---

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۇچۇن شەرەفىدىن ئەلى يەزدىينىڭ «زەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 55 ـ، 56 ـ بەتلەر.

② شەرەفىدىن ئەلى يەزدىي ــــ ئىراننىڭ يەزد شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان تەفت دېگەن يەردە تۇغۇلغان. مىلادىيە 1454 ـ يىلى يەزدىدە ۋاپات بولغان. تارىخشۇناس، «زەپەرنامە» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى.

# ئۈچىنچى باب

## «بەيتفالىخە خەير ـ ساخاۋەت ئۆيى»

«ئېتىقاد ــ ئىنساننى تېخىمۇ يۈكسەك ۋە تېخىمۇ ئۇلۇغۋار گەۋدە بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان رىشتىدۇر.»

ــ خاتىرەمدىن

مىلادىيە 1361 ـ يىلى ياز. بۇغداي بېشى مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرلىرى.

قۇياش گويا كەڭ زېمىننىڭ ئالقىشلىشىدىن مەمنۇن بولغاندەك، ئەتىگەندىن كەچكىچە زېمىن ئۈستىدە پارلاپ تۇراتتى. كېچىلىرى بولسا چاقناپ تۇرغان يارقىن يۇلتۇزلار تۇن ئاسمىنىغا پاتماي قېلىشاتتى. كىشىلەرنىڭ هويلا ـ ئارانلىرى ۋە باغلىرىدا گۇللەر تولۇق ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئادەملەر جاهان ئىسسىپ كەتمەستىن ئىلگىرىلا باغچىلىرىدىكى قويۇق دەرەخلەرنىڭ ئاستىغا سالقىنلاش ئۈچۈن كىرىۋېلىشقانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرىكى زامانلاردا بۇنداق قاتتىق ئىسسىق زادىلا بولۇپ باقمىغانىكەن.

بۈگۈنمۇ هاۋا بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، قۇياش ئۆزىنىڭ كۆكتىكى ئورنىدىن تۆۋەنگە سەل ـ پەل قايرىلغان مەهەلدە، خانىش زەمۇران بىبى ئوردا ئايىملىرىنىڭ هەمراهلىقىدا ئالتە ياشقا تولغان تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجىنى يېتىلەپ، سالقىنلاش ئۈچۈن هەرەمدىن ئاق قەسىر بېغىغا

www.uyghurkitap.com

چىقتى.

ئاق قەسىر بېغىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئەتراپىغا كەڭ قۇچاق يايغان يوغان بىر تۈپ قەدىمكى چىنار ئۆسكەنىدى. چىنارنىڭ يوغان ھەم ئېگىز بىر تال شېخىغا توم ئېشىلگەن چىڭگە ئارغان بىلەن ئىلەڭگۈچ سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى قىز ۋارقىرىشىپ ئۇچۇشۇۋاتاتتى. تۆت ـ بەش چۆرە ـ دېدەك قىز ئۇلارغا قارىشىپ تۇرغانىدى. چىنارنىڭ ئاستى جانغا راھەت سۆرۈن بولۇپ، چىنار شاخلىرىنىڭ قويۇق سايىسى ئاستىدا تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشقان قىزلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى.

قىزلار خانىشنىڭ باغچە قەسىرىدىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن دىماققا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان مۇشك ـ ئەنبەرنىڭ خۇش پۇرىقىدىن بىلىۋېلىشتى. باغچە ئىشىكىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان خانىشنىڭ تۇرقىدىن ئۇنىڭ گۈزەللىكى، زېرەك، ئەقىللىك ۋە تەمكىنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

خانىش زەمۇران بىبى يۈزى يۇمىلاق، ئۆڭى سۇزۇك، مەڭزى قىزىل، كۆزلىرى خۇددى سۇرمە سۈرگەندەك قاپقارا، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، زىلۋا بويلۇق ئايال ئىدى، بۇ ئۇنىڭ چوكانلىق ھۆسنىگە تازا تولغان چاغلىرى ئىدى. بىلەكتەك توم ئۆرۈلگەن چاچ ئۆرۈملىرىنىڭ ئۇچىدا ئالتۇن چاچتەڭگە ۋە باشقا زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى، قۇلىقىدا لەئەل ـ ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن سىرغىسى چاقناپ تۇراتتى. بېشىغا قوڭغۇر جىڭگىلەك چاچلىرىنى باستۇرۇپ ئالتۇن تاجنى ئوڭ چېكىسىگە يانتۇ قىلىپ تاقىغانىدى. بويىدا مەرۋايىت كۆز قويۇپ نەپىس سوقۇلغان ئالتۇن گۈلدەستە بار ئىدى. قوللىرىدا ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن بىلەزۈكلەر، قولىنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرىغا بولسا ئالماستىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن ۋە ھېقىق ئۈزۈكلەر سېلىنغانىدى. ئۇستىگە ئوشۇقىغىچە يۆگەپ تۇرىدىغان سۇس رەڭلىك نېپىز يىپەك پۇركەنجە ئارتىۋالغانىدى.

دېدەك قىزلار خانىش بىلەن تۇغلۇقزادىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال رەتلىك تىزىلىشتى. زەمۇران بىبى ئىلياس خوجىنى يېتىلەپ ئۆلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، قارا چاچلىق زىلۋا بويلۇق چىرايلىق بىر قىزدىن:

ــ ئويۇنۇڭلار كۆڭۈللۈك بولۇۋېتىپتۇغۇ؟ قېنى قىزلار، ئىلگىرىكىگە ئۈچۈش نۆۋىتى كىمگە كەلدىكىن؟ ــ دەپ سورىدى يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، ــ ئويۇنۇڭلارغا بىزنى قاتقۇڭلار يوقمۇ؟

ــ بەيتفالىخە ئايىمغا مەلۇم بولغايكى، ئۈچۈش نۆۋىتى ئايچېچەك خېنىم بىلەن چۇغلۇق خېنىمغا كەلدى، ــ دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى قىز خۇشخۇيلۇق بىلەن.

«بەيتفالىخە» ــ زەمۇران بىبى تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجىنى تۇغقاندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ھۆرمەت نامى ئىدى. بۇ نام ئادەتتە خاقان ـ پادىشاھلارنىڭ چوڭ خانىشىغا بېرىلىدىغان ئاتاق بولۇپ، «دۆلەت ئانىسى» دېگەنلىك بولاتتى.

قىزلار خانىش بىلەن تۇغلۇقزادىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئىلگىرىكىگە ئۈچماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كېتىشتى:

ــ نۆۋىتىمىزنى بەيتفالىخە ئايىم بىلەن تۇغلۇقزادىگە ئۆتۈندۇق !...

كىچىككىنە تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا بۇدرۇق قوللىرى بىلەن خانىش ئانىسىنىڭ يەرگە سۆرىلىپ تۇرغان پۈركەنجىسىنىڭ ئېتىكىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ ئامال بار يۈزىنى قىزلارغا كۆرسەتمەسلىككە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئوماق ھالىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ بالىغا مەستلىكى كەلمەي قالمايتتى.

خانىش ئانىسى ئۇنىڭ كىچىككىنە بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ:

ــ سەن قىزلارغا قارىما، ماقۇلمۇ؟ بېرى كەل، قوزام، ئىلگىرىكىگە بىللە ئۈچىمىز ! ــ دېدى ئۇنى ئەركىلىتىپ.

— قورقمەن ! — دېدى بالا چۈچۈك تىللىرى بىلەن سۆزلەپ.

— قورقما، نېمىدىن قورقىسەن، مەن سېنى مەڭگۈ تۇتۇۋالمەن، ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن !

— مېنىڭ ئىلەڭگۈچتە ئۇچقۇم كەلمەيدۇ !...

— شۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ؟ سەن دېگەن باھادىر خاقان ئاتاڭنىڭ ئوغلى، ئەركەك تۇرساڭ، مانا قارا، مۇنۇ قىزلار قورقماي ئۇچۇشىدۇغۇ. ئوغۇل بالا دېگەن قورقماس بولىدۇ !...

— مەن باھادىر خاقان ئاتامدەك ئات مىنىمەن، ئات !...

خانىش تىرەجەپ تۇرۇۋالغان ئىلياس خوجىنى ئەمدى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمەستىن ئىلەڭگۈچكە چىقاردى ۋە ئىلەڭگۈچنىڭ ئارقانلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئاستا تەۋرىتىشكە باشلىدى. ئىلەڭگۈچ سەل ئېتىلىۋىدى، ئالتە ياشلىق ئىلياس خوجا ۋارقىراپ كەتتى:

— يىقىلىپ كېتىمەن ! ... چۈشۈپ كېتەيلى !...

— ھۇ يارىماس، يىقىلمايسەن ! .... ئارقاننى چىڭ تۇت !...

— قورقۇپ كېتىۋاتىمەن !...

— ئىلەڭگۈچنى توختىتىڭلار ! ئۇنى قۇچىقىمغا ئالمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ !...

قىزلار ئۇلاش ـ چولاش كېلىپ ئىلەڭگۈچنى توختىتىۋالدى ۋە خانىشنىڭ ئالدىدىكى تۇغلۇقزادىنى ئاۋايلاپ يەرگە چۈشۈرۈۋالماقچى بولۇشتى. بىراق، كىچىككىنە ئىلياس خوجا خانىش ئانىسىنىڭ قولىغا چىڭ ئېسىلىۋالغان بولۇپ، يەرگە زادىلا چۈشكىلى ئۇنىمايۋاتاتتى. قىزلار كۈلۈشۈپ كېتىشتى...

ئىنسانلارنىڭ ھايات مۇساپىسى بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. مەيلى ئۇلار قىرىق يىل، ئەللىك يىل، ئاتمىش يىل، ھەتتا يەتمىش، سەكسەن يىل ياشايدىغان بولسۇن، چەكسىز كائىنات ئۇچۇن بەربىر. كائىناتتىكى ئاشۇ چەكسىز



www.uyghurkitap.com

مۇساپە ئۇچۇن بۇ ۋاقىت پەقەت چاقماق چېقىپ ئۆچكەندەكلا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق تولىمۇ قىسقا مۇساپىدۇر، خالاس. كائىناتتا كونا يۇلتۇزلار ساقىپ، يېڭى يۇلتۇزلار تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. قۇياش ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۈنتۇغاردىكى ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ، كەچتە كۈنپاتاردا ئولتۇرىدۇ. ئەمما، ئىنسانلار بولسا بىرلىرى كېتىپ، ئورنىغا يېڭى بىرلىرى كېلىپ تۇرىدۇ.

نەۋرىسى تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇق ھېس قىلغان كۆڭلىگە ئاۋۇنچۇق تېپىلغان شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن تىلى چۈچۈك، قىلىقلىرى تاتلىق، ئەدەپلىك چوڭ بولۇۋاتقان نەۋرىسىگە قاراپ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تىلىكىمۇ شۇ ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ خانائىي خاستا خانىش كېلىنى زەمۇران بىبى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغانىدى. ئىچكىرىكى ئۆيىنىڭ ئىچىدىن نەۋرىسى ئىلياس خوجا پىلدىرلاپ يۇگۇرۇپ چىققان پېتى ئەركىلەپ خان موميسىنىڭ تىزىغا يېپىشتى. مەڭلىك خاتۇن قارا چاچلىق، پېشانىسى كەڭ، قوي كۆزلۈك بۇ نەۋرىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ تىزىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە بېشىنى سىلاپ، مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى:

— ۋاي، ماۋۇ ئالتۇن قوزامنىڭ ئوماق چوڭ بولۇۋاتقىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى كېلىنىگە، نەۋرىسىنىڭ چۈچۈك قىلىقلىرىنى كۆرۈپ مەست بولۇپ كېتىۋاتقان مەڭلىك خاتۇن، — مۇشۇنداق يۈرۈپ چوڭ بولىدىغان بولسا، چوقۇم باھادىر خان ئاتىسىدەك ئەلگە خاقان بولىدۇ!

— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، بىراق نەۋرىڭىزنىڭ ئۆمرىنى تىلىگەيسىز! — دېدى ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن خانىش كېلىنى تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن، — چۈنكى، ھەممە نەرسە پەرۋەردىگارنىڭ قولىدا...

شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن خانىش كېلىنىنىڭ سۆزىدىن رەنجىگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭ ئايىغىدىن تا بېشىغىچە قاراپ قويدى ـ

دە، كايىدى:

— ھەي كېلىن، بۇ نېمە دېگىنىڭ سېنىڭ؟ ئانا ئۇغۇلنى نېمە ئۈچۈن تۇغىدۇ؟ پەقەت ئۇنىڭغا ئۆمۈر بېغىشلاش ئۈچۈنمۇ؟ ياكى بولمىسا قولىغا يېپيېڭى بىر دۇنيانى تۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ؟ ھەربىر ئانا ئۆز ئوغلىغا يېڭى دۇنيا بېرىشنى خالايدۇ. ئانا ئۆزى ياشىغان ئاشۇ دۇنياغا قارىغاندا، بۇ يېڭى دۇنيا ئازراق بولسىمۇ ئاۋۋالقىسىدىن ياخشى بولسۇن ـ دە. چۈنكى، ئۇ ئوغۇل، ئەر بولغىنى ئۈچۈنلا بۇ دۇنيانى ئۇنىڭغا بېرىشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا ئاتا بىلەن بالىنىڭ ئارىسىدا يېڭى قانداشلىق ھاسىل بولىدۇ، ئۇلار ئالدىنقى ئەۋلاد بىلەن كېيىنكى ئەۋلاد ئىككىسى خۇددى مەڭگۇ ئۈزۈلمەس زەنجىردەك بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىدۇ. مۇبادا ئانا ئوغلىغا يېڭى بىر دۇنيانى بېرەلمىسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى ئىنەكنىڭ ئۆز موزىيىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن نېمە پەرقى بولسۇن؟!

— كەچۈرۈڭ مەن نادانىنى، سىزنى بىھۇدە رەنجىتىپ قويدۇم! — دېدى زەمۇران بىبى قېيىنئانىسىنىڭ كايىغىنىنى كۆرۈپ، — سۆزلىرىڭىز مېنى قىزىرىشقا مەجبۇر قىلدى...

— مېنىڭ يەنە نېمە دېيىشىم مۇمكىن؟ سەن بەيتۇلخە مەملىكەتنىڭ دۆلەت ئانىسى بولغاندىكىن، چىدىغىن ـ دە، چۈنكى كۆپىنچە ھاللاردا ھەقىقەت كىشىلەرنىڭ قولىنقىغا يېقىمسىز ئاڭلىنىدۇ!

بۇ چاغدا ئىلياس خوجا نېمىدۇر بىرنەرسىنى ئېيىسگە كەلتۈرۈپ، خان مومىسىنىڭ قۇچىقىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى ۋە:

— خان موما، تالاغا چىقامدۇق؟ — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇنمۇ، خانىش زەمۇران بىبىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تالاغا چىقىشتى.

ھاياتنىڭ تەمىنى تېخى ئەمدىلەتىن تېتىشقا باشلىغان كىچىككىنە ئىلياس خوجا ئەتراپقا تويماستىن قارايتتى. ئۇنىڭ

ئاشۇ سەبىي ۋە يۇمران قەلبىگە ھەممىلا نەرسە يېڭى ۋە قىزىق تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭغا ئاسماندا ئۇزۇپ يۈرگەن بىر پارچە ئاق بۇلۇتمۇ، ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشمۇ بۆلەكچىلا كۆرۈنەتتى. بىر بوز تورغاي ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، لەيلەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ قانىتى خۇددى يۇمران يوپۇرماقتەك تىترەپ تۇراتتى. كىچىككىنە ئىلياس خوجا بولسا ئۇنى يىراقتىن كۆرۈۋالغانىدى:

— خان موما، قاراڭ ئاۋۇ تاشقا، ئاسماندا مىدىرلىماي تۇرىدۇ. ئۇ نېمىدەپ ئاسماندا تۇرىدۇ؟ يەرگە چۈشۈپ كەتمەي قانداق تۇرىدۇ؟ — دەپ چۈچۈك تىللىرى بىلەن خان مومىسىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن سوئال سورىدى. ھارارەتلىك كۈن نۇرىنىڭ تەپتىدىن ئۇنىڭ يۈزى ئىسسىپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆرگەن خان مومىسىنىڭ يۈرىكى ئېرىپ، مېھرى قەلبىدىن تېشىپ چىقتى:

— ۋاي ـ ۋۇي، تاتلىق تىلىڭدىن ئايلىناي، قوزام، — دەپ نەۋرىسىنى سۆيۈپ كەتتى، — باغرىم، ئۇ ـ چۇ تاش ئەمەس، بەلكى قۇش، بوز تورغاي دېگەن قۇش بولىدۇ. قارىغىنا ئۇنىڭ ئىككى قانىتىغا، پەقەت قانىتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ ھەرگىز يىقىلمايدۇ.

— ئۇ قاناتنى نەدىن تاپقان؟

— ئۇ قاناتنى ھېچ يەردىن تاپقان ئەمەس، بەلكى تەڭرىتائالا ئۇنىڭغا بەرگەن!

— قاناتنى ئۇنىڭغا نېمىدەپ بەرگەن؟!...

كىچىككىنە نەۋرىسىنىڭ سوئالى شاھسانىيەنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويدى. شۇڭا، ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— بۇرۇنقى زاماندا تەڭرىتائالا ئالەمدىكى جان ـ جانىۋارلارغا سوۋغاتلىق بېرىپتۇ، — دېدى نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەڭ ئاخىرىدا بىر سوۋغاتلىق ئېشىپ قاپتۇ. «ھازىر مېنىڭدە يەنە بىر سوۋغاتلىق ئېشىپ قالدى» دەپتۇ تەڭرىتائالا،

«قايسىڭلارغا بېرەي؟ ئەگەر كىمگە لازىم بولسا، شۇ ئېلىپ، يەلكىسىگە يۈدۈۋالسۇن. بىراق، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، يۈدۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئېلىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ!» تەڭرىتائالانىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، جان ـ جانىۋارلار ئىككىلىنىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا كىچىك بىر قۇش: «تەڭرىتائالا بىزنى ئەزەلدىن ئالداپ باققان ئەمەس. ئېشىپ قالغان بۇ سوۋغاتلىق تەڭرىتائالانىڭ ماڭا قىلغان مۇبارەك ئىلتىپاتى. شۇڭا، ئۇنى مەن ئېلىشىم كېرەك!» دەپتۇ ـ دە، ھېلىقى سوۋغاتلىقنى ئېلىپلا يەلكىسىگە ئارتىپتۇ. ھېلىقى سوۋغاتلىق ئۇنىڭ يەلكىسىگە چىققاندىن كېيىن چاپلىشىپ قاپتۇ. بۇ سوۋغاتلىق ئەسلىدە ئىككى دانە قانات ئىكەن. ھېلىقى كىچىك قۇش قاناتلىرىنى بىر سىلكىگەنىكەن، بىردىنلا ئاسمانغا ئۆرلەپ ئۇچۇپتۇ. قالغان جان ـ جانىۋارلار بۇنى كۆرۈپ، پۇشايمان ئىلكىدە قوللىرىنى چىشلەپ قېلىشىپتۇ...

گۆدەك ئىلياس خوجا خان مومىسىنىڭ بۇ ھېكايىسىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تەڭرىتائالانىڭ كىچىك قۇشقا سوۋغاتلىق سۈپىتىدە بېرىۋەتكەن ھېلىقى ئىككى قانات ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى ـ دە:

— ئاشۇ تەڭرىتائالادىن سوراپ بېقىڭچۇ، خان موما، سوۋغاتلىق قاناتتىن ماڭىمۇ بەرسۇن. مەنمۇ ئاشۇ كىچىك قۇشتەك ئۇچۇپ كېتەي! — دەپ خان مومىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— سۆزۈڭدىن ئايلىناي، قۇلۇنۇم، ساڭىمۇ قانات بەرگەي، ئىلاھىم! — دەپ پىچىرلىدى مەڭلىك خاتۇن.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئويناپ بەك ھېرىپ كەتكەن كىچىككىنە ئىلياس خوجا تېزلا تاشتەك قېتىپ ئۇخلاپ كەتتى. شۇ كېچىسى ئۇ مۇنداق قىزىق بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇنىڭ يەلكىسىدە ئىككى قولىنىڭ ئورنىدا قانات ئۆسۈپ چىققانىمىش. بۇ قاناتلار شۇنداق ئېغىر ئىكەنكى، ئۇنى سىلكىپ ئۇچماق تۇگۇل، كۆتۈرۈپ ماڭماقمۇ شۇنداق تەسكە توختارمىش. خان مومىسى ئۇنىڭغا:

«قېنى غەيرەت قىل، قوزام، ئىككى قانىتىڭنى سىلكىگىن. شۇنداق قىلساڭلا، بۈركۈتتەك كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچالايسەن!» دەۋاتقانىمىش. ئىلياس خوجا غەيرەت قىلىپ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ بىر سىلكىپلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ ۋە: «موما، ئاسمانغا قارىڭا، نېمىدېگەن چىرايلىق، كۆپكۆك ... مەن چوقۇم ئاشۇ چىرايلىق ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقالايمەن!» دەپ قاناتلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق سىلكىپتىكەن، چىرايلىق، كۆپكۆك ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ قاپتۇ. زېمىندىكى ئادەملەر ۋە نەرسىلەر بارغانسېرى كىچىكلەپ ئاخىرىدا كۆرۈنمەي قاپتۇدەك. ئارقىسىغا قارىسا، خان مومىسى، خاقان ئاتىسى ۋە خانىش ئانىسىمۇ قاناتلىرىنى سىلكىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولغان ئىلياس خوجا قاناتلىرىنى تېخىمۇ تېز سىلكىپ بارغانسېرى ئېتتىك ئۇچۇپتۇ. بىرھازادىن كېيىن كەينىگە بۇرىلىپ قارىسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمىگۇدەك، ئۇ: «موما، خان ئاتا، خان ئانا! سىلەر قەيەردە؟!» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەمما، كۆك ئاسماندا ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانماپتۇ...

— قوزام، خوجام بالام! — دەپ پىچىرلىدى خان مومىسى مەڭلىك خاتۇن نەۋرىسىنىڭ پېشانىسىغا مەڭزىنى يېقىپ، — مانا مەن قېشىڭدا، چۈشەكەپسەن - دە، خوجام بالام، ھەرگىز قورقما، مەن يېنىڭدا، كۆزۈڭنى ئاچقىن!

نەۋرىسى ئويغىنىپ، كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى ۋە ئۆزىنى خان مومىسىنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈپ:

— خان موما، تەڭرىتائالاغا سىز ئېيتىپتىكەنسىز، ئۇ ماڭىمۇ ئىككى قانات بەردى. بۇ قاناتچۇ مانا بۇ يەردە، قاراڭ، — دېگىنىچە كىچىككىنە قوللىرى بىلەن يەلكىسىنى كۆرسەتتى. بىراق، ئۇنىڭ يەلكىسىدىكى ھېلىقى قاناتلىرى يوق تۇراتتى.

— قاناتلىرىم يوققۇ؟ نەگە كەتكەندۇ؟ — كىچىككىنە ئىلياس خوجا ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى قوللىرى بىلەن ئۇۋۇلىغان پېتى

www.uyghurkitap.com

ئەتراپنى ئىزدەشتۇردى.

گەرچە نەۋرىسىنىڭ بۇ بالىلارچە سوئالى قىزىق تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئەمما مەڭلىك خاتۇننى پۇتۇنلەي گاڭگىرىتىپ قويدى. بىراق، ئۇ شۇنى چۈشەندىكى، نارەسىدە بالىنىڭ كۆڭلى خۇددى تىنىق كۆك ئاسماندەك غۇبارسىز ۋە چەكسىز بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيانى ئۆز خىيالىدىكى تەسەۋۋۇرى بويىچە ساپ ۋە گۈزەل بولىدۇ، دەپ ئويلىشىدۇ. شۇڭا، ئادەمنىڭ ھاياتىدا بالىلىق چاغلىرىدىكى ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى گەرچە تولىمۇ گۆدەك ۋە كۈلكىلىك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن كۈلۈشكە بولمايدۇ. بەلكى ئۇلار ھاياتنى چۈشىنىشكە باشلىغاندىن تارتىپلا ئاتا ـ ئانا بولغان كىشى ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاشقا ماھىر بولۇشى ۋە ئۇلارنى راستچىللىققا ئادەتلەندۈرۈشى لازىم.

— مەن قارىسام، تەڭرىتائالا بۇ قاناتنى سىزنىڭدىن قايتۇرۇۋالغاندەك قىلىدۇ، — دېدى مەڭلىك خاتۇن نەۋرىسى بىلەن چىقىشىپ.

— نېمە دەپ؟ بەرگەن سوۋغاتلىقنى قايتۇرۇۋالسا بولمايدىغانلىقىنى سىز ماڭا ئېيتقانغۇ؟

— تەڭرىتائالا ئەخلاقسىز، ئەدەپسىز، ھۇرۇن بالىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك، ئىشچان بالىنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەن ھۇرۇن، ئەدەپسىز بالا بولماي، ئەخلاقلىق، ياخشى بالا بولىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئەڭلىنى ئۆزۈم كىيىمەن. ئەمدى غىزانى ئۆزۈم يەيمەن، ئاداشلىرىم بىلەن ئۇرۇشماي ياخشى ئويناپمەن. كىچىكلەرنى بوزەك ئەتمەيمەن. خان موما، ياخشى بالا بولسام، ئۇ قاناتنى تەڭرى ماڭا قايتۇرۇپ بېرەرمۇ؟

— شۇنداق، قوزام، ياخشى بالا بولساڭ، ئۇ قاناتنى تەڭرى ساڭا چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدۇ!...

— مەن چوڭ بولغاندا چوقۇم خاقان ئاتامدەك غەيرەتلىك، ياخشى ئادەم بولىمەن! — دېدى ئىلياس خوجا مومىسىغا ۋەدە

بېرىپ.

نەۋرىسىنىڭ جانغا ئاراملىق بېغىشلىغۇچى بۇ چۈچۈك گەپلىرىنى ئاڭلاپ، مەڭلىك خاتۇننىڭ خۇشاللىقىدىن كۆلگۈسى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۈلمىدى. بەلكى نەۋرىسىنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ بېسىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى، ئۇنى ئۇخلىتىش ئۇچۇن پەپىلىدى. ئۇ باغرىنى ئىسسىتىپ تۇرغان، بۇ غۇبارسىز، پاك ۋۇجۇدنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۆزىنى مۇشۇنداق بەخت ـ سائادەتكە يەتكۈزگەن تەڭرىتائالادىن چەكسىز مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئوقۇدى...

* * *

ئۆتكەن يىلى يازدىكى قاتتىق ئىسسىقتا يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق دەستىدىن قۇياش ۋادىسى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۈزدىكى بالدۇر چۈشكەن سوغۇق تۇپەيلىدىن قىش قاتتىق كەلدى. يېڭى يىل باشلىنىپ، قىش پەسلى ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، سوغۇق قىلچە بوشاشماستىن كۈچىنى داۋاملىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. يىل ياخشى كەلگەن بۇرۇنقى چاغلاردا بوگۇنكىدەك قوزى پەسلىنىڭ بېشىدىلا ھاۋا ـ جاھان ئاللىقاچان ئىسسىپ كېتىدىغان قۇياش ۋادىسىدا بۇ يىل يۇرتقا جۇت ئاربلاشقانىدى. قىشچە توختىماستىن چىققان شىۋىرغان پۈتۈن كۆكدالانى قېلىن ئاپپاق قار بىلەن چۈمكەپ تاشلىغانىدى. قىشنىڭ قاتتىق كېلىۋاتقانلىقى ئۆتكەن يىلقى كۈز پەسلىدىلا بىلىنگەنىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ جۇت يىلنىڭ بالا ـ قازاسى ۋە زىيان ـ زەخمىتى، يوقسۇللۇقى ۋە نامراتلىقى تالايلىغان ئەل ـ ئايماقنىڭ خەلقىنى بەكمۇ ھالسىراتتى، قەددىنى تېزلا پۈكۈپ تاشلىدى. «قارىغۇ توخۇ يولغا چىقسا بوران بولىدۇ» دېگەندەك، جۇت ئاپىتى ئۆلارنىڭ قورۇ ـ قوتانلىرىدىكى چارۋا ماللىرى يەيدىغان ئوت ـ چۆپلىرىنى ئاللىقاچان

تۇگەتكەن، ئاچارچىلىق باشلىنىپ كەتكەنىدى. كۆكدالادىكى ئاۋۇل ــ قىشلاقلاردا ماللار سوغۇقتىن ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ، قىرىلماقتا ئىدى. كىشىلەرنىڭ قورۇلىرى قاتتىق سوغۇقتا توڭلاپ قېتىپ، داردىيىپ قالغان چارۋا ماللىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى بىلەن تولغانىدى. سۇ ئىچىش ئۈچۈن مۇزلاپ قېتىپ قالغان ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتەلمەي يىقىلىپ ئۆلگەن ئورۇق ــ ئاجىز كالىلارنىڭ، مارقا موزايلارنىڭ ئۆلۈكلىرىمۇ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى. لەنتى قىشنىڭ قاتتىقلىقى شۇنچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئادەتتە جۇتقا مۇتلەق بوي بەرمەيدىغان ئاتان① ۋە ھىنگان② تۆگىلەرمۇ تىز جۇدەپ كۆتۈرەم بولۇپ قالغانىدى. قېلىن قار ئاستىدىكى مۇزلاپ ئەينەكتەك قېتىپ قالغان جۇت مۇزنى بۇزالمىغان بوتىلاق ــ تايلاقلار، قېرى ئاتان، ئورۇق ھىنگانلار گەرچە ئۆتكەن يىلقى قاتتىق كەلگەن قىشتىن ئاران چىقالىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرەلمەستىن جان تەسلىم قىلىپ، ئاۋۇل ــ قىشلاقلارنىڭ ئەتراپلىرىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى.

قۇياس ۋادىسىدىكى شەھەر ــ ئاۋدانلاردىمۇ خۇددى كۆكدالادىكى ئاۋۇل ــ قىشلاقلارغا ئوخشاشلا جاراڭلاپ تۇرغان قاتتىق سوغۇق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. جانغا ئەجەلدەك تېگىدىغان بۇنداق قاتتىق سوغۇق قىلچە تەشۋىشسىز ياشاپ كېلىۋاتقان بىغەم شەھەرلىكلەرگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىغانىدى. مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئىسسىق ئۆيىنى تاشلاپ تالاغا چىققانلىقى ئۈچۈن پۇت ــ قوللىرىنى، قۇلاق ــ بۇرۇنلىرىنى ئۈششۈتۈۋېلىشقان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. شەھەر ــ ئاۋدانلاردىكى ئەڭلى نېپىز، ئەتىگىنى كەچكە ئۇلاشمايدىغان نامراتلار بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا ئوڭايلا مۇزلاپ قېتىپ قېلىشاتتى.

---

① ئاتان ــ پىچىۋېتىلگەن ئەركەك تۆگە.

② ھىنگان ــ چىشى تۆگە.

قىشلاقلاردىكى ئاھالىنىڭ ئۆزۈق - تۈلۈكى ئالىقاچان ئۆكسۈگەن. ئەڭ ئاخىرقى بىر تال - يېرىم تال ئورۇق - ئاجىز مېلىمۇ قىشتا يۈز بەرگەن ئاشۇ دەھشەتلىك جۇت ئاپىتىدە قىرىلىپ پاك - پاكىز تۈگىگەنىدى. ئاچارچىلىق ھەممىلا يەردە ئوخشاش ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئاچ قالغان كىشىلەر ئىششىپ كېتىشكەن، ئۆي - ئۆيلەردە ئادەملەر ئۆلۈۋاتقان بولۇپ، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغا - زارى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن قۇلاققا داۋاملىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەھەللە - ئاۋۇللارنىڭ ئاسمىنىدا ئەگىپ ئۇزاققىچە تارقىماي تۇرۇۋالىدىغان ئىس - تۈتۈنلەرنىڭ ئورنىدا ئەمدى ئۆزۈكسىز قاقىلداپ زادى تىنمايدىغان ئالا قاغا ۋە قارا قۇزغۇنلار ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى.

ئىلگىرى مېھماندوست دەپ ئاتالغان ئەل - ئۇلۇسلار ھالا بۇگۈن يول ئۈستىدىكى قوناقلارنى ئۆيلىرىگە چۈشۈرمەي، ئوتۇنلىرىنى ئاياپ، چۆپ - سامانلىرىنى دانلاپ ساناپ، ئىسسىنى چىقىرىشماي ئولتۇرۇشاتتى. ئۆتكەن يىلقى يازدا بولغان قاتتىق قۇرغاقچىلىقتا ئېتىزدىكى زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتكەنلىكتىن، ھوسۇل كەملەپ كەتكەنىدى. بازارلاردا سېتىلىدىغان ئاشلىق، ئوزۇق - تۈلۈكلەر ئۆكسۈپ، ئاشلىق قەھەتچىلىكى ئالىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى. كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، پۇلغا نەرسە - كېرەك كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. كىشىلەر نائىلاج باللىرىنى ھاپاش قىلىپ، مەدەت تىلەپ، شەھەر - ئاۋۇدانلارغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشمەكتە ئىدى...

چوڭ كەيگەن بىلەن كىچىك كەيگەن دەريالىرى ئېقىپ چىقىدىغان سۇرتاش تېغى ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىدىن ئالاھىدىرەك بولۇپ، پايتەخت ئالمالىق شەھىرى ئاشۇ سۇرتاش تېغىنىڭ يانباغرىغا جايلاشقانىدى. گەرچە سۇرتاش

تېغىنىڭ دائىرىسى چاغلىق بىر يالغۇز تاغ بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ تىك جايلىرى، ئېگىز ھاڭتاشلىرى كۆپ، چوققىسىدىكى قار - مۇزلىرى يىل بويى ئېرىمەيدىغان سۇرلۇك بىر تاغ ئىدى. يىراقتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇچلۇق چوققىسى ئاسمانغا سانجىلىپ تۇرغان نەيزىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئاقىرىپ كۆرۈنىدىغان ئاشۇ ھاڭتاشلىق ئاقباش چوققىسى ھەمىشە سۇر رەڭدىكى بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ مۇشۇ قىسمى «سۇرتاش تېغى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىدى.

كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان، سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. غىلاڭ ساي يولىدا بىر ئەر كىشى كېسەل بالىنى ھاپاش قىلىپ تەسلىكتە مېڭىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوللىرىدا بوپا - تۈگۈنچەكلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال تولىمۇ ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئاران - ئاران ماڭاتتى. ھېلىقى ئەر كىشى ھېلىدىن - ھېلىغا توختاپ ئەتراپقا كۆز سالاتتى. ئۇ بەلكىم ھېرىپ - ئاچقاندا بىرەر بۇردا نان تېپىلىدىغان ۋە سوغۇقتىن ئازراق بولسىمۇ دالدا بولىدىغان پاناھگاھ ئىزدەۋاتقان بولسا كېرەك.

بۇ چاغدا ھېلىقى ئەرنىڭ يەلكىسىدىكى كېسەل بالا:

— ئاتا، جېنىم ئاتا! نان يېگۈم كەلدى، نان بېرىڭ ماڭا! — دەپ زارلىنىپ ئاتىسىنىڭ بويىنىنى قۇۋۋەتسىز قوللىرى بىلەن سىلاشقا باشلىدى.

— جېنىم قوزام، بىردەم تەخىر قىلغىن، جۇمۇ! نان بېرىدىغان يەرگە مانا ھازىرلا يېتىپ بارىمىز! — دەپ ئاتىسى ئۈچىسىدىكى بالىسىنى بەزلىدى.

بۇ چاغدا ئەرنىڭ ئارقىسىدىن بوپا - تۈگۈنچەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاران مېڭىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئايالمۇ يېتىپ كەلدى.

— راستلا نانىنىڭ غېمىنى قىلىش كېرەك، ئاتىسى، — دېدى ئەرگە ئۇ، — بالا ئىككى كۈندىن بېرى تۇز تەمىنى تېتىغىنى

يوق. بىزمۇ يىلتىز ـ تۇگۇنەكلەرنى قايىنتىپ يەپ، ئاران مۇشۇ يەرگە كەلدۇق. كېسەل بالىغا بۇنداق نەرسىلەرنى يېگۈزۈش تولىمۇ خەتەرلىك!

— ئەتىگەن بىزگە ئۇچرىغان ھېلىقى يولۇچى: «كەيگەن بويىدىكى دېگەن يەردە بەيتفالىخە نامىلىق بىر خەير ـ ساخاۋەتخانا بار. شۇ يەرگە بېرىڭلار!» دېگەنىدى، — دېدى ئەر ھەدەپ ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ. ئۇ ئالدىدىكى قاپچىغاي بىر يەردىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان ئىسنى كۆرگەندىن كېيىن، بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى ـ دە:

— ئەنە، نان بار يەرگە يېتىپ كەپتۇق. قوزام، غەيرەت قىل. ئازراق چىدىساڭلا، ئىسسىق ۋە يۇمشاق نان يەيسەن، قوزام، ماقۇلمۇ؟ ئانىسى، قېنى تېز ماڭايلى! — دەپ بالىسىنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈرگەن پېتى ئىس چىقىۋاتقان جايغا قاراپ خوتۇنىنى باشلاپ مېڭىپ كەتتى.

ئاتىمۇ، كېسەل بالىمۇ ۋە ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقان ئانىمۇ ئىسسىق، يۇمشاق ناننىڭ شېرىن تەمىنى خىيال قىلىپ ئىختىيارسىز قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىپ «بەيتفالىخە ساخاۋەتخانىسى»غا قاراپ مېڭىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىنى بىلمەي قېلىشتى.

— خۇدا ھەققى، ياردەم قىلىڭلار! — دەپ مۆكۈلۈق زارلاندى ئاتا، — كېسەل بالام ۋە ھالسىزلانغان خوتۇنۇم ئاچ قالدى!..

شورى قۇرۇغان بۇ بەختسىزلەر ئاخىر خەتەردىن قۇتۇلدى. ساخاۋەتخانا خادىملىرى ئۇلارنى ئىسسىق ئۆي ئىچىگە يۆلەپ ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئىسسىق نان ۋە قىزىق چاي بىلەن مېھمان قىلدى...

كەيگەن بويى قىشتا ئىللىق، يازدا سالقىن بىر قاپچىغاي توقايلىق بولغانلىقتىن، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ يازلىق ئوردىسى بولغان چاربېغى مۇشۇ يەرگە جايلاشقانىدى. ئۆتكەن يىلى قىشتا

قۇياس ۋادىسىدا جۇتچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، خانىش زەمۇران بېبىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزىنىڭ بۇ يازلىق ئوردىسىنى قەھەتچىلىك تۇپەيلىدىن يۇرت-ئاۋدانلىرىنى تاشلاپ قېچىپ چىققانلارنى قۇتۇلدۇرىدىغان خەير-ساخاۋەت ئورنى قىلىپ پۇقرالارغا ئېچىپ بەرگەن، ئۇنىڭ ئىسمىنى خانىش زەمۇران بېبىنىڭ ھۆرمەت نامى بىلەن «بەيتفالىخە ساخاۋەتخانىسى» دەپ ئاتىغانىدى.

قەھەتچىلىك تۇپەيلىدىن يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ چىقىشقان كىشىلەر ساخاۋەتخانىغا ئايىغى ئۈزۈلمەستىن كېلىپ تۇراتتى. ساخاۋەتخانىنىڭ كەڭرى سەيناسىدىكى ئوچاقلارغا يوغان داش قازانلار ئېسىۋېتىلگەن بولۇپ، ئوچاقلاردا ئوت ئۆلۈغ كۆيمەكتە ئىدى. پورۇقلاپ قايناۋاتقان داش قازانلاردىن كېلىۋاتقان گۆشلۈك شورپىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى بۇ بەختسىز بىچارىلەرنىڭ بۇرۇنلىرىغا پۇراپ، ئىشتىھاسىنى غىدىقلاپ، ئېغىزلىرىغا سېرىقسۇ كەلتۈرمەكتە ئىدى.

ئاتا ئالدىدىكى پەتنۇستا تۇرغان ئىسسىق ھەم يۇمشاق ناندىن بىر بۇردا ئۈشتۈپ، ئېچىرقاپ كەتكەن كېسەل بالىسىنىڭ قولىغا بەردى. نىمجان بالا تاماق يېيىشنى تېخى ئۆگەنمىگەن مۇشۇك ئاسلىنىدەك ناننى چىشلەپ، مەڭزىلىرىگە سۈركەپ يېيىشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا بىر توپ مۇلازىم - خىزمەتكارنى ئەگەشتۈرۈپ زىلئاۋا، گۈزەل بىر ئايىم ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى.

— بىساتىمىزدا بار - يوقى ھازىرچە شۇ ئىكەن، — دېدى زىلئاۋا، گۈزەل ئايىم ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن كېسەل بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — چاي ئىچىڭلار، نان يەڭلار، ئىچىڭلارغا ئىسسىق يۈگۈرسۇن. شويلا ھايالشىماستىنلا پىشىدۇ. شويلىدىن تويغۇچە يەپ ماغدۇرۇڭلارغا كېلىۋېلىڭلار، قالغىنىغا يەنە بىر بار. پەرۋەردىگار سىلەرنى ئاچ قويماس...

— ئاچلىقتىن جېنىمىز سويام ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاندا،

www.uyghurkitap.com

سىلەر بىزنى ئىسسىق ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، قارنىمىزغا ئىسسىق ئاش، يۇمشاق نان بېرىپ تويدۇردۇڭلار. سىلەرنىڭ بۇ ئىلتىپاتىڭلارغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ. جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ساخاۋەت ۋە ئۇلۇغ مۇرۇۋۋەت بولماس! — دەپ ئاتا بۇ ناتونۇش مېھرى ئىسسىق گۈزەل ئايىمغا كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى زىلۋا، گۈزەل ئايىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بۇ ئىسسىق ئۆي ـ ماكان سىلەرنىڭ نېسۋەڭلەردىن ئۈزۈۋېلىنغان باج ـ خىراجلار بەدىلىگە بىنا قىلىنغان، بۇ ئىسسىق چاي بىلەن يۇمشاق نانمۇ سىلەرنىڭ ئالتۇن خامىنىڭلاردىكى بۇغداي چەشلىرىدىن كەلگەن. بۇ نان، ئاشلار ئۆزۈڭلارنىڭ رىزقى. شۇڭا، خۇددى ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆيىدىكىدەكلا ھەرگىز تارتىنماڭلار!

بۇ مۇلايىم گۈزەل ئايىمنىڭ مېھرىلىك سۆزلىرى ئاتىغا قاتتىق تەسىر قىلدى:

— ئاچارچىلىق يۇرت ـ ماكانىمىزنى ۋەيران قىلدى. ئاتا ـ ئانام ۋە بىر سىڭلىم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى ئۇ كۆز يېشى قىلىپ، — بىزنىڭ يۇرتىمىز بەختىيار، گۈللەپ ـ ياشنىغان مول ھوسۇللۇق ئەلۋەك يۇرت ئىدى. بىراق، ئۇ يەردە كۆز بىلەن كۆرمىگەن، قۇلاق بىلەن ئىشىتمىگەن قۇرغاقچىلىق ۋە جۇت ئاپىتى يۈز بەردى. ئارقىدىنلا ئاچارچىلىق خۇددى ۋابادەكلا باشلىنىپ كەتتى. ئادەملەر پاناھ ئىزدەپ ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىشتى. ئاچارچىلىق ئاپىتى يۇرتىمىزنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. ئاتا ـ ئانامنىڭ ۋە بىر تۇغقان قېرىندىشىمنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈش مەن شور پېشانىنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىگە يېزىلغانىكەن. خانىۋەيران بولغان يۇرت ـ ماكانىمىزنى قاچانغىچە گۈللەندۈرۈپ بولالارمىزكىن؟!..

— كۆڭلىڭىزنى ھەرگىز يېرىم قىلماڭ، — دەپ خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاب بەردى گۈزەل ئايىم، — سىلەر

خانىۋەيران بولغان يۇرت ــ ماكانىڭلارنى چوقۇم قايتىدىن گۈللەندۈرەلەيسىلەر. بۇ خۇددى قۇياشنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۈنتۇغاردىن كۆتۈرۈلۈپ، كەچتە كۈنپاتاردا ئولتۇرغىنىغا ئوخشاش بىر ھەقىقەت. ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخان سىلەرگە ئەنە شۇنداق دەپ ئېيتىشىمنى تاپىلىدى. بىز يۇرت ــ ماكانىمىزنى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك گۈللەندۈرىمىز. تۇغلۇق تۆمۈرخان جانابىي ئالىيلىرى ئۆز پۇقرالىرىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ جەنۇبىدىكى كاشغەر، خوتەن ۋە ئەردەۋىل دىيارىدىن بۇ يەرگە ئاشلىق يۆتكەش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ھازىرقى ئاپەت پەقەت ۋاقىتلىقلا ھادىسە. ئاپەتكە ئۇچراپ، يۇرت ــ ماكانىنى تاشلاپ قېچىپ چىققان سىلەرگە ئوخشاش بىچارىلەر تېخىمۇ كۆپرەك غەمخورلۇققا موھتاج. شۇڭا، ئۇلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا خاندىن پەرمان ئالغانمىز. بۇنداق ساخاۋەتخانىدىن قۇياشتىلا نەچچە ئونى تەسىس قىلىنغان...

زىلۋا بويلۇق گۈزەل ئايىم سۆزىنى تۈگىتىپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. ئاندىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ خاندىن چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاتىنىڭ كۆڭلى قەۋەتلا ئىللىپ كەتتى: «ئەجەبمۇ كىچىك پېئىل، كەمتەر ئايىم ئىكەن بۇ» دىدى ئۆز ئىچىدە، «بىزگە خۇددى ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنىدەكلا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ كەتتى يا؟» ئاخىر ئۇ چىدىيالماي، خادىملاردىن بىرسىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ تارتتى ــ دە، تالانى شەرەت قىلىپ تۇرۇپ:

— ئاۋۇ ئايىم بېگىم كىم بولىدۇ؟ ئەجەبمۇ مېھرى ئىللىق ئايال ئىكەن! — دەپ سورىدى.

— ھوي نادان، سەن ئۇنى تونۇمىدىڭمۇ؟ — دەپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى ھېلىقى خادىم.

— ياق، خاپا بولماي ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز، ئۇ كىم؟

— ساھىبقىران خاقانىمىزنىڭ خانىشى، چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ دۆلەت ئانىسى بەيتفالىخە زەمۇران بىبى بېگىمنىڭ ئۆزى شۇ، مانا بۇ ساخاۋەتخانىمۇ بېگىمنىڭ ھۆرمەت نامى بىلەن «بەيتفالىخە ساخاۋەتخانىسى» دەپ ئاتالغان!

ئاتا قاتتىق چۆچۈپ كەتتى: «ۋاي، بۇ راستمۇ؟...» دېدى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ تۇرۇپ، ئاندىن ئاللىقانداق قىزغىن مېھىر - مۇھەببەت بىلەن سىرتقا قاراپ:

— خانىش؟ ... دۆلەت ئانىسى؟ ... بەيتفالىخە؟ ... — دېدى كۆزىنى يوغان ئېچىپ، مۇشۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا زادىلا ئىشەنمەيۋاتقانىدى. شۇڭا، ئۇ گويا بۇ سوئالغا جاۋاب كۈتكەندەك قىلىپ ئەتراپىدىكىلەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى...

* * *

ماۋەرائۇننەھىردە بارلاس ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىننىڭ سۈيىقەستكە ئۇچراپ ۋاقىتسىز قازا قىلىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر تۇغلۇق تۆمۈرخانغا بۇنىڭدىن كېيىن چىقىدىغان جەڭگى - جېدەللەردىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجىنى ماۋەرائۇننەھرگە نائىب قىلىپ بەلگىلەشنىڭ ئىنتايىن تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدۇردى. بىراق، بۇ ئېيتماققا ئوڭاي بولغىنى بىلەن، ئەمەلگە ئوڭۇشلۇق ئاشۇرماق ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر ئىش ئىدى: ھەممىدىن ئاۋۋال، تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا ئالتە ياشتىن ئاشقان ئۆسمۈر ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، خان ئانىسى، شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن ئامراق نەۋرىسىنىڭ چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىشىغا بەك بالدۇر داخىل بولۇشىنى خالاش - خالىماسلىقىمۇ نائېنىق بىر گەپ ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىشتا تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەممىدىن ئاۋۋال خانىش زەمۇران بىبى بىلەن كېڭىشىپ كۆرمەكچى بولدى.

بىر كۈنى خان زەمۇران بىبى بىلەن خانىشى خاستا يالغۇز قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئويىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى.

— ئەسلىدە ماۋەرائۇننەھر نائىبىنى ئۆز خاندانىمىزدىن بولغان خانزادىلەردىن تەيىنلىمەي تولىمۇ خاتا قىلغانىكەنمىز، — دېدى ئۇ، — ئەلھال، ئەمىر قازغىنىنىڭ بىمەھەل ئۆلۈپ كېتىشى بىزگە بۇ مەسىلىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

— ھەزرىتىم، سىلى بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى زەمۇران بىبى خاقان ئېرىدىن.

قىرىق ياشقا كىرىپ قالغان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆز ئۆمرىدە سان ـ ساناقسىز جاپا ـ مۇشەققەت، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ئۇنى چىدامىلىق بىلەن يېڭىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، بۇ ئىشنىڭمۇ ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتسىمۇ، بىراق خانىش زەمۇران بىبىنىڭ ئۆز يۈرەك پارىسىدىن ئايرىلغاندىكى ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى ئويلىغىنىدا، ئېيتماقچى بولغان سۆزىنى ئېيتالماستىن يۇتۇۋەتتى ـ دە، گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ باشلىدى:

— ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇلمەيدىغان تاغ، قۇرۇمايدىغان دەريا ئەمەس، — دېدى ئۇ، — كۈندۈز بىلەن كېچە قانداق گىرەلەشكەن بولسا، ھاياتنىڭ خۇشلۇقى بىلەن قايغۇسىمۇ ئەنە شۇنداق گىرەلىشىپ كەتكەن! ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدە ۋە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردا مۇقەررەرلىك سىر ـ ھېكمەتلىرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ! بىر ئادەمنىڭ ئامەت ـ تەلەي دەرىخى زىمىستان قىشنىڭ ئارقىسىدىن مۇقەررەر يوسۇندا يېتىپ كېلىدىغان بەرىكەتلىك باھار پەسلىدە بىخلاپ، چېچەك ئېچىپ، ئىللىق، راھەتبەخش ياز پەسلىدە مول مېۋە بېرىدۇ؛ سوغۇق شاماللىق كۈز پەسلى يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭدىكى ئامەت ـ تەلەي



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېۋىلىرى ساپىقىدىن ئاجراپ، ياپراقلىرى يەرگە تۆكۈلىدۇ؛ بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئەقىل ـ پاراسەت كۆزلىرى بىلەن قارىغان ھەرقانداق بىر ئادەم ۋاقىت ـ پەسىل يېتىپ كەلگەندە، بەخت ـ ئامەت مېۋىسىنىڭ ھاياتلىق دەرىخىنىڭ شېخىدىن يوقلۇق تۇپرىقىغا چۈشمەسلىكىگە ھېچبىر ئامالىي قالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايدۇ !

خانىش زەمۇران بىبى خاقان ئېرىنىڭ مۇشۇ قىسقىغىنا قىرىق يىلغا يېقىن ھاياتىدا دەسلەپتە رەھىمسىز ئۆگەي ئاتىنىڭ ئالدىدا قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ ئۆتكۈزگەن ئاشۇ ئون ئالتە يىللىق بالىلىق ـ ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى مەرھۇم خاقان ئاتىسى ئېسەن بۇغاخانىنىڭ خاقانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ چاغاتاي مەملىكىتىگە خان بولغان بولسىمۇ، ئەمما تاكى يېقىنقى بەش يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ھوقۇقلۇق ئۇلۇس بەگلىرىنىڭ ئاسارىتىدە قورچاقلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ ئۆمرىنى ئەسلەپ، ئېغىر ئۇھسىنىدى ۋە ئاشۇ «ئۇھ» بىلەن ھازىرقى ۋەزىيەتتە مەملىكەتنىڭ سەلتەنەت ھارۋىسىنىڭ يۈكىنى خاقان ئېرى بىلەن تەڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرۈش لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى:

ـــ ئەي، ساھىبقىران ھەزرىتىم، پەرۋەردىگار ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن، بەخت ـ سائادەت تۈۋرۈكىڭىزنى مۇستەھكەم قىلسۇن ! شان ـ شۆھرىتىڭىزنى مۇقىم قىلسۇن، دۆلىتىڭىزنى زىيادە، مەرتىۋە ـ دەرىجىڭىزنى كۆككە يەتكۈزسۇن ! ـــ دەپ تىلەك ياغدۇردى.

ـــ ماشائاللا، بەيتىفالىخە ! ـــ دېدى خان ئۇنىڭ بۇ ياخشى تىلەكلىرىگە جاۋابەن، ـــ كىچىكىمدە ئاپام دائىم: «تۆت ئەزايىڭ پۈتۈن بولسۇن، ئىلاھىم !» دەپ دۇئا قىلاتتى. خۇددى قول ئۆز ئورنىدا ئەزىز، كۆز ئورنىدا مۆتىۋەر بولغىنىغا ئوخشاش، ئۆمۈرلۈك سىردىشىم بەيتىفالىخە سىز، شاھسانىيە ئانام، خان ئىنىم تۆمۈر مەلىك ۋە سىڭلىم مەلىكە مەختۇمسۇلا تۆتىڭلار

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئەڭ ئەزىز كىشىلىرىم ھېسابلىنىسىلەر...

ئەقىللىك خانىش بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىپ ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى ئاللىقاچان سەزگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ خىيالى ئوغلى ئىلياس خوجىدا بولغانلىقتىن، خاقان ئېرىنىڭ ئوغلىنى تىلغا ئالمىغانلىقىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ئەجەبلەندى:

ــ ھەزرىتىم، سىز ئىلياس خوجىنى ماۋەرائۇننەھرگە نائىب قىلىپ تەيىنلىمەكچىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن.

ــ شۇنداق، ئىلياس خوجا سىز ئۈچۈنمۇ، بىز ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ماۋەرائۇننەھر بولسا سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. تۇغلۇقزادىمىز ئۇ يەردە بىزگە ۋاكالىتەن نائىب بولۇپ تۇرۇپ بەرسە، ماۋەرائۇننەھر تېخىمۇ تىنچ ـ ئامان بولىدۇ. بىزمۇ بۇ ئۆلكىدىن تەلتۆكۈس خاتىرجەم بولالايمىز...

ــ بىراق، ھەزرىتىم، تۇغلۇقزادە تېخى ئاتا مېھرىگە، ئانا مېھرىگە تويۇك قانمىغان. ئۇ تېخى ئاران ئالتە ياشتىن ئاشقان كىچىك بالىغۇ ئەمدى...

ــ شۇنداق، بېگىم، تۇغلۇقزادە ئەمدىلا ئالتە ياشتىن ئاشقان ئۆسمۈر بالا. سىزنىڭ بۇ ئەندىشىڭىز گەرچە ئورۇنلۇقتەك قىلىسىمۇ، ئەمما بىھۇدە، دەپ قارايمىز. چۈنكى، خاقان ئېرىڭىز مەن دوختەۋى ئېلىدە تۇغۇلۇپ ئەمدىلا ئالتە ياشتىن ئاشقان ۋە ئاتا مېھرىنى زادىلا كۆرمىگەن، ئانا مېھرىگە زادىلا قانمىغان ئۆسمۈر بالا چېغىمدىلا ئالدىمدىكى بىر توپ پادىغا چوپان بولغانىدىم...

ــ ھەزرىتىم، چوپانلىق قىلىش بىلەن نائىبلىق قىلىش ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا ـ باشقا ئىشقۇ ئەمدى...

ــ شۇنداق، خۇددى سىز ئېيتقاندەك، چوپانلىق بىلەن نائىبلىق ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا ـ

باشقا ئىككى ئىش. لېكىن، سىز ھازىرقى خاقان ئېرىگىزنىڭ ئاشۇ ئالتە ياشلىق چوپاندىن يېتىشىپ چىققانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلالامسىز؟ شۇڭا، ئىلياس خوجا ئەڭ ئالدى بىلەن مەملىكەتنىڭ تەخت ۋارىسى — ۋەلىئەھدى. ئەمما، ئۇنىڭغا چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ خاقانلىق سەلتەنەت تەختىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، نائىبلىق ئەمەلىيىتىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمەسلىكى مۇمكىن بولمىغان بىر ئىشتۇر. بىز ئۇنىڭغا ئەڭ قابىلىيەتلىك ئەمىرلىرىمىزنى ياردەمچىلىككە بەلگىلەشنى ئاللىقاچان ئويلاشقانمىز. شۇڭا، بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، كىچىكلەرنى تاكى مەسئۇلىيەتلىك بىرەر خىزمەتكە قويمىغۇچىلىك، ئۇلاردا قابىلىيەت پەيدا بولمايدۇ. ئۇلۇغ ئىشلاردا، چوڭ مەرىكىلەردە كۆپچىلىك يىغىلسا، شەرەپلىك خالايىقلار، خانلار، خانزادىلەر، ۋەزىرلەر ۋە بەگ - ئەمىرلەر كاتتا بىر سورۇنغا جەم بولسا، ئۇنداق سورۇنلاردا ئىش كۆرمىگەنلەر تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ قالىدۇ. شۇڭا، كىچىكلەر چوڭلار بىلەن دائىم بىللە بولسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ۋە كۆزى بۇ ئىشلارغا تونۇشلۇق بولۇپ قالىدۇ - دە، ئۇلۇغ مەرىكىلەردە ھودۇقمايدىغان، ھەيران قالمايدىغان بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ جاھاندارچىلىق ئىشلىرىغا پايدىلىق مەنپەئەتلەرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىكلەر خىزمەتنىڭ قائىدىلىرىنى، ئىشنىڭ يوللىرىنى بىلمىسە، ئەتە - ئۆگۈن ھوقۇق تۇتقاندا ئۆزگىلەرنى قانداقمۇ خىزمەتكە سالالىسۇن؟ ئەيىبنى ھۈنەردىن قانداقمۇ پەرقلەندۈرەلىسۇن؟ سالاھىيەت ئەھلى ۋە سالاھىيەت يولىنى قانداقمۇ تۇتالىسۇن؟ مەن ياش ۋاقتىمدا رەھمەتلىك ئۇلۇسبېگى ئەمىر بۇلاجىغا مۇلازىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ مەزگىلدە، ئۇ بۇ ھېكمەتنى كۆڭلۈم ھۇجرىسىنىڭ تاملىرىغا نەقىشلەپ قويغانىدى. ئۇ مېنى پىشسۇن، كۆرۈپ ئۆگەنسۇن دەپ قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىگە داروغە قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. ھالا بۇگۈنكى كۈندە بۇ خىزمەتنىڭ ماڭا پايدىسى كۆپ تەگدى. مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئۇلۇغلاردىن

ئۆگەنگەنلىرىمنى ئەمدى پەرزەنتىم ئىلياس خوجىغا ئۆگەتمەكچىمەن. ئۇ خىزمەت داۋامىدا كۆرۈپ، پىشىپ، بىردە بۇزۇپ، بىردە تۈزەپ يۈرۈپ، بۇ ھېكمەتلەرگە ئەمەل قىلسا، مېنىڭدىن كېيىن قالغاندا چوقۇم پايدىسىنى كۆرىدۇ !

— ھەزرىتىم، مۇبادا ئوغلىمىزنى يىراقلارغا ئەۋەتمەكچى بولسىڭىز ئاجىزەڭىزگە ئۇنىڭ بىللە بىللە بېرىشقا رۇخسەت قىلغايسىز، بىز بىللە ماۋەرائۇننەھرگە بارايلى !

— بېگىم، بەيتفالىخە، سىز مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشىم ۋە رەھنەمام، شۇڭا ھازىرقى ۋاقىتتا مېنىڭ سىزنى ئۆز يېنىمدىن ئايرىغۇم يوق ! ئىلياس خوجا گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئەمما سەلتەنەت ئىشى بىزدىن ئۇنى ھازىردىن باشلاپ سەركەردىلىككە تەييارلىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. چۈنكى، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇ تەخت ۋارىسى، نىھايەت، ئۇ ۋەلىئەھد بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئورنى ھەرگىزمۇ قانىتىمىز ئاستىدا بولماستىن، بەلكى جەڭگى - جېدەل قايىنىغان جەڭگاھتا بولۇشى كېرەك !

خانىش زەمۇران بىبى خاقان ئېرىنىڭ سۆزىدىكى «ئەگەر يۈرۈش ئۈستىدىكى جەڭدە خاقان ھالاك بولسا، ۋەلىئەھد دەرھال قوشۇنغا باشچىلىق قىلىشى كېرەك، ھەتتا ئۇ كىچىك بالا بولغان تەقدىردىمۇ !» دېگەن مەنىنى دەرھال چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئەندىشىسى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك كۈچەيدى. شۇ تاپتا خانىشقا ئوغلى ئىلياس خوجا ماۋەرائۇننەھردىن مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ قېتىمقى ماۋەرائۇننەھر يۈرۈشلىرى «بارسا كەلمەس يۈرۈشى»گە ئوخشاپ قېلىۋاتقانىدى.

— پەرۋەردىگار ! — دەپ ئاچچىق نىدا قىلدى ئۇ، — بۇ دۇنيانى نېمانچە شەپقەتسىز ياراتقان بولغىيدىڭ؟ !...

* * *

بۇ يىلقى ياز پەسلى تۈيدۈرماستىنلا ئاخىرلىشىپ قالدى.



www.uyghurkitap.com

سوغۇق شامالنىق كۆز پەسلى ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا يېتىپ كەلدى. يازنىچە قاتتىق قىزىغان قۇياشمۇ ھالسىزلىنىپ كەتكەنىدى. قۇياس ۋادىسىدا قىش پەسلى يېتىپ كېلىۋاتقانىدى.

پايتەخت ئالمالىقنىڭ بۈگۈنكى ئاسمىنى تۇرۇم ـ تۇرۇم، ئۆركەش ـ ئۆركەش ئېغىر سۇر بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغانىدى. كوچا بويلىرىدىكى يوغان ـ يوغان، ئوقتەك تۈز ۋە ئېگىز ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماق تاشلاپ، يالىڭاچلىنىپ قالغان شاخلىرىغا قونۇۋالغان توڭ قاغىلار زىمىستان قىشنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىۋاتقاندەك تىنىماي قاقىلدىشاتتى. كوچا بويلىرىدىكى قامىتى ئاسمانغا تاقىشىپ، بەستلىك قەد كۆتۈرگەن قېيىن، دۇپ دەرەخلىرىمۇ ئاشۇ سالاپەتلىك تەگرىتاغلىرىغا ئاجايىپ ماسلاشقان بولۇپ، خۇددى ئەتىيازدا يۈگىنى تاشلىغان تايىنىڭ يالىدەك تەپتەكشى ئۆسكەنىدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىر، خان ئىنىسى تۆمۈر مەلىك باھادىر، خان مۆھۈردارى يەللىغ تايشى، شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ۋە كاتولىك ئېپىسكوپى لاۋرېنتىي ھەزرەتلەرنى ئۆز خابگاھىغا كېچەشكە چاقىردى.

ــــ ئەمىر قازغىنىنىڭ بىمەھەل قازا قىلىپ كېتىشى ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەسلىدىنلا جىددىي بولۇپ كېلىۋاتقان ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى، ــــ دېدى خان كېچەشتە ئۇلارغا، ــــ بىز ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن: ئەمىر قازغىن سۈيقەستكە ئۇچراشتىن ئىلگىرى سالى سارايدىكى بارگاھىدا تۇراتتىكەن. ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئۇنىڭ ئوغلى، ئەمىرزادە ئابدۇللا ئىبنى قازغىن ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن خارەزىمگە لەشكەر تارتىپ كەتكەنىكەن. ئەمىر قازغىن ئادەتتە كۆپ ۋاقتىنى شىكار بىلەن ئۆتكۈزگەچكە، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قول سېلىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ئۇزاقتىن بېرى ئەپلەك پەيتىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. «قۇش يېغىلىپ تورغا چۈشىدۇ؛ ئادەم يېغىلىپ قولغا...» دېگەندەك، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئېھتىياتچانلىق قائىدىسىگە ئەمەل قىلىشنى ئۇنتۇپ ۋە هوشيارلىق شەرتىگە رىئايە قىلىشتىن غەپلەتتە قېلىپ، ئون - ئون بەش مۇلازىمى بىلەن سالى سارايىدىكى بارگاهىدىن قورال - ياراغسىزلا شىكارغا چىقىپ جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپتۇ، شاهلاردەك ئوۋ بۇركۈتىنى قۇشلارغا سېپتۇ. توساتتىن ئەجەل بۇركۈتى «قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ...»① دېگەن ئايەتتە ئېيتىلغىنىدەك، بۆكتۈرمىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ روھىي قۇشىغا پەنجى سېپتۇ. ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ دۈشمەنلىرىگە سېتىلىپ كەتكەن كۈيۈئوغلى قۇتلۇق تۆمۈر بۇرۇلداي ئۇزاقتىن بېرى ئۇنى قەستلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەپلەك پۇرسەت بولمىغاچقا، قول سالالماي كەلگەنىكەن. شۇڭا، ئۇ هازىرقىدەك ئەپلىك بىر پەيتنى ئۇزاقتىن بېرى پايلاپ كەپتىكەن. ئۇ بىر توپ ئالچاقلار بىلەن بىللە جەيھۇن بويىدا قېيىنئاتىسىغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ، ئاخىر ئۇنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەمىر قازغىننىڭ ئەمىرلىرى ۋە خاس كىشىلىرىدىن بىر توپ كىشى قۇتلۇق تۆمۈر قاتارلىق ئاسىي - ئالچاقلارنىڭ ئارقىسىدىن ئات سېلىپ قوغلاپ بېرىپ قۇندۇز ئەتراپىدا يېتىشىۋاپتۇ ۋە ئۇلارنى قورشىۋېلىپ ئىنتىقام قىلىچىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

— بۇ بىۋاپا ئاۋۇن ئەجەب بىر هالەتتۇركى، — دېدى خان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — بەزىدە تۇتۇرۇقسىز زامان ۋە بىۋاپا پەلەك هەر خىل ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. مىڭ قىسما جاپا - مۇشەققەتلەر ۋە جەبىر - زۇلۇملارغا يەتكۈزىدۇ. يەنە بىر دەمدىلا ئارزۇ - مۇرادىنىڭ مېۋىلىرىدىن ئۈمىدۋار قىلىپ خۇشال قىلسا، يەنە شۇ سائەتتە زەهەرنى ئالتۇن قەدەهلەر بىلەن

① «قۇرئان كەرىم»: سۈرە نىسا، 78 - ئايەت. بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى).

ئۇمىدۋارلارغا ئىچۇرىدۇ. ئىشەنچلىك خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ئۇلۇسبېگى ئەمىر بايان سۇلدۇز ماۋەرائۇننەھرنىڭ نائىبلىقىنى تالىشىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىتتىپاقدىشى ئەمىر قازغىن بارلاسنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە قول تىققانلىقى مەلۇم.

ئەمىر قازغىن بارلاسنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدىن كېيىن، ئەمىرزادە ئابدۇللا ئىبنى قازغىن خارەزىمدىن دەرھال قايتىپ كېلىپ ئاتىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپتۇ. ئەسلىدىكى بىتىم بويىچە بايانقۇلىخان دېگەننى ماۋەرائۇننەھرگە خان قىلىپ تىكلەپ، سالى سارايدىن سەمەرقەنتكە كۆچۈپ بېرىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، بايانقۇلىخاننى «ھەرىمىمگە شۇم نىيەتلىك قىلدى» دەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى نائىب دەپ ئېلان قىپتۇ. ئەمما، ئەمىر بايان سۇلدۇز ئۇنىڭ نائىبلىقىنى ئېتىراپتىن نېرى قىلىپ، ئۆزىنى نائىب دەپ يۈرۈپتۇ. دېمەك، ئۇ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەلتەنەتىمىزنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىدى. بىز ئەمدى يول قويىۋەرسەك بولمايدۇ. بولمىسا، ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسى سەلتەنەتىمىزنىڭ تەسەررۇپىدىن چىقىپ كېتىپ، مەملىكەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. ماۋەرائۇننەھر — ئۇلۇغ يولباشچى بوۋام چىڭگىزخان بىلەن چاغاتايخانلاردىن ماڭا مىراس قالغان. ئاتا - بوۋىلىرىمىز قولىدىكى قىلىچنىڭ پارقىراق تىغى ئارقىلىق ماۋەرائۇننەھرنى يورۇتقان. بىز ئۇرۇشتىن قورقمايمىز. ئىلگىرى غالىب قوشۇنلىرىمىزنى باشلاپ ئىسيانچى باشباشتاق ئەمىرلەر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئاشۇ ماۋەرائۇننەھرگە نەچچە داپقۇر باستۇرۇپ بارغانمىز. ھېلىھەم يەنە شۇنداق قىلىشقا تامامەن قادىرمىز. بىراق، شۇنداق قىلىشقا بولامدۇ، يوق؟ مانا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مۆھتەرەم جانابلارنىڭ ئوي - پىكرىنى ئاڭلاپ باققۇمىز بار!

ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىر ھەممىدىن ئاۋۋال سۆز ئېلىپ

مۇنداق دېدى:

— مەن ماۋەرائۇننەھر ئەمىرلىرىنىڭ تەپرىقىچىلىك ناغرىسىنى ھامىنى بىر كۈنى چېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. چۈنكى، ئۇلار غەپلەت ۋە مەغرۇرلۇق شارابىنى ئىچىپ زادى تويغان ئەمەس. نىھايەت، ئىش بۇ يەرگە بېرىپ يەتكەنىكەن، بىز زادى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ماۋەرائۇننەھر ئەمىرلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىگە ئىتائەت قىلىشتىن ئاشكارا باش تارتقانىكەن، بىزمۇ ئۇلارنىڭ مەرتىۋە ـ سۈيۈرغالىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىۋېتىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز دەرھال لەشكەر يىغىپ، قولايلىق پەيتنى تېپىپ، باشباشتاق ئەمىرلەر ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ ماۋەرائۇننەھرگە باستۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك!

خان يەللىغ تايشىدىن:

— جانابىي مۆھۈردار، سىز بۇ ھەقتە بىزگە قانداق مەسلىھەت بېرىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ماۋەرائۇننەھر ئەمىرلىرىدىكى تەپرىقچىلىك ئالامەتلىرى ھازىرلا پەيدا بولغان ئەمەس، — دېدى خان مۆھۈردارى يەللىغ تايشى خانغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، — ئەمىر قازغىن بارلاس قازا قىلغاندىن كېيىن، ماۋەرائۇننەھر ئەمىر بايان سۇلدۇزغا ئۆتكەچ قالدى. ئۇنى ئىچكۈۋازلىقتا بېرىلىپ كەتكەن كىشى، دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن كۈنى ھازىر كوزا ۋە پىيالىسىز ئۆتمەسمىش. ئۇنىڭ ھوشيار بولغان ۋاقتى يىلدا بىر ھەپتىگىمۇ يەتمەسمىش. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى جايلاردا يامانلىق ۋە باشباشتاقلىق بۇرلىرىنىڭ چىشلىرى ئۆتكۈرلىشىپ، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا پاراكەندىچىلىك تولا يۈز بەرمەكتە. قالغان ئەمىر ـ بەگلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئېلىشىپ، ھەربىرى ئۆزى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان يەردە ھىيلە ـ نەيرەڭ خىيالىنىڭ قەلىمى بىلەن ھۆكۈمرانلىق، باشباشتاقلىق دەستۇرىنى يازماقتا. قول ئاستىدا ئازراقلا ئادىمى بولغان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ خىيال قۇشى كاللىسىنىڭ

بالىخانىسىغا باشباشتاقلىق ۋە مەغرۇرلۇق ئۇرۇقىنى تېرىماقتا. شۇڭا، ھازىر ئۇ يەردە كىمنىڭ ئازراقلا كۈچ ـ تەسىرى بولسا، ئۇنىڭ ئارزۇ بۇركۈتى سەلتەنەت سەۋداسى ئاسمىنىدا قانات قېقىۋاتىدۇ. مانا بۇ دەسلەپتە ئەمىرزادە ئابدۇللا ئىبنى قازغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر بايان سۇلدۇزنىڭ ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىگە قارشى تەپرىقىچىلىك ناغرىسىنى ئاشكارا چېلىپ چىقىشقا پېتىنالىغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر. ھالبۇكى، ئەمىر بايان سۇلدۇزدەك ئىقتىدارسىز، تۆھپىسىز بىر ئادەمنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ھەرگىزمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۇنداق ئادەمنى چوقۇم جازالاش كېرەك!

— شۇنداق، ئەمىر بايان سۇلدۇز ماۋەرائۇننەھردە سەلتەنەتىمىز تۈزۈپ مەملىكەت مىقياسىدا جارى قىلدۇرۇۋاتقان ياساق ـ تۈزۈكلەرنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ، — دېدى خان يەللىغ تايشىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالغىنى يوق. ئۇ ئۆز بەگ ـ ئۆز خان بولىۋېلىپ، مەيخورلۇق قىلىپ، ئويۇن ـ تاماشا ئىچىدە راھەت ـ پاراغەتنىڭ كەيپىنى سۈرمەكتە. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلەپ پۇل ـ مال سەرپ قىلىش كېرەك، بىراق بۇ پۇل ـ ماللارنى ئەمىر بايان سۇلدۇز ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى سەلتەنەتىمىزگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن پۇقرالاردىن يىغىلغان باج ـ خىراجەتلەردىن چىقىم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەددىدىن تېخىمۇ ئېشىپ، پۇقرالارغا خالىغىنىچە سېلىق سېلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە نېنىنىمۇ تارتىۋالماقتا، بويسۇنمىغانلارنى ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرمەكتە. شۇڭا، ماۋەرائۇننەھردىكى پۇقرالار ئارىسىدا نارازىلىق كۈچىيىپ كەتتى.

— ساھىبقىران خان ئالىيلىرى ناھايىتى توغرا ئېيتتى، — دېدى خان ئىنىسى تۆمۈر مەلىك باھادىر، — ئۇلار ھەقىقەتەن بۆرىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئادەتتە بۆرىلەر چارۋا مالغا

www.uyghurkitap.com

تېگىشتىن ئىلگىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، باشلىرىنى بىر يەرگە تىقىشىپ، خۇددى «ھە» دېيىشىۋالغاندەك يىرتقۇچ تۇمشۇقلىرىنى ھەممىسى تەڭلا ئاسمانغا كۆتۈرۈشۈپ ھۇۋلايدۇ. ئۇلار ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ھۇۋلاپ، ھەيۋە قىلىپ تەييارلىنىدۇ، ئاندىن قار توزۇتۇپ، شىددەت بىلەن چېپىشىپ كېلىپ، توزدە ياتقان ياۋاش قويلارنىڭ قوتانلىرىغا ئۆزلىرىنى قويۇندەك ئۇرۇشۇپ، قانلىق ھۇجۇمنى باشلىۋېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئادەم سىياقىدىكى بۆرىلەرمۇ بىر ئۇۋىدىن چىققان، ئاغزى قانغا كۆنگەن چىلبۆرىلەردۇر. ئۇلار ئادەتتە ئولجىلىرىنى پەملىشىۋېلىپ، شېرىك تېپىپ ئانت ـ قەسەم ئىچىشىدۇ. ئەتراپىغا ئۆزلىرىگە ئوخشاش تۇخۇمى بۇزۇق، ناكەس ئادەملەردىن ياردەمچى توپلايدۇ. بىرلىرىنى قۇرۇق ۋەدە بىلەن ئالدايدۇ؛ يەنە بىرلىرىنى قورقۇتۇپ ئازدۇرۇپ يامان يولغا باشلايدۇ. ۋىجدانىنى «ئاتىنىڭ ساغرىسى»، «تۆگىنىڭ ئۆركىشى»، «قوينىڭ سان گۆشى»گە ئوخشاش لوق ـ لوق لوقمىلارغا ئەرزانلا ساتىدىغان ئادەملەردىن ئۆزلىرىگە ھەمدەمچى توپلايدۇ.

تۆمۈر مەلىك باھادىرنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا سۆز ئالدى:

— خۇددى خان ئالىيلىرى ئېيتقاندەك، بىز ئۇرۇشنى خالىمايمىز، — دېدى ئۇ، — لېكىن تىنىمسىز يۈز بېرىۋاتقان تەپرىقە، ئىسيانلار ۋە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر مەملىكەتنىڭ خەزىنىسىنى خورىتىپ تۈگەتمەكتە. ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىنىڭ نوپۇزىغا ئېغىر تەھدىت سالماقتا. ھويلىسىنىڭ ئۈستىدە ئاسمان، ئەتراپىدا قورۇق تامدىن بۆلەك ھېچ نەرسىسى قالمىغان بىچارە خەلق ئاغزىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر لوقما تامىقىنىمۇ ئاشۇ تەپرىقىچى، ئادەمسىياق چىلبۆرىلەرگە بېرىشكە مەجبۇر بولۇشماقتا. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان قان ـ ياشلار ئېقىن ياسىماقتا. «بىرسى تويۇپ كېكىرىدۇ، بىرسى توڭۇپ تىترەيدۇ !» كەرەملىك ئاللا ئۆزى گۇۋاھكى،

تۇغلۇق تۆمۈرخان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قىلىدىغان مۇھارىبىيە يۈرۈشلىرى ھەققانىيدۇر. بۇ ھەققانىي ئۇرۇشتا غەلىبە ـ نۇسرەت چوقۇم ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ غالىب قوشۇنلىرىغا مەنسۇپتۇر !

— ئۇلۇغلار: «دۇشمەنىنىڭ چوڭى — خەلقىنىڭ دۇشمىنى؛ دەۋانىڭ چوڭى — زېمىن دەۋاسى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىشقان، — دېدى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت ئەڭ ئاخىرىدا سۆزلەپ، — ئەلۋەتتە، ئىنسانىي پەزىلەتنى يوقىتىپ، ئەدەپسىزلىك ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىك ئىللەتلىرىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغان، باشقىلارنىڭ ھەققى ـ نېسىۋىسى، بەخت ـ سائادىتىگە خىيانەت قىلغان ئادەملەرنى قىلچىمۇ ئاياپ قويماستىن جازالاش كېرەك. ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. قەرزدار قەرزىنى تۆلەيدۇ. شۇڭا، پەرۋەردىگار: «يامانىنى جازالىماي قويۇپ بېرىش ياخشىغا جاپا سالغانلىق بولىدۇ» دەپ ئېيتقان.

— ئېپىسكوپ ھەزرەت ھەق سۆزنى قىلدى، — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان، — ئەمىر قازغىن بارلاس بىلەن ئەمىر بايان سۇلدۇزلار زالىملىقنى ۋە قاتتىق قوللۇقنى ئادەت قىلغان ئۇلۇس بەگلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى تولا نالايىق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈپ كېلىشتى. ئۇلار ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلاردا شەرئى ئىسلامنىڭ ئاساسىغا زىيان يېتىپ، زەھەردەك ئاچچىق سۇچىك، قاڭسىق چاقىر ① ۋە ئۆتكۈر مەي ـ شاراب سېتىلىدىغان مەيخانا ـ كەپتەلەرنىڭ ئىشىكى ئاۋاتلاشتى؛ ئەدلۇ ئادالەتنىڭ ئۆلچىمى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر تال ئارپىچىلىكمۇ بولمىدى، پادىشاھلىق سەلتەنەتنىڭ نوپۇز ـ ئېتىبارىنى ئەسلا قىلمىدى؛ خالايىقنى ۋە ئاۋام پۇقرالارنى نارازى قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا كۆپلەپ ئازار بەردى. دېھقانلاردىن باج ـ سېلىقنى قاڭغىر قاقشىتىپ، ھەسسىلەپ ئالدى. ئۇلارنى رازى قىلماي، غەزەپ ئوتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ سەۋر ـ تاقەت

① ھاراقلارنىڭ نامى.

خامانلىرىنى كۆيدۈردى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا رەھىمدىللىك دېگەندىن زەررىچە ئەسەر يوق ئىدى. خۇددى «ئوت ياققۇچىنىڭ خامىنى كۆيەر» دېگەنگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ دۆلەت ـ ئىقبالىنىڭ خامىنى ئاقىۋەت ئاۋام خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆيۈپ كۇل بولغۇسى !

تۇغلۇق تۆمۈرخان سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بىر ئاز تىنىۋېلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قەتئىي قارارغا كەلگەنىدى:

— بۈگۈنكى كېڭەشتە بىز جانابىي دۆلەتخاھلارنىڭ پۈتۈن ئوي ـ پىكرىڭلارنى ئاڭلىدۇق، — دېدى ئۇ، — دېمەك، بىز ئىسيانچى ئەمىرلەرنى جازالاش ئۈچۈن، ماۋەرائۇننەھرگە لەشكەر تارتىپ بېرىشنىڭ ھەممە شەرت ـ شارائىتلىرى پىشىپ يېتىلدى، دەپ قارايمىز. سەلتەنەتىمىزگە قارشى مۇشت كۆتۈرگەن ئىسيانچى ئەمىرلەرنى چوقۇم ياساققا تارتىپ، ماۋەرائۇننەھردە كۆتۈرۈلگەن تەپرىقىچىلىك ئوت يالقۇنىنى ئۆچۈرۈشىمىز لازىم ! شۇنىڭ ئۈچۈن بىز جانابىي ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىر بىلەن نازىربەگ تۆمۈر مەلىك باھادىرلارغا قوشۇن بەگلىرىنى دەرھال سەپەرۋەر قىلىشنى، قورال ـ ياراغ، ئەسلىھەلەرنى ئېدىتلاپ، قوشۇنلىرىمىزنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى دەرھال پۈتكۈزۈشنى بۇيرۇيمىز !

ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىر بىلەن نازىربەگ تۆمۈر مەلىك دەرھال:

— پەرمانىڭىزنى تەخىرسىز بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمىز، جانابىي خان ئالىيلىرى ! — دەپ قۇللۇق بىلدۈرۈشتى.

شۇنىڭ بىلەن خاننىڭ ھۇزۇرىدىكى كېڭەش ئاخىرلاشتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇلارغا قايتىش ئىجازىتىنى بەردى.

* * *

قىش پەسلىدە كۈندۈز ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. ئەتىگەندە

تولىمۇ كىچىكىپ چىقىدىغان قۇياش چۇشتىن قايرىلىشى بىلەن تەڭلا ئۆز ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىشكە ئالدىرايدۇ. شۇڭا، شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن: «قىشتىكى كۈنلەرنىڭ ئازراقمۇ بەرىكىتى يوق !» دەيتتى.

بۈگۈنمۇ بالدۇرلا كەچ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجىنىڭ خان مومىسى شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇننى سۆيۈپ قويۇپ، خەيرلىك تىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا كىرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. بۇ چاغدا خانىش كېلىنى زەمۇران بىبىمۇ شاھسانىيەنىڭ قېشىدا دەردىنى تۆكۈپ، كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇراتتى.

— هوي كېلىن، يېشىڭنى يۇتۇۋەت، خۇشال ئولتۇرايلى، ئامراق نەۋرەمنىڭ يۈز - خاتىرى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇ ئىشنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇپ كېتەيلى ! — دېدى مەڭلىك خاتۇن كېلىنىنىڭ كۆز يېشىنى قوللىرى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— ماقۇل، خان ئانا، مەنغۇ سەۋر قىلىمەن. بىراق، جۇدالىق دەردى يۈرىكىمنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىدى، — دېدى ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ.

— بۇمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى. شۈكۈر قىلماي نەئىلاج؟ مەن خاقان ئېرىڭ تۇغلۇق تۆمۈرگە تېخى ئەمدىلا قورساق كۆتۈرگەن چاغلىرىم ئىدى. مەرھۇم خاقان ئېرىم ئېسەن بۇغاخانمۇ خۇددى هازىرقىدەكلا مېنى تۇگىمەس - پۈتمەس دەرد ئەلەملەرگە سېلىپ قويۇپ يۇرۇشكە ئاتلانغانىدى...

— پەرزەنتىنىڭ پىراقىغا ئانا هەرگىز چىدىمايدىكەن !...

— تىنچ ! شۇك ئولتۇر ئەمدى، ئۇ كەلدى...

بۇ چاغدا دايە شاھزادىلەرچە ياساندۇرۇلغان تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجىنى قولىدىن يېتىلەپ، خابگاھىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدى. بالىنىڭ چىرايى خاقان ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

ئىلياس خوجا ئوردا قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئىككى ياش

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتىن تارتىپلا ياخشى مەشىق قىلغان بولغاچقا، خان مومىسى بىلەن خانىش ئانىسىنى كۆرۈپلا دەرھال ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا گىلەمگە تىزلىنىپ ئولتۇردى ۋە كىچىك قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ھەممىدىن ئاۋۋال خان مومىسىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى:

— خان موما، مەن سىزگە سالام بەرگىلى كەلدىم، — دېدى ئۇ باللارغا خاس چۈچۈك سۆزلەپ. ئاندىن يەنە خانىش ئاپىسىغىمۇ بايىقىدەك تەزىم بەجا كەلتۈردى:

— خانىش ئاپا، مەن ئالدىڭىزغا خىزمىتىڭىزگە كەلدىم !

نەۋرىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مەڭلىك خاتۇننىڭ يۈرىكىدە بىر خىل ئىللىق سېزىم پەيدا بولۇپ، تومۇرلىرىدىكى قان پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارقالدى.

— ۋاي، سېنىڭ شۇ چۈچۈك تىللىرىڭدىن ئايلىناي، قوزام، ساڭىمۇ ھەم موماڭدىن سالام بولغاي ! — دەپ سۆيۈنگىنىدىن ئېرىپ كەتتى، — بېرى كەل، قوزام، موماڭ سېنىڭ پېشانەڭگە سۆيۈپ قويسۇن !

تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا خان مومىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى. خان مومىسى ئوتلۇق مېھرى بىلەن نەۋرىسىنىڭ كەڭ پېشانىسىغا يېنىش ـ يېنىشلاپ ئۈچ قېتىم سۆيۈپ قويدى. ئاندىن خانىش ئانىسىمۇ ئوغلىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئانىلىق مېھرى بىلەن يېنىش ـ يېنىشلاپ ئۈچ قېتىم سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنى خان مومىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئولتۇرغۇزدى.

— خان موما، خانىش ئاپا، سىلەر ئەمدى مېنى مۇنداق سۆيىۋەرمەڭلار، ئەمدى مەن چوڭ بولدۇم، ئىزا تارتىدىكەنمەن، بوۋاقلارنىلا ئەنە شۇنداق سۆيۈشىدۇ. مەن بوۋاق ئەمەسقۇ؟ — دەپ ئىلياس خوجا ئۇلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— ۋاي شۇنداقمۇ، تاتلىق تىلىڭدىن ئۆرگۈلەي، ئوماق قوزام، — دېدى خان مومىسى قەستەنگە جىددىي قىياپەتتە، —

ئۇنداق بولسا توغرا قىلماپتۇق، بىزنى كەچۈرگىن، قوزام، ماقۇلمۇ؟

— ھەئە، كەچۈرىمەن، خان موما، — دېدى ئۇ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، ئاندىن پارالاڭ قىلماي شۈك ئولتۇرغان خانىش ئاپىسىغا قاراپ دېدى، — ئاپا، مېنىڭدىن راستلا خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ يالغان ئېيتماڭ، راست سۆزلەڭ، مېنىڭدىن خاپا بوپسىز - ھە؟ !

— ياقەي، قوزام، سىزدىن نېمىشقا خاپا بولغۇدەكمەن؟ — دېدى خانىش ئاپىسى كۆز يېشىنى ئوغلىدىن يوشۇرۇپ.

— ئەمىسە، نېمىشقا يىغلىدىڭىز؟ بولدى، ئەمدى يىغلىماڭ، خانىش ئاپا، مېنىڭ سىزنى ھەرگىز خاپا قىلغۇم يوق ئىدى. ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلماي، بولامدۇ؟ — دەپ ئاپىسىنى بەزلىدى.

— خان موما، — دېدى ئىلياس خوجا خانىش ئانىسىغا قاراپ قويۇپ، — مەن چوڭلارنىڭ «ئادەملەرنىڭ كۆڭۈلسىز چاغلىرى بولىدۇ. ئادەملەر بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا يىغلىشىدۇ» دېيىشكىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. بەختسىزلىك دېگەن نېمە؟

خانىش زەمۇران بىبى نارەسىدە ئوغلىنىڭ قىلچىمۇ رىيا ئارىلاشمىغان غۇبارسىز كۆڭلىدىن چىقىرىپ سۆزلەۋاتقان سۆزىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئۇھسىنىپ قويدى. جۇدالىق پىراقلىرى يەنە ئۇنىڭ ئوي - خىيالىنى چۇلغىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش يەنە تارامالاپ تۆكۈلدى.

— بەختسىزلىك دېگەن نەرسە ئادەمگە خۇددى سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدىغان نەرسىدۇر، — دېدى شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن نەۋرىسىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىۋېتىپ، — شۇنداق، قوزام، ئادەملەر بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا قايغۇرۇپ يىغلىشىدۇ. ئەمما، غەيرەتلىك ئادەملەر چىدامىلىق كېلىدىغىنى ئۈچۈن، بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا ھەرگىز يىغلىمايدۇ. چۈنكى، ئادەم غەيرەتسىز بولغانسېرى، ئىرادىسىزلىنىشىدۇ - دە، بەختسىزلىك ئۇنىڭغا شۇنچە چىڭ چاپلىشىدۇ. شۇڭا، ئادەم غەيرەتلىك،

چىدامسىزلىق، جاسارەتسىزلىك بولۇشى، بەختسىزلىكنى تەرىشىپ يېڭىشى لازىم. خاقان ئاتاڭ خۇددى سىنىڭچىلىك چېغىدا ئايدالادا ئۆزى يالغۇز قوي باققانىدى. ئۇ ئاچ ـ توق قالسىمۇ، ئەمما بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىك ئالدىدا ھەرگىز قورقۇپ، ئىرادىسىزلىنىپ يىغلاپ باققان ئەمەس. سەنمۇ خۇددى خاقان ئاتاڭدەك ئىرادىلىك، چىدامىلىق، قورقۇمسىز بول، جۇمۇ!

— ماقۇل، خان موما! مەنمۇ خاقان ئاتامدەك ئايدالادا قوي باقامدىم؟

— ياق، قوي باقمايسەن، بەلكى ئۇنىڭدىن نەچچە يۈز ھەسسە چوڭ ئىشنى قىلىش ئالدىدا تۇرىسەن. قېنى ئېيتىپ باققىنچۇ، قوزام، سەن بۇ ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالامسەن؟

— خاقان ئاتام بۇيرۇسىلا، ھەرقانداق چوڭ ئىش بولسىمۇ قىلالايمەن!

— غەيرەتلىكىڭدىن ئايلىناي، قوزام، مەن ساڭا كىچىك ۋاقتىڭدا ئېيتىپ بەرگەن قانات توغرىسىدىكى ھېلىقى ھېكايە ئېسىڭدىمۇ؟

— ئېسىمدە، خان موما، ئېسىمدە! مەن چۈشۈمدە بىر قېتىم قانات چىقىرىپ كۆكتە خۇددى بۈركۈتتەك ئۇچقانىدىم!

— ۋاي، ۋاي ... مېنىڭ ئەقىللىق قوزام، زېرەكلىكىڭدىن ئايلىناي، خاقان ئاتاڭ مانا ئەمدى ئاشۇ قاناتنى ساڭا بەرمەكچى. بىز ھەممىمىز سېنىڭ كۆكتە خۇددى قىران بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشۇڭنى خالايمىز! بىلدىڭمۇ، قوزام؟

— بىلدىم، خان موما، مەن راستىلا كۆكتە بۈركۈتتەك ئۇچالامدىم؟ خانىش ئاپا، ئاپا ... — ئىلياس خوجا ئاپىسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، دېدى:

— ئاپا، يىغلاۋاتىسىزغۇ؟ نېمانداق گەپ ئاڭلىمايسىز؟ جېنىم ئاپا، يىغلىماڭ دېسەممۇ يەنە يىغلاۋاتىسىزغۇ؟ سىز يىغلىسىڭىز، مېنىڭمۇ يىغلىغۇم كېلىدىكەن. يىغلىماڭ. ئاپا، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، جېنىم قوزام! مەن ئەمدى قەتئىي يىغلىمايمەن،

ماقۇلمۇ؟ — دېدى زەمۇران بىبى ئوغلىغا ياشاڭغۇ كۆزلىرى بىلەن كۇلۇپ قاراپ.

تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا خانىش ئاپىسىنىڭ لەۋز قىلغانلىقىنى كۆرۇپ خاتىرجەم بولدى ـ دە:

— خوش، خان موما، خوش، خانىش ئاپا، سىلەر ياخشى قېلىڭلار. ياخشى چۇش كۆرۇڭلار. ئەمدى مەن خاقان ئاتامنىڭ ئالدىغا باراي، — دەپ ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىن سىيرىلىپ پەسكە چۇشتى ـ دە، تالاغا قاراپ ماڭدى...

## نەزم

سەن راھەتنى ھەۋەس قىلساڭ مۇبادا،
تىنچىمايدۇ قول ئاستىڭدا ئۆلكىلەر.
ئەقلى بارلار خوپ كۆرمەيدۇ ھېچقاچان،
قويچى يېتىپ، يېسە قوينى بۆرىلەر.

— شەيخ سەئدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۆتىنچى باب

## يەتتە ياشلىق ۋەلىئەھد

«بۇ بۇلاق بويىدا بىزدەك نۇرغۇن ئادەم دەم ئالغان. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ھەممىسى كېتىشتى. مەردلىك ۋە كۈچ بىلەن بۇ دۇنيانى ئالغاندۇق، لېكىن ئۆزىمىز بىلەن بىللە گۆرگە ئەكېتەلمىدۇق.»

ــــ «بابۇرنامە»دىن

مىلادىيە 1362 ـ يىلى ياز.

بۈگۈنكى قوبۇل مۇراسىمى ئۇزاققا سوزۇلمىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان قۇببىلىك سارايدىكى قوبۇل مۇراسىمىدىن كېيىن، ئاق قەسىر بېغىغا يېتىپ كەلدى. گۈلزارلىق ئارىسىدىكى بۇ قەسىر بەئەينى ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىكى ئاق قىيا تاشقا ئوخشايتتى. خان تاش ياتقۇزۇلغان ئەگرى ـ توقاي چىغىر يول ئارقىلىق گۈلزارلىق ئىچىدىكى يۇمشاق چىملىققا يېتىپ كەلدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يوغان دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرى بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ تۇتىشىپ كەتكەنلىكتىن، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان تەبىئىي سايە ھاسىل بولغانىدى.

ئاق قەسىر بېغى ئىشچان باغۋەنلەرنىڭ قولى بىلەن تۈجۈپىلەپ بېزىلىپ، گۈزەل تۈس ئالغانىدى. ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە چىغىر يول ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان ئىككى چوڭ يول بار ئىدى. بۇ ئىككى چوڭ يولنىڭ ئىككى بېشى

ئوردىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ئىگىز قورغان تېمىغا بىرىپ تاقىلاتتى. ئوڭ تەرەپتىكى چوڭ يولنىڭ بىر بېشىدا ئەتراپى مەنزىرە دەرەخلىرى ۋە گۇللەر بىلەن ئورالغان، مەرمەر تاش تۇۋرۇكلۇك ئاق رەڭلىك بىر ئىمارەت بار بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا ئوغلان قاتارلىق بىر توپ ئۆسمۈر باللارغا شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا قۇرئاندىن دەرس بېرىۋاتقاندى. ئۇلار خەيلىخانە پەرزەنتلىرى[1] ئىدى. باشتىن - ئاياغ خوتەن شايىسىدىن كىيىم كىيىشكەن بۇ گۆدەكلەر ئۇستازىنىڭ ئازادلىق بېرىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۇتۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئىلياس خوجا ئوغلان مۇشۇ ئاق قەسىر بېغىدا خەيلىخانە پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە ئۇستازىدىن ساۋاق ئېلىپ، ھەربىي مەشىقلەر بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇ خۇددى خاقان ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئوخشاش قەيسەر تەبىئەتلىك بولۇپ يېتىلىۋاتقان چىرايلىق ئۆسمۈر ئىدى. ئۇچىسىغا شايى پەشمەت كىيگەن ئىلياس خوجا ئوغلان بېلىنى نەقىشلىك تاسما كەمەر بىلەن چىڭ باغلىۋالغان بولغاچقا، تولىمۇ روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كەمىرىدىكى قىممەتلىك تاشلاردىن كۆز قويۇپ ئاجايىپ نەپىس ياسالغان كىچىك خەنجىرىنىڭ قىنى قۇياش نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى قىزىل مەخمەل تەقىيەسىنىڭ ئۇستىدىن نېپىز قىلىپ ئورالغان ئاق شايى سەللىسىنىڭ پېشانىسىغا قادالغان مېغىز چوڭلۇقىدىكى بىر دانە لەئەل ئوتقاشتەك يېنىپ تۇراتتى. پۇتلىرىغا كىيىۋالغان پاشنىسى ئېگىز قەشقەر ئۆتۈكى ئۇنى باشقا ساۋاقداشلىرىدىن خوپلا ئېگىز قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى.

مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا باللارغا دەرس ئۆتمەكتە ئىدى. خان ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن دېرىزىنىڭ

---

① خەيلىخانە پەرزەنتلىرى — ئوردىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ بالىچاقىلىرى.

سىرتىدىن ئۇلارغا بىرپەس قاراپ تۇردى.

— ئۇلۇغلار شۇنداق دەپ ئېيتقانكى، — دەۋاتاتتى ئۇستازى باللارغا دەرس ئۆتۈۋېتىپ، — كىمنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، ئىچ كىيىملىرى، ئۇستىبېشى پاكىز، لېكىن ئەخلاقى پاسكىنا، قىلىقى ئەدەپسىز بولسا، ئۇنىڭغا جەھەننەمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش ئۈچۈن ئاچقۇچ لازىم ئەمەس. چۈنكى، جەھەننەمنىڭ ئاچقۇچى ئۇنىڭ ئاشۇ بولمىغۇر ئەخلاقىدۇر! كىتابلاردا ھايا بىلەن ئەدەپ ئىماننىڭ بەلگىسى، ھۆرمەت - ئىززەت ئۇلۇغلۇقنىڭ سەۋەبچىسى، ئەخلاق - پەزىلەت ئادەمنىڭ قىممەت باھالىق لىباسى ۋە كىيىملىرىنىڭ ئېسىلىدۇر، دەپ يېزىلغان؛ قىلىقسىز ئادەملەر بەتپېئىل، مىجەزى چۈس، بىر بالاغا گىرىپتار، بىر ئاپەتكە مۇپتىلا بەتبەشىرە ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئادەملەر نەگىلا بارسا بالادىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاپەتتىن خالىي بولالمايدۇ!...

مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا دەرس سۆزلەۋېتىپ، بىردىنلا كۆزى دېرىزە سىرتىدا تۇرغان تۇغلۇق تۆمۈرخانغا چۈشتى - دە، سۆزلەۋاتقان سۆزىنى شۇ يەردىلا توختاتتى - دە، باللارغا:

— ئەدەپ - ئەخلاق توغرىسىدا بۈگۈن مۇشۇنچىلىك سۆزلەي، ئەتە دەرس ۋاقتىدا مەن سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلاردىن ئەدەپ - ئەخلاققا دائىر بىردىن مىسال سورايمەن. ھازىر سىلەر ئازاد! — دەپ ئېيتىۋىدى، باللار ئۇستازىنىڭ ئاغزىدىن «ئازاد!» دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى بىلەن تەڭلا چۇرقىرىشىپ، ئۆزلىرىنى تالاغا ئېتىشتى.

تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا ئوغلان دېرىزە ئالدىدا تۇرغان خاقان ئاتىسىنى كۆرۈپ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ سالام قىلدى. خان ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بۈگۈن ئۇستازىدىن ئالغان ساۋاقلىرىنى سورىدى. ئۇنىڭ قىلچىمۇ دۇدۇقلىماستىن بەرگەن جاۋابىغا قايىل بولۇپ، پېشانىسىغا سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەختۇشلىرىنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئىجازەت



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بەردى.

شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭدىن تىنچلىق سورىدى. ئۇلار چىغىر يولدا سۆھبەتلەشكەچ بالىلارنىڭ قېشىغا قاراپ مېڭىشتى.

بۇ چاغدا ئوڭ تەرەپتىكى غول يولنىڭ بىر بېشىدا مۇلازىملار بىر ئاتنى تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا ئوغلان يۈگۈرۈپ بېرىپ خۇددى چەۋەندازلاردەك ئەپچىل ھەرىكەت بىلەن ھېلىقى ئاتقا مىندى ـ دە، ئاتنى چاپتۇردى. ئۇ ھازىر ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش مەشقىنى باشلىغانىدى. قولىدىكى «كەماني شاش»① ئوقياسى ئۇنىڭ بوي ـ بەستىگە لايىق قىلىپ نەپىس ئىشلەنگەنىدى. ئىلياس خوجا ئوغلان ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا تىزگىنىنى قويۇۋەتتى ـ دە، قولىدىكى كەماني شاشنى چەبدەسلىك بىلەن بەتلەپ ئېتىشقا تەييارلاندى. بۇ چاغدا ئات نىشاندىن ئۆتۈپ ئون ـ يىگىرمە قەدەم ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇ بىردىنلا ئۇزەڭگىگە دەسسەپ ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇردى ـ دە، ئارقىسىغا قايرىلىپ تۇرۇپ نىشاننى قارىغا ئالدى ۋە كىرىچىنى قويۇۋەتتى. «تىرىڭ !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، كىرىچتىن ئايرىلغان ئوق خۇددى ئولجىسىغا قاراپ ئېتىلغان لاچىندەك ئۇچۇپ بېرىپ «غاچ !» قىلىپ نىشانغا سانجىلىپ قالدى.

خان بىلەن مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللالار يىراقتىن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇشاتتى. بۇ چاغدا مەشقاۋۇل ئېتىنى چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى ۋە ئوقنىڭ نىشانغا تەگكەن ئورنىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــــ تۇغلۇقزادەم، كاماندازلىق ماھارىتىدە خېلى ئىلگىرىلەپ قالدىڭىز، ــــ دېدى ئىلياس خوجىنى ماختاپ، ــــ ئەمما شەمشەرۋازلىقتا تېخى تەلەپكە يېتىشتىن يىراقتىسىز. چۈنكى،

① كەماني شاش ــــ ئوقيانىڭ نامى. تاشكەنتلىك ئۇستىلار ياسىغانلىقتىن، شۇنداق دەپ ئاتالغان.

جەڭدە دۈشمەننى شەمشەر، قىلىچ ـ شاپ ياكى نەيزە ئارقىلىق يېقىتىش مۈمكىن. كەمەندازلىقتا پەقەت قاچقان ياكى قوغلىغان دۈشمەننىلا نابۇت قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ چاغدا تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجىنىڭ قالغان تەگتۇش، كۆكەلداشلىرىمۇ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشۇپ ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىشتى. مەشقاۋۇل ئۇلارغا نۆۋەتتىكى ھەربىي دەرس مەشقىنى ئورۇنلاشنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، دەرھال كۆرۈنۈش قىلىش ئۈچۈن خان تۇرغان جايغا قاراپ ماڭدى.

* * *

خانىش زەمۇران بىبى قاتمۇقات خىياللار ئىلكىدە كۈننىڭ قانداق كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇ دەرد ـ ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ ھەرەمدىكى خانائىي خاستا يالغۇز ئولتۇراتتى. خان ئوغلى ئىلياس خوجىنى ماۋەرائۇننەھر نائىبلىقىغا تەيىنلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسلىدىلا ئېغىر جاراھەتلەنگەن يۈرىكى تېخىمۇ ئازابلىنىپ، دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان يېقىندىلا ئەمىر ئاغىچا ئىسىملىك بىر قەشقەر گۈزىلىنى ئۆز ئەمرىگە ئالغانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە خان ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى خوتۇنى بىلەن بولۇپ كېتىپ، خانىشنى تامامەن ئۇنتۇپ قالغانىدى. زەمۇران بىبى ئۆزىنى يۈرىكى ئوتتا پۇچىلانغان ئايالغا، مەرتىۋىسى لىگشىپ قالغان خانىشقا ئايلىنىپ قالدىم، دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇ ھەر قېتىم قەشقەرلىك ئاشۇ خوتۇننىڭ ئۆز رەقىبىگە ئايلىنىپ، خاننى تامامەن ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بولسا رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، چەكسىز ئازابلىناتتى. ئۇ بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ھەرگىز ئىشەنمەيتتى.

بىراق، خانىش زەمۇران بىبى خوتۇن كىشى بولۇش سۈپىتى

بىلەن ئۆزىنى بەختسىزمەن، دەپ ھېس قىلىسمۇ، ئەمما ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ خانىكە ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، يەنىلا كۆڭۈل ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇشقا تىرىشاتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ مەملىكەتتە دۆلەت ئاتىسى بولغان ئاشۇ خاقان ئېرىدىن قالسىلا ئىككىنچى مەرتىۋىدە تۇرىدىغان دۆلەت ئانىسى ئىكەنلىكىنى ۋە خانىشلىق بۇرچىنى ئەسلا ئېسىدىن چىقارمىغانىدى.

نىھايەت، خانىش زەمۇران بىبى يالغۇزچىلىقتىن جاق تويغانىدى. خوتۇن كىشىدە بولىدىغان كۈنداشلىق تۇيغۇسى ۋە خانىشلىق مەجبۇرىيىتى ئۇنى قاتمۇقات ئورىۋالغان ئاشۇ دەرد ـ ئەلەملەر مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆز بەختىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۈندىمەكتە ئىدى. ئۇ بۇ قارارغا كېلىشتىن ئىلگىرى خېلى ئۇزاققىچە ئارىسالدىلىق ئىلكىدە پۇچىلىنىپ، ئازابلىنىپ يۈرگەنىدى. لېكىن، خوتۇن كىشىلىك ئىززەت ـ نەپسى، خانىشلىق بۇرچى ۋە يالغۇز ئوغلى ئىلياس خوجا ئوغلانىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىغىنىدا قەتئىي بوشاشماستىن ئۆز بەختىنى خاقان ئېرىنىڭ مەيلىنى ئەسىر قىلىۋالغان ئاشۇ قەشقەرلىك خوتۇندىن تارتىۋېلىشقا بەل باغلىدى.

ئۇ خانائىي خاسنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويغاندىن كېيىن، گۈلزارلىققا قاراپ ئېچىقلىق تۇرغان قوش قاناتلىق دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ چاغدا تالادا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، ئايسىز تۈن ئاسمىنىدا يارقىن يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. ھەرەم خادىملىرى يول ياقىسىدىكى تۈۋرۈكلەرگە ئېسىقلىق تۇرغان پانۇسلارنى ياندۇرۇپ قويغان بولۇپ، گۈلزارلىقنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. خانىش كېچە مەنزىرىسىگە زوقلىنىپ قاراپ، مەستخۇش بولۇپ تۇراتتى. ئۇ ھەرەمبېگى خوتۇندىن خاقان ئېرىنىڭ بۈگۈنكى كېچىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى، شۇڭا خانىنىڭ ھايالشىماستىنلا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا مەستخۇشلۇققا چۆمۈپ، كۆڭلىنى ئاجايىپ بىر خىل

شېرىن تۇيغۇ ئېگىلىۋالدى. مۇشۇ تاپتا دېرىزە ئالدىدا پانۇس چىراغلار بىلەن كۇندۇزدىكىدەك يورۇتۇلغان گۈلزارلىقنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى زوقلىنىپ تاماشا قىلىۋاتقان خانىش زەمۇران بىبى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تۇرلۇك گۈزەل ئەسلىمىلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئاشۇ شېرىن پەيتلەردىكى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى ئەسلىگەندە، توساتتىنلا يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى بەختىيار ھېس قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇ مەملىكەتتىكى خوتۇن ـ قىزلار ئارىسىدا ئەڭ زور ۋە ئەڭ ئالىي شەرەپكە نائىل بولغان، ھەرقانداق بىر خاندانىنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ قولى يەتمەيدىغان ئۇلۇغۋارلىققا ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. تەقدىر ئىلاھى ئۇنى چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانى، ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن ئۇچراشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن ۋە خاقان ئېرىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىكە تولغان نەزىرىدە گۈزەل ۋە ئۇلۇغۋار خانىشقا ئايلانغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆز بەختىنى، يەنە كېلىپ چەكسىز بەختىنى تاپقانىدى.

زەمۇران بىبى تاسادىپىي بىر شارائىتتا سان سىمون موناستىرىنىڭ يېنىدىكى كۆل بويىدا تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرۇشتىن ئىلگىرى، خۇددى چىمەنزارلىق ئىچىدە ھۈپپىدە ئېچىلغان لەيلىقازاقتەك ئاددىي بىر ناسارا قىزى ئىدى. ئۆگەي ئاتىسى، كاتولىكلارنىڭ ئالالىق يېپارخىيەسىنىڭ ئېپىسكوپى رىچارد بىلەن ئاپىسى ئۇنى كاتولىكلار موناستىرىنىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇرغانىدى. فىروزە ئىسىملىك بىر موناخ ئۇنىڭ موناستىردىكى بىردىنبىر سىردىشى ئىدى. موناستىر تۇرمۇشى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تەشۋىشسىز، ئەڭ خاتىرجەم چاغلىرى ئىدى. كېيىن پەرۋەردىگارى كاتولىك مۇخلىسى بولغان ئۇنى ئىسلام مۇخلىسى بولغان خاقان

تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئاشۇ چاغدا كۆل بويىدىكى ئاشۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىش گەرچە ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ يالغۇزسىرىمىدى. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ساپ ۋە ئوتلۇق مۇھەببىتى ئۇنىڭغا كېچە ـ كۈندۈز ھەمراھ بولدى. ئاشۇ ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭ شەيدالىقىدا ئۇ خۇددى پەرۋانە ئوتقا تەلپۈنگەندەك ئۇنىڭغا تەلپۈندى. ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرق ئۇنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىگە ھېچقانداق توسالغۇ بولالمىدى. كېيىن... ئۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھەرىمىنىڭ خانىشى بولۇپ قالدى...

بۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۈرخان قەندىللەردىكى يېنىپ تۇرغان شاملارنىڭ يورۇقىدا خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇپ كەتكەن خانائىي خاسنىڭ ئىشىكىدە كۆرۈندى.

— ھەزرىتىم، خۇش كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ خانىش زەمۇران بىبى خاقان ئېرىنى خۇشال كۈلۈپ قارشى ئالدى.

— كۈتكۈزۈپ قويدۇم، بەيتفالىخە، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىلمەن، — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭغا.

— خانائىي خاس ئۆز ئىگىسى بىلەن بىللە ھەزرىتىمنىڭ ئىلكىدە، — دېدى خانىش تەبەسسۇم بىلەن، — شۇڭا ھەرگىز تۇزۇت قىلمىغايلا. چۆرىلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكلىرىنى بىلگىنىمدە، ئالدىلىرىغا ئۆزۈملا بارغان بولمايتتىممۇ؟

— بېگىم، مېنىڭ سىزنى ئاۋارە قىلغۇم كەلمىدى، — دېدى خان ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، — بىراق مەن سىزنى سېغىنغان چاغدا، زۆرۈر بولسا ئۆزۈم كېلىۋېرىمەن ـ دە.

خانىش زەمۇران بىبى خاقان ئېرىنىڭ سۆزىدىن ئېرىپ يەرگە قارىۋالغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە: «شۇنچە ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشمىگەن تۇرساق، سىلى سېغىنمىغان بىلەن، مەن سېغىندىم ـ دە !» دېگەن خىيال لاپ قىلىپ ئۆتتۈۋىدى، خىجىل بولغىنىدىن يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

خان ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرغىنىنى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ جاراڭلىق كۇلكىسىدىن چەكسىز ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى.

— بەيتفالىخە، گۇزەل چىرايىڭىز خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوت يالقۇنىدەك قىزىرىپ كەتتى!

— بەخت ـ شادلىقنىڭ ئوت يالقۇنى قەلبىمدە لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرسا، چىھرىم قىزارماي تۇراتتىمۇ؟ — دېدى ئۇ خاقان ئېرىگە چوكانلىق نازى بىلەن نازلىنىپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئاشۇ بەخت ـ شادلىقنىڭ ئوت يالقۇنى ئىچىدە سىز بىلەن تەڭ كۆيەي، — دېدى خان كۇلۇپ تۇرۇپ.

خاقان ئېرىنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن خانىش زەمۇران بىبىنىڭ قەلبىنى قاپلىۋالغان دەرد ـ ئەلەملىرى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شاد ـ خۇراملىق ھېسسىياتى ئۇنىڭ قەلبىدە دولقۇنلىنىپ، مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇنداق، ئۇ پەقەت خاقان ئېرىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببەتكە تولغان ئاشۇ باغرىدىلا بەخت شادلىقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايتتى. ھالبۇكى، خاقان ئېرى بولسا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقانىدى. زەمۇران بىبى مۇشۇ تاپتا بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە لاۋۇلداپ كۆيمەكتە ئىدى!

— ھەزرىتىم، بۈگۈن ئاخشام چۆرىلىرىنىڭ ئادىتى كۆلبىسىگە كېلىپ بىزنى بەختىيار قىلىدىغانلىقلىرىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمىز!

— قۇببىلىك سارايدا دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەشتە ھايال بولۇپ قالدىم، — دېدى خان جىددىي تەرزدە، — كېڭەشتە قارىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بىراق، مەن مۇھىم ئىشنى بېكىتىپلا، تاقىتىم تاق بولۇپ، قالغانلىرىنى ئەتىگە قالدۇردۇم.

— بىزنىڭ ئادىي كۆلبىمىزگە كېلىشتىنمۇ مۇھىم بولغان



www.uygurkitap.com

قانداق ئىش ئىدى ئۇ؟
— بەيتفالىخە، تەخت ۋارىسىنى بەلگىلەش سىزنىڭچە مۇھىم ئىش ئەمەسمۇ؟
خانىش زەمۇران بىبى دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ:
— ھەزرىتىم، تەخت ۋارىسىغا كىمنى تاللىماقچى بولدىلا؟ — دەپ سورىدى.
— ئىلياس خوجا ئوغلان ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىردى، — دېدى خان ئەستايىدىللىق بىلەن، — كىچىك خانىش ئەمىر ئاغىچا گەرچە ئېغىر بوي بولسىمۇ، ئەمما قورساقتىكى بالا بۆرە بولۇپ تۇغۇلامدۇ ياكى تۈلكە بولۇپ تۇغۇلامدۇ، ئۇ قادىر ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش، بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. سىزنىڭچە، ئىلياس خوجا ئوغلاننى تەخت ۋارىسى — ۋەلىئەھد قىلىپ تۇرغۇزغىنىمىز مۇۋاپىق بولۇرمۇ؟
بۇ چاغدا خانىش زەمۇران بىبىنىڭ شەھلا كۆزلىرى چوڭقۇر خىيال ۋە مەستخۇشلۇق ئىلكىدە يۇمۇلغان، بەرگى قىياقتەك كىرپىكلىرى بولسا بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى.
تۇغلۇق تۆمۈرخان پىچىرلاپ سورىدى:
— نېمىشقا جىم بولۇپ كەتتىڭىز، بېگىم؟
زەمۇران بىبى خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئاستاغىنا ئېچىپ، خاقان ئېرىگە ناز بىلەن قارىدى ۋە:
— مەن ئاجىزەلىرى نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ خاقان ئالىيلىرى، بۇ تەخت ۋارىسى تۇرغۇزۇش سەلتەنەت ئىشى ئىكەن. شۇڭا، مۇنداق زور ئىشقا مەن نېمىمۇ دېيەلىشىم مۇمكىن؟ — دېدى.
خان بېشىنى چايقىدى:
— ياق، سىز مەملىكەتتە ئالىي مەرتىۋىگە مۇيەسسەر بولغان خانىشسىز. شۇڭا، بۇ ئىشتا سىزنىڭ ئوي ـ پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ. خاتا سۆزلەپ قويسىڭىزمۇ مەن سىزنى

ئەيىبكە بۇيرۇمايمەن !

زەمۇران بىبى داۋاملىق ئۇن چىقارماي جىم تۇرۇۋالسا، خاقان ئېرىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى سەزدى ـ دە، سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

ــ ھەزرىتىم، مەن سىلىنى خۇددى جېنىمدەكلا ياخشى كۆرىمەن، ھەتتا جېنىمدىنمۇ ئارتۇق كۆرىمەن. سىلىگە كۆڭۈل بېرىشتىن ئىلگىرى، مەن خۇددى ئاددىي ئادەملەردەكلا ھايات كەچۈرۈپ كەلگەنىدىم. قاچانكى پەرۋەردىگار سىلىنى ماڭا ئۇچراشتۇردى، شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىدىم ۋە كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىمنى تونۇپ يەتتىم. سىلىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببەتلىرى مەن ئاجىزەلىرى ئۇچۇن تاغدەك يار ـ يۆلەك ۋە بەخت ـ سائادەتتۇر. ئىلياس خوجا بىزنىڭ ئاشۇ ساپ مۇھەببىتىمىزنىڭ شېرىن مېۋىسى. شۇڭا، سىلىنىڭمۇ ئۇنى خۇددى مېنىڭدەكلا ياخشى كۆرۈشلىرىنى خالايمەن.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى ـ دە، ئۇنى ئالدىغا تارتىپ باغرىغا باستى، سۇمبۇل چاچلىرىنى ھىدلاپ، ئىسسىق لەۋلىرىگە لەۋلىرىنى ياقتى. تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ لەۋلىرى خانىشنىڭ خۇشبۇي ھىدى بىلەن نەمخۇشلاندى.

ــ بەيتفالىخە، ــ دېدى خان، ــ بىلەمسىز، سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا خۇددى مۆھۈردەك بېسىلدى. قادىر ئاللا گۇۋاھكى، مەن سىز بىلەن مەڭگۈ بەختلىكمەن. بۇ بەخت مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمدۇر. مەنلا ھايات بولىدىكەنمەن، ئىككىمىزنىڭ چىن مۇھەببىتىنىڭ شېرىن مېۋىسى بولغان پەرزەنتىمىز ئىلياس خوجا مەڭگۈ بىز ئۇچۇن ئاشۇ شېرىن ئۆتمۈشىمىزدىن يادنامە، گۈزەل ئەتىمىز ئۇچۇن ئۈمىد ـ ئىشەنچ بولۇپ تۇرىدۇ !...

*  *  *

تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا ئوغلان يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي، ئاجايىپ تىرىشچان، ئەقىللىك ۋە زېرەك چوڭ بولۇۋاتاتتى. ئۇ مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ قولىدا خەت ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، كىتاب ئوقۇشقا ئاجايىپ ھېرىس بولۇپ كەتتىكى، ئازراقلا بوش ۋاقىت تاپسا، ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلارنى قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيتتى. ئۇ چاغلاردا مەملىكەت جىددىي ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ۋەزىيەت داۋالغۇپ، بىر ئىزىدا توختىمايۋاتاتتى. بىراق، بۇنداق جىددىي ۋەزىيەت چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ خاقانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەھلى ئىلىملەر بىلەن داۋاملىق ئىلمىي سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈپ، ھاكىمىيەتچىلىككە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇتالىئەلەرنى تەشكىللىشىگە دەخلى يەتكۈزەلمىدى. سوغۇق قىش پەسلىدە ئالمالىقتىكى ئىسسىق خان ئوردىسىدا، ئىسسىق ياز پەسلىدە بولسا خاننىڭ كەيگەن بويىدىكى سۆرۈن يازلىق ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈرلۈك ئەنجۈمەن ـ يىغىلىشلارغا مەملىكەتنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن پات ـ پات مېھمانلار توپلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەدىب ـ شائىرلار، ئۆلىما ـ ئالىملار، كىمىياگەر ـ پەيلاسوپلار ۋە پېشقەدەم لەشكەر باشلىقلىرى بولاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يۇرت كەزگەن سەيياھلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى بارغان ئاشۇ چەت ئەل، يات مەملىكەتلەردىكى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى شۇنداق قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتىكى، كىشىنىڭ ئاڭلىغانسىرى ئاڭلىغۇسى كېلەتتى.

ئەھلى ئىلىملەر قاتناشقان بۇنداق ئەنجۈمەن ـ يىغىلىشلارغا خاقان ئاتىسى كىچىككىنە ئىلياس خوجىنىڭ قاتنىشىشىغا ئىجازەت بەرگەنىدى. بۇنداق يىغىلىشلاردا ئۇ باشقىلارنىڭ

سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئەدەپ بىلەن جىم ئولتۇراتتى ۋە بۇ سورۇندا بولۇنۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاشقا تىرىشاتتى.

بۇگۈن خاننىڭ كەيگەن بويىدىكى يازلىق ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بەزمىمۇ ئەنە شۇنداق شائىر ـ ئەدىبلەر، ئۆلىما ـ ئالىملار، كىمياگەر ـ پەيلاسوپلار ۋە پېشقەدەم سىپاھلار قاتناشقان ئەھلى ئىلىملەر ئەنجۇمەنى ئىدى. بۇگۈنكى ئەنجۇمەنگە ناھايىتى كۆپ ئادەم قاتناشقانىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان خان چېدىرىنىڭ تۆرىدىكى شاھسۇپا ئۈستىدە خاتىرجەم ئولتۇراتتى. خاندا ئىچكە تايلاق تىۋىتى ئېلىنغان ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقان مېھمانلار قىزغىن مۇنازىرىگە كىرىشىپ كېتىشكەنىدى. بوكاللار مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا ھەر خىل نازۇنېمەتلەرنى مول تىزىپ تولدۇرۇۋېتىشكەنىدى. خان چېدىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن مۇڭلۇق نەغمە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى: گاھ يېقىن، گاھ يىراقتىن ئاڭلىنىدىغان بۇ مۇڭلۇق كۈينى سورۇن ئەھلىنىڭ بىر قىسمى دىققەت بىلەن ئاڭلاشماقتا ئىدى.

— مۇڭلۇق چېلىنغان كۈي مۇتەپەككۇر ئەللامە ئۈچۈن ھەقىقىي ئارام بېغىشلايدۇ، — دېدى پېشقەدەم ئەمىرلەرنىڭ بىرسى. سورۇندا ئولتۇرغان ياش شائىرلاردىن بىرسى ئۇنىڭغا:

— شوخ چېلىنغان كۈيمۇ ئۆمۈر بويى قىلىچ ـ قالقانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغان جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ كەلگەن پېشقەدەم سەركەردىگە غەيرەت ـ شىجائەت بېغىشلايدۇ! — دېدى.

ياش شائىرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ھېلىقى پېشقەدەم ئەمىر خۇددى مۇزدەك قىمىز ئىچىپ يۈرىكى ياشارغاندەك ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈۋالدى.

بەزمە ـ ئەنجۇمەن بارغانسېرى قىزىپ ئەۋجىگە چىقىۋاتاتتى.

شۇ چاغدا خان چېدىرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ناۋات رەڭ شايىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن پەشمەت كىيگەن تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجىنى يېتىلەپ چېدىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدى. بالىنىڭ قولىدا بىر كىتاب بار ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئادەمنى كۆرۈپ، ئىزا تارتقىنىدىن چېدىرنىڭ بوسۇغىسىدا يەرگە قارىغىنىچە كىرەيمۇ ـ كىرمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ توختاپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

بۇ چاغدا تۆرىدىكى شاھسۇپا ئۈستىدە ئولتۇرغان تۇغلۇق تۆمۈرخان بالىنى ئالدىغا كېلىشكە ئىشارەت قىلدى. ئەنجۈمەن ئەھلىنىڭ كۆزى بالىغا تىكىلدى.

— تۇغلۇقزادەم، قولىڭىزدىكى نېمە كىتاب؟ — دەپ سورىدى خان مۆھۈردارى يەللىغ تايشى بالىدىن.

ئىلياس خوجا ئوغلان ئۇنىڭ سورىغان سوئالىغا قىلچىمۇ ھودۇقماستىن:

— كىتابىي «كەلىلە دىمنە»، — دەپ جاۋاب بەردى دادىللىق بىلەن.

— كىتابىي «كەلىلە دىمنە» ئېسىل كىتاب، — دېدى يەللىغ تايشى، — تۇغلۇقزادەم، قېنى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭچۇ؟ بۇ كىتابنى كىم يازغان ۋە كىتابتا نېمىلەر يېزىلغان؟

ئىلياس خوجا ئوغلان ئاۋۋال ئۇستازى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللاغا قارىدى. ئاندىن خاقان ئاتىسىغا جاۋاب بەرسەم بولامدۇ، دېگەندەك قاراپ قويدى. خاقان ئاتىسى بالىغا جاۋاب بەرسەڭ بولىدۇ، دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئىلياس خوجا ئوغلان قىلچىمۇ دۇدۇقلىماستىن:

— بۇ كىتابنى بىدىپاي دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھىندى ھەكىمى يازغان، — دەپ جاۋاب بەردى يەللىغ تايشىنىڭ سوئالىغا، — بۇ كىتابتا مەسەل ـ چۆچەكلەر ھايۋاناتنىڭ تىلىدىن ھېكايە قىلىنغان.

ئەنجۈمەن ئەھلى تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجىنىڭ جاۋابىنى

ئاڭلاپ، بالىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇشۇپ، «بارىكاللا !» دېيىشىپ تەھسىن ئوقۇشتى.

كىتابى «كەلىلە دىمنە» قەدىمكى ھىندى بىراخمانلىرىنىڭ پېشۋاسى، پازىل ھەكىم بىدىپاي تەرىپىدىن توپلاپ تۈزۈلگەن قەدىمكى مەسەللەر توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مەسەل ـ تىمساللار، چۆچەك ـ رىۋايەتلەر ھايۋانلارنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق بېرىلىپ، ئادەملەرگە جاھاندارچىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسەت قىلىنغانىدى. قەدىمكى ھىندى تىلىدا «خەمسە»، پارس تىلىدا «كەلىلە دىمنە» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قەدىمكى مەسەللەر توپلىمى كېيىنكى دەۋرلەردە تازىيلارنىڭ تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغانىدى. كېيىن چاغاتاي مەملىكىتىدىكى ئەھلى ئىلىملەر ۋە ھۆكۈمدارلار قاتلىمىدىمۇ تارقىلىشقا باشلىغان ھەمدە كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان دەستۇر خاراكتېرلىك ئوقۇشلۇقىغا ئايلانغانىدى. بۇ كىتابتا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنىڭ يەكۈنلىرى، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھەرلىرى مەسەل ـ چۆچەكلەر شەكلىدە ئاددىي، ئىخچام قىلىپ سۆزلىنەتتى.

ـــ ھوشەشەرە! تۇغلۇقزادەم، ئۆزىڭىزمۇ خۇددى ئىسمىڭىزدەكلا بۈيۈك ئادەمگە ئايلىنىڭ !

بالا بولسا ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىرىنى بىر چۈشىنىپ، بىر چۈشەنمەي قاراپ تۇراتتى.

خان بۇ چاغدا ئوغلى ئىلياس خوجىغا: ئەمدى چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، دېگەندەك قىلىپ باش لىڭشىتىپ قويدى. بالا دەرھال ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئاۋۋال خاقان ئاتىسىغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەنجۇمەن ئەھلىگىمۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ـ دە، خان چېدىرىدىن كەينىچە چىقىپ كەتتى...

بۈگۈنكى دەرستە ئۇستازى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا شاگىرتلىرىغا مەخسۇس قەدىمكى پارس شاھى نۇشىرۋان ئادىل

توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.

— قەدىمكى پارسلاردا، — دېدى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا بالىلارغا، — كەيقۇباد دەپ ئاتىلىدىغان بىر پادىشاھ ئۆتكەن. ئۇ ئۆمرى ئاخىرلىشىدىغان چاغ يېتىپ كەلگەندە، تاج - تەختىنى ئۆزىنىڭ كەنجى ئوغلى نۇشىرىۋانغا بەردى ھەمدە ئابۇزەر جەمھۇر ئىسىملىك بىر ھەكىمنى ئۇنىڭغا ئۇستازلىققا بەلگىلەپ بەردى.

— ئوغلۇم، — دېدى پادىشاھ كەيقۇباد نۇشىرۋانغا ۋەسىيەت قىلىپ، — بۇ سېنىڭ بەگ ئەتكەڭدۇر. ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەرگىز چىقمىغايسەن !

كەيقۇباد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بەگ ئەتكەسى ئابۇزەر جەمھۇر نۇشىرىۋانغا شۇنداق دەپ ئېيتتىكى:

— ئوغلۇم، مەن سېنى ئۇچ ئىشقا سالىمەن: بىرىنچىسى، چۆلدە يەتمىش كۈن پادا باقىسەن؛ ئىككىنچىسى، يەتمىش كۈن زىنداندا ياتىسەن؛ ئۇچىنچىسى، يەتمىش كۈن ئات يېتىلەيدىغان ركابدار بولىسەن. بۇ ئۇچ ئىشنى چوقۇم ئورۇنلىشىڭ كېرەك !

نۇشىرىۋان ئۇستازى تاپشۇرغان بۇ ئۇچ ئىشنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇنلىغاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى.

ئۇستازى ئابۇزەر جەمھۇرنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ھەيران بولغان نوشىرىۋان:

— ئى دانا ھەكىم، تەختتە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى، سىز ماڭا زورلاپ قىلدۇرغان بۇ ئۇچ ئىشنىڭ خاسىيىتى نېمىدۇر؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇستازى ئۇنىڭغا:

— شۇنى بىلگىنكى، سەن ھەممىدىن ئاۋۋال چۆل - جەزىرىدە ئاچ - توق يۈرۈپ يەتمىش كۈن پادا باقتىڭ. گۆش يېمەك ئاسان بولغىنى بىلەن، مالنى ئوتتىن - ئوتقا يۆتكەپ، بوران - چاپقۇن، ئىسسىق - سوغۇقتىن ساقلاپ، يىرتقۇچ بۆرىدىن قوغداپ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغاندىلا، مال ئوبدان سەمرىيدۇ ۋە ئاينىيدۇ. دېمەك، پۇقرامۇ ئاشۇ قويغا ئوخشايدۇ. سەن ئۇنىڭغا كۆيۈنسەڭ، پۇقرانى بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇشقا

ئىگە قىلالىساڭ، سەنمۇ باياشات ياشىيالايسەن. ئىككىنچى قېتىمدا مەن سېنى يەتمىش كۈن زىندانغا تاشلىدىم. بۇ جەرياندا سەن زىنداننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، زىنداندا قانداق ئادەملەرنىڭ ياتىدىغانلىقىنى، زىنداندا ھەق ۋە ناھەق ياتقانلارنىڭ ھالى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدىڭ، زىنداندىكى تۆرلۈك قىيىن - قىستاق جازالارنىڭ تەمىنى تېتىدىڭ. ھالا بۈگۈن سەن پادىشاھ بولدۇڭ. ئاشۇ يەتمىش كۈنلۈك زىندان ھاياتىڭنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتساڭ، كىشىلەرنى خالىغانچە زىندانغا تاشلايدىغان، ناھەق جازالايدىغان، كىشىلەرگە ئۇۋال قىلىدىغان، كىشىلەرنى خاتا قامايدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ھالىغا يەتمەيدىغان ئىشلاردىن خالىي بولالايسەن. ئۈچىنچى قېتىمدا رىكابدار بولۇپ يەتمىش كۈن ئات يېتىلىدىڭ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، سەن پادىشاھ بولغاندىن كېيىن بەگ - ئەمىرلەرنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلىشىڭ، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقىڭ، باشقىلارنى دەپسەندە قىلماسلىقىڭ ئۈچۈن ئىدى.

— ئى دانا، — دېدىكى نۇشىرۋان ئۇستازى ئابۇزەر جەمھۇرغا، — سىزنىڭ مېنى بۇ ئىشلارغا مەجبۇرلاش ئارقىلىق نېمىدىن بېشارەت بەرمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەندىم. رەھمەت سىزگە، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى ئۆزۈمگە رەھنەما قىلىپ، سىز كۆرسەتكەن يولدىن ھەرگىز چىقمىغايمەن!...

— نۇشىرۋان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، — دېدى ئۇستازى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا شاگىرتلىرىغا چۈشەندۈرۈپ، — ئۇستازى ئابۇزەر جەمھۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۈچ ئىشتا ئادىللىق بىلەن مەملىكەتنى ئىدارە قىلىپ، تارىختا: «نۇشىرۋان ئادىل» دەپ نام ئالدى...

— قايسى ئۈچ ئىش ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئىلياس خوجا ئوغلان ئۇستازىدىن.

— بىرىنچىسى، ئۇ چۆل - باياۋاندا قوي باققان ئاشۇ كۈنلىرىنى ئۇنتۇمىغانلىقتىن، — دېدى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يىلىڭ - يالىڭاچ، ئاچ -

توق، يالاڭ ئاياغ، چۆل - باياۋانلاردا تىكەن دەسسەپ، تۇرمۇش قايغۇسىدا جاپا تارتىۋاتقان غېرىب - مىسكىنلەرنىڭ سىيماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان بولدى. شۇڭا، ئۇ مەملىكەتنىڭ خەزىنىسىدىكى پۈتۈن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى كەمبەغەل - بىچارىلەرگە ئاتاپ، پۇقرالارنى باياشات ياشايدىغان قىلدى؛ ئىككىنچىسى، ئۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى زىندانغا تاشلاشتا ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تەھقىق قىلمىغۇچە باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەس بولدى. ناھەق، ئۇۋال قىلىنغان ۋە خاتا چىقىرىلغان ھۆكۈملەرنى يېڭىباشتىن تەكشۈرۈپ، ئادالەتلىك يول تۇتتى؛ ئۈچىنچىسى، ئەھلى ئىلىملەرنى، ئالىم - ھەكىملەرنى ئىززەتلىدى. ئىلىم - ئېرپاننى كەڭ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەكتەپ - مەدرىسەلەرنى تەسىس قىلدى. ئەزىز - ھەقىر، باي - گاداي دەپ ئايرىماي پۇقرالار بىلەن باراۋەر ئۆتتى. دىن، مەزھەپ، ئۇلۇس - مىللەت دەپ ئايرىمىدى. ھەممە ئادەمنى ئىنسان دەپ قارىدى.

مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا ئۇستازىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئويلاپ ئولتۇردى. كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇستازىغا:

— بىلەمسىز، خاقان ئاتامۇ ئاشۇ نۇشىرۋان ئادىلىڭىزدەك قوي باققان، چۆللەردە ئاچ - توق يۈرۈپ، كۆپ جاپالارنى تارتقان، — دېۋىدى، مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى چۈشەندى - دە:

— شۇنداق، تۇغلۇقزادەم، ھايات نۇشىرۋان ئادىل دەپ ساھىبقىران ئاتىڭىزنى ئېيتسا بولىدۇ. خاقان ئاتىڭىزنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى تارىختىكى ئاشۇ نۇشىرۋان ئادىلدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ، — دەپ گەپنى ماھىرلىق بىلەن بۇرىدى، — تۇغلۇقزادەم، بىلەمسىز، ئۆمۈر بەك قىسقا، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. روزغارى ئالەم شاھىقىمۇ، گادايغىمۇ،

يىغلىغانغىمۇ، كۈلگەنگىمۇ ئوخشاش ئۆتىدۇ. ئۆمۈر بەربىر ئاخىرلىشىدۇ. مەنسەپ ـ مەرتىۋە، مال ـ دۇنيا ھەرگىزمۇ جانغا ئەسقاتمايدۇ. ئەجەل يېتىپ كەلگەندە، ھەممە ئادەم ئوخشاشلا ئۆلىدۇ. دۇنياغا قايتا كەلمەيدۇ. بىراق، بەزى ئەخمەق پادىشاھلار مۇشۇنچىلىك قىسقا ئۆمرى ئۈچۈن پۇقرالارنى قاڭغىر قاقشىتىپ، خەزىنە ـ بايلىق توپلايدۇ. توپلىغان مال ـ دۇنيانى ـ كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن سەرپ قىلىشىدۇ ياكى بولمىسا، ئۇلار توپلىغان دۇنيا ـ دەپىنىسىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرى بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگىتىدۇ. تۇغلۇقزادەم، سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىز تامامەن توغرىدۇر. ئەگەر سىز ساھىبقىران ئاتىڭىزدەك ۋە تارىختىكى ئاشۇ نۇشىرۋان ئادىلدەك ئادالەتپەرۋەر خاقان بولۇشنى ئويلىسىڭىز، زالىم بولمىغايسىز. پۇقرانىڭ دەردىگە دەرمان بولغايسىز. ئۆمرىڭىزنى ياخشىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، كېيىنكىلەرگە خۇددى ساھىبقىران ئاتىڭىزدەك ياخشى نام قالدۇرغايسىز. چۈنكى، ياخشى نام ـ ئەمەللا مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان خەزىنە ـ بايلىقتۇر.

— مەنمۇ ساھىبقىران ئاتامدەك ئادىل پادىشاھ بولۇپ، خەلقئالەم ئارىسىدا ياخشى نام قالدۇرىمەن، — دېدى كىچىككىنە ئىلياس خوجا ئوغلان خۇددى قەسەم بەرگەندەك سۆزلەپ.

— ھوششەرە، بەرىكەت تاپقايسىز، تۇغلۇقزادەم، ئىلاھىم شۇنداق بولۇشىڭىزغا نېسىپ قىلغاي!

شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا تۇغۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۈمىدىنى ئۇلۇغ مەقسەتلەر ئۈچۈن تۇجۇپىلەپ تەربىيەلەپ كېلىۋاتقان بۇ شاگىرتىنىڭ كىلەچىكىگە باغلىغانىدى. ئۇ بۇ مەقسەت يولىدا ئۆزىنىڭ شاگىرتىدا ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقىش ئىستىكىنى ئويغىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇ ھەر قېتىم دەرس ئۆتكەندە، ئىلياس خوجا ئوغلانغا تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر

كىشىلەر، ھۆكۈمرانلار ۋە شاھ ـ سۇلتانلارنىڭ ئۇتۇقلىرى، يېتەرسىزلىكلىرى ئۈستىدە ئاددىي ۋە ئوڭاي چۈشىنىدىغان باللار تىلى ئارقىلىق چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، سۆزلەپ بېرەتتى.

تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا تۆت يېشىدىلا ھەپتىيەكنى تاماملاپ، تازىيچە يىگىرمە سەككىز ھەرپنى تونۇپ بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي تىرىشچان بولغاچقا، ئۇستازىغا ئەگىشىپ تازىيچە ھەرپلەرنى پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ تەكرارلايتتى ۋە ئۇلاردىن سۆز قۇراشتۇرۇپ چىقاتتى. ئالتە ياشقا كىرگەندە قۇرئان ساۋاتىنى تولۇق چىقىرىپ بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدىبى ئەھمەد يۈكنەكىينىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دېگەن ئەسىرىنى، تازىي ئەدىبى شەيخ سەئدىنىڭ «گۇلىستان»، «بوستان» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى بىمالال ئوقۇيدىغان بولدى. ئۇستازى ئىلياس خوجىنىڭ كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، يېقىندا ئۇنىڭغا تازىيچە «كەلىلە دىمنە» دېگەن مەسەللەر توپلىمىنى ئوقۇشقا بەرگەنىدى. ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى، ھەتتا ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ياش چوڭ باللار بۇ چاغدا تېخى ھەپتىيەكتىن چىقالماي، دەرسخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تازىيچە ھەرپلەرنى ھەجىلەپ ئوقۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئۇستازى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا دەرسنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ نۇشىرىۋان ئادىل توغرىسىدىكى مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى:

— بىر كۈنى نۇشىرىۋان ئادىل شىكارغا چىقتى، — دېدى ئۇستازى، — ئۇ شىكار ئۈستىدە ئېتىۋالغان بىر ياۋا غازنى كاۋاپ قىلماقچى بولدى. ئەمما، تۇز يوق ئىدى. غۇلاملاردىن بىرسى تۇز ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭغانىدى. نۇشىرىۋان ئادىل ئۇنىڭغا:

— تۇزنى ئۆز باھاسىدا پۇل تۆلەپ سېتىۋال، بولمىسا ئادەتلىنىپ قېلىپ، پۈتۈن يېزىنى خاراب قىلىسەن! — دەپ

جىكىلىۋىدى، غۇلام ئەجەبلىنىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بىر چىمدىم تۇز ئۇچۇن پۇقراغا قانچىلىك زىيان يېتەر؟ — دەپ سورىدى. نۇشىرۋان ئادىل:

— ئەڭ دەسلەپتە دۇنيا يارالغاندا، زۇلۇمنىڭ ئاساسىمۇ ئاشۇ تۇزدەك بىر چىمدىملا ئىدى. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەنلەر ئاز ـ ئازدىن كۆپەيتىپ ماڭغانلىقتىن، زۇلۇم كۆپىيىپ مۇشۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى...

ئۇستازى دەرسنى سۆزلەپ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سۆزىنى توختىتىپ، بالىلاردىن: «بۇگۇنكى دەرسنى چۈشەندىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى.

لېكىن، قالغان بالىلار ئۇستازىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي، يەرگە قارىشىپ جىم ئولتۇرۇشاتتى. بۇ چاغدا تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇستازىدىن ئىجازەت سورىدى ۋە ئۇنىڭ سوئالىغا شەيخ سەئدىنىڭ مۇنۇ شېئىرى بىلەن جاۋاب بەردى:

نۇرغۇن نامدارلار يەرگە دەپنە قىلىندى،
يەر يۈزىدە ئۇلاردىن نام ـ نىشان قالمىدى.
يەرگە تاپشۇرۇلغان كونا جەسەتنى،
توپا يەم قىلدىكى، ھەتتا ئۇستىخان قالمىدى.
نۇشىرۋاننىڭ نامى ياخشىلىق بىلەن تىرىك،
كۆپ چاغ ئۆتۈپ، دېيىلسىمۇ: نۇشىرۋان قالمىدى.
ياخشىلىق قىل ئەي، ئەزىمەت، ئۆمرۈڭنى غەنىيمەت بىلىپ،
مۇنۇ خەۋەردىن ئالدىنراقكى، پالان قالمىدى[1].

ئۇستازى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئىلياس خوجىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بولدى: «كىممۇ تېخى

---

① يۇقىرىقى تەپسىلاتلار ئۇچۇن شەيخ سەئدىنىڭ «گۇلىستان» دېگەن كىتابىغا قاراڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1984 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1992 ـ يىلى 2 ـ باسمىسى.



www.uyghurkitap.com

ۋايىگە يەتمىگەن بۇ بالىنى مۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك ۋە تەسىرلىك جاۋابى بىلەن كىشىنى قايىل قىلالايدۇ، دەپ ئويلار ــ ھە !» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا لاپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى...

* * *

ماۋەرائۇننەھرنىڭ ۋەزىيىتى چاقماق تېزلىكىدە يامانلاشماقتا ئىدى. ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەمىرزادە ئابدۇللا ئىبنى قازغىن چىققان بولسىمۇ، ماۋەرائۇننەھردىكى يەنە بىر ھوقۇقلۇق ئۇلۇسبېگى ئەمىر بايان سۇلدۇز بىلەن ئەمىر ھاجى بارلاس باشچىلىقىدىكى بىر بۆلەك تەپرىقىچى، باشباشتاق ئەمىرلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىدى. ئۇرۇش ۋە دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرى باشلىنىپ، ئەل ــ يۇرتنىڭ ئەھۋالىدا پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى. باشباشتاق ئەمىرلەر ئۆزلىرى باشقۇرۇپ تۇرغان جايدا ھەدەپ مۇستەقىللىق ناغرىسىنى چېلىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىش بايرىقىنى تىكلىمەكتە ئىدى. ئەمىر قازغىن بارلاس ئۆلۈپ ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئەمىرزادە ئابدۇللا ئىبنى قازغىندىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئەمىر بايان سۇلدۇز بىلەن ئەمىر ھاجى بارلاس ئىتتىپاق تۈزۈشتى، ئاندىن ئەمىر ئابدۇللاغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئەمىر ئابدۇللا مەغلۇپ بولۇپ، سەمەرقەنتنى ئۇلارغا بىكارلاپ بەرگەندىن كېيىن، جەيھۇن دەرياسىنىڭ نېرىقى قېتىدىكى ئەندىراپ دېگەن يەرگە قېچىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، شۇ يەردە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياشاپ، ئالەمدىن ئۆتتى①. ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ جەددى ــ جەمەتىنىڭ ھەممىسى تەرەپ ــ تەرەپكە توزۇپ كېتىشتى.

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شەرەفىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2007 ــ يىلى 1 ــ نەشرى.

ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىن بارلاس ئۆلۈپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، كىشىلىكلەر بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ قورۇسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشكەنلىكىنى كۆرۈشتى. بۇ ئاتلىقلار ئارىسىدا ياشتا چوڭراق بىرسى يېنىدىكى نۆكىرىگە قورۇغا كىرىدىغان چوڭ دەرۋازىنى تاقىلدىتىشقا بۇيرۇق بەردى. بىرھازادىن كېيىن يان ئىشىك ئېچىلىپ، ئىچىدىن مۇلازىمنىڭ بېشى كۆرۈندى.

— غوجايىنىڭغا خەۋەر قىل، ئۇلۇسبېگى ئەمىر بايان سۇلدۇز جانابلىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدۇ! — دېدى ھېلىقى چوڭ ياشتىكى ئادەم قەتئىيلىك بىلەن.

مۇلازىم كىرىپ كېتىپ، ئانچە ھايالشىماستىنلا قايتىپ چىقتى ۋە دەرۋازىنىڭ قاناتلىرىنى ئىككى تەرەپكە قارىتىپ كەڭرى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن:

— مەرھەمەت، ئەمىر جانابلىرى ئۇلۇسبېگى جانابلىرىنى سارايىنىڭ ئالدىدا كۈتمەكتە! — دەپ ئۇلارنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

ساراي ئالدىدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئەمىر ھاجى بارلاس ئۇلۇسبېگى ئەمىر بايان سۇلدۇزنى كۆرۈپ، دەرھال موڭغۇل ئادىتى بويىچە ئۇنىڭغا ئۇچ قېتىم تىزلىنىپ، ئۇچ قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

بۇ چاغدا ئەمىر بايان سۇلدۇزمۇ:

— بۇ خانىنىڭ ئىگىسى سالامەت بولغاي! — دەپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇلار ئۆزئارا تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئەمىر ھاجى بارلاس ئۇنى سارايغا باشلىدى.

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، دەپتىكەن، — دېدى ئەمىر ھاجى بارلاس ئۇلۇسبېگى ئەمىر بايان سۇلدۇزغا تەكەللۇپ بىلەن، — جانابىي ئۇلۇسبېگى، ھارغانسىز، ئاچقانسىز، ئاۋۋال غىزالىنىۋېلىڭ! چۈنكى ئارىلىق يېقىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە شەھرىسەبزگە قاراپ ماڭغانلار ئاسانلا يولدىن ئازغىشىپ

كېتىدۇ!

— ئېنىق نىشانىنى كۆزلەپ ماڭغان ئادەم ئازغاشمايدۇ، — دېدى ئەمىر بايان سۇلدۇز ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالدىڭغا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش توغرىسىدا سېنىڭ بىلەن كېڭەشكىلى كەلگەنمەن. رەھمەتلىك ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئىلاھىم. ئۇ ئورنىغا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئەمىرزادە ئابدۇللا دېگەن ئوغلىنى قالدۇرۇپ كەتتى. بىراق، مەن تېخى تىرىك، مېنىڭ تىرىكلىكىمدە ماۋەرائۇننەھرگە مەن ھۆكۈمران بولماستىن، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ھۆكۈمران بولۇشى ئەقىلگە زادى سىغمايدۇ. ماۋەرائۇننەھر ماڭا — چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى تۆت چوڭ ھوقۇقلۇق ئۇلۇسبېگىنىڭ ئىچىدە ھازىرغا قەدەر ھايات ياشاۋاتقان ئەمىر بايان سۇلدۇزغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. مانا مەن بۇ يەرنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى، ھېچكىم مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشالمايدۇ، ھەتتا لەنىتى قارا تاپان مالچى تۇغلۇق تۆمۈرمۇ!

ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى پارلىدى، بىراق دەرھال ئۆچتى. ئۇ مەككارلىق بىلەن:

— ھۆرمەتلىك ئۇلۇسبېگى جانابلىرى، سىز بىلەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىدىغانلارنىڭ ئەڭ يامىنى يەنىلا تۇغلۇق تۆمۈردۇر. ئەمدى ئەمىر ئابدۇللا ئىبنى قازغىنغا كەلسەك، ئۇ نەدىمۇ سىزگە تەڭ كېلەلىگەي؟ ئەمما، ئۇنىڭ ئىشىنى بالدۇرراق ھەل قىلمايدىغان بولساق، قەددىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى يەڭمەكىمىز تەس بولىدۇ! — دېدى.

ئەمىر بايان سۇلدۇزنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇسبېگىلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، قوللىرىنى سىلكىپ چالۋاقىدى:

— قولۇمدا بىر ئادىمىم قالغان تەقدىردىمۇ، مۇشۇ قىلىچىم

بولىدىكەن، مېنى ھېچكىم بويسۇندۇرالمايدۇ!

تائام تارتىلدى. خىزمەتكارلار يوغان بىر تاۋاقتا قوينىڭ سېمىز ئېتىنى دۈۋىلەپ بېسىپ ئەكېلىشتى. بوكال قولىغا تىرە پەلەي كىيىپ، تاۋاقتىكى ئەتنى ئۇگە - ئۇگىسى بويىچە ئاجرىتىپ، كىچىك تاۋاقلارغا بۆلدى. ئۆي ئىگىسى بىلەن مېھمان سېمىز ئەت يېگەچ، داستىخان ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ مەقسەت - مۇددىئالىرى توغرىسىدا قىزغىن سۆھبەتلەشتى. ئۇي - خىياللىرى بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ئۇلار ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئەمىر ئابدۇللا ئىبنى قازغىندىن قانداق تارتىۋېلىش لازىملىقى ھەققىدە ئۇزاققىچە كۇسۇرلاشتى...

ماۋەرائۇننەھردىكى تەرىقىچى كۈچلەرنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر پايتەختت ئالمالىققا ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلمەكتە ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتكە تەھدىت بولۇۋاتقان تەرىقىچى كۈچلەرنىڭ قولىنى كېسىپ تاشلىمايدىغان بولسا، چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ زېمىنى بولغان ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا قولدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

قىش پەسلى تۈگىمەكتە ئىدى. يولۋاس يىلى چىقىپ كېتىپ، ئورنىغا توشقان يىلى كىردى.

ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىر پۈتۈن چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ خاقانى سۈپىتىدە ئۆزىنى دۇنياغا تونۇتۇۋاتقان ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاخىر زېمىنى بىر، تىلى ئوخشاش، دىنى، تارىخى، ھەتتا يېزىقى بىر - بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان خەلقنى بىر - بىرىگە قارشى دۈشمەن ئىككى گۇرۇھقا ئايرىۋېتىپ، بىر - بىرىنىڭ قېنىنى تۆكىدىغان قانلىق ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرمەكچى بولغان ئاشۇ تەرىقىچى ئەمىرلەرگە قاتتىق غەزىپى كەلدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟ چاغاتاي

مەملىكىتىنىڭ تارىخى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سان ـ ساناقسىز پاجىئەلىك قانلىق مەنزىرىلەرنى قاتار تىزىپ قويغانىدى. ئۇلۇغ ئاتا ـ بوۋىلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ مەملىكەتنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن سان ـ ساناقسىز قانلىق ئۇرۇشلاردا خەلق ئەل ـ ئۇلۇسىنىڭ پارچىلىنىشى، باسقۇنچىلارنىڭ ئۆز زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرىپ، شەھەر ـ ئاۋدانلارنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقى ۋە پۇقرانىڭ بىھۇدە قىرىلىشىدىن باشقا ھېچقانداق پايدا كۆرگىنى يوق. شۇڭا، ئۇ يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بېرى، ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق ماۋەرائۇننەھردىكى تەپرىقىچى كۈچلەرنىڭ لەشكىرىي قۇدرىتى ۋە ئۇلارنىڭ قايسى تەرىقىدە ھەرىكەت قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقلىرى توغرىسىدا مۇپەسسەل مەلۇماتلارغا ئىگە بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان بۇنداق مالىمانچىلىقلارنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەپلىك پۇرسەت كۈتۈۋاتقانىدى. نىھايەت، ئاخىر بۇنداق پۇرسەت يېتىپ كەلدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋەرائۇننەھرگە لەشكەر تارتىپ بېرىش توغرىسىدا قۇببىلىك سارايغا لەشكەر باشلىقلىرىنى كېڭەشكە چاقىردى.

كەڭ ھەم ئېگىز، يورۇق ھەم ئازادە قۇببىلىك سارايىنىڭ تۆرىدىكى شاھىنشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كېڭەشكە قاتناشقان لەشكەر باشلىقلىرى، ئەمىر ـ بەگلەر قاتار ئولتۇرۇشاتتى.

كېڭەشتە خان مەقسەتنى ئاددىي ھەم ئىخچام بايان قىلىپ، كېڭەش ئەھلىدىن ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لەشكەركەشلىك ئىشلىرىغا پىششىق بەگ ـ ئەمىرلەر ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە قاتنىشىدىغان لەشكەرلەرنىڭ سانى ۋە تۈرلۈك لەشكىرىي قىسىملارغا كىملەرنى سەركەردىلىككە تەيىنلەش كېرەكلىكى ھەمدە لەشكىرىي قىسىملارنىڭ يۈرۈش تەرتىپىنى قانداق بەلگىلەش ھەققىدە ئېنىق

تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇلار كۆرسەتكەن چارە ـ تەدبىرلەرنى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن ماقۇللىدى.

قۇببىلىك سارايدىكى كېڭەشتە ماۋەرائۇننەھر يۇرۇشلىرىنى توشقان يىلىنىڭ جامادىيەلئاخىر① ئېيىدا باشلاش، لەشكىرىي تەييارلىق ئىشلىرىغا ھازىردىن باشلاپ تۇتۇش قىلىش قارار قىلىندى. كېڭەشنىڭ ئاخىرىدا، خان مۆھۈردارى يەللىغ تايشى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىلياس خوجا ئوغلانىنى چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت ۋارىسى — ۋەلىئەھد، قوشۇمچە ماۋەرائۇننەھرگە نائىب قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى توغرىسىدىكى پەرمانىنى كېڭەش ئەھلىگە جاكارلىدى.

## نەزم

پۇراق چاچمايدۇ تەخسىدە ئارچا،
ئوتقا قوي ئۇنى، ئەنبەر بوي چاچقاي.
ئۇلۇغلۇق لازىم بولسا ئېھسان قىل،
ئۇرۇق چاچمىساڭ، ھوسۇل بولمىغاي.

— شەيخ سەئدى

① مىلادىيە 1363 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ ئايلار.

## بەشىنچى باب

# بۆرىنى قوتانغا باشلاش

قەدىمكى بىر ماقالدا مۇنداق دېيىلگەن: «بىر ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىر؛ تا ئۆلگۈچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈر. شۇنىڭدىمۇ قىرىقىنى بىلسەڭ، قىرىق بىرىدە يېڭىلىشىسەن!»

مىلادىيە 1363 ـ يىلى كۈز پەسلى. سەمەرقەنتنىڭ ئەتراپلىرىدا ياخشى يايلاقلار كۆپ ئىدى. بۇ يايلاقلارنىڭ ئىچىدە «خان يۇرتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەشھۇر يايلاق بار ئىدى، ئابى رەھمەت ئېقىنى سەمەرقەنتنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە تەخمىنەن بىر ياغاچ كېلىدىغان يەردىن ئېقىپ ئۆتۈپ بۇ يايلاققا كەلگەندە، چىقىدىغان ئېغىزى ئىنتايىن تار بولغان چەمبەرسىمان بىر ئايلانما ھاسىل قىلغان بولۇپ، سەمەرقەنت مۇھاسىرىسىدە چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان دەريا ئايلانمىسىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان ئاشۇ يايلاقنى ئۆزىگە بارگاھ قىلىپ تاللاپ، ئوردىگاھىنى شۇ يەرگە قۇرغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ يايلاقمۇ «خان يۇرتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. سۈيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت بۇ يايلاقتا ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن بولۇپ، بۇلاق سۇلىرى سۈزۈك ھەم مۇزدەك ئىدى. ئېنى بىلەن بويى باراۋەر بولغان دائىرىسى كەڭ خان يۇرتى يايلىقى غۇنان تاي بىر چاپقۇدەك كەڭرى جاي بولۇپ، خان يۇرتى دېسە، خان يۇرتى

دېگۈچىلىكى بار، ئىنتايىن ھاۋالىق كاتتا يايلاق ئىدى. چوڭقۇر ئېدىرلىقلىرىدىن كېچەيۇكۈندۈز ئۇرۇپ تۇرىدىغان سەلكىن شامالدا ئوت ـ چۆپلەر يېنىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ پەرمانى بويىچە ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلاننى ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىنىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەش مۇراسىمى خان يۇرتى يايلىقىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

بۈگۈن ھاۋا شۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتكەنىدىكى، ياز پەسلىنىڭ ئاللىقاچان ئۆتۈپ، كۈز پەسلىنىڭ كىرىپ قالغانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈچى كەلمەيتتى. پۈتۈن خان يۇرتى يايلىقى، ئابى رەھمەت ئېقىنى بويىدىكى دەل ـ دەرەخلەر، كەڭ كەتكەن ئېدىرلىق ۋە پايانسىز بوزدالا ئۆزلىرىدىكى كۆكلەم پەسلىدىكى قېنىق يېشىل رەڭنى خۇددى مەڭگۈ ساقلاپ قالىدىغاندەك ھالەتتە ئىدى. ئۇلاردا كۈز پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان بىر تالمۇ ياپراق، ئازراقمۇ سېرىقلىق يوق ئىدى. سۈزۈك ئاسماندا بىر تالمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. قۇياش ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى زېمىنغا تەكشى سەپمەكتە ئىدى. توقايلىقتىكى بۈك دەرەخلىكتە، يېشىل مەخمەلدەك يالتىراپ تۇرغان ئوتلاقلاردا قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازلىرى بىلەن ھاشاراتلارنىڭ چىرىلدىغان، ۋىڭىلدىغان ئاۋازلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان گۈزەل تەبىئەت كۈيىنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرى كۆكنى قاپلىغانىدى. چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوردىگاھى ئەتراپىدا رەڭگارەڭ يايلاق گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل رەڭگى ئازراقمۇ ئۆڭمىگەنىدى. بۇ گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىدە ئەتىگەنلىكى شەبنەم دانچىلىرى خۇددى ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردەك يالتىراپ، كۆزنى چاقنىتاتتى.

ئوردىگاھنىڭ ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا يەردىن بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ياغاچتىن بىر چەللە شىپاڭ ــ سەھنە ياسالغانىدى. قېنىق رەڭلىك خوتەن شايىسى بىلەن قاپلىنىپ چىرايلىق بېزەلگەن بۇ چەللە شىپاڭنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئالتۇن

تەختتە چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ خاقانى تۇغلۇق تۆمۈر ئولتۇراتتى. سەھنىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا خاننىڭ دىم كۆرەك قىلىشىنى كۈتۈشۈپ، لەشكەرلەر ئۆز ھەزارەلىرى بويىچە سەپراس - چەپراس بولۇپ رەتلىك تىزىلىپ تۇرۇشاتتى. بۇ لەشكەرلەر تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋەرائۇننەھردىكى باشباشتاق تەپرىقىچى ئەمىر - بەگلەرنى ياساققا تارتىش ئۈچۈن چاغاتاي مەملىكىتىدىكى موغۇلىستان، ماڭلايسۆيەر، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى ۋە ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىلىرىدىكى دوغلات، بارلاس، دوختەۋى، سۇلدۇز ئۇلۇسلىرىدىكى موڭغۇل، ئۇيغۇر، قىپچاق قوۋملىرىدىن ئالتە يىلغىچە لەشكەرلىككە ئېلىپ توپلانغان لەشكەرلەر ئىدى. تارىخچىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، شۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ توپلىغان لەشكىرى ھېلاكۇنىڭ لەشكەرلىرىدىنمۇ كۆپ ئىكەن①.

تەخت بارگاھىنىڭ ئىككى تەرىپىدە خاننىڭ ئەمىر - ئۆمەرالىرى، بەگ - بىگاتلىرى، ئەكابىر - ئەشرەپلەر ئۆرە تۇرۇشقانىدى. ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىر، نازىر بەگ تۆمۈر مەلىك ۋە ماۋەرائۇننەھر ئەمىرلىرىدىن تۆمۈربەگ كۆرەگان قاتارلىقلار خاننىڭ سول تەرىپىدە، جېتە ئەمىرلىرىدىن كۇرلۇكۇت ئايمىقىلىق ئەمىر ھامىد كۇرلۇكۇت، ئەمىر بەگچەك قاتارلىقلار خاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇشقانىدى.

بۈگۈنكى كۆرەكنىڭ چاۋۇشبەگ② لىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان تۇرغاۋۇتلار تۇمەنىنىڭ تۇمەنبېگى، ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىر كۆرەكنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا ناغرا - تەبىللەر چېلىنىپ، سۇنايلار

① بۇ ھەقتە شەرەفىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2007 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى.

② چاۋۇشبەگ — ھەربىي قىسىمدا باش نۆۋەتچى ئوفىتسېر.

ئەلەملىك ياڭراپ، كانايلار غارتىلداپ، «ھۇزۇرۇم كۇيى»① ئەۋجىگە چىقتى.

ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلان قۇيرۇقى بىلەن يالى قارا سەمەن② ئارغىماققا مىنىپ، ئۇچىسىغا قىزىل شايىدىن نەپىس شاھانە كىيىم كىيىپ، كۇمۇش پوتىسىغا چاقان مىسران قىلىچىنى ئېسىپ، ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلىق يىگىتلەردىن تەشكىللەنگەن بىر ھەزارە لەشكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا دەبدەبە، ئەسئەسەلەر بىلەن كۆرەكتىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا خاننىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان تۆمۇربەگ تۆمۇر مەلىكتىن:

— بۇ ئۆسمۇر بالا كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى پىچىرلاپ تۇرۇپ.

— خان ھەزرەتلىرىنىڭ ۋەلىئەھدى، تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا ئوغلان بولىدۇ، — دېدى تۆمۇر مەلىك ئۇنىڭغا.

بۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۇرخانمۇ سۆزلەپ قالدى:

— ئەي، تۆمۇربەگ، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئىلياس خوجا ئوغلاندۇر. مەن ئۇنى سىزگە شاگىرتلىققا بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

خاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئەمىر تۆمۇر كۆرەگان دەرھال يەرگە تىزلاندى:

— قۇللۇق، ساھىبقىران خان ئالىيلىرى، قۇلىڭىز مەن سىزگە پەرمانبەردارمەن! — دېدى قۇللۇق بىلدۈرۈپ.

— ئىلياس خوجا ئوغلان كاماندازلىقتا ماھىر! — دېدى خان، ئاندىن ئىلياس خوجا ئوغلانغا قول ئىشارىتى قىلدى.

ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلان كۆرەك سەھنىسىنىڭ

---

① ھۇزۇرۇم كۇيى — ئەينى چاغدىكى ھەربىي يۈرۈش مۇزىكىسى.

② سەمەن — ئاق چېچەك.

ئۇدۇلىغا كەلگەندە توختاپ خاقان ئاتىسىغا تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە ساداقتىن «كەماني شاش» ئوقياسىنى ئېلىپ، بەتلىگەندىن كېيىن مەيداننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا قادالغان تۇغ خادىسىغا ئېسىقلىق تۇرغان قوتاز قۇيرۇقىنى يىراقتىن قارىغا ئېلىپ، كىرىچىنى قويۇۋەتتى، «تىرىڭ !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوق ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ بېرىپ ھېلىقى قوتاز قۇيرۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان يىپقا تېگىپ ئۇنى ئۈزۈپ تاشلىدى. يىپىدىن ئايرىلغان قوتاز قۇيرۇقى «پوك!» قىلىپ يەرگە چۈشتى، مەيداندا ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. ھەممەيلەن ئىلياس خوجا ئوغلانغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلانىنىڭ ھەزارەسى كۆرەكتىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇن بويلۇق بىر ئەمىر باشچىلىقىدىكى بىر ھەزارە لەشكەر كۆرەكتىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ھېلىقى ئەمىر ئۇچىسىغا يېشىل رەڭلىك ساۋۇت ـ قۇياق كىيگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى چىلان تورۇق يۈلتۈز ئارغىمىقىنىڭ قۇيرۇقى تۇم قارا ئىدى. ئۇ ماۋەرائۇننەھرلىك ئەمىر چاكۇ بارلاس دېگەن بەگ ئىدى. ئۇنىڭ ھەزارەسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۇدۇلىدىن تەزىم قىلىپ كۆرەكتىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى ھەزارە لەشكەر ئارقىمۇئارقىدىن كۆرەكتىن ئۆتتى. بىر ھەزارە لەشكەرگە ئاق چىراي، پېشانىسى كەڭ ئەمىر يادىكار شاھ، يەنە بىر ھەزارە لەشكەرگە خۇش چىراي، ئاغزى يوغان، قولى ئۇزۇن ئەمىر مۇئىد ئارلات باشچىلىق قىلاتتى. ئۇلار باشتىن ـ ئاياغ قارا رەڭلىك ساۋۇت ـ قۇياق كىيىشكەن، قارا بايراق كۆتۈرۈشكەن ھالدا خاننىڭ ئۇدۇلىدىن تەزىم قىلىپ كۆرەكتىن ئۆتۈشتى. ئۇلار ئۆتۈپ بولۇشقاندىن كېيىن، كۆزى يوغان، ساقاللىق ئەمىر بايىزىد جالايىر ئۆز ھەزارەسى بىلەن جەۋلانبازلىق قىلىپ يېتىپ كەلدى ـ دە، خاننىڭ ئالدىدىن تەزىم قىلىپ كۆرەكتىن ئۆتۈشتى. ئۇلار ئۆتۈپ بولۇشقاندىن كېيىن ئەمىر بايانقۇلى سۇلدۇز، ئەمىر ھۈسەيىن جاندارى، تاغاي بۇغا باھادىر ۋە باشقا ماۋەرائۇننەھرلىك ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ

لەشكەرلىرىمۇ ئۆز ھەزارەلىرى بويىچە ھەزارە ئەمىرلىرىنىڭ باشچىلىقىدا سۈلكەت ـ ھەشەمەت، شان ـ شەۋكەت بىلەن يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارمۇ خانغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن كۆرەكتىن ئۆتۈشتى.

دىم كۆرەككە قاتناشقان چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ لەشكەرلىرى ئون لەكتىن ئېشىپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ قولىدىكى تۇغ ـ ئەلەملەر خۇددى ئورمانلىقتىكى سانجاق ـ سانجاق شەمشاد، سەرۋىلەردەك سەلكىن شامالدا ئىرغاڭلاپ، لەپىلدەپ تۇراتتى①.

دىم كۆرەكتىن كېيىن، ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلاننى ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىنىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى تۇمۇر مەلىك ماۋەرائۇننەھرنىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۆمۈر مەلىكنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە بېرىپ نائىبلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشىغا ئىمكانىيەت بولمىغانىدى.

مۇراسىمدا چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ خاقانى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلانغا موڭغۇل رەسمى بويىچە باشتىن ـ ئاياغ ئۈستىباش بىلەن ئۆز كەمىرىنى ۋە ئېگەرلىك خاس ئېتىنى ئىنايەت قىلدى. بۇ ئۈستىباش، سەرپايلارنىڭ ئىچىدە كالۋۇتۇنلۇق موڭغۇلچە بۆك، كەشتىلىك خوتەن ئەتلىسىدىن تىكىلگەن شاھانە تون ـ لىباس ۋە قىتانچە كەمەرلەر بار ئىدى. كەمەر كونىچە ئىشلەنگەن بولۇپ، سول تەرىپىگە ئەنبەردان ۋە تىل تۇماردەك ئۇچ ـ تۆت نەرسە ئېسىلغان، ئوڭ تەرىپىگىمۇ شۇنداق ئۇچ ـ تۆت نەرسە ئېسىلغانىدى②.

ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلان چەللە شىپاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە خان بىلەن كۆرۈشىدىغان يەرگە

---

① بۇ ھەقتە شەرەفىدىن ئەلى يەزدىينىڭ «زەپەرنامە»، «ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ھەققىدە قىسسە» دېگەن ئەسەرلىرىگە قاراڭ.

② بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «بابۇرنامە»گە قاراڭ.

يەتكەندە توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلدى. ئۇ تەخت ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن كېيىن ئاتا ـ بالىلىق مېھرى بىلەن بىر پەس قۇچاقلىشىپ تۇرۇشتى.

خان ئىلياس خوجا ئوغلانى ماۋەرائۇننەھر نائىبلىقىغا تەيىنلىگەنلىك توغرىسىدىكى مەنشۇرنامە①نى ئۇنىڭغا سۇندى. ئىلياس خوجا ئوغلان خاقان ئاتىسىنىڭ قولىدىن مەنشۇرنامەنى ئىككى قوللاپ تاپشۇرۇۋېلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم كۆزىگە سۈرتۈپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. ئاندىن كەينىگە ئارقىچىلاپ ياندى. ئۇ يانغاندىمۇ خۇددى باشتىكىدەك توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن كېلىپ خاننىڭ سول تەرىپىدىكى ئورنىغا كېلىپ تۇردى. بۇ چاغدا پۈتۈن مەيداندا «تۇغلۇق تۆمۈرخان! ئىلياس خوجا ئوغلان!» دېگەن سادالار ئارقىمۇئارقىدىن ياڭراپ، پۈتۈن خان يۇرتى يايلىقىنى لەرزىگە كەلتۈردى...

خان ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننى ئۆزىنىڭ خان چېدىرىدا قوبۇل قىلدى. قوبۇل ۋاقتىدا ۋەلىئەھد، ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئىلياس خوجا ئوغلانمۇ بىللە بولدى.

تۇرغاۋۇتلار ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىرگەندە، ئۇ خاقانلىق ئۆزۈكى سېلىنغان سول قولى بىلەن ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇراتتى. ئوڭ قولىدا سەلتەنەت سىمۋولى بولغان سەۋلىجاننى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدا سەككىز ياشلىق ئىلياس خوجا ئوغلان قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇراتتى. خان ئىشىك تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، سەللە ئورالغان تەقىيەسىنى بېشىغا كىيىۋالدى ۋە كىرگۈچىنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. چېدىرنىڭ

① مەنشۇرنامە ــ يارلىق، پەرمان.

ئالدىدا تۇرغان تۇرغاۋۇت بىر يانغا ئۆتۈپ، كىرگۈچىنى ئالدىغا ئۆتكۈزدى. كىرگەن كىشى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان بولۇپ، خانغا لايىق سالام ـ سەھەت بىلەن:
ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ساھىبقىران خاقان ئالىيلىرى! ئاللا سىلىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! ـــ دېدى.
ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەمىر جانابلىرى، ـــ دېدى خانمۇ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ـــ ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، خۇش كەلدىڭىزمۇ، ھارمىغايسىز!
ـــ مەنكى قۇلىڭىز تۆمۈر مەرھۇم ئەمىر تەرەغاي باھادىرنىڭ ئوغلى بولىمەن. ئۆزۈم كۆرەگان ئۇرۇقىدىن. بىلىمگە مۇلازىملىق كەمىرىنى باغلاپ خىزمىتىڭىزگە كەلدىم. ئالدىڭىزدا پەرمانبەردار بولۇپ تۇرۇپتىمەن.
تۇغلۇق تۆمۈر ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاياغ سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن سورىدى:
ـــ تۆمۈربەگ، قېنى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭچۇ، ئەمىرلىك سالاپىتى نېمىدۇر؟
ـــ ساھىبقىران خاقانىمغا مەلۇم بولغايكى، ئەمىرلىك سالاپىتى شۇكى، گۇناھكارلارنى ياساققا يەتكۈزمەك لازىم. بولۇپمۇ گۇناھكار تۈۋىسىنى بۇزغان بولسا، تېخىمۇ شۇنداق قىلىش جايىزدۇر، ـــ دېدى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان خاننىڭ سوئالىغا بىمالال جاۋاب بېرىپ.
ئۇنىڭ جاۋابىغا قايىل بولغان خان:
ـــ نېمە تەلىپىڭىز بولسا تارتىنماي ئېيتىڭ، مەنسەپ تەلەپ قىلغۇڭىز يوقمۇ؟
بۇ چاغدا ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان دەرھال يەرگە تىزلاندى:
ـــ مېنىڭ بوينۇمدا قۇللۇق ۋەزىپىسى بار، ـــ دېدى ئۇ دەرھال، ـــ مەنسەپ تەلەپ قىلىشقا ھەددىم ئەمەس!
ئۇنىڭ بۇ جاۋابى خانغا بەك يېقىپ كەتتى. ئۇ يىنىدا ئولتۇرغان ۋەلىئەھد، ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئىلياس خوجا

ئوغلانغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئەمىر بۇلاجى دوغلات دەسلەپكى قېتىم كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا، چاغاتاي ئۇلۇسىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭغا ئىتائەت گەدىنىنى تولۇق ئەگمىگەنىدى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى شۇنىڭ ئۈچۈن قەتل قىلسا، ئۇنىڭغا ئەيىب سانىلار ئىدى. شۇڭا، ھەرقايسى ئۇلۇس بەگلىرى ئۆز ئالدىغا بىردىن چاغاتايزادىنى خان قىلىپ تىكلەپ، خانلىق پەرمانلىرىنى، تۇرلۇك نىشانلارنى ئۇنىڭ نامىدا پۈتىدىغان بولدى. خان ئۈچۈن بۇ بىر ئىسىمدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئاخىرقى چاغلاردا خان كۆپىنچە بارلاس ئەمىرلىرىنىڭ قولىدا تۇتقۇن ھالەتتە ئىدى. پادىشاھلىق نۆۋىتى ماڭا كېلىپ ساھىبقىران بولغان چاغدا، مەرھۇم ئۇلۇسبېگى ئەمىر بۇلاجى دوغلاتنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجىلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇنىڭ مېنىڭدىن باشقا ھېچقانداق خانغا ئېھتىياجى قالمىدى. ئۇ مېنى پېقىرلىق لىباسىدىن ئاجرىتىپ، ئۇستۇمگە شاھانە خىلئەت[1] لەرنى كىيدۈردى. ئى ئوغلان، مانا ئەمدى سىزنى ماۋەرائۇننەھىر ئۆلكىسىگە نائىب قىلىپ تەيىنلىدۇق. سىزگە ھەم ھۆرمەتلىك تۆمۈربەگنى ئەتكە قىلىپ، ياردەمچىلىككە بەلگىلىدۇق. سىز شۇ ئىشنى ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقارمىغايسىزكى، تۆمۈربەگنىڭ بوۋىسى قاراچار نويان گەرچە ئۇلۇغ خان بوۋىمىز چاغاتاي خانغا نۆكەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما سىز ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد بىزنىڭ نۆكەرلىرىمىزدۇر، دەپ دەۋا قىلمىغايسىز. ئەمدى ئۇنداق دەۋانى تاشلاپ، تۆمۈربەگنى ئۇستاز، ئاغا ۋە دوست ئاتىقى بىلەن ئاتىغايسىز ھەم پادىشاھلىق يوسۇن - قائىدىلىرى بويىچە ئۇنى بەگلەر مەرتىۋىسى بىلەن ئاتىغايسىز. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىزنىڭ پۈتكۈل ئەۋلادلىرىمىز بۇ قائىدىنى ھەرگىز تاشلىمىغاي !...

---

[1] خىلئەت — تون - كىيىم، لىباس.

تۇغلۇق تۆمۇرخان سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويىدى ـ دە، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئى ئوغلان، سىز تېخى ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىردىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ باغرىدا تەشۋىشسىز ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرىدىغان چاغلىرىڭىز ئىدىغۇ. بىراق، زامانە سىزنى چوڭ بىر ئۆلكىنىڭ نائىبلىقىغا تاللىدى. نائىبلىق سەلتەنەتتە سالمىقى ئىنتايىن ئېغىر ئىش ئىكەنكى، ئۇ ھەرگىزمۇ يېشىڭىزنىڭ كىچىكلىكىگە قاراپ، سىزنى ئاياپ ئولتۇرمايدۇ. سەلتەنەتنىڭ ئېغىر يۈكى يەلكىڭىزگە ئارتىلدىمۇ، ئۇنىڭ ھامالىلىقىنى قىلماسلىقىڭىزغا ئىلاجىڭىز يوق. خۇددى بويى ئېگىز ئادەمنىڭ ئېگىز بولغىنى بىلەن ئوي ـ خىيالىنىڭ ئېگىز بولۇشى ناتايىن بولغىنىغا ئوخشاش، يېشى كىچىكنىڭ ئەقلى كىچىك بولۇشىمۇ ناتايىن. مۇنۇ ئالدىڭىزدا تۇرغان بەگ ئەتكىڭىز تۆمۈربەگنى ئالايلۇق، ئۇ ئون يېشىدىلا زىرەكلىكى بىلەن ئالەمگە تونۇلغان، ئون بەش يېشىدا مەھەللە بېگى بولۇپ جېدەل ـ ماجىرالارغا كېسىم چىقارغان.

خان سۆزلەپ بولۇپ، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— رەقىبىنى ئۆلتۈرۈپ يەڭگەن — يېڭىش ھېسابلانمايدۇ، بەلكى ئۆلتۈرمەستىن ئۆزىگە قوشۇۋالغان ھەقىقىي يېڭىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئۆلۈم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ!

— ئەي، شاھى جاھان، مەن سىز ساھىبقىران جانابىي ئالىيلىرى ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىش پوتىسىنى بېلىمگە باغلىدىم، — دېدى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان قۇللۇق بىلدۈرۈپ، — مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىھات لىباسىنى ۋۇجۇدۇمغا ياپتىم. سىز جانابىي ئالىيلىرىغا خىزمەت قىلىش يولىدا ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمنىڭ لالە گۈللىرى ئېچىلىپ، دۈشمەنلىرىمنىڭ قاناتلىرى چېچىلسا ئەجەب ئەمەس، چۈنكى

پەلەك شاھى يۈسۈپنى ئىقبالىغا يەتكۈزگىنىدەك، مەنمۇ سىزنىڭ سەلتەنەتىڭىزنىڭ شاراپىتىدە مۇشەققەتلەر زىنداندىن چىقىپ، «مىسىر» راھىتى ئۈستىدە «سۇلتان» بولۇپ راھەت كۆرسەم ئەجەب ئەمەس !

ــ بەگ جانابلىرى، ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، ــ دېدى خان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ــ شۇنداق، ئاللاتائالا ياخشى ـ يامانلىقنىڭ كارامەت تونىنى ۋە قابىلىيەتنىڭ كىيىملىرىنى كىملەرنىڭدۇر بويىغا مۇناسىپ قىلىدۇ ۋە كىملەرنىڭدۇر قەددى ـ قامىتىگە لايىق قىلىدۇ. يەنە كىملەرنىدۇر زاۋالەت تۇنىدىن، جاھالەت چۆلىدىن كەلتۈرۈپ، ئىمان ئىسلامىنىڭ قۇياشى بىلەن مۇنەۋۋەر قىلىدۇ. شەرىئەتنىڭ شاراپەتلىك سۈلىرىدىن بېرىپ ئۇنى كۆكلىتىدۇ. تۆمۈربەگ جانابلىرى، يىراق ئۆتمۈشنى سۈرۈشتە قىلغاندا، سىزنىڭ ئۇلۇغ بوۋىڭىز قاراچار نويان مېنىڭ ئۇلۇغ بوۋام چىڭگىزخانغا نۆكەر بولغان. ئۇلۇغ بوۋام چاغاتايخانغا كۆرەگان (كۈيۈئوغۇل) بولغان. سىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىز چاغاتايخاننىڭ قىزىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ھالبۇكى، چاغاتاينىڭ ئەۋلادى چىڭگىزخاننىڭ ئۆز نەسلىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز سىز بەگ جانابلىرىنى پەرزەنتىمىز ئىلياس خوجا ئوغلانغا بەگ ئەتكە قىلىپ بەلگىلىدۇق ھەمدە سىزدىن ئۆز مەرھەمىتىڭىزنىڭ ۋە ئېھسانىڭىزنىڭ سايىسىنى ئىلياس خوجا ئوغلاندىن ئايىماسلىقىڭىزنى، ئۇنىڭغا ھەمدەملىشىپ، ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىنىڭ پۇقرالىرىغا تەسكىن بېرىشنى، تېزلىكتە ئۇل ۋىلايەتنىڭ ئىمارىتىنى ۋە زىرائىتىنى ياخشىلاپ مەمۇر قىلىش ۋە باج ـ خىراجىتىنى خەزىنە ئامىرە[1]گە يەتكۈزۈشنى بۇيرۇيمىز !

ــ قۇللۇق، جانابىي خان ئالىيلىرى، ــ دېدى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان تۇغلۇق تۆمۈرخانغا قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ــ ھەرقانداق

---

① خەزىنە ئامىرە ــ ئاۋاتچىلىق خەزىنىسى.

مۇراد گۈلى ئاسايىش ـ ئامانلىق گۈلزارلىقىدا كەرەملىك ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئېچىلىدۇ. هالبۇكى، باشقا نەرسىلەر ئارىسىدا ئۇ شۇنچىكى بىر باهانە ـ سەۋەبدۇر. مىسالەن، لەشكەرلەرنىڭ كۆپلۈكى هەمدە تۈگىمەس ـ پۈتمەس شان ـ شەۋكىتى، بۇ دۇنيادا پەقەت بىر تۈرلۈك ئەپسانىدۇر، خالاس!
ئەمىر قازغىن بارلاس ۋە ئەمىر بايان سۇلدۇز قاتارلىق باشباشتاق تەپرىقىچى ئەمىر ـ بەگلەر هۆكۈم سۈرگەن ئۇل ماۋەرائۇننەهردە ئۇلۇغ ئەمىرلەر ۋە ئالىي سەردارلار تەيىنلىگەن ئەمەلدارلار هۆكۈمەتتە بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى هەرگىز تەن ئېلىشمايتتى ۋە بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشمايتتى. هوقۇقلۇق چوڭ ئۇلۇسبەگلىرى ئۇلارغا ئارقا تىرەك بولۇپ بەرگەچكە، ئۆز قول ئاستىدىكىلىرى ۋە تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن باشلىرى قىزىپ كېتىپ، چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ پادىشاهلىق سەلتەنەتىگە ئىتائەت قىلمىدى، بېشىنى ئەگمىدى. دانالارنىڭ ئەگەر هەرقانداق قوۋمغا ئۆزىنى قوغداپ تۇرىدىغان بىرەر باشلىق بولمىسا، تېز ئارىدا پىتنە ـ پاساتقا ئۇچرايدۇ، دېگەنلىكى مەلۇم. ئەگەر بىر مەملىكەتتە ئۇنىڭ بارلىق ئاهالىسى بويسۇنىدىغان، خەلقنى ئەمىر ـ پەرمانىنى ئورۇنلىشى ۋە مەنئى قىلىنغاننى قىلماسلىقى زۆرۈر دەپ هېسابلايدىغان هەمدە هۆكمى، بۇيرۇقىغا خەلقى هېچقاچان قارشى چىقمايدىغان بىر هۆكۈمران بولمىسا، ئۇنداق ئەلنىڭ ئەهۋالى ۋە قىياپىتىنىڭ تەرتىپى ئىزدىن چىقىدۇ. ئەلهال، ساهىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى بىلەن كەمىنە قۇلىڭىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆتمۈشتە نەسەب ـ هەسەبتە قوۋمى ـ قېرىنداشلىق رىشتىسى بولغانلىقتىن، «ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ يولى بالىلارنىڭ يېقىنلىقىدۇر» دېيىلگەنلىكىگە بىنائەن، ساهىبقىران خاقان ئالىيلىرىنىڭ شەرەپلىك يۈز ـ خاتىرى ئۈچۈن، كەمىنە قۇلىڭىز ئەمىرىڭىزنى رەت قىلىشقا ئىلاجىسىزمەن!
تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ

خۇشال بولدى ۋە:

— مەرھۇم ئۇلۇغ بوۋىلىرىم چىڭگىزخان بىلەن چاغاتايخانلاردىن ھەم مەرھۇم خاقان ئاتام ئىسەن بۇغاخاندىن ماڭا مىراس قالغان بۇ چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش مېنىڭ ئەڭ زور ئارزۇيۇم، — دېدى ئۇنىڭغا، — ئەلھال، مېنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە لەشكەر تارتىپ كېلىشىمدىكى سەۋەبمۇ يەنىلا مەملىكەتنىڭ ھودۇدلۇقىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلاتتى. تۆمۈربەگ جانابلىرى، سەلتەنەتىمىز تەپرىقچى ئاسىيلارنى يوقىتىشتا سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج!

— پەرمانىبەردارمەن، ھەزرىتى ساھىبقىران جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان دەرھال، — شۇنداق، باشباشتاقلىق ئەۋج ئالغان جايدا خىيانەت، ئالدامچىلىق ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ قۇيرۇقى ئەزەلدىن ئۈزۈلگىنى يوق! شۇڭا، مالىمان ئەل سىزدەك چېۋەر، ئادالەتپەرۋەر خاقانغا ئىنتايىن موھتاج!

— سۆزىڭىزگە ھەسسىنات! — دېدى خان ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولغىنىدىن، — مېنىڭ ئارزۇيۇممۇ ئادىل خاقان بولۇپ، خەلقنىڭ دىلىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشتۇر!

— بىراق، ساھىبقىران جانابىي خان ئالىيلىرى، — دېدى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان قوللۇق بىلدۈرۈپ، — سەلتەنەت ئىشىنىڭ تولىمۇ شەپقەتسىز بولىدىغانلىقى ئۆزۈمگىمۇ ئايان. خىيانەت، ئالدامچىلىق ۋە باشباشتاقلىق ئەۋج ئالغان بۇ جايدا ئادالەت ئورنىتىش ئىنتايىن قىيىن بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن. چۈنكى، ئاسىيلارنى يوقاتسىڭىز، ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقلىرى كۆكلەپ چىقىپ تۇرىدىكەن. تېخى يېقىندىلا پېقىر قولىڭىز مەن ئەنە شۇنداق باشباشتاق، خىيانەتكار ۋە ئاسىيلارنىڭ قولىدا ھالاك بولغىلى تاس - تاماس قالدىم. مېنىڭ ئەمەل تۇتۇشقا قىزىقماسلىقىممۇ ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولغان...

ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان تىلغا ئالغان بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشى مۇنداق ئىدى:

شۇ چاغلاردا ماۋەرائۇننەھردە ياشايدىغان تۈركمەن قوۋمىنىڭ تېكىلبېگ دەيدىغان بىر ئەمىرى كۆرەگان ئېلىگە بەكلا دۈشمەنلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئادەملىرى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ جانبېگ ئىسىملىك بىر قېرىندىشىنى تۇتۇۋالغاندا، ئۇنىڭ تېرىسىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تۇلۇمچىلاپ سويدۇرۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئەمىر تۆمۈر ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن تۈركمەن ئېلىگە بارغاندا، تېكىلبېگ ئۇنىمۇ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇنى خۇراسان مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانى شاھ مەنسۇرنىڭ ئالدىغا تۆھپە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندا، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان كېچىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىپ، جامدىكى بىر خانىقانىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. ئۇ بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن تېزلا ئۇخلاپ قالدى ـ دە، چۈش كۆردى. چۈشىدە خانىقانىڭ ئىچىدىن بىر پارچە نۇر كۆرۈنۈپ، خانىقانى خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتكەنلىكىنى كۆردى، ئىككى كىشى چىقىپ ئۇنىڭ باغلاقلىق تۇرغان قولىنى يەشتى. ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ قولىدا لىق سۈت تولدۇرۇلغان بىر پىيالە، يەنە بىرسىنىڭ قولىدا لىق شاراب تولدۇرۇلغان بىر كاسە بار ئىدى. ئۇلار ئۆز كاسىلىرىدىكىنى ماختىشىپ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانغا سۇندى. بىراق، ئۇ شارابنى ئىچمەي، سۈتنى ئىچتى؛ قاراپ تۇراتتى، يەنە بىرئازدىن كېيىن، بىر ھەرە ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر ھەرىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ ئەكىردى، بىرئازدىن كېيىن ئۇنى ئاچىقىپ كەتتى؛ ئاندىن بىر كىشى ناھايىتى كۆپ قۇشقاچنى مىڭبىر مۇشەققەتتە تۇتۇپ، بىر قەپەسكە سولىدى. لېكىن، ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ قويمايلا چىقىپ كەتتى. بىر يىلان كېلىپ، قەپەستىكى قۇشقاچلارنى بىر باشتىن دەم تارتىپ يېگىلى تۇردى. لېكىن، قۇشقاچلارنىڭ كۆپ قىسمى قەپەستىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى؛

ئەمىر تۆمۈر ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى. بىرئازدىن كېيىن بىر كىرپە پەيدا بولۇپ، ھېلىقى يىلاننى تۇتۇپ يەپ كەتتى. ئاندىن تۈلكە پەيدا بولۇپ، كىرپىنى يېدى. يەنە بىردەمدىن كېيىن، بىر سەيياد كېلىپ تۈلكىنى ئۆلتۈردى. بىراق، سەيياد ئۆزىمۇ نېرىغا بارا ـ بارمايلا تېيىلىپ چۈشۈپ، بوينى قاتلىشىپ ئۆلدى. بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ تۇرغان ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان قاتتىق ھەيران بولغىنىدىن بىر ۋارقىراپلا ئويغىنىپ كەتتى. قارىسا چۈشى ئىكەن.

بۇ چاغدا خانىقانىڭ خىزمەتچىسى كىرىپ، ئۇنىڭغا:

— بۇ ياققا كەل، تۆرەم سېنى يېنىغا چاقىرىدۇ! — دېدى.

ئۇ خانىقانىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ بىر مويسىپىت ئادەمنى كۆردى.

— ئەي، ئەمىر تۆمۈر، بىلىمەن، سەن كېيىنكى كۈنلەردە ساھىبقىرانلىق دەۋاسىنى قىلىسەن، — دېدى ھېلىقى مويسىپىت ئادەم ئۇنىڭغا، — شۇڭا سەن چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر ئوغلانغا خىزمەتكە كىرىپ، ئۇنىڭدىن پادىشاھ ـ سۇلتانلارنىڭ ئۇدۇمىنى، سەلتەنەتنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى ھازىردىن باشلاپ ئۆگىنىشىڭ كېرەك. نەپسىڭگە ھەرگىز بېرىلمىگەيسەن. سەن بايا چۈشۈڭدە بىر نۇر ـ زىيانى كۆردۈڭ. بۇ سېنىڭ ئىقبالىڭنىڭ قۇياشقا ئوخشايدىغانلىقىغا بېشارەتتۇر. چۈنكى، كېيىنكى چاغلاردا پۈتۈن ئالەم ساڭا بېقىنىدۇ؛ ئىككى كىشى ساڭا سۈت بىلەن شاراب كەلتۈردى. بىراق، سەن سۈتنى ئىچىپ، شارابنى ئىچمىدىڭ. ئەگەر شارابنى ئىچكەن بولساڭ، زالىم بولغان بولاتتىڭ؛ بىر ھەرە ئۆزىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر ھەرىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەنزىلىگە كەتتى. سەنمۇ پۇقرالىرىڭنىڭ ئەھۋالىدىن ھەر دائىم خەۋەردار بولغايسەن. چوقۇم ئېھتىيات قىلغايسەنكى، تاكى قىيامەتكىچە ئۆلارنىڭ جېنىغا ناھەق زامىن بولمىغايسەن؛ بىر كىشى كۆپ قۇشقاچنى ناھايىتى مۇشەققەتتە تۇتتى ۋە ئۇلارنى بىر قەپەسكە سالدى.

www.uyghurkitap.com

بىراق، ئۇ ئېھتىيات قىلمىغانلىقتىن، قۇشقاچلار ئۇچۇپ كېتىشتى. بۇ ئۇنىڭ مال ـ دۇنياغا ھەۋەس قىلىپ، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە توپلىغان بايلىقى ئىدى. بىراق، ئاخىر تالان ـ تاراجقا قېلىپ توزۇپ كەتتى. شۇڭا، مال ـ دۇنياغا مېھرىڭنى قويمىغايسەن. ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە باغلانمىغايسەن؛ يىلان قەپەستىكى قۇشقاچنى يېدى، كىرپە كېلىپ يىلاننى يېدى، تۈلكە كىرپىنى يېدى. تۈلكىنى بولسا سەيياد ئېتىۋەتتى. سەيياد ئۆزمۇ پۇتلىشىپ كېتىپ بوينى قاتلىشىپ ئۆلدى. بۇنىڭدىكى مەنە شۇكى، ھەركىم بىراۋغا قەست قىلسا ياكى زىيان سالماقچى بولسا، قەست ۋە زىيان ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ!...

تۇغلۇق تۆمۈرخان تۆمۈربەگنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ كۈلدى ۋە ئۇنىڭغا:

ــ شۇنداق، مەنسەپ ۋە سەلتەنەتكە يالغۇز ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىپلا ئېرىشىش قىيىن! ــ دېدى، ئاندىن ئۇنىڭغا قايتىشقا ئىجازەت بەردى.

* * *

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزىنىڭ تۆمۈربەگنى ۋەلىئەھد، ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئىلياس خوجا ئوغلانغا بەگ ئەتكەسى قىلىپ تەيىنلەش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىرغا ئېيتقاندا، ئۇ خاننىڭ بۇ قارارىنى ئانچە ماقۇللاپ كەتمىگەنىدى.

ــ ئەمىر قازغىن بارلاس ئۆلۈپ، ئەمىر بايان سۇلدۇز ياساقتا تارتىلغاندىن كېيىن، ــ دېگەنىدى تاشتۆمۈر باھادىر تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ كېلىپ، ــ ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمىيىتىگە باشچىلىق قىلىشقا دەۋاگەر بولغان بىردىنبىر كۈچلۈك رەقىب

دەل ئاشۇ تۆمۈربەگ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. خان ئالىيلىرىنىڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئەقىل ـ ئىدراك كۆزىدىن چەتتە قالمىسۇنكى، كىشى رەقىبىنى بەك تۆۋەن چاغلاپ سەل قارىغاندا، خۇددى كىچىككىنە ئوتنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆچۈرمەي قويۇپ، چوڭ يانغىنغا سەۋەبچى بولغاندەك بىر ئىش بولىدۇ. چۈنكى، يىلاننى يانچۇقتا سېلىۋېلىش ۋە رەقىبىنى دوست دەپ بىلىش هوشيارلىقتىن، پايدىسىز ئاقىۋەتنى ئويلاشتىن يىراقتۇر. تۆمۈر بەگنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرى سەلتەنەتىمىزگە نىسبەتەن توغرا كەلمەيدۇ. بۇ مەسىلىدە توغرا تەدبىر پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بولمىسا ئۇ ئۆزىنىڭ قانات ـ قۇيرۇقىنى تەڭشىۋالغاندىن كېيىن، پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغانىنىڭ هېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ !...

بىراق، دۆلەت ـ پاراغەتنىڭ ئىلهامى ۋە قوللىشى تۈپەيلىدىن، ئىشلارنىڭ تەپسىلاتى ۋە سىر ـ ئەسرالارنىڭ مەخپىيلىكىدىن هوشيار، پەم ـ پاراسەتلىك ساهىبقىران خاقان تۇغلۇق تۆمۈر بۇ مەسىلىدە ئۇزاقتىن بېرى چوڭقۇر ئويلاپ، دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكتىن، ئاخىر يەنىلا ماۋەرا ـ ئۇننەهر نائىبى ۋەلىئەهد ئىلياس خوجا ئوغلانغا بەگ ئەتكەلىككە مەزكۇر تۆمۈربەگنى تەيىنلەش قارارىغا كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر ۋەكىللىكىدىكى ئەمىر ـ ئۆمەرا، بەگ ـ بىگاتلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل تېپىپ كەتمىدى:

— دۇنيا دەۋردىن ـ دەۋرگە ئۆتۈپ تۇرىدۇ، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسانلارمۇ بۇ دۇنيادا بىر هالەتتىن يەنە بىر هالەتكە ئۆتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى خان تاشتۆمۈر باهادىرغا، — هۆكۈمران بولغان كىشى هەر كۈنكى ئىش ـ هەرىكىتىدە هەق يولنى تۇتۇشى كېرەك. هەرقايسى تائىپە، هەرقايسى جەمئىيەتلەر بىلەن بولغان پىكىر ئايرىمچىلىقىنى هېسابقا ئېلىپ، ئۇلار بىلەن

بىللە ئۇلتۇرۇشنى بىلىشى كېرەك. ئۇلار بىلەن دوستلۇق ـ ئىناقلىق ئورنىتىشقا تىرىشىشى لازىم. چۈنكى، زاماننىڭ ئېقىمى ۋە ئىنسانلارنىڭ زامانغا نىسبەتەن كۆزقارىشى ھەردائىم ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك بولىۋەرمەيدۇ. دۇنيانىڭ ئىشلىرىمۇ ھەم شۇنداق. بەتنىيەت كىشىلەر ئۆزىنىڭ رايىغا باققاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇنداق يول قويۇشنىڭ پەقەت ۋاقىتلىق ھادىسە ئىكەنلىكىنى ھۆكۈمران بولغان ئادەم ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەك. ئەلۋەتتە، ھۆكۈمرانلار ئۆزىنىڭ ئىختىيارلىق تىزگىنىنى ھەر دائىم ئۆز قولىدا تۇتۇشى، ئۇلارنىڭ قولىغا پۈتۈنلەي تاپشۇرۇۋەتمەسلىكى، زامانە ھادىسىلىرىنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالماسلىقى لازىم. ئۆزى توغرا تاپقان يولنى قەيسەرلىك بىلەن داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك!

— بىراق، ساھىبقىران خان ئالىيلىرى، شۇنى ئۇنتۇمىغايسەنكى، نىيەتنىڭ ئاستىدا قارانىيەت بار، كۈلكىنىڭ كەينىدە سۇيىقەست بار. دۇنيا بىسيار نەيرەڭۋاز كېلىدۇ...

دەرۋەقە، كۈنگە يېڭىدىن يېڭى مۇقام كۆرسىتىدىغان نەيرەڭۋاز زامان بۇ چاغدا ھىيلە ـ مىكىر تايىقى بىلەن ئالدامچىلىق سەھنىسىدە يېڭى ـ يېڭى ئويۇنلىرىنى نامايىش قىلماقتا ئىدى!

گەرچە ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىدە يۈز بەرگەن تۈرلۈك قانۇنسىز قىلمىشلار تۈپەيلىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆز سەلتەنەتىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ ئەمىر ـ ئۆمەرالار، بەگ ـ بىگاتلارغا نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت ساھىبى سۈپىتىدە مەسىلىنى ئىمكانقەدەر سىيلىق ھەل قىلىشقا مايىل ئىدى. ئىمكانقەدەر كۆپرەك مەرتىۋىلىك كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىشنى خالايتتى. بۇ ھالدا ئۇ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشماقچى بولسا، ھەتتا ئۇلارنى ئەتىۋارلىماقچى بولسا، ئۇنىڭ بۇ خاھىشىغا كىممۇ قارشى تۇرالىسۇن؟

چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈر ماۋەرائۇننەھرگە لەشكەر تارتىپ بارغاندا، ئەمىر - ئۆمەرالىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئەمىر ھامىد كۈرلۈكۈت ئىسىملىك بىر سەركەردىسى ئۆز تەڭتۇشلىرى ۋە ئۆزىگە ئوخشاشلار ئىچىدە ئەقىلدە كامىللىقى، ئىنتايىن زېرەكلىكى ۋە ئاجايىپ قابىلىيەت - ئىستېداتى بىلەن ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېتىبارىغا ئېرىشكەنىدى، ئۇ ياخشى تىلەك مەزمۇنىدا ئېيتقان ھەرقانداق ئىشنى تۇغلۇق تۆمۈرخان گەپ - سۆزسىز قوبۇل قىلاتتى. مەزكۇر ئەمىر ھامىد كۈرلۈكۈتنىڭ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى ئىلگىرىدىن تارتىپلا قويۇق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي ھەقىقىي تاغ يۈرەك ۋە قابىلىيەتلىك سەركەردە ئىكەنلىكىنى ئۇزاقتىن بېرى خانغا مەلۇم قىلىپ كېلىۋاتقانىدى. بۇ قېتىم ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن يېڭىباشتىن ئىستىلا ۋە تەسەررۇپ قىلىنغاندا، ئۇ كىش ۋىلايىتىنىڭ مەرھۇم ئەمىر تەرەغاي باھادىردىن ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانغا مىراس قالغان زېمىن ئىكەنلىكىنى خانغا چۈشەندۈرۈپ، بۇ ئاتا مىراس زېمىن ئۈچۈن ئامانلىق تىلىدى. خانمۇ ئۇنىڭ بۇ تىلىكىنى دەرھال رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل كۆرۈپ، ئۇشبۇ كىش ۋىلايىتىنىڭ ئاھالىسىنى مىراس تۇمەنلىرى، ئۇلارغا قاراشلىق ۋە قوشۇمچە يەر - زېمىنلىرى بىللە بىلەن ئەمىر تۆمۈر كورەگانغا جۇلدۇ - جاساق قىلىپ قايتىدىن مۆھۈرلەپ بەردى.

ماۋەرائۇننەھر دىيارى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، بارلاس، سۇلدۇز، جالايىر، ئارلات ۋە باشقا ئۇلۇغ - ئۇششاق ئۇلۇس - ئايماقلارنىڭ بارلىق ئەمىر - سەردارلىرى خاھ خالىسۇن، خاھ خالىمىسۇن، ھەممىسى باش ئېگىپ كېلىپ ئۇنىڭغا پەرمانبەردار بولدى. خان ئەمىر بايەزىد جالايىر، ئەمىر بايان سۇلدۇز قاتارلىق ئۈچىگە چىققان باشباشتاق ئەمىر - بەگلەرنى ياساققا ئەۋەتىپ قاتتىق جازالىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە،

www.uyghurkitap.com

ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان قاتارلىق ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان بىر بۆلەك ئەمىر ـ بەگلەرنى غەمخورلۇق ۋە تەربىيە بىلەن ئەزىزلىدى. ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلاننى ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىگە نائىب قىلىپ تەيىنلەپ، جېتە ئەمىرلىرىدىن ۋە لەشكەرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان پۈتۈن ئەقىللىك سەرخىل قوشۇنىنى ۋە ئۇلارغا سەردار قىلىنغان بېگچەك قاتارلىق بىر بۆلەك قابىلىيەتلىك سەردار ـ سەركەردىلەرنى سەمەرقەنتتە باسقاق قىلىپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە بەلگىلىدى؛ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ چىرايىدىكى تەدبىرلىك، چىدامچانلىق ۋە قەتئىيلىكنى سىزگەنلىكى ئۈچۈن، خان ئۇنى ۋەلىئەھد، ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئىلياس خوجا ئوغلانغا ئالاھىدە بەگ ئەتكە قىلىپ تەيىنلەپ، ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم رايىغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆزى زور ھەشەمەت ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت قارارگاھى بولغان پايتەخت ئالمالىققا زەپەر قۇچۇپ قايتتى①.

* * *

بىرنەچچە يىل ئۇدا داۋام قىلغان ماۋەرائۇننەھر يۈرۈشلىرى چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنى خېلى ئوبدانلا چارچىتىپ قويدى. ماۋەرائۇننەھردىكى ئاشۇ بىر بۆلەك تەپرىقچى، باشباشتاق ئەمىر ـ بەگلەرنى ياساقتا تارتىپ، تىنچىتىش چارىلىرىنى بەلگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالىنى ئەمىر قەمەرىددىن دوغلاتنىڭ تەقدىرىنى قانداق بەلگىلەش كۆپرەك بەند قىلىشقا باشلىدى.

خان ئالمالىققا قايتىش سەپىرىگە ئاتلانغاندا، ئاللىقاچان نەزەربەندلىككە ئېلىنغان ئەمىر قەمەرىددىن دوغلاتنىمۇ ئۆزى

---

① بۇ ھەققىتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شەرەفىددىن ئەلى يەزدىينىڭ «زەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

بىلەن بىللە قايتۇرۇپ ئېلىپ ماڭغانىدى.

پۇتۇن دالا بۇلۇتسىز ئاسماندا ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ قىزىل شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. پايانسىز دالادا، قۇملۇق چۆللۈكتە ئۆسكەن يانتاق، قاغدال، شىۋاق قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئاستا ئۇرۇۋاتقان چۆل شاماللىدا يەلپۈنۈپ كۈمۈش دولقۇندەك پارقىراپ، ئاستا پىچىرلىغاندەك ئاڭلىنار - ئاڭلانماس شىرىلداپ، تىنماي ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. گويا پۈتكۈل دالا خۇددى ئاق شايى پەردە ئاستىدا ياتقاندەك ئاقىرىپ دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. كۈز پەسلى بولغانلىقتىن ئېگىز - پەس تۆپىلىكلەر ئاقۇچ رەڭگە كىرگەن، شىۋاقلار بولسا سارغايغانىدى. باھاردا يېشىل يوپۇرماق چىقىرىدىغان چۆل ئوتلىرىمۇ ئاللىقاچان قۇرۇپ، قوراي بولۇپ قالغان، قىزغۇچ رەڭگە كىرگەنىدى. بوزىرىپ، ئۆڭى ئۆچكەن ئاقۇچ ئېدىرلار خۇددى ئۆلۈك دۇنيادەك ئۈنسىز، ئېغىر قايغۇغا چۆمۈلگەنىدى.

بارگاھ قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېتىنى يورغىلىتىپ كېلىۋاتقان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خىيالى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتقانىدى. ئۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلىقىغا قاتتىق رەنجىپ، غەزىپى قايناپ تاشماقتا ئىدى. چاغاتاي ئۇلۇسى ئىچىدە مەرتىۋە - ئىمتىياز جەھەتتە باشقا ئۇرۇقلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دوغلاتلاردىن بولغان ئەمىر قەمەرىدىن ھازىر ئۇنىڭ نەزىرىدە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈنلەي يات بىر ئادەمگە ئايلانغانىدى. مەرھۇم بەگ ئەتكەسى، ئەمىر بۇلاجى دوغلات تاشتۆمۈر باھادىرنى ئەۋەتىپ، ئۆزىنى ئېرتىش بويىدا قوي بېقىۋاتقان يېرىدىن تاپتۇرۇپ ئەردەۋىلگە ئالدۇرۇپ كەلگەندىن بېرى، تا ھازىرغىچە ئۇ نومۇس ۋە غەزەپ، ئالدىنىش ۋە خىيانەت، كۆزى قىيالماسلىق ۋە خىجالەت بولۇشتەك دەھشەتلىك قىسمەتكە زادى يولۇقۇپ باقمىغانىدى. ھەربىر قىرى خۇددى ئۈستىرىنىڭ ئۆتكۈر بېسىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇنداق دەھشەتلىك قىسمەتلەر ئۇنىڭ

يۇرىكىنى ئايىماستىن تىلماقتا ئىدى...

خان ئالمالىقتا قايتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەۋكەبتىكى تاشتۆمۈر باھادىر، تۆمۈر مەلىك، يەللىغ تايشى، مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ۋە ئېپىسكوپ لاۋرىنتىي ھەزرەت قاتارلىقلارنى خابگاھىغا چاقىرىپ، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئۇلار بىلەن جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزدى.

بۇ قېتىمقى كېڭەشتە سۆز ھەممىدىن ئاۋۋال خان مۆھۈردارى يەللىغ تايشىغا بېرىلدى.

— خان ئالىيلىرىنىڭ دانىشمەنلىكىگە ئىشەنچىم كامىل بولغانلىقتىن، مەن ھەممىدىن ئاۋۋال سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ خانغا قۇللۇق بىلدۈرۈپ تۇرۇپ، — چۈنكى قۇلاقتا ياقمايدىغان ھەرقانداق بىر سۆزنى سۆزلەشتە كۆپ ئويلاشقا ۋە سۆزلىگەندىن كېيىنكى نەتىجىسى ئۈستىدە ئەندىشە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. گەپ سۆزلىگۈچىنىڭ غەرىزىنىڭ قانداقلىقىدا. مۇبادا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ غەرىزى مېھرىبانلىق بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلىش كېرەك. خۇسۇسەن ئۆزىگىمۇ مەنپەئەت تېگىدىغان سۆزلەردە تېخىمۇ شۇنداق!

— ئەئيانىم، سىز مېنى ياخشى بىلىسىز، — دېدى خان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ھالا بۈگۈن مەن ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئەل ئىچىگە تونۇلغانمەن ۋە ھەربىر سۆز ئۈستىدە ياخشى ئويلىنىمەن. شۇڭا، سىز ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماڭ ۋە بىھۇدە ئەندىشىلەردە بولماڭ. نېمىنى خالىسىڭىز، شۇنى قالدۇرماستىن سۆزلىگەيسىز!

— قۇللۇق، جانابىي خان ئالىيلىرى، — دېدى يەللىغ تايشى خانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، — مەن ئىشىنىمەنكى، جانابىي خان ئالىيلىرىنىڭ قەلبى خۇددى ئەبجەش نەرسىلەر بىلەن ساپ نەرسىلەرنى ئايرىيدىغان ئىمتىھان بوتىسىغا، ئالتۇن بىلەن مىسنى ئايرىيدىغان مەھەك تېشىغا ئوخشاش، مېنىڭ

سۆزلىرىمنىڭ خالىس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. ھاكىمىيەتچىلىك ئۇدۇمىدا خان ــ پادشاھلار ھەرقاچان بىرەر كىشىگە تەربىيە قىلسا، ئۇنى سەۋەبسىز خارلىمايدۇ. ئەگەر ھەركىمنىڭ ئورۇن ــ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگۈسى كەلسە، ئۇنى بىكاردىن ــ بىكارغىلا نەزەردىن تاشلىمايدۇ. مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ھەربىر ھۆكۈمرانمۇ ئۆزى تەربىيە قىلغان ۋە ئاسرىغان نەرسىنى ئۆزى نابۇت قىلمايدۇ! ئەمىر قەمەرىدىن مەسىلىسىدە جانابىي خان ئالىيلىرىنىڭ تېخىمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل!

— ھۆرمەتلىك مۆھۈردار، — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — سىز مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپنى تېپىپ ئېيتىۋاتىسىز. ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش يولىنى ئىزدەۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، سىزنىڭ بۇ سۆزلىرىڭىز خۇددى سۇنغان ئۇستىخاننى ئۆز جايىغا سالىدىغان، كۆزى پىشقان، زېرەك تېڭىقچىنىڭ شىپالىق قولىغا ئوخشاش دەردىمنى ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئېيتىپ چۈشەندۈرەلمىگەن تىل بىلەن ئېيتىپ چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتىسىز!

يەللىغ تايشى خاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى ــ دە:

— جانابىي خان ئالىيلىرى، ئەگەر مەن توغرا چۈشەنگەن بولسام، سىز ئەمىر قەمەرىدىننىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىشنى ئىما ــ ئىشارەت قىلىۋاتىسىز، — دېدى گەپنى ئەگىتمەيلا، — بىراق ئەمىر قەمەرىدىن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەنە شۇنداق بىر گۇرۇھ ئادەملەرنىڭ سەلتەنەتىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن زەرەرلىك، قەبىھ ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارمىغايسىز. دەرۋەقە، ئۇنداق ئادەملەرنى قىلغان سۆزىگە ياكى قىلىۋاتقان ئىشىغا قاراپلا تولۇق بىلىپ كېتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا بىر ئۆمۈر بىللە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە ــ مىكىرلىرىنى تولۇق بىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى،

ئۆزگىنى بىلىش يولى تولىمۇ يىراق ۋە تولىمۇ مۇشەققەتلىك بولغان سېھىرلىك سوقماق يولدۇر. شۇڭا، كونىلار: «بىر ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاش؛ تاكى ئۆلگۈچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆت: شۇنىڭدىمۇ قىرىقىنى بىلسەڭ، قىرىق بىرىدە يېڭىلىشىسەن !» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان !

— ھۆرمەتلىك مۆھۇردار، — دېدى خان ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ، — كېيىنكى سۆزىڭىز كۆڭۈلگە سىغىدۇ. لېكىن، دوغلاتلارنىڭ ئارىسىدا ئەمىر بۇلاجىدەك ئادەملەرمۇ دۇنيادىن ئۆتكەنغۇ؟

— جانابىي پۇشتىپاناھ ئالىيلىرى، سىز ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات يامان بولغىنى بىلەن ئەمىر بۇلاجى دوغلات ياخشى ئىدى، دېمەكچىغۇ؟ يەنى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتتەكلەر ئاز بولۇپ، ئەمىر بۇلاجى دوغلاتتەك ياخشى ئادەملەر كۆپ بولغان بولسا، بۇ دۇنيادا ئەدلۇ ئادالەتنىڭ يىلتىزى مەھكەم ئورنىغان بولاتتى، دېمەكچىسىزغۇ؟

— شۇنداق، بۇنىڭغا مۆھۇردار جانابلىرى ئۆزىڭىزمۇ گۇۋاھقۇ؟

— مۇبادا ئاشۇ ئەمىر بۇلاجى دوغلات سىزنى ئەردەۋىلدىن چاقىرتىپ كەلمىگەن بولسا، سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىز مەڭگۈ قېزىلمىغان دۇر ـ گۆھەرلەر كانىدەك كۆمۈلۈپ قالار ئىدىغۇ؟ !

— سۆزىڭىزگە ھەسسىنات ! جانابىي ساھىبقىران ئالىيلىرى بەرھەق سۆزلىدىڭىز، — دېدى يەللىغ تايشى، — خۇددى ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، مۇبادا دانا ئەمىر بۇلاجى پېقىرنى سىز جانابىي خان ئالىيلىرىنىڭ ھوزۇرىدا خىزمەت قىلىشقا جەلپ قىلمىغان بولسا، مەن ئۆز ئىقتىدارىمنى ئۆمۈرۋايەت جارى قىلدۇرالماستىن ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە ئالەمدىن ئىز ـ دېرەكسىز كەتكەن بولار ئىدىم. دەرۋەقە، دوغلاتلارنىڭ سەلتەنەتكە پايدىلىق ئىشلارغا ياردىمى تەگسە، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ كۈچىدىن داۋاملىق

پايدىلىنىش كېرەك. مەن ھەتتا ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتقا ئوخشاش ئادەملەرنىڭمۇ كۈچىدىن پايدىلىنىشنى ھەرگىز مۇستەسنا قىلمايمەن !...

— مېنىڭ بېشىمنى قاتۇرۇۋاتقان ئىشمۇ دەل مۇشۇ ئىدى، — دېدى ئۇنىڭ سۆزىدىكى ھەقىقەتنى چۈشەنگەن خان، — شۇڭا، بۇ جەھەتتە سىزنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك مەسلىھەت بېرىشىڭىزگە موھتاجمەن !

— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، جانابىي خان ئالىيلىرى ! تاغ قاغىلىرى ئارىسىدا توقۇناق قاغا دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئاق رەڭلىك قاغا بار. بىراق، رەڭگىنىڭ ئاق ئىكەنلىكىگە قاراپلا ئۇنى قاغا ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر «خاسىيەتلىك قۇش» دەپ ئويلاش تولىمۇ خاتا قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى، قارا قاغا بىلەن توقۇناق قاغا ئوخشاشلا بىر قاغا ھېسابلىنىدۇ. نىھايەت، ئۇلارنىڭ ئەسلىسى قاغا بولغاندىكىن، خەقنىڭ كۆزىنى بويىماستىن، قارا قاغىنىڭ ئۆزى بولغىنى ياخشى ئىدى. سەلتەنەتنىڭ ئىشلىرى كۆپىنچە چاغلاردا ئەنە شۇ توقوناق قاغىغا ئوخشايدىغان، ھىيلە ـ مىكىرگە ئۇستا ناكەس ئادەملەرنىڭ قولىدا بۇزۇلىدۇ. ناكەس ئادەملەر ئەسلىدىن ھىممەتسىز بولغاچقا، ھېچ ۋەج بىلەن ھىممەتلىك ئالىيجاناب ئادەمگە ئايلىنالىشى مۇمكىن ئەمەس !

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، خان مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە:

— خۇددى سىز ئېيتقاندەك، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات سەلتەنەتىمىزگە راستلا دۈشمەن بولغان ھالەتتىمۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ مۇبادا ئۇنىڭ كۆڭلىگە سەلتەنەت بىلەن قارشىلىشىش پىكرى ۋە خاتىرىسىگە سەلتەنەت بىلەن دۈشمەنلىشىش نىيىتى ئورنىغان تەقدىردىمۇ، مەن ھەرگىز پىسەنت قىلمايمەن؛ ئەگەر ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتتەك ئادەملەر مېنىڭ كۈنتۇغاردىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا ئوخشايدىغان دۆلەت قۇياشىمغا خۇددى ئايغا ئوخشاش ئۆزلىرىنى تەڭلەشتۈرۈش دەۋاسىنى قىلىپ چىقسا، ئۇ ئەلۋەتتە كونىرىغان ئايدەك كەمتۈك

ۋە پۇچۇق بولۇپ قالامدۇ؟

— قەدىمكىلەر: «قازايىقەدەر يېتىپ كەلگەندە، تەدبىر قالقىنى پايدا بەرمەيدۇ» دەپ ياخشى ئېيتقان، — دېدى يەللىغ تايشى بىلەر پەس سۆكۈتتىن كېيىن، — ھەرقانداق بىر دوستتىن دۈشمەنلىك ئەسىرى كۆرۈلسە ۋە ياكى ئۆز خىزمەتكارىدىن ئۇلۇغلۇق ئالامىتى بىخلانسا، دەرھال ئېھتىياتنىڭ پېيىگە چۈشمەك كېرەك، ئۇنداق ئادەملەردىن ئۇلپەتلىك ۋە ئاشنالىق ئېتىكىنى تارتماق لازىمدۇر. ئۇ چۈشلۈك قىلىشقا پۇرسەت تېپىشتىن بۇرۇن، ئۇنى ناشتىلىق قىلىش لازىم. ئېغىزدىكى چىش قەدىمدىن تارتىپ ئىگىسىگە ئۇلپەت ۋە ھەمدەم بولۇپ كەلگەچكە، ئىگىسى ئۇنىڭدىن كۆپ مەنپەئەت ئالىدۇ. بىراق، چىشنى قۇرت يەپ، دەرد بەرسە، يۇلدۇرۇۋەتمەستىن تۇرۇپ ئۇنىڭ رەنجىدىن شىپالىق تاپقىلى بولمايدۇ؛ تىرىكچىلىك تائام - غىزا بىلەن بولىدۇ. لېكىن، تائام مەيدىدە ھەزىم بولماي دەرد يەتكۈزسە، ئۇنى قەي قىلىۋەتمەستىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ زەھىرىدىن خالاسلىق تاپقىلى بولمايدۇ! مېنىڭ بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىكى غەرىزىم شۇكى، «جامە مەسچىتىگە ئوت قويۇش ۋەقەسى»دە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ تۇتقان سالمىقى زادى قانچىلىك؟ ئۇ گۇناھكارمۇ ياكى بىگۇناھمۇ؟ ھەممىدىن ئاۋۋال مانا مۇشۇ ئىشنى ئېنىقلىۋېلىش لازىم. ئەگەر ئۇ بۇ ۋەقەگە چېتىشلىق بولۇپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان بولسا، «قىساس ئېلىنغاندا، ھايات ئۇلى مۇستەھكەم بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ھۆكمى بويىچە ئۇنى ئۆلتۈرمەك لازىم. بولمىسا، ئاشۇ ۋەقەدە كۆيۈپ ئۆلگەن يەتتە يۈز بىگۇناھ كىشىنىڭ خۇنى بىزنى خاتىرجەم قىلارمۇ؟

— مۆھۈردار جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى ئورۇنلۇق، — دېدى باياتىن خان بىلەن يەللىغ تايشى ئىككىسىنىڭ بەس - مۇنازىرىسىگە قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇرغان تاشتۆمۈر باھادىر، —

جانابىي خان ئالىيلىرى، ئەمىر قەمەرىدىن مۇرۇۋۋەت يولىدىن ئېزىپ، يامانلىقنى كەسىپ ئەتتى. مەككارلىق تىشە①سى بىلەن سەلتەنەت تېمىنىڭ ئۇلىنى كولىماقچى بولدى. شۇڭا، ئۇنى جازالىماسلىق خۇددى بۇزۇلغان سەلتەنەت تېمىنى ياساشقا مەشغۇل بولمىغانلىق بولىدۇ. مۇبادا بۇنداق بولىدىغان بولسا، دەرگاھىڭىزدىكى يېقىنلىرىڭىز، ئەمىرلەر ۋە سىپاھ ـ بەگلەرنىڭ ئەھۋالىغا پەرۋا قىلمىغان بولمامسەن؟ بۇنداق بولسا، كۆيۈپ ئۆلگەن ئاشۇ يەتتە يۈز بىگۇناھ كىشىنىڭ خۇن قىساسى ئېلىنمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ھازىر بار بولغان سادىق خىزمەتكارلىرىڭ ۋە مۇلازىملىرىڭنىڭ ھەممىسى سېنىڭ دەرگاھىڭدىن كېتىش تەرەددۇتىنى قىلىشقا باشلايدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— مەن ھەرقايسىڭلارنىڭ سۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ دۆلەتخاھلىق يۈزىسىدىن ماڭا قىلىنىۋاتقان نەسىھەت ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ تۇرۇپتىمەن، بىراق، «جامە مەسچىتتىكە ئوت قويۇش ۋەقەسى»نى پىلانلىغۇچى ئاساسلىق جىنايەتچى — قاتال پوپى پاسخالىس قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ بۇ ئىش بىلەن زادى چېتىشلىقى بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلايدىغان مۇھىم يىپ ئۈچى بىراقلا ئۈزۈلدى. شۇڭا، مەن ئەمىر قەمەرىدىن ئىشىنى زادى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە بىر قارارغا كېلەلمەي بېشىم قېتىپ تۇرۇپ قېلىۋاتىمەن.

— بۇ ئىشنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ يولى، — دېدى شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا، — توغرا تەدبىر ئوبدان كېڭىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشسا ئەجەب ئەمەس. قاتال پوپى پاسخالىسنىڭ قېچىپ كېتىشى ھەقىقەتەن بۇ ئىشنى تېخىمۇ چىگىچلەشتۇرۇۋەتتى. بىراق، ساھىبقىران جانابىي خان ئالىيلىرى، ئەئيانلىرى ئەمىر قەمەرىدىن مەسىلىسىنى ئېنىقلاپ

---

① تىشە — كەكە.

چىقىشتا بۇ ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بىر قاتار ئىشلارنى بىر باشتىن ياخشى تەھقىقلەش لازىم، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىشنى قاتال پوپى پاسخالىسنىڭ زىنداندىن قېچىش مەسىلىسىنى ئېنىقلاشتىن باشلىشىمىز كېرەك. مۇبادا پاسخالىسنىڭ زىنداندىن قانداق قېچىپ كەتكەنلىكى ئېنىقلانسا، ئەمىر قەمەرىدىنىنىڭ ئىشىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ خۇسۇسىدا يەتكۈزۈلگەن ئاشۇ سۆزلەر راست بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ مەككارلىقى ۋە كۇپرانىي نىيىتىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالغان بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭ خۇسۇسىدا ئۇ سادىر قىلمىغان گۇناھلارنى بەتنام بىلەن ئارتىپ ئۇنىڭغا بوھتان قىلىغان بولسا، ئاشۇ چېقىمچىنى ۋە يامان غەرەزلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلاردىن قىساس ئالماق لازىم. چۈنكى، ھەرقانداق بىر باھانە بىلەن بولسىمۇ يامانلىقنى يوق قىلىش، ياخشىغا ئۇۋال قىلماسلىق ئادەمنى ئىككى ئالەملىك ساۋابقا ئىگە قىلىدۇ!

خان ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ئوي ـ خىيالىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇپ:

— ھەزرىتىم، بۇ توغرىدا قانداق نەسىھەت ۋە شەپقەتلىرى بولسا ماڭا كۆرسەتكەيلا، — دېدى ئۇنىڭغا.

— خان ئالىيلىرىنى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ھايات ـ ماماتلىقى توغرىسىدىكى خىيال ئەنە شۇنداق ئىزتىراپلىق تەپەككۇرغا سېلىپ قويدى، — دېدى ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، — ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغلار ھەربىر ئىشقا بىردىن ئادىل ھۆكۈمىنى چىقارغان ۋە كېيىنكىلەرنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن روشەن يوللارنى پەيدا قىلىپ ھازىرلاپ قويۇشقان. شۇ سەۋەبتىن ھەقىقەت ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە راھەت ـ پاراغىتىنى دەپ، پانىي دۇنيانىڭ راھىتىنى تەرك ئېيلەپ، پەرۋەردىگارغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشنى مەخلۇقاتقا خىزمەت قىلىشتىن ئەلا، دەپ بىلگەن. بىراق، سەلتەنەت ئىشىدا كۆپىنچە ھاللاردا تامامەن ئەنە

شۇنداق قىلىپ كېتىمەن، دېيىش تەس. چۈنكى، ھاكىمىيەتچىلىك ئۇدۇمىدا پەرۋەردىگارنىڭ سۆيىتىگە خىلاپ ھالدا ئىختىلاپ ۋە ئىنقىزارلىق ئارىلاشقان بولىدۇ. خان ـ پادىشاھلارنىڭ نەزىرىدە ياخشى بىلەن يامان تەڭ، پايدا بىلەن زەرەر باراۋەر كۆرۈنىدۇ. سەلتەنەت تارازىسى بىر تەرەپكىلا ئېغىپ كەتمەي، مۇئەييەن مۇۋازىنەتنى ساقلاپ قالالىغانلىقى ئۈچۈن، «پادىشاھلار پەرۋەردىگارنىڭ زېمىندىكى سايىسى» بولالىغان. سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئەدلى ئادالەت بىلەن بېجىرىش، باتىل يولدىن يىراق بولۇش — ساھىب زېمىن بولغان خان ـ پادىشاھلارنىڭ ئەڭ ئېسىل سۈپەتلىرىدىندۇر؛ ۋاپادار مۇلازىملارنى قەدىرلەش ۋە ئەزىزلەش؛ بەتنىيەت ۋە مەككار خىزمەتكارلارنى سەلتەنەت ئىشىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئوخشاشلا ساھىب زېمىن بولغان خان ـ پادىشاھلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئەخلاقلىرىدىندۇر. خان ئالىيلىرىنىڭ روشەن كۆڭلى شۇنداق سۈزۈك ۋە ساپ بولغان بىر جاھاننەماكى، ھەربىر مۇلازىمنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭدا ئېنىق ـ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

— جانابىي دۆلەتخاھلار، — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەڭ ئاخىرىدا، — سىياسەت ئەھكامى ۋە ئادالەت شارائىتىدا ئىش ھەقىقىتىنى دەلىل ـ ئىسپات بىلەن تەھقىقلىمەستىن تۇرۇپ، قارىسىغا ھۆكۈم قىلىش سەلتەنەت ساھىبىگە نامۇناسىپتۇر. بىر ئادەمنىڭ ھايات ـ ماماتلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇنداق چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە تېخىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە! شۇڭا، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم ئالاھىدە چىڭ تەپتىش قىلماقچىمەن ۋە زىيادە تەھقىقلىماقچىمەن. بۈگۈنكى كېڭەشتە قويۇلغان پىكىرلەر مېنىڭ بۇ ھەقتە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىمغا چوقۇم كۆپ مەنپەئەت بېرىدۇ، ھەممىڭلارغا رەھمەت. بۈگۈنكى كېڭىشىمىز مۇشۇ يەرگىچىلىك بولسۇن، سىلەرگە ئىجازەت!...

خاننىڭ ئىچكىلىرى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىرگەندە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ يۈزلىرى ئەلەمدىن تاتىرىپ كەتتى. تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان خاننى كۆرۈپ، جىنى شىرىن تۇيۇلۇپ، چىرايى كۆكىرىپ كېتىۋاتقان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۆزىنى دەرھال يەرگە تاشلىدى ـ دە، يۈزىنى يەرگە يېقىپ:

— ھەزرىتى پۇشتىپاناھ، تەقدىرگە ئالدىنىپتىمەن. مېنىڭدىن خاتالىق ئۆتكەن بولسا، ئەپۇ قىلىڭ. ئەگەر بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىپ، ماڭا ئىتىنىڭ كۆنىنى بەرسىڭىز، تاكى ئۆلگۈچە سىز ئۈچۈن بېلىمگە ساداقەتلىك كەمىرىنى باغلاپ، نېسىۋەمگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ ياشايتتىم !

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭ تېگى ـ تېگىدىن ئوغا ـ زەھەر قايناپ چىقىۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ، كۆڭلىدىن تا ھېلىغىچە ئاداۋەت كەتمىگەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدى.

يېنىدا قول باغلاپ تۇرغان تاشتۆمۈر باھادىر ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «خان ئالىيلىرى، ئۇنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمە، ئۇ سۆزىدە ھەرگىز تۇرمايدۇ !» دەپ پىچىرلىدى.

— مەن ھەم ئىختىيارلىق، ھەم ئىختىيارسىز بىر تۇيۇقنىڭ تۇتقۇنىدا يۈرگەن بايقۇشمەن، — دېدى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات شۈمشىيىپ تۇرۇپ، مۇشۇ تاپتىكى بىچارە قىياپىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىماي تۇرالمايتتى، — ئۆزگە ئەلدە قاڭقىپ يۈرۈپ، ئۆزۈمنى يۈرۈش ـ تۇرۇشى ئەركىن ـ ئازادە ئەركىلەرنىڭ ئەركىسىمەن دەپ ئويلاپ يۈرگەن بولسامۇ، ئەمما خۇددى شۇڭقار، لاچىن تۇتىدىغانلار تېخى قولغا ئۆگەنمىگەن قۇشلارغا ئىشەنمەستىن، پۇتىغا ئۇزۇن يىپ باغلاپ ئۇچۇرۇپ يۈرگەن شۇڭقار، لاچىنلاردەك، مېنىڭ ئەركىنلىكىممۇ خۇددى ئەنە شۇ قۇشلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۈگۈن بىر ھۆكۈمرانىنىڭ قولىدا، ئەتە يەنە بىر ھۆكۈمرانىنىڭ سىقىمىدا بولۇپ، بېشى باغلىنىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان كىشىگە ئوخشاپ

قالغاندىم. ئەسلىدە ئەل ـ ۋەتىنىم مېنىڭ ئۆي ـ ئوۋام ئىدى. بىراق، لەنىتى قاتاللارنىڭ توقا ـ تۆھمىتىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئەل ـ ۋەتىنىم ئۆزۈمگە شۇنداق بىر تۇيۇق بولدىكى، ئاخىر تۇرالماي، بېشىمنى ئېلىپ ياقا يۇرتقا قېچىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئىستىقبالىمنى ئويلىسام، ئۈمىدىم بىردىنلا ئۈزۈلگەندەك بولۇپ كېتىمەن. ھەتتا جېنىمدىنمۇ تويۇپ، بارلىق ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىمدىن بىراقلا ۋاز كېچىپ كەتمەكچى بولغان چاغلىرىم تولا بولدى. «يا رەببىم، مېنىڭ بېشىمغا بۇنداق خورلۇق، زورلۇق ۋە مالامەت نوختىسىنى سالغۇچە، ئامانىتىڭنى تاپشۇرۇۋالساڭ، سېنىڭدىن قىلچىمۇ ئاغرىنمىغان، زارلانمىغان بولاتتىم!» دەپ زار ـ زار يىغلاپ، تالاي ـ تالاي كېچىلەرنى بىدار ئۆتكۈزدۇم!...

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بېشىنى سىلىپ بىرئاز سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ خانغا يېلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— جانابىي خان ئالىيلىرى، سىز رەئىيەتنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدىغان پازىل ھۆكۈمرانسىز. ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىرسى بولغان بولسا، «باشقا كەلگىنىنى كۆرەرمەن» دەپ، قولغا كەلگەن ھەرقانداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېنىنى چىڭدىغان بولاتتى. بىراق، مەن تەلەيسىزنىڭ ھېچبولمىغاندا ئەنە شۇ ئىشمۇ قولۇمدىن كەلمىدى. مەن ھەمىشە ئالدىمدا تاڭنا بەش كۈندىن كېيىن مېنى دەم تارتىپ كېتىدىغان زىندان ياكى بىرەر قاراڭغۇ ئۆڭكۈر تۇرغاندەك، خۇددى يىلان دەم تارتىپ سۈمۈرۈپ كېتىۋاتقان سۇجە تورغايدەك، قانات قېقىپ تۇرۇپمۇ ئاشۇ يىلاننىڭ زىندان كەبى قارنىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىمەن!

— سەن ئۆزۈڭنى دەم تارتىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ يىلان كەبى تېگى يوق ئۆڭكۈرنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ

www.uyghurkitap.com

كۆردۇڭمۇ؟

ــــ ئويلاپ كۆرگەنمەن، پۇشتىپاناھ، كۇرمىڭ قېتىم ئويلاپ كۆرگەنمەن، ــــ دېدى ئۇ كۇچۇكلىنىپ، ــــ ھېرىسلىق ئەجدىھاسى، مېنى ھەر كويغا سالغان ھېرىسلىق ئەجدىھاسى !

ــــ ئەي، ئەمىر قەمەرىدىن، ــــ دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭغا نەشتەردەك قادىلىپ، ــــ ياخشى، ھەرھالدا بۇنى چۇشەنگەن بولساڭ سېنىڭدە ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئادەمىيلىك تۇيغۇسى بار ئىكەن. بىلەمسەن، ئەي، ئەمىر قەمەرىدىن، ھېرىسنىڭ بېشى مالامەت، ئوتتۇرىسى نادامەت، ئاخىرى شەرمەندىلىكتۇر. چۈنكى، ھېرىس قاچىسى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسە بىلەن تولمايدۇ. تەمە ۋە تىلەك كۆزىنى پاناھ يىگىنىسى ۋە ئەجەل يىپىدىن باشقا نەرسە بىلەن تىككىلى بولمايدۇ !

ــــ ھەق گەپنى قىلدىڭىز، پۇشتىپاناھ، ياشلىقتا ئادەمگە مەرتىۋە ـ تەبىقىمۇ، ياتقان ئورۇنمۇ، ئۆيىمۇ، ھەتتا يورۇق دۇنيامۇ تارچىلىق قىلىدىكەن، ــــ دېدى ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ، ــــ ئەلھال، بۈگۈن قېرىلىق يېتىپ، كۈن ساناپ قالغانسېرى، بۇ دۇنيامۇ كېڭىيىدىكەن. ئادەم ئۆزى بولسا خۇددى يىگىلەپ ـ كىچىكلەپ قالغاندەك بولۇپ، ئەتراپتىن بوش ئورۇننى كۆپلەپ تېپىپ، باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بەرگۈسى كېلىدىكەن. ياشلىقتا سادىر قىلغان گۇناھ ـ كەبىرلىرىگە توۋا قىلغۇسى كېلىپ، كەچۈرۈمى تولىلاپ، ئەسىىز ئاژۇن①غا بولغان ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى سوۋۇشقا باشلايدىكەن. خان ئالىيلىرى، مەن مۇشۇنداق ئىزتىراپلىق ئوي ـ خىياللارنىڭ ئاسارىتىدە ئۇزاقتىن بېرى ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىپ كەلمەكتىمەن !

ــــ مۇبادا ئادەملەردە ئىنساب ـ دىيانەت، شۇكۇر ـ قانائەت بولغان بولسا ئىدى، ــــ دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭغا رەددىيە

---

① ئەسىىز ئاژۇن ــــ بىۋاپا دۇنيا، ۋاپاسىز دۇنيا.

بېرىپ، — ئۇ چاغدا ئىشتىھاسى غالىب كەلمىگۈچە غىزا - تائام يېمىگەن بولاتتى، ئىشتىھاسىنى پەسەيتكەنگە قەدەر غىزا - تائامدىن قولىنى تارتىپ تۇرغان بولاتتى. چۈنكى، ئاللا ئۆزىگە بۇيرۇمىغان ياكى مۇۋاپىق مىقداردىكى مەشئەت ئادەمنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان كۈچ - قۇۋۋەت بولۇپ ھېسابلانسا، ئاللا ئۆزىگە بۇيرۇغان ياكى ھەددىدىن زىيادە مەئىشەت ئادەمنى خارۇزارلىق كوچىسىغا باشلاپ ئاسانلا كاردىن چىقىرىدىغان ئېغىر يۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسل - ۋەسلىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلايدۇ!

— ئى كەرەملىك پادىشاھى ئالەم، مەن نادانىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكەيسىز، — دېدى ئەمىر قەمەرىدىن زار - زار قاقشاپ يىغلاپ تۇرۇپ، — نەپسىمنىڭ مال - دۇنياغا ھېرىسمەنلىكى ۋە مەرتىۋە - ئۇلۇغلۇق تەمەنناسى ئەقلىمنى لال قىلىپ زەئىپلەشتۈرۈپتۇ ھەم ياخشى نەسىھەتنى ئاڭلاتماپتۇ. خۇددى زىيان قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ سىڭمەيدىغان تاماقنى يەپ، ھالاكەتكە ئۇچرىغان ئاغرىققا ئوخشاش، مەن نابىكار زەھەر قىلىشنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەنە شۇنداق ناكەسلىكنى ئۆزۈمگە كەسىپ قىلغانىكەنمەن. شۇڭا، ماڭا ئوخشاش نەپسى بالاسى ۋە نەپسى ھاۋاسىدىن نېرى ئۆتەلمەيدىغان كىشىنى ھەرقانداق جازا - ياساققا تارتسا راۋا بولىدۇ. مەن پەقەت ئۆزۈمدىنلا شىكايەت قىلىشىم كېرەك!...

— بولدى، بەس ...

سەمەرقەنتنىڭ ئۇرۇشسىزلا ئېلىنىپ، ماۋەرائۇننەھر مەسىلىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەل بولغانلىقىدىن خۇش بولغان، دىلى يۇمشاپ قالغان چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كۆز ئالدىدا تىز چۆكۈپ، ئۆزىدىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ تۇرغان بۇ قېرى ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. مۇشۇ

تاپتا يۈرىكىنى قىلچە ئايىماستىن تىلغاپ تاشلاۋاتقان بۇ ھادىسىلەر ئۇنىڭ قەلبىدە غەلىيان كۆتۈرۈۋاتاتتى. مۇشۇ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى زادى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلاپ تۇرۇپ، بىردىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ دوغلاتلاردىن ئۈزۈكسىز كۈچ - قۇدرەتكە ئېرىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ قالدى. بەگ ئەتكەسى، رەھمەتلىك ئەمىر بۇلاجى دوغلات ئىختىيارسىز كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ، ئۇنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن قىلچە مىننەتسىز ئەجىر - ئەمگىكىنىڭ سالمىقى ئۆزىنىڭ ئەمىر قەمەرىدىنگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى بېسىپ چۈشتى - دە، ھەقىقەتنى ياقلايدىغان قەلبىگە رەھىم - شەپقەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش ئىستىكى پەيدا بولدى.

— جانابىي ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات! — دېدى خان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — سىزنىڭ ئىشىڭ تاكى پوپ پاسخالىس بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز بار - يوقلۇقى ئېنىقلانغانغا قەدەر داۋاملىق تەھقىق قىلىنىدۇ! مۇبادا خۇددى سەن ئېيتقاندەك بۇ ئىش ھەقىقەتەن قاتاللارنىڭ ساڭا قىلغان تۆھمىتى بولغان بولسا، ئاقلىنىسەن ۋە مەرتىۋە - ئىمتىيازىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ» دېگەن قەدىمكى ھۆكۈمرانلىق ئۇدۇمى بويىچە، مەنمۇ بىرىنچى قېتىم ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قېنىڭدىن كېچىمەن!...

— ئۆلتۈرمەي بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەنلىكىڭىزگە ئىككى ئالەملىك مىننەتدارمەن، ھەزرىتى ساھىبقىران جانابىي خان ئالىيلىرى، ئالدىڭىزدا ئىت بولۇپ ئۆمىلەپ، پايىڭىز ئاستىدىكى خاك - تۇپراقنى كۆزۈمگە سۈرتكەيمەن!

ئىچكىلەر ئۇنى ئاچقىپ كەتكەندىن كېيىن، خان تۇرغاۋۇتلار تۇمەننىڭ ئەمىرى تاشتۆمۈر باھادىرغا ئۇنىڭغا

خەزىنە ئىمارەتتىن نەپىقە ـ تەمىنات بېرىپ تۇرۇشنى ھەمدە مۇلازىملىقىغا ئىچكىيلەردىن بىرسىنى بەلگىلەپ، ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق تەقىب ئاستىدا تۇتۇشنى بۇيرۇدى.

تاشتۆمۈر باھادىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويغاندىن كېيىن، خالا ـ خالىماس ھالدا قۇللۇق بىلدۈردى...

## نەزم

ئىشەنمىگىن تالاي ۋەدە ـ قەسەمگە،
ئادەم قويۇپ قىلغىن پىنھان نازارەت.
ئارغامچىنى ئۈزۈن تاشلاپ كۆرۈپ باق،
بوشاتمىغىن، قېچىپ كېتەر ئاقىۋەت.

ـــ شەيخ سەئدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# ئالتىنچى باب

# ئەسسىز ئاۋۇن

«تۇغ يىقىلسا، تەخت يىقىلۇر !»
—— خاتىرەمدىن

مىلادىيە 1364 ـ يىلى ياز.

ماۋەرائۇننەھر يۇرۇشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن خۇشال بولۇپ، ئېسەنگىرەپ قالغان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىر باشلىق ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماستىن، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننى ۋەلىئەھد، ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئىلياس خوجا ئوغلانغا بەگ ئەتكەسى قىلىپ تەيىنلىدى. ھەمدە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى كەچۈرۈۋەتتى.

بۇ ئىككى ئىش ئوردىدىكى بىر بۆلەك ئەمىر ـ ئۆمەرا، بەگ ـ بىگات، ئۆلىما ـ ھۆكۈمالارنىڭ خانغا بولغان ئىخلاسىنىڭ پەيدىنپەي سۇسلىشىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ مەڭگۈ بەقەرار بولۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئىشتا خان دۇشمەننىڭ كۈچىنى سەل چاغلاپ غاپىللىق قىلىۋاتقانىدى. چۈنكى، ھۆكۈمرانلار مۇنداق تۆت ئىشتا غاپىللىق قىلسا، تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا سەۋەبچى بولاتتى: بىرىنچىسى، ھۆكۈمدارلار ھەممە ۋاقىت ھوشيار بولۇشى، ئەتە يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنىڭ سۈرىتىنى بۈگۈنكى ھوشيارلىق ئەينىكىدە كۆرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىسى، چوقۇم توغرا مۇددىئا ـ مەقسەتنى ئۆزگە

رەھنەما قىلىشى، ئازماسلىقى لازىم؛ ئۈچىنچى ياخشى تەدبىر تۈزۈشى، ئەگرىلىككە مايىل بولماسلىقى لازىم؛ تۆتىنچىسى، قولىدا ئوتلۇق چاقنىشى بىلەن دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆمۈر خامىنىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ تاشلىيالايدىغان ئىتتىك شەمشىرى بولۇشى كېرەك...

ۋاھالەنكى، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان بىلەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتلارنىڭ ئىشىدا تاشتۆمۈر باھادىر، يەللىغ تايىشى، مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ۋە لاۋرېنتىي ھەزرەت قاتارلىق مەۋكەبتىكى يېقىنلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭغا بۇ قارارىدىن يېنىشقا قايتا - قايتا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، غەلىبىدىن ئېسەنگىرەپ، بېشى قېيىپ قالغان خان ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى پەقەت ئاڭلىمىدى. شۇنداق قىلىپ، كېيىنكى چاغلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئۆتمۈشىدە «خەلق ئىتائەت قىلىدىغان كىشىنىڭ گېپىلا گەپ بولىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ سىرى ئاخىر ئاشكارىلاندى. دېمەك، ئۆزىنىڭ ئەقلى كۆرمىسە، ئۆزگىلەرنىڭ ئىدراكى بىھۇدە ئىكەن! ئىلگىرى ياشىغانلار بۇ ئىشلارغا ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراپ شۇنداق دەپ ئېيتقانىكى، ئەگەر ھەركىمگە ھوشيارلىق ۋە ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈش قۇۋۋىتى نېسىپ بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ قولىغا كەلتۈرگەنلىرى ئاقىۋەت تالاپەت ۋە بۇلاڭ - تالاڭغا كېتىدۇ - دە، ئۇنىڭ ئۆزىدە ھەسرەت ۋە نادامەتتىن بۆلەك ھېچ نەرسە قالمايدۇ!...

ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىر تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن ئون بەش - ئون ئالتە ياش چوڭ ئىدى. سەلتەنەت غوۋغالىرىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى يېشى تېخى ئەمدىلەتىن ئاتمىشتىن ئاشقان بۇ پېشقەدەم سەركەردىنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلارنى كۆپەيتكەن، قويۇق ساقىلىنى ئۈچتەك ئاقارتقانىدى. ئۇ يېشى چوڭايغانسېرى، رەھمەتلىك ئاتىسى تۇغرىل باھادىرنىڭ مىجەزىنى دوراپ چۈسلىشىپ كېتىۋاتقانىدى. ئۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسىھەت

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىماس بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا جۇرئەت، دادىللىقتىن ئۆزىنى تارتماي، ئۇنىڭغا نەسىھەتنى توختاتمىدى، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىك سۆزلەرنى ئايىمىدى. ئۇ ياش ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننى ئىلياس خوجا ئوغلانغا بەگ ئەتكە قىلىپ تەيىنلىگەننىڭ ئۈستىگە، ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئاشۇنداق سىنالمىغان يات بىر بەگنىڭ قولىغا يېنىكلىك بىلەن تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىنى خاننىڭ چوڭ بىر خاتالىقى، دەپ ھېسابلايتتى؛ ئۇنىڭدىن قالسا، ئالمالىقتىكى قاتال سۇيىقەستچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ خاننى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە قاتناشقان ۋە سىرى پاش بولۇپ قېلىپ قېچىپ كەتكەن ئەمىر قەمەردىن دوغلاتتەك ئاسىيلارنىڭ گۇناھىنى يېنىكلىك بىلەن كەچۈرۈم قىلغانلىق خاننىڭ يەنە بىر چوڭ خاتالىقى ئىدى. مۇبادا رەھمەتلىك ئۇلۇسبېگى ئەمىر بۇلاجى دوغلات ھايات بولغان بولسا، بۇنداق خاتالىقلارغا ھەرگىز يول قويمىغان بولاتتى، سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلغان ھەرقانداق بەگ ـ ئەمىرلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قانچە يېقىن بولغانلىقىغا قارىماستىن ۋە قىلچە رەھىم قىلماستىن شەپقەتسىز ھالدا جازالىغان بولاتتى.

تاشتۆمۈر باھادىر مۇشۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، خالىي چاغلارنىڭ بىرىسىدە، ئۆزىنىڭ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانغا بولغان شۈبھىسىنى قىلچىمۇ يوشۇرماستىن خانغا مۇنداق دەپ ئىزھار قىلغانىدى:

ــ خان ئالىيلىرى، مەن بىر ئەندىشە تۈپەيلىدىن ئۇزاقتىن بېرى زادى خاتىرجەم بولالماي كەلمەكتىمەن!

ــ ئۇ قانداق ئەندىشە ئىدى؟ تاشتۆمۈر باھادىر، قېنى سۆزلەپ باققىن!

ــ ماۋەرائۇننەھر گەرچە چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ ھودۇدلۇقىدىكى بىر ئۆلكە بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاقتىن بېرى ئۇ يەرنى بارلاس ئەمىرلىرى بىلەن سۇلدۇز ئەمىرلىرى ئىدارە

قىلىپ كەلدى. مۇبادا سەن تۆمۈربەگنى ئىلياس خوجا ئوغلانغا بەگ ئەتكە قىلىپ، ماۋەرائۇننەھرنى ۋەلىئەھد بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرساڭ، كۆنلەرنىڭ بىرىسىدە، مەزكۇر تۆمۈربەگ قانات ـ قۇيرۇقىنى تەڭشەپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، ماۋەرائۇننەھرنى خۇددى ئەمىر قازغىن بارلاس بىلەن ئەمىر بايان سۇلدۇزلاردەك چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ ھودۇدلۇقىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىش مۇددىئاسىغا كىرىشمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋەرائۇننەھرگە ئەمىر بەگچەككە ئوخشاش، يۇرتدارچىلىق ۋە ھۆكۈمرانلىق ئۇدۇملىرىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان كىشىلەر باسقاق قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇلار نە يۇرت سوراش قائىدىلىرىنى بىلگەي، نە ئادەم ئىشلىتىش يوللىرىنى بىلسۇن؟!

تاشتۆمۈر باھادىر بۇ گەپلەر ئارقىلىق تۇغلۇق تۆمۈرخانغا سىنالمىغان ئادەملەرگە ئارتۇقچە ئىشىنىپ خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن بۇ خاتالىقنى دەرھال تۈزىتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلىۋاتقاندى.

بىراق، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەزىرىدە چاغاتاي مەملىكىتىدەك ھودۇدلۇقى كەڭ، ئۇلۇس ـ مىللەتلىرى كۆپ، ئاھالىسى نۇرغۇن، ئۆلكىلىرى تارقاق چوڭ بىر ئەلنى بىر ھاكىمىيەت مەركىزى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەگ ـ ئەمىرلەر ھەربىرى ئۆز ئالدىغا خان ـ پادىشاھ بولۇپ دەۋران سۈرگۈسى كېلىۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتتە، ئالدى بىلەن ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ئايماق، ئۆلكىلەرنى كۈچلۈك بىر مەركەزگە بىرلەشتۈرۈش ــ ئىچكى پاراكەندىچىلىكنى تۈگىتىشنىڭ بىردىنبىر يولى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆمۈربەگدەك ئىستېداتلىق سەركەردىلەرنى دادىللىق بىلەن خىزمەتكە قويۇش كېرەك، دەپ قارايتتى.

خاننىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىگە ئېتىبار بىلەن قارىمىغانلىقىنى كۆرگەن تاشتۆمۈر باھادىر نائىلاج خورسىنىپ قويىدى ـ دە:

— رەھمەتلىك باھادىر ئاتام ئۆزىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يالغۇز بىر جىنىغا ئۈچ پالۋان بىلەن ئېلىشىپ ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ تۇرۇپ، — ئەمدى بىلسەم، ئۇ ماڭا ئۆز ئۆمرىنى بەخش ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئاشۇ ئۆمرىگە قوشۇپ، ئۆز قىسمەتلىرىنىمۇ بەرگەنىكەن. ئۆز سۆزلۈك ئاتام ئۆزى شىجائەتلىك، باھادىر كىشى بولغىنى بىلەن، دانا بولالمىغانىكەن. چۈنكى، باھادىر كىشى ئۆز شىجائىتى بىلەن ئاران ئون - يىگىرمە كىشىگە تەڭ كېلەلىسىمۇ، ئەمما دانا كىشى ئۆز تەدبىر - چارىلىرى بىلەن پۈتۈن بىر پادىشاھلىق ئىقلىمىنى پەرىشان ۋە بەربات قىلىۋېتەلەيدۇ. بولدى، بەس! مەن ئۇزاقتىن بېرى سەلتەنەت ئىشىنى دەپ قانچىلىغان ۋاقىتتىن بۇيان رەھمەتلىك باھادىر ئاتامنىڭ مەقبەرىسىنى يوقلىمىغاندىم. مېنىڭ رەھمەتلىك ئاتامنىڭ روھىناتىنى خۇش قىلسام دەيدىغان ئارزۇيۇم بار ئىدى. ھالا بۈگۈن ماڭا بۇ ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇرسەت كەلگەن ئوخشايدۇ...

نىھايەت، تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن تاشتۆمۈر باھادىر ئوتتۇرىسىدا ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ۋە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات تۇپەيلىدىن يۈز بەرگەن بۇ ئارازچىلىق ئۆزئارا ئانچە بىلىنىپ كەتمىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما مەۋكەبتە بۇ زىددىيەت بارغانسېرى روشەن گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننى ۋەلىئەھدكە بەگ ئەتكەلىككە تەيىنلىگەنلىكى ۋە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى جازالىماستىنلا كەچۈرۈم قىلغانلىقى ئوردىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا دەسلەپتە قاتتىق بەس - مۇنازىرە قوزغىدى، ئاندىن بىردىنلا ئاپەتكە ئايلىنىدىغان دەھشەتلىك تاشقىنىدا ئۆزەننى يوقاتقان دەريادىن گۈلدۈرلەپ تېشىپ چىقىپ ئەتراپىنى بېسىپ كەتكەن كەلكۈن سۈيىدەك قاتتىق ۋەھىمىلىك تۈس ئالدى. شۇنداق، دەريا



www.uyghurkitap.com

تاشقىنى ئەنە شۇنداق جىمجىت باشلىنىدۇ. ئاخشىمى قارىسىڭىز، تىپتىنچ ئېقىۋاتقان دەريا ئەتىسى ئەتىگەندە ئاللىقاچان ئۆزەنى بىلەن تەڭلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرىسىز، بىلىنەر - بىلىنمەس ئۆرلەۋاتقان سۇ يۈزى توختىماستىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزەندىن تېشىپ چىقىشقا باشلايدۇ. لايقىلىق سۇ تاشقىنى كوچا - كويلارغا، هويلا - ئارانلارغا ۋە ئۆيلەرگە لەپىشىپ باستۇرۇپ كىرىدۇ. رەھىمسىز تاشقىن خۇددى يەپ تويماس ئوپقاندەك، ئادەملەرنى، مال - ۋارانىنى ئاقتۇرۇپ كېتىپ، پۈتۈن - پۈتۈن يۇتۇۋېتىدۇ. دېمەك، بۇ تاشقىننى ئەمدى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ!

مەۋكەبتىكى ئەمىر - ئۆمەرالارنىڭ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننى ۋەلىئەھدىنىڭ بەگ ئەتكەلىكىدىن قالدۇرۇش ۋە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش توغرىسىدا تۇغلۇق تۆمۈرخانغا سۇنغان ئىلتىماسىغا تاشتۆمۈر باھادىر، يەللىغ تايشى، مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ۋە لاۋرېنتىي ھەزرەت قاتارلىق ئەڭ نوپۇزلۇق دۆلەت ئەربابلىرىمۇ ئۆز ئىمزاسىنى قويۇشۇپ، مۆھۈرلىرىنى بېسىشقانىدى. خان «ماقۇل!» دەپ بىرلا ئېغىز سۆز قىلىۋەتسە، مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ بېشىنى كېسىشكە تەييار تۇرۇشقان قىساسكارلارمۇ كۆپ ئىدى. ئەمما، خان رەھمەتلىك بەگ ئەتكەسى ئەمىر بۇلاجى دوغلاتنىڭ ئۆزىگە بولغان ھۆرمىتىنى زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدى. مۇبادا ئۇنىڭ بىر قورساق ئىنىسى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ جېنىغا زامىن بولسا، ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى.

— ئەمىر قەمەرىدىن رەھمەتلىك بەگ ئەتكەم، ئۇلۇسبېگى ئەمىر بۇلاجى دوغلاتنىڭ ئۆز ئىنىسى، — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر - ئۆمەرالارغا، — ئۇلارنىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرى كۆپ. ئۇنى ئۆلتۈرسەك، ھەممىسى بىزگە دۈشمەن بولىدۇ!... تاشقىرىدا تەپرىقىچى بەگ - ئەمىرلەر، ئىچكىرىدە

بۇ...

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ يەنىلا ئارىسالدى بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن تاشتۆمۈر باھادىر باشقا دۆلەت ئەركانلىرى نامىدىن كەسكىن سۆزلىدى:

ــ ساھىبقىران خان ئالىيلىرى، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ئاسىيلىقىدىن پەقەت سەنلا ئەمەس، ئۇنىڭ بىر قورساقتىن بولغان ئاغىسى ئەمىر تۆلەك دوغلات باشلىق نۇرغۇن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزمۇ كۆپ زىيان تارتىپ نابۇت بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ، سەلتەنەتىمىزنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلدى. ئەگەر ئۇنى ھازىر ئۆلتۈرمەستىن، ھايات قالدۇرساڭ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ تاشقى دۈشمەنلىرىمىز بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ياغى قوپۇشى، سېنىڭدىن، بىزدىن تەتۈر ھېساب ئېلىشى، بېشىمىزغا ئەمىر تۆلەك دوغلاتنىڭ كۈنىنى سېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، تاشقى دۈشمەن بولغان ئەمىر تۆمۈربەگ بىلەن ئىچكى دۈشمەن بولغان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى تېزدىن كۆزدىن يوقىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلا ئۆزۈڭنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇشۇڭ لازىم. سەلتەنەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتساڭ، ئۇلارنى دەرھال قاماققا ئېلىپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇشۇڭ كېرەك؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ يۈزىنى قىلىمەن دېسەڭ، ياساق ـ تۈزۈكلەر بوشىشىپ، دۈشمەنلەر بىزنى ئوڭايلا بويسۇندۇرىدۇ! شۇڭا، ياكى ئۇلار تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنى داۋاملىق ئەتىۋارلاپ ئىشلەت، ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ كەشىنى توغرىلاپ، تېگىشلىك جايىغا جۆنەت! مانا بۇ ئىككى يولدىن بىرسىنى تاللا ـ دە، بىزگە ئېنىق جاۋاب بەر. بىزگە ئەمدى بۇنىڭدىن باشقا يول قالمىدى!...

تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ قەتئىي ئىرادە ۋە قەيسەرلىك ئۇچقۇنلىرى بىلەن يانغان كۆزلىرى تۇغلۇق تۆمۈرگە ئۇنىڭ ئېرتىش بويلىرىدا قوي بېقىۋاتقان چاغلىرىدا ئۇنى ئۇچراتقان ئاشۇ پەيتنى ئەسلەتتى. سەلتەنەت غوۋغالىرى تۇغلۇق تۆمۈرنى

ھاياتىنىڭ تۇرلۇك سىھىرلىك سوقماق يوللىرىغا باشلاپ كىرگەنسېرى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ساداقەتمەن يېقىن - يوۋۇقلىرىدىن ئايرىلىپ يېتىم قېلىۋاتقانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلماقتا ئىدى. مۇبادا ئارىلىقتا خۇددى تاشتۆمۈر باھادىر ئېيتقاندەك نىزا چىقسا، ئۇ ئايىغى چىقمايدىغان تۇرلۇك مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ئىچىگە پېتىپ قالاتتى - دە، ھاياتىمۇ خەۋپ ئاستىدا قالاتتى. بىراق، رەھمەتلىك بەگ ئەتكەسى، ئۇلۇسبېگى ئەمىر بۇلاجى دوغلات ئۆزىنى نەچچە مەرتىۋە ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، دەھشەتلىك سەلتەنەت پالاكەتلىرىدىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالغان ! ياخشىلىقنى قايتۇرۇش ئوڭاي ئىش ئەمەس. چۈنكى، ياخشىلىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بەزىدە ھەتتا قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

— ئەمما، رەھمەتلىك بەگ ئەتكەمىز بىزگە كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغانغۇ، — دېدى تۇغلۇق تۆمۈر خان تاشتۆمۈر باھادىرغا، — شۇڭا، مەن ھېچبولمىغاندا مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى ئۆلتۈرمەسلىك لازىم، دەپ ئويلايمەن !

— ئەمما، جانابىي خان ئالىيلىرى، ئاشۇ رەھمەتلىك ئۇلۇسبېگى ئەمىر بۇلاجىنىڭ بىر قورساق ئىنىسى بولغان بۇ ئادەم ساڭا شۇنچىۋالا ياماتلىقلارنى قىلسا مەيلىمۇ؟ رەھمەتلىك ئەمىر تۆلەك دوغلات ئۆز ئىنىسى قويغان ئاشۇ دەھشەتلىك ئوت يالقۇنىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندىغۇ؟ يەتتە يۈز بىگۇناھ مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز ئاشۇ ئادەم قويغان دەھشەتلىك ئوتتا كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندىغۇ؟ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئەنە ئاشۇ كىشىلەرنىڭ روھىناتلىرى سېنىڭدىن، مېنىڭدىن، ھايات ياشاۋاتقان ھەممىمىزدىن ئۆزلىرىنىڭ قىساسلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتسا، بىز يەنىلا سۈكۈتتە تۇرۇۋالساق، مەيلىمۇ؟

— ھۆرمەتلىك تاشتۆمۈر باھادىر، بۇ گېپىڭىزغۇ راست، — دېدى خان ئەلەم ئوتىدا پۇچىلىنىپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى

ماۋەرائۇننەھردە داۋاملىق تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرىۋەرسە، رەھمەتلىك ئۇلۇسبېگى ئەمىر بۇلاجى دوغلاتنىڭ ئائىلە نەسەبىگە داغ چۈشۈرىدىغان يامان ئىشقا چېتىلىپ قالمىسۇن دەپ ئالمالىققا قايتۇرۇپ كېلىپ، نەزەربەند ئاستىدا تۇتۇپ، ئاستا ـ ئاستا بىر تەرەپ قىلماقچى بولدۇم...

— ئەمما، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ماۋەرائۇننەھردىن قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، دەرھال ياساقتا تارتىلماستىن، بەلكى ئەركىنلىككە چىقىرىلدى...

— تاشتۆمۈر باھادىر، — دېدى خان ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ، — كىم ئۇنى ئەركىنلىككە چىقىرىلدى دەيدۇ؟ مانا مەن ئۇنىڭ مەسىلىسىنى داۋاملىق تەھقىق قىلىپ ئېنىقلاشقا پەرمان بەردىمغۇ؟ ھازىرچە يەنىلا بەك ئالدىراپ كەتمىگەن تۈزۈك. ئۇنىڭ مەسىلىسى تەھقىقلىنىپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ياساقتا تارتىش ـ تارتماسلىقنى ئاندىن ئويلاشساقمۇ بولىدۇغۇ؟!...

— ...

بۇ ھەقتە خان بىلەن يەنە داۋاملىق مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىغان تاشتۆمۈر باھادىر كۆڭلى بىر قىسما بولدى ـ دە، خاندىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، سارايدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ قورۇسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى...

خان مۆھۈردارى يەللىغ تايشى، شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ۋە ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەت قاتارلىق ھۆكۈما ـ ئۆلىمالار ئەسلىدىنلا ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىرغا ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل ئىدى. شۇڭا، خاننىڭ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ۋە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات توغرىسىدىكى قارارىنى قوللاپ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇلارمۇ: «بۇ ئادەم تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سەلتەنەتى ئۈچۈن خۇددى سىنالمىغان دوست، ئۆچكەن ئوتقا ئوخشايدۇ. سىنالمىغان دوستقا ئىشىنىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس؛ ئوت ئۆچسىمۇ كۈل ئىچىدە چوغ

ساقلىنىپ قالىدۇ. مۇبادا بۇ چوغ يېلىنجاپ قالىدىغان بولسا، يېڭىباشتىن ئوت تۇتىشىدۇ ـ دە، ھۆل ـ قۇرۇقنى تەڭلا كۆيدۈرىدىغان ھالاكەتلىك چوڭ يانغىنغا ئايلىنىپ كېتىدۇ» دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇلارمۇ كۆڭۈللىرىنى تىندۇرۇشۇپ، ۋاقتىدا ئۆز يولىغا قاراپ مېڭىشنى دىلىغا پۈكۈشتى...

تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن تاشتۆمۈر باھادىر قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان بۇ گەپلەرنى خابگاھنىڭ ئىشىكى يېنىدا پاسىبانلىق قىلىۋاتقان تۇرغاۋۇتلاردىن قەنبەلى شىرئوغۇل دېگەن بىرسى تىڭشاپ تۇرغانىدى...

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن، تاشتۆمۈر باھادىر ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق تەقىب قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىچكىلىرىدىن قەنبەلى شىرئوغۇل دېگەن ئاشۇ تۇرغاۋۇتنى ئۇنىڭغا مۇلازىم قىلىپ بەلگىلىدى.

قەنبەلى شىرئوغۇلنىڭ ئەسلىي كېلىپچىقىشى دوختەۋى قەبىلىسىدىن بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئۆگەي ئاتىسى شىراۋۇل دوختەۋى ئۇرۇقىدىن ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان چاغاتاي مەملىكىتىگە خان بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ئۇلۇس بەگلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئېلىپ تاشلىغاندا، شىراۋۇل دوختەۋىمۇ پەيدىنپەي خاننىڭ ئېتىبارىدىن قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دوختەۋىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەرتىۋە ـ ئىمتىيازلىرىدىن ئايرىلىپ، ئادەتتىكى ئادەملەر قاتارىغا چۈشۈپ قېلىشتى. خۇددى ئەسلىدىكى دوختەۋى ئۇرۇقىدىكىلەرگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھوقۇق ـ ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم بولغان قەنبەلى شىرئوغۇلمۇ تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئىچىدە نارازى بولۇپ كېلىۋاتقانىدى. دوختەۋىلەرنىڭ خاندىن نارازى ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى بار ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بۇ

پۇرسەتتىن پايدىلانماقچى بولدى.

بىر كۈنى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۇنى چىكىپ باقماقچى بولۇپ:

— ئەگەر لەنىتى قاتاللار ماڭا بۇنداق بەتنام چاپلىمىغان بولسا ئىدى، — دېدى ئۇنىڭغا دەردىنى تۆكۈپ، — ساھىبقىران خان ئالىيلىرىنىڭ نەزىرىدىن مۇنداق چۈشۈپ كەتمىگەن بولاتتىم. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش ـ مەئىشىتىمنىڭ نە لەززىتى بولغاي ماڭا؟! پادىشاھ بولغان ئادەم باشقىلارنىڭ قىلچە ئاساسى بولمىغان بوھتانلىرىغا ئاساسلىنىپلا كىشىگە گۇناھ تونىنى پىچسا، بۇنىڭدىن كېيىن خالايىقنىڭ دەۋا ئىشلىرىدا گۇۋاھچى ھەم دەلىل ـ ئىسپاتنى لازىم قىلمايدىغان ھالەت شەكىللەنمەمدۇ؟ ئۇنداق بولغاندا تەھقىقنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟ ھېچقانداق مەخلۇقات ھەقتائاللا ئۇنى ياراتقاندىلا ئۆزىگە قوشۇپ ياراتقان ئالامەتلىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. بۇ بوھتان قىلىنغان ئاشۇ ئىشلارنى مەن سادىر قىلغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئاشۇ ئالامەتلەر مېنى قىلدۇرغان بولمامدۇ؟ شۇڭا، ئۇ ئىشنى قىلماسلىقتا ئۆزۈمدە نە قۇدرەت بولسۇن؟ شۇنداق ئىكەن، مەن ئاقلىنىشىم، تۆھمەت قىلغانلار جازالىنىشى كېرەك ـ دە، ئەلۋەتتە!

— سۆزۈڭنى ئاڭلاپ، مەن سېنىڭ گۇناھسىزلىقىڭغا ئىشەنمەكتىمەن، — دېدى قەنبەلى شىرئوغۇل ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، — سېنىڭ سۆزلىرىڭ شۈبھىدىن ساپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق. گەرچە خان سېنىڭ ئىشىڭنى «ئۆزۈم تەھقىقلەپ، ئۆزۈم ئېنىقلاپ چىقىمەن» دېگەن بولسىمۇ، بۇ ئىشتا يەنىلا ئاللانىڭ ھۆكۈمىدىلا رىيا يوقتۇر. كەرەملىك ئاللانىڭ خۇي ـ پەيلى سەۋەنلىكتىن، خاتالىقتىن خالىيدۇر. دېمەك، شۇنداق بولىدىغان بولسا، سەن تەقىب قىلىنىشتىن ئازاد، بالادىن خالاس تېپىشىڭ ئۈچۈن ئاقلىنىشىڭ، نام ـ مەرتىۋەڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈڭ لازىم.

— راست ئېيتىسەن، شىرئوغۇل، — دېدى ئەمىر قەمەرىدىن
ئۇنىڭغا يەنىلا ئىشەنچ قىلالماي، — بۇ سۆزلىرىڭ بىلەن
بېشىمنى ئۇستۇن قىلدىڭ. ھالا بۇگۇنكى خاندىن تارتىپ تاكى
قارا بۇدۇن، پېقىر - گادايلارغىچە ماڭا ئىشەنمەي تۇرغان
مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە پەقەت سەنلا مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى
ئېيتىۋاتىسەن. بۇنىڭ شۈكۈرانىسىنى قايسى تىل ۋە قانداق
تۆھپە - خىزمەت بىلەن ئادا قىلسام بولۇركىن؟
— گەرچە خان ۋە ئۇنىڭ ئەئيانلىرى ساڭا ئىشەنمىسىمۇ،
ئەمما مېنىڭ ساڭا بولغان ئىشەنچىمنىڭ كۆچىتى مېنىڭ ساڭا
بولغان ئىخلاسىمنىڭ سۇيىدە سۇ ئىچىپ ياشارماقتا ۋە
كۆكەرمەكتە. شۇڭا، ھاياتىڭ چىمەنىدە بىرەر تال شاخ سۇنغان
بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ھەرگىز ۋايىم يېمىگەيسەن ۋە مېنى
غەمگۇزارىڭ دەپ بىلگەيسەن. ئەكەل، قولۇڭنى بېرىپ، مېنى
ئۆزۈڭگە بۇرادەرلىككە قوبۇل قىل !
— تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ سېنىڭ ۋە سېنىڭ قوۋمىڭنىڭ
ھۆرمەت - ئىمتىيازىنى كېمەيتىۋاتقانلىقىدىن مېنىڭ خەۋىرىم
بار، — دېدى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز
سېپىپ، — مەن ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا ئەسلا
قوشۇلمىغانىدىم. شۇڭا، خاننىڭ بۇ قېتىم جامە مەسچىتىگە ئوت
كېتىش ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ مېنى يوقاتماقچى بولۇشىدىكى
بىر سەۋەبمۇ دەل ئاشۇ ئىشتىن بولۇۋاتىدۇ. مۇبادا سەن مېنىڭ
ئاقلىنىشىمغا راستلا ياردەم قىلىدىغان بولساڭ، مەنمۇ سېنىڭ
ۋە سېنىڭ قوۋمىڭنىڭ خان تەرىپىدىن مەھرۇم قىلىنغان
ئىمتىيازلىرىڭلارنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە چىن دىلىمدىن
ياردەم قىلغان بولاتتىم ۋە سېنى ئەمىرلىككە تەيىنلەپ،
ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن بولاتتىم...
ئۇلۇغلار: «مەككارلىق ئوقىنى دوستلۇق ياسى بىلەن ئاتسا،
دەل تېگىدۇ !» دەپ بىكار ئېيتمىغان ! شۇنداق قىلىپ، ئەمىر
قەمەرىدىن دوغلات بىلەن قەنبەلى شىرئوغۇل ئىككىسى: «بىز

مەڭگۈلۈك دوست ـ بۇرادەر، ئالىي ھىممەتلىك قوۋم ـ قېرىنداش بولۇپ، مەڭگۈ راھەت ـ پاراغەت كۆرىمىز!» دېيىشىپ، خام تەمەلەرنى ئوت ياقمىغان قازانغا سېلىپ تەييارلاپ پىشۇرۇپ، چىشى يوق قۇرۇق ئاغىزلىرىدا چايناپ لەززەتلىنىپ، بىر ـ بىرىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇشۇپ، قوللىرىنى قىسىشتى ۋە مۇھاپىزەت شەرتلىرىنى مۇقەررەر قىلىشتى.

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى تېخىمۇ چىڭىتىش ئۈچۈن، قوينىدىن بىر پارچە تىلخەتنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندى ۋە:

— ئەي، ئەزىزىم، سەن بۇ تىلخەتتە ئىسمى يېزىلغان بەگنىڭ ئۆيىگە بار. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئالدى ـ بەردى ئىشىم بار ئىدى. سەن بېرىپ، ئۇنىڭدىن شۇ پۇلنى ئەكەلگەن بولساڭ، ماڭا بولغان ئىشەنچىڭ ئەجىرسىز قالمىغان بولسا ئىكەن، — دېدى.

قەنبەلى شىرئوغۇل تىلخەتتە يېزىلغىنى بويىچە ھېلىقى بەگدىكى پۇلنى ئەكېلىپ، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتقا بەردى. ئۇ بۇ پۇلدىن ئۆز نېسىۋىسىگە ئازراق بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، قالغان كۆپ قىسمىنى ئۇنىڭغا بەردى ـ دە:

— ئەي، قېرىندىشىم، سەن ھەمىشە خانىنىڭ دەرگاھىدا مېنىڭ ئۈچۈن كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرغايسەن، ئۇ يەردە مەن توغرۇلۇق قانداق گەپ ـ سۆز بولۇپ ئۆتسە، ئۇنىڭدىن مېنى دەل ۋاقتىدا خەۋەردار قىلغايسەن! — دەپ جېكىلىدى.

ھېچبىر ئەجىرسىز بىرمۇنچە پۇلغا ئىگە بولۇپ قالغان قەنبەلى شىرئوغۇل خۇشال بولغىنىدىن دەرھال ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى قوبۇل قىلدى ۋە: «لەۋزىگە ئەمەل قىلىش شەرتتۇر» دېگەن سۆز بويىچە، ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلىشقا كىرىشتى.

بۇ گەپنى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرۇپ، ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلى.

توغلۇق تۆمۈرخان بىلەن تاشتۆمۈر باھادىر قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان بۇ گەپ ـ سۆزلەر شۇ چاغدا خابگاھىنىڭ ئىشىكىدە تۇرغان قەنبەلى شىر ئوغۇل دېگەن تۇرغاۋۇت تەرىپىدىن شۇ كۈنى كېچىدىلا ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ قولىقىغا يېتىپ بولدى. ئۆزى توغرىسىدا خان بىلەن تاشتۆمۈر باھادىر قاتارلىق ئەمىر ـ ئۆمەرالار ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان بۇ گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە خۇددى قوقاسقا دەسسەپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ، بىر ئورنىدا تۇرالماي قالدى. ئوبدان مۇلاھىزە ـ خىيال قىلغاندىن كېيىن، ئۇ دەرھال قول سېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلاردىن ئاۋۋال قول سالمىغاندا، توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ بىقارارلىقى ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقاتتى. شۇڭا، ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال تاشتۆمۈر باھادىرنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك، دەپ ئويلىدى. چۈنكى، تۇرغاۋۇتلار تۇمەننىڭ ئەمىرى تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ ئۆزى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى كۆپ بولۇپ، ئەمىر قەمەرىدىن قاتال پوپى پاسخالىسىنى قاچۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ ئۇنى ئۆزى بىلەن بەتلەشتۇرۇش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك ئادەم سانىلاتتى. تاشتۆمۈر باھادىرنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەندىلا، ئۆزىگە يېتىدىغان بۇ ئەڭ زور خەۋپىنىڭ بېلى ئوشتۇلاتتى ـ دە، مەۋكەبتە ئۆزى ئۈچۈن خەۋپلىك رىقابەتچى قالمايتتى. بىراق، خاننىڭ قوروقچىلىرىنىڭ باشلىقى بولغان تاشتۆمۈر باھادىرنى قەستلەش ئېيتماققا ئوڭاي بولغىنى بىلەن، ئىشقا ئاشۇرماق ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن ئىش ئىدى. ئەتراپلىق ئويلىنىپ بىر ئىش قىلمىغاندا، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ، پۈتۈن مېھنەت ـ ئەجرى شامالغا سورۇلاتتى...

ئۇ بۇ چىگىچ خىياللىرىنى بىر باشقا ئاچقالماي ھەپىسلىنىسى بىر بولۇپ تۇرغاندا، ئىككى كۆزى تەمە ـ ھېرىسمەنلىك ئوتىدا

يېنىپ تۇرغان قەنبەلى شىرئوغۇلغا چۈشتى ـ دە، خۇددى مەجۇن تەسىر قىلغاندەك، بىردىنلا تېتىكلىشىپ روھلىنىپ كەتتى.

ئەمىر قەمەرىدىن قويىنىدىن سالمىقى خېلىلا ئېغىر بىر كۈن ھەميانىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا شاراقلىتىپ قويدى ۋە:

— مۇنۇ مىڭ كىبەكىي ئالتۇننى خىراجىتىڭگە سەرپ قىلغايسەن، قالغان بەش يۈزىنى ئىش پۈتكەندىن كېيىن، مېنىڭدىن ئالىسەن ! — دېدى.

قەنبەلى شىرئوغۇلنىڭ خۇشاللىقتىن ئىككى كۆزى خۇددى بەز يېگەن مۈشۈكتەك پارقىراپ كەتتى. ئۇ مىڭ دانە ئالتۇن كىبەكىي سېلىنغان ئېغىر ھەميانىنى دەرھال ئېلىپ قوينىغا سالدى ـ دە، ئەمىر قەمەرىدىنگە:

— ئەمىر جانابلىرى، ھەرقانداق خىزمەتلىرىڭگە مانا مەن تەييار تۇرۇپتىمەن. ھەتتا مۇشۇ تاپتا ئاتاڭنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ كەل، دېسەڭمۇ، ھەرگىز ياق دېمەيمەن ! مېنى ھەرگىز يات كۆرمىگەيسەن ! — دېدى خۇشامەت قىلىپ.

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۇنىڭغا تاشتۆمۈر باھادىر بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن:

— مەلۇمكى، تۇغلۇق تۆمۈرمۇ، تاشتۆمۈر باھادىرمۇ سېنىڭ بىلەن ماڭا دۈشمەن سانىلىدۇ، — دېدى ئۇ سىرلىق قىلىپ تۇرۇپ، — بىراق ھازىرقى ئەھۋالدا، سېنىڭ بىلەن بىزگە تۇغلۇق تۆمۈرگە قارىغاندا تاشتۆمۈر باھادىردىن يېتىدىغان خەۋپ ـ زەرەر تېخىمۇ چوڭ. ھازىر ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىق چارە ـ تەدبىر شۇكى، بىر ئامال قىلىپ ھەممىدىن ئاۋۋال تاشتۆمۈر باھادىرنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاش كېرەك.

— ئۇنى قانداق ئۇجۇقتۇرۇش كېرەك؟ جانابىي ئەمىر، ماڭا شۇنى ئېنىق دېگەيسەن !

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ بىرپەس ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— دۈشمەننى چوڭقۇر پىكىر، ياخشى تەدبىر بىلەن يوق قىلىش سىنىڭ ۋەزىپەڭ، — دېدى ھىيلىگەرلىك بىلەن، — قايسى يول ئەڭ ئوڭاي ۋە ئەڭ بىخەتەر بولسا، شۇ يولنى تۇتقايسەن، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، قالغان بەش يۈز ئالتۇن كىبەكىي ساڭا تەئەللۇق بولىدۇ ! قانداق، ۋەدىگە ۋاپا قىلەرمۇ؟

جىنايەتنى ساۋاب دەپ بىلگەن قەنبەلى شىرئوغۇل ئەمىر قەمەردىن دوغلاتنىڭ تاشتۆمۈر باھادىرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى كۆرسەتمىسىنى قەتئىيلىك بىلەن قوبۇل قىلدى:

— دۇنيادا ۋاپاسىزلىقتىن قەبىھ بەتنام يوق. سۆز بىر، ئاللا بىر ! ...

* * *

چاغاتاي خانلىقى شۇنداق بىر مەملىكەت ئىدىكى، ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ زامانىغا كەلگەندە، كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدا، ھودۇد چېگراسىنىڭ كەڭلىكىدە، ئۇلۇس خەلقىنىڭ كۆپلۈكىدە ۋە شەھەر ـ يېزىلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىكى، ئاۋاتلىقىدا ئەتراپتىكى ئەللەر ئىچىدە ئاندىنقى قاتاردىكى مەملىكەتلەردىن بولۇپ قالغانىدى.

چىڭگىزخان كېشۋەرستان[1] ۋاقتىدا بۇ ئەتراپلارنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بەخشەندە قىلىپ مۆھۈرلەپ بەرگەندىن كېيىن تاكى ئېسەن بۇغاخان ئىبنى چاغاتايخان چاغاتاي مەملىكىتىگە خاقان بولغانغا قەدەر ئۆتكەن يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بۇ مەملىكەتتە چاغاتاي ئەۋلادىدىن يىگىرمە شاھزادە پادىشاھلىق قىلدى. ئېسەن بۇغاخاندىن كېيىن تاكى ئېسەن بۇغا ئىبنى تۇغلۇق تۆمۈرخان چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىگە خاقان بولغانغا قەدەر بۇ مەملىكەتكە خان بولغانلارنىڭ پەقەت نامىلا خان ئىدى. ئۇلار

---

[1] كېشۋەرستان — ئىستېلاچى، جاھانگىر، مەملىكەت ئالغۇچى.

www.uyghurkitap.com

چاغاتاي ئۇلۇسبەگلىرىدىن تۆت چوڭ ئۇلۇسبېگىنىڭ قولىدا قورچاق بولۇپ ھېچبىر ئىشقا ئىختىيارى يوق ئىدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايىسى يېرىدە ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۇلۇغى ئۆز ئالدىغا خان تىكلەر ئىدى. شۇڭا، چاغاتاي مەملىكىتىدە مۇلكىي تەۋايىق كۆپ بولۇپ، تەپرىقە ـ ئىسيان زادىلا تىنچىمىدى. مەملىكەتتە داۋالغۇش توختىمىدى. شۇ مەزگىللەردە چاغاي مەملىكىتىدە تەرەققىيات، گۈللىنىش، قۇدرەت تېپىش، ئاۋاتچىلىق، بەخت ـ سائادەت ۋە تىنچ ـ ئاسايىشلىق دېگەنلەردىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تەپرىقە ۋە ئىنقىرازلىق كۈچىيىپ، مەملىكەت مۇنقەرز بولۇپ، پارچىلىنىپ كېتىش گىردابىغا كېلىپ قالغانىدى.

چاغاتاي مەملىكىتىنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەمىر بۇلاجى دوغلات تاشتۆمۈر باھادىرنى ئەۋەتىپ، مەرھۇم خاقان ئېسەن بۇغا ئىبنى چاغاتايخانىنىڭ ئېرتىش بويىدا قوي بېقىپ يۈرگەن ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئەردەۋىلدە چاغاتاي مەملىكىتىگە خان قىلىپ تىكلەپ، مەملىكەتنى مۇنقەرزلىك ـ پارچىلىنىپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ۋە گۈللەندۈرۈش ـ قۇدرەت تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ، ئەمما مۇشەققەتلىك تارىخىي ۋەزىپىنى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى.

ئىلى ـ قۇياس ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئالمالىق شەھىرى چاغاتاي خانلىرىنىڭ پايتەختى ئىدى. قەدىمكى قارلۇق[①]لار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ شەھەر قەدىمدىن تارتىپ خان ـ پادىشاھلارنىڭ ئاستانىسى بولۇپ كەلگەچكە، چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىگە يەتكەندە، ئۇمۇ بۇ شەھەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، ئىلگىرىكىدىنمۇ كاتتا بىر شەھەر قىلىپ

---

① قارلۇق ــ مىلادىيەدىن بەش ئەسىر ئىلگىرى ئىلى ـ قۇياس ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى تۈركىي قوۋمنىڭ نامى. ئۇلار تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرسى ئىدى.

قوروپ چىقىشقا بەل باغلىغانىدى.

ئۇ شەھەر سېپىلىنى ئىچكى سېپىل ۋە تاشقى سېپىل دەپ ئىككى قەۋەت قىلىپ باشقىدىن سالدۇرۇپ چىقتى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن سەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى ۋە گۈل ــ گىياھلارنى كەلتۈرۈپ، شەھەرنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى كۆكەرتىپ باغۇ بوستانلىق ئىچىگە قۇرۇلغان گۈزەل مەركىزى شەھەرگە ئايلاندۇردى. ئون يىلغا يەتمىگەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئالمالىق شەھىرى شۇنداق ئاۋاتلاشتىكى، شەھەرنىڭ ئىچىدە ئۆي ــ ئىمارەت، رەستە ــ دۇكان، ئايۋان ــ ساراي سېلىنمىغان بىكار جاي قالمىدى. ئۇ يەنە شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كاتتا بىر ساراي سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېتىنى «ئالتۇن قۇببىلىك ساراي» دەپ ئاتىدى. بۇ سارايىنىڭ ئۆگزىلىرى سېرىق بىللۇردىن يېپىلغان، تاملىرى گۈللۈك چاقچۇق بىلەن قاپلانغان، سەيناسىغا سىلىق مەرمەرتاش ياتقۇزۇلغانىدى. پاكىزلىقتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئىككىنچى بىر يەر يوق ئىدى. ئۇ قۇببىلىك سارايىنىڭ ئەتراپىغا تۆت قەۋەت قورۇ ــ جاي سالدۇردى. ھەربىر قورۇ ــ جايىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ يۈز قەدەمدىن كېلەتتى. قۇببىلىك سارايىنىڭ ئىچىگە خاننىڭ خابگاھى جايلاشقانىدى. ئاۋۋالقى قورۇ ــ جاي خاننىڭ ئوردىسى قىلىنغانىدى؛ ئىككىنچى قورۇ ــ جايدا ئۇنىڭ ئەمىر ــ ئۆمەرالىرى خىزمەت قىلىدىغان دىۋان جايلاشقانىدى؛ ئۈچىنچى قورۇنىڭ ئىچىدە خاننىڭ ئىچكىيلىرى تۇراتتى؛ تۆتىنچى قورۇ ــ جايدا ئۇنىڭ تۇرغاۋۇتلىرى تۇراتتى.

قۇببىلىك سارايدا خان قىش پەسلىدە تۇراتتى. شەھەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر ئۇلۇغ دەريا بار ئىدى. ئۇ چوڭ كەيگەن دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى. شەھەرگە يېقىن بىر يەردە يەنە بىر كىچىك دەريا بار ئىدى. ئۇ كىچىك كەيگەن دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ ئىككى دەريانى چاپتۇرۇپ، ئەتراپىغا ياخشى ۋە مەزمۇت قىلىپ تاشتىن قاش سوقتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

چىققانىدى. ئۇ ئىلى دەرياسى بىلەن بۇ ئىككى دەريانى بىر ـ بىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن دەريانىڭ ئارىلىقىغا ئۇلۇغ ئۆستەڭ قازدۇرۇپ، سۇ يولىنى راۋانلاشتۇرغانىدى. بازارغانلار ئىلى دەرياسى ئارقىلىق ئالمالىققا كېمە بىلەن بىۋاسىتە يېتىپ كېلەلەيتتى.

ئىلگىرى بازارغانلار كېمە ـ قولۋاق بىلەن ئىلى دەرياسى ئارقىلىق ئىلىبالىققا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماللىرىنى ئات ـ تۆگىلەرگە يۈكلەپ، قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ماڭسا، ئاندىن ئالمالىققا يېتىپ كېلەتتى. بۇنىڭدا ھەم ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، ھەم ئۇلاغ كۈچى ئىسراپچىلىقى بولاتتى ـ دە، ئايرىۋاشلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ تەننەرخى كۆپلەپ ئېشىپ كېتەتتى. شۇڭا، تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ ئىش ھەققىدە مەخسۇس چاقىرىلغان بىر قېتىملىق كېڭەشتە مۇنداق دېگەنىدى:

ــ مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقى سودا ـ سېتىق ئارقىلىق بولىدۇ. سودا ـ سېتىق بازارغانلارنىڭ بارماق ـ كەلمىكى بىلەن بولىدۇ. قانداق قىلغاندا بازارغانلارنى ئاستانىگە بىۋاسىتە كېلەلەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە قانداق ياخشى مەسلىھەتىڭلار بار، بولسا بېرىپ بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلغايسىلەر!

بۇ كېڭەشكە قاتناشقان خان مۆھۈردارى يەللىغ تايشى سۆز قىلىپ، خانغا مۇنداق دەپ تەكلىپ بەردى:

ــ پەغپۇرچىن① نىڭ ھودۇدلۇقىدىكى دەريا ـ شاخابچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۇنپاتاردىن باشلىنىپ، كۇنتوغاردىكى ئۇلۇغ ئۇممانغا قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئېلىدە يۇقىرى تەرەپ بىلەن تۆۋەن تەرەپنى تۇتاشتۇرىدىغان دەريا ـ ئېقىن يوق دېيەرلىك. پەغپۇر چىننىڭ تۆۋەنكى تەرەپلىرىگە جايلاشقان ئۆلكىلىرى مەمۇرچىلىققا تولغان ناھايىتى باياشات ئۆلكىلەردۇر. چوڭ خان

---

① پەغپۇرچىن ــ فەغفۇر چىن. يەنى، «جۇڭگو خاقانى» دېگەنلىك بولىدۇ. بەزى مەنبەلەردە «خاقانى چىن» دەپمۇ ئاتالغان.

قۇبلايخان[1] تۇرىدىغان خانبالىق[2] قا بۇ ئۆلكىلەردىن بازارغانلار كەلمەكچى بولسا ياكى تۆۋەنكى جايلاردىن يۇقىرى جايلارغا تۇرلۇك مەھسۇلاتلارنى توشۇپ كەلمەكچى بولغاندا، كېمە ـ قولۋاق ئۈزەلەيدىغان دەريائى ئۇمان بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ماللىرىنى ياكى مەھسۇلاتلىرىنى كېمىگە بېسىپ ئۇلۇغ ئۇمان ئارقىلىق يۇقىرىغا قاراپ ئۈزۈپ، دەريا ئېغىزلىرىغا يېتىپ كەلگەندە ئاندىن قولۋاققا ئولتۇرۇپ كۈنپاتارغا قاراپ ئۈزەتتى، ئاندىن قىرغاققا چىقالايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ماللىرىنى ئات ـ تۆگىلەرگە ئارتىپ قىرىق كۈن يول يۈرگەندە ئاران خانبالىققا يېتىپ كېلەلەيتتى. شۇڭا، قۇبلاينىڭ ھۆكۈمالىرى ئۇنىڭغا: «كۆك دەريا[3]دىن ساقا ئېلىپ يۇقىرىقى تەرەپتىكى خانبالىققا قارىتىپ بىر ئۇلۇغ ئېرىق[4] قازدۇرۇڭ ۋە ئۇنى سۇ بىلەن لىق تولدۇرۇڭ. بازارغانلار ئاشۇ ئۇلۇغ ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن قولۋاققا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل يۈرسە، خانبالىققا قىينالماستىنلا يېتىپ كېلەلەيدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى. قۇبلايخان مەملىكەتنىڭ جەنۇبىدىكى كۆك دەريا بىلەن شىمالدىكى خانبالىقنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر ئۇلۇغ ئېرىق قازدۇردى. بۇ ئۇلۇغ ئېرىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىرىق كۈنلۈك مۇساپە ئىدى، ئېنى ئوتتۇز قەدەم كېلەتتى. خان پەرمان بىلەن بۇ ئۇلۇغ ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېگىز قاش سوقتۇرۇپ، قاش ئۈستىگە دەرەخ تىكتۇردى. تاش ياتقۇزۇپ يولنى راۋان قىلدى. بازارغانلار كۆك دەريادىن تاكى خانبالىققا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا دەرەخنىڭ سايىسىدا ئاپتاپ كۆرمەستىن كېلىدىغان بولدى. يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۇلۇغ ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە

---

① قۇبلايخان ــ جۇڭگو تارىخىدىكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ــ يۈەن شىزۇ. ئۇ مىلادىيە 1260 ــ 1295 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان.

② خانبالىق ــ بېيجىڭ.

③ كۆك دەريا ــ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تارىختىكى نامى.

④ ئۇلۇغ ئېرىق ــ دايۈنخې قانىلىنىڭ تارىختىكى نامى.

ئاشخانا، دۇكان، راباتلارنى سالدۇرۇپ، ھەربىر مەنزىلگە بىردىن بەندەرگاھ[1] ياساتقۇزدى ھەمدە بۇ ئۇلۇغ ئېرىقتىن كىچىك ئېرىقلارنى ئالدۇرۇپ، كەنتلەرنى ۋە قەلئەلەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇردى[2].

ــ ساھىبقىران خان ئالىيلىرى، ــ دېدى يەللىغ تايشى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، ــ بىز چوڭ خان قۇبلايخاننىڭ ئۇلۇغ ئېرىق قازدۇرۇپ، مەملىكەتنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرغانلىقىدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئىلى دەرياسى بىلەن كەيگەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇلۇغ ئېرىقتىن بىرنى قازدۇرۇپ، بۇ ئىككى دەريانى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان بولساق، بازارغانلار ئىلى دەرياسىدىن كېمە، قولۋاقتا ئولتۇرۇپ، ئاستانە ئالمالىققا بىۋاستە يېتىپ كېلەلەيدۇ، ئەمەسمۇ؟...

تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئىلى دەرياسى بىلەن كەيگەن دەرياسى ئوتتۇرىسىدا ئۇلۇغ ئېرىقتىن بىرسىنى قازدۇرۇپ، سۇ يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئالمالىقتىن تەگرىتاغلىرى ئارقىلىق مەملىكەتنىڭ ئەتراپىغا بارىدىغان قۇرۇقلۇق يوللىرىدىكى مۇزداۋان[3]، تەلمەتنىڭ داۋىنى[4]، كۆكۇرچىن داۋىنى[5] ۋە تالچى[6] داۋىنى قاتارلىق مەشھۇر قەدىمكى مۇھىم تاغ ئېغىزلىرىدا خانلىقنىڭ تەمىراتى بىلەن تەمىنلىنىدىغان داۋانچىلارنى تۇرغۇزۇپ، يوللارنى كېڭەيتىپ ياساتتى. سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرىنى راۋانلاشتۇرغاندىن كېيىن، كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان تىرىشچان بازارغانلارنىڭ مېھنىتى بىلەن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى مەركىزىي شەھەرلەر بىلەن يېزا ـ

---

① بەندەرگاھ ــ پورت، كېمە، پاراخوت توختايدىغان پىرىستان.

② بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۇچۇن، ئەبۇلغازى باھادىر خاننىڭ «شەجەرى تۈرك» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

③ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى داۋانلارنىڭ نامى.

④⑤⑥ ئىلى ۋىلايىتىدىكى داۋانلارنىڭ نامى.

قىشلاقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشتى، بازارلار تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى، قاتناش ـ نەقلىيات ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش تېخىمۇ كۈچەيدى.

* * *

قەنبەلى شىرئوغۇل تاشتۆمۈر باھادىر تەرىپىدىن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى مۇلازىم نامى بىلەن تەقىب قىلىشقا ئەۋەتىلگەندىن بېرى، ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئۇنىڭغا بىۋاستە ئۆز خىزمىتىدىن مەلۇمات بېرىپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئادەت بويىچە دىۋاننىڭ چوڭ ئىشىكىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرغان تۇرغاۋۇتقا ئۆزىنىڭ تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، تۇرغاۋۇت ئىچكىرىگە كىرىپ، بىر ئازدىن كېيىن چىقىپ، دىۋاننىڭ ئايۋانىغا قارىغان ئىشىكلىرىدىن بىرسىگە ئىشارەت قىلدى.

قەنبەلى شىرئوغۇل ئىشىكتىن كىرىپ، تۆردىكى شىرە ئالدىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان تاشتۆمۈر باھادىرغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن مەلۇمات بېرىشكە باشلىدى.

— خوش، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات توغرىسىدا يەنە قانداق يېڭى خەۋەرلەرنى بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى تاشتۆمۈر باھادىر ئۇنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — ئۇ ھازىر نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ؟

— ھېچ نەرسە بىلمىدىم، ئەمىر جانابلىرى، مەن قارىسام ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ، خاتالىقىنى ھەقىقىي تونۇغاندەك قىلىدۇ. ئۇ ھازىر ئەتىگەندىن تا كەچكىچە جاينامازدىن قوپماي ناماز ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ. ھەربىر دۇئا ـ تىلاۋىتىدە جانابىي خان ئالىيلىرى بىلەن سىز ئەمىر جانابلىرىغا ئۆزىنىڭ چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئاللاغا ھەمدۇ

www.uyghurkitap.com

سانا ئېيتىدۇ. ئۇ تېخى جانابىڭىز بىلەن بىر كۆرۈشسەم، دەپ ئىلتىماس قىلىۋىدى...

ــ سەنمۇ ئۇنىڭ مۇنداق ياغلىما سۆزلىرىگە ئىشەندىڭمۇ؟ ــ دېدى تاشتۆمۈر باھادىر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تاشلاپ، ــ ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھىغا ھەرگىز توۋا قىلمايدۇ ۋە مۇتلەق پۇشايمان يېمەيدۇ. مېنىڭ ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق!

ــ ئەمىر جانابلىرى، ھەق گەپ قىلدىڭىز، ــ دېدى قەنبەلى شىر ئوغۇل ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ، ــ مەنغۇ جانابىڭىزغا ئەقىل ئۆگەتكۈدەك بىلىمدان ئەمەسمەن. بولمىسا مەن سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ قوياي!

تالادىكى تىنچىق ئىسسىقنىڭ ھارارىتىدىن خانىنىڭ ئىچمۇ تونۇردەك قاتتىق ئىسسىپ كەتكەنىدى. تاشتۆمۈر باھادىر ئۈستىدىكى نېپىز يىپەك تونىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېچىۋەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا تەرلەپ چىپىلداپ كەتكەنىدى. ئۇ چاي ئىچمەكچى بولۇپ ئالدىدىكى شىرە ئۈستىدە تۇرغان چەينەكنى قولىغا ئالدى. بىراق، چەينەك ئاللىقاچان بوشاپ قالغانىدى.

قەنبەلى شىر ئوغۇل دەرھال تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ قولىدىن چەينەكنى ئېلىپ، چاي كەلتۈرۈش ئۈچۈن تالاغا قاراپ ماڭدى...

شۇ كۈنى كەچتە تاشتۆمۈر باھادىر ھاممامدىن يۇيۇنۇپ بولۇپ قايتىپ چىققۇۋاتقاندا، ئۆزىنى تولىمۇ بىتاپ سەزدى. ئۇ بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، كەينى ــ كەينىدىن قەي قىلىپ ياندۇردى. ئۇ ناھايىتى ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. مۇلازىملىرى ئۇنى ياتاقخانىسىغا يۆلەپ ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇشتى. ئۇنىڭ بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزىنىڭ باش ئوردا ئەمچىسىنى دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ يەللىغ تايشى، مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا، لاۋرېنتىي ھەزرەت ۋە ئەمىر تۆمۈر مەلىكىلەرنى ئېلىپ ئانچە ھايالشماستىنلا يېتىپ كەلدى. ئوردىنىڭ باش ئەمچىسى

تاشتۆمۇر باھادىرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، زەھەر قايتۇرىدىغان دورا بۇيرۇتقانىدى. خاننى كۆرۈپ، ئۇ تاشتۆمۇر باھادىرنىڭ «توز ئۆتى» دېگەن بىر خىل ئۆتكۈر ئوغا بىلەن زەھەرلەنگەنلىكىنى، زەھەرنىڭ ئاللىقاچان قانغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ھازىر يۈرەككە تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى.

زەھەرنىڭ تەسىرىدە ھالسىزلىنىپ كەتكەن تاشتۆمۇر باھادىر خاننى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، بىراق ماغدۇرى يەتمەستىن بېشى ياستۇققا چۈشۈپ كەتتى. خان ئىتتىك كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ، قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇردى.

— ئەي، خان ئالىيلىرى، رەھمەت ساڭا، — دېدى ئۇ خانغا زەئىپ ئاۋازدا، — مەن ئۆزۈمنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىمنى بىلىمەن. ئۆلچەملىك رىزىق، ساناقلىق كۈنلىرى تۈگىگەندە، ئادەم ئۆلمەي قالمايدۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ھېچكىم بولمىغان. شۇڭا، جان بار يەردە قازامۇ بولىدۇ...

ئۇ سۆزلەۋېتىپ، ھالسىزلانغىنىدىن ئۈزۈلۈپ قالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆز قولى بىلەن مۇزدەك شەربەت ئىچۈرۈۋىدى، ئۇ سەل - پەل ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى - دە، بايىقى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ساھىبقىران ئالىيلىرى، سۆزۈمگە قۇلاق سال. سەن چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت ساھىبى بولغاندىن بېرى، يۇقرالارنى كۈلدۈرۈپ، دۈشمەنلەرنى كۆيدۈرۈپ كەلمەكتىسەن. سېنىڭ ئادالىتىڭ كۆپ، زۇلۇم - زەخمەتلىرىڭ ئاز بولغاچقا، «خاقانىي ئادىل» دەپ ئاتالدىڭ. بىراق، ئېسىڭدە بولغايكى، تەخت - سەلتەنەت خۇددى ئېگىز تاغقا ئوخشايدۇ. گەرچە تاغدا قىممەتلىك جاۋاھىرات بولغىنى بىلەن، يەنە بۆرە، يىلپىز، يولۋاسقا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە يىلان - چاياندەك زەھەرلىك زىيانداشلارمۇ بولىدۇ. تاغقا چىقماق تەس بولغىنىغا

ئوخشاش، تاغدا ئورۇن تۇتماقمۇ قىيىن. سەلتەنەت خۇددى توسۇن ئات قېتىلغان ھارۋىغا ئوخشايدۇ. سېنىڭ ئەتراپىڭدا پەرۋانە بولۇپ ئىشلەيدىغان ئەمىر ـ ئۆمەرا، بەگ ـ بىگاتلار مۇشۇ سەلتەنەت ھارۋىسىغا قوشۇلغان ئاشۇ توسۇن ئاتلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تەخت ساھىبى بولغان كىشى بۇ سەلتەنەت ھارۋىسىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. بولمىسا سەللا بىخەستەلىك قىلىپ قويسا، ئاشۇ توسۇن ئاتلارغا ئوخشايدىغان ئەمىر ـ ئۆمەرالار، بەگ ـ بىگاتلار سەلتەنەت ھارۋىسىنى كاتاڭغا ئاپىرىپ تىقىشقا تەييار تۇرۇشىدۇ. مېنىڭ سېنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم شۇكى، بۇ كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا كۆپرەك ئۇلارنىڭ نام ـ نەسەبىنىڭ قانداقلىقىغا ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپە ـ خىزمىتىگە قاراپلا ئىلتىپات قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ قانداقلىقىغا ۋە ئىقتىدار ـ قابىلىيىتىگە قارىغايسەن. چۈنكى، ھەرقانداق بىر كىشى ئاتا ـ بوۋىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ ساپلىقى ۋە ئىستېداتى بىلەن خالايىققا تونۇلىدۇ. چاشقان خالايىق بىلەن بىللە ياشىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن خالايىققا زىيان يېتىدىغىنى ئۈچۈن، ھەممە ئادەم ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۈركۈت يىراق تاغلاردا ياشىسىمۇ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت يېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى ئىززەتلەپ، قولىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈشىدۇ. شۇڭا، تەخت ساھىبى بولغان كىشى ئۆز يېقىنلىرى ۋە دوستلىرىغا ئەمەس، بەلكى پازىل، دانىشمەن كىشىلەرگە نەزەر سېلىش لازىم. ھەرقانداق بىر مەملىكەتتە پازىل ۋە دانىشمەن كىشىلەرنىڭ ئىستېداتى زايە بولۇپ كەتسە ۋە يامان ئادەملەر تەخت ساھىبىنىڭ ئىختىيارلىق تىزگىنىنى قولىغا ئېلىۋالسا، ئۇنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىگە چوڭ نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇملۇقىنىڭ زىيىنى تەخت ساھىبى ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسىگە باراۋەر يېتىدۇ...

تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ ماغدۇرى ئۇزۇلۇپ، سۆزىدىن توختىدى. ئۇ بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، رەڭگىرويى سارغىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ دېمىنى ئېلىپ، سەل - پەل ئۆزىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— لەشكەركەشلىك بالالىرى خۇددى دۇشمەن ماڭا ئىچۈرگەن ئوغا - زەھەردەك ئۆمرۈمنى غاجاپ تۈگەتتى، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋاز بىلەن سۆزلەپ، — ئىش ئەمدى بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، پۇشايمان قىلغان بىكار. ئەگەر سۆزۈمدە ساڭا قوپاللىق قىلغان بولسامۇ ئەيىب سانىماسسەن، جانابىي ساھىبقىران خان ئالىيلىرى، مەن سېنى ئېرتىش بويىدا قوي بېقىۋاتقان يېرىڭدە ئۇچراتقان ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ، ساڭا قانچىلىغان نەسىھەتلەرنى قىلغاندىمەن. ھەرقانداق ئىشنىڭ بېشىدىلا ئۇنىڭ نەتىجىسىگە نەزەر سالالىغان ۋە قىلغان - ئەتكەنلىرىگە ھەم دېگەن سۆزلىرىگە پۇشايمانلىق ۋە پەرىشانلىق كەلتۈرمىگەن كىشىلا ئاقىل، دانا ۋە پازىل كىشى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پۇشايمان دۇشمەننى خۇشال، دوستنى مالال قىلىشتىن باشقا پايدا بەرمەيدۇ !...

بۇ چاغدا تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ، تىنالماستىن ئۆزىنى ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا بىر - ئىككى قېتىم تاشلاپ جىمىپ قالدى، ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتكەنىدى.

ھەممە چارە - ئامالالرنى قىلىپ كۆرگەن باش ئەمچى ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئەمدى ئامالسىزمەن، دېگەندەك قىلىپ، ئىككى قولىنى تاشلاپ، مۈرىسىنى قىسىپ قويدى. ئېغىر پەيتلەردە ئاشۇ تاشتۆمۈر باھادىرغا يۆلىنىپ ئۆگىنىپ قالغان تۇغلۇق تۆمۈر بىرەر چارە - ئامال ئىزدىگەندەك قىلىپ يېنىدىكىلەرگە تەلمۈرۈپ قارىدى. بىراق، ئۇلارمۇ ئامالسىزلىقتىن ئۆزلىرىنى قويارغا يەر تاپالماي قېلىشقانىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان قۇچىقىدا بىھوش ياتقان تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ بېشىنى ياستۇققا ئاستا قويدى - دە، ئاللادىن

www.uygurkitap.com

نجاتلىق تىلەپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈردى:

— ئىبارايا پەرۋەردىگارا، دانا سەن ۋە پاناھىمسەن، ئۇل تاشتۆمۈر باھادىرنى بۇ ئازابتىن خالاس قىلغايسەن ! ئى ھەم سۇبھانە ۋەتەئالا، مەن تۇغلۇق تۆمۈردۇرمەن ! ئەگەر ساڭا جان كېرەك بولسا، مانا مەن ئۆمرۈمنى ۋە جېنىمنى تاشتۆمۈر باھادىر ئۈچۈن ساڭا تەسەددۇق قىلدىم ! ئەزرائىل، مانا مېنىڭ جېنىمنى ئالغايسەن ۋە ئاللا تاشتۆمۈر باھادىرغا شىپالىق بەرگەيسەن ! — دەپ نالە ـ پەرياد ئەيلىدى.

بۇ چاغدا خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەك، باياتىن بىھوش ياتقان تاشتۆمۈر باھادىر جۆيلۈپ، بىرنېمىلەرنى دەپ كۆزىنى پاللىدە ئاچتى ۋە بېشىدا قاراپ تۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن بىرسىنى ئىزدىگەندەك ئۆزاققىچە قاراپ كەتتى. ئاخىر ئەمىر تۆمۈر مەلىكنى كۆرۈپ، ئۇنى يېنىغا كېلىشكە ئىما قىلدى.

تۆمۈر مەلىك ئىتتىك كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. تاشتۆمۈر باھادىر ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ۋەسىيەت قىلغاندەك قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن سېنىڭدىن رازىمەن. ئەمدى سەنمۇ مېنىڭدىن رازى بولغايسەن، كۆزۈم يۇمۇلماستىن، مەن تۇرغاۋۇتلار تۇمەنىنىڭ ئەمىرلىك ۋەزىپىسىنى مۇنۇ تۆمۈر مەلىككە تاپشۇراي ! ئۆھۆ !... ئۆھۆ !... — ئۇنى كالتە يۆتەل تۇتۇپ قىقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەپسى بارغانسېرى ئىتتىكلەپ، ئەھۋالى پەسىيىپ كېتىۋاتاتتى.

تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ بىسەرەمجان بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باش ئەمچى خانغا:

— ئەمىر كېبىر جانابلىرى ئارام ئېلىشى كېرەك ! — دەپ پىچىرلىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ۋە تاشتۆمۈر باھادىرغا رازىلىق بەرگەندىن كېيىن، كۆزىدىن تاراملاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان يېشىنى سۈرتكەن پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا ماڭدى...

* * *

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتقا ئىككى تۇرغاۋۇتنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئوردا خىزمەتچىسى خاننىڭ ئۇنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىنى «مېنىڭمۇ پەيمانىم تولغانمىدۇ؟» دېگەن دەھشەتلىك ۋەھىمە چۇلغىۋالغانىدى. سەرەتان تىنچىقىدىن قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن بۇ كۈندە خاننىڭ ئوردىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن پانىي دۇنيادىكى دوزاختەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا خۇددى ئوردىنىڭ ئېگىز قورغان تېمىنىڭ ئارقىسىدا نامەلۇم بىر خەۋپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، نېمە ئامال بار دەيسىز، ئۇ خاننىڭ ئەجدىھادەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان ئوردىسىغا بېرىشقا مەجبۇر ئىدى.

ئوردا مۇلازىمى ئىككى تۇرغاۋۇتنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى ئېلىپ ئوردىغا مېڭىپ كەتتى. كۆك قەرىدىكى ئورنىدا خۇددى بىرسى ئېسىپ قويغان ئالتۇن لېگەندەك مىدىرلىماي تۇرغان قۇياشنىڭ ھارارەتلىك تەپتىدىن قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن ئالمالىق كوچىلىرىنىڭ ئەكسىچە، دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان خان ئوردىسىنىڭ ئىچى بۆلەكچىلا ئارامبەخش سالقىن ئىدى.

ئۇلار دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان يول بىلەن مېڭىپ، قۇببىلىك سارايىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئوردا مۇلازىمى تۇرغاۋۇتلارنى ئوردىنىڭ قىزىل ئېگىز قورغان تېمىنىڭ ئەگمە ئىشىكى ئالدىدا قالدۇرۇپ، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى باشلاپ قۇببىلىك سارايىنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

قۇببىلىك سارايىنىڭ سەيناسى بەكلا كەڭرى بولۇپ، سارايىنىڭ ھۇجرا ـ بۆلۈمچىلىرىگىچە ياغاق ياغىچىدىن گۈل چىقىرىپ نەپىس ئىشلەنگەن سالاسۇنلۇق ۋادەكلەر بىلەن ئىھاتىلەنگەن يۆلەكلەر ئارقىلىق ئۆتكىلى بولاتتى. قۇببىلىك سارايىنىڭ نەقىش

چىقىرىلىپ، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئىشىكلىك ھۇجرىلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. يۆلەكلەر ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان ھۇجرا ۋە بۆلۈمچىلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىدىن ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغۇدەك نۇر چاقناپ تۇراتتى. ھەربىر ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە نەيزە ـ قىلىچ تۇتۇشقان قوراللىق تۇرغاۋۇتلار ھەيۋەت قېتىپ تۇرۇشاتتى. قۇببىلىك سارايىنىڭ ئەتراپىنى زىلال سۇلار شىرىلدىشىپ ئېقىپ تۇرۇشقان ئېرىقلار ۋە بۇ ئېرىقلارنىڭ بويلىرىدا بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن دەل دەرەخلەر، ياپيېشىل سەرۋى ـ شەمشادلار ئوراپ تۇراتتى. قۇببىلىك ساراي پۈتۈن خان ئوردىسىنىڭ ئەڭ خىلۋەت جايى بولۇپ، سېرىق كاھىشلار بىلەن يېپىلغان ئېگىز قىزىل ئوردا تېمىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ھەرەم جايلاشقانىدى.

ئوردا مۇلازىمى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى باشلاپ سەككىز تۈۋرۈكلۈك بىر ئايۋان سارايىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خابگاھى ئىدى. ئۇ ئىشىكئاغىسىغا ئۆزىنىڭ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئىشىكئاغىسى كىرىپ كېتىپ، بىرئازدىن كېيىن چىقتى ۋە ئۇنى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى.

خاننىڭ خابگاھى تاملىرى رەڭلىك گەجدىن قەشقەر نۇسخىسىدا گۈل چىقىرىپ ئىشلەنگەن گەج ـ خالىق ئېگىز تۆت بۇرجەكلىك ياسىداق بىر خانا بولۇپ، ئىشىكئاغىسى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى باشلاپ كىرگەندە، خان ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى بىر شىرەنىڭ ئالدىدا مەلۇماتلارنى كۆرۈپ ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر دىۋان خادىمى ئۆرە تۇراتتى.

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات تۇغلۇق تۆمۈرخاننى كۆرۈپ دەرھال يەرگە چۆكۈپ تىزلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى، ئاندىن:

ــ خاقانى ئالەمپاناھ، مەنكى ناتىۋان قۇلىڭىز جەننەت ماكان ئاغام ئەمىر بۇلاجى دوغلاتنىڭ دەستۇرى بىلەن ئۆزۈمنى سىز

پەلەكپاناھ خاقانىي ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا مۇلازىم قىلسام، دېگەن ئارزۇ - ئارماندا ئىدىم، — دېدى ئۇ خۇشامەت قىلىپ تۇرۇپ، — شۇ ۋەجىدىن، مەن ئاستانىڭىزنى ھاجەت قىبلىسى ۋە مۇراد كەبىسى دەپ بىلىپ، خىزمىتىڭىزگە كېچەيۇكۈندۈز مۇنتەزىر بولۇپ تۇرغانىدىم. نە ئىلاج، لەنىتى رەقىبلىرىمنىڭ تۆھمىتىگە ئۇچراپ، ئۆزۈمنى سىز خاقان ئالىيلىرىنىڭ خىزمەت مۇلازىمىتىدىن ۋاقتىنچە بولسىمۇ چەتكە ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەلھال، بۇ قېتىم سىز پادىشاھى ئالەمپاناھ ئالىيلىرىنىڭ رەھمەت - مەرھەمىتىگە يېڭىباشتىن نائىل بولغاندىن كېيىن، ھۇزۇرى مۇبارەكتە بوينۇمغا قۇللۇق بەلبېغىنى سېلىپ قول باغلاپ تۇرۇپتىمەن. ئەگەر بىرەر مۇھىم ئىشتا مەنكى ناتىۋان قۇلىڭىز سىز پادىشاھى جانابىي ئالىيلىرى ھۇمايۇن قۇشقا ئوخشاش يارلىقىڭىزغا مۇناسىپ بولۇپ قالسام، ئەقلىمنىڭ مەدىتى بىلەن ئۇ ئىشنى بەجا كەلتۈرگەن بولاتتىم! چۈنكى، سىز ساھىب زامان جانابىي ئالىيلىرى بەزى مۇھىم ئىشلاردا دۆلەت ئەركانلىرىغا، سەلتەنەت ئەئيانلىرىغا، ئەمىر - ئۆمەرا ۋە بەگ - بىگاتلارغا ئېھتىياجىڭىز چۈشىسىمۇ، ئەمما بۇ مۇبارەك دەرگاھتا بىزگە ئوخشاش كىچىك قۇللىرىڭىزنىڭ مەدىتى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىلىدىغان بەزى مۇھىم ئىشلارمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە! خۇددى يىڭنە بىلەن قىلىنىدىغان بەزى ئىشلارنى نەيزە قىلالمىغاندەك، بەكە - قەلەمتىراش قىلالايدىغان ئىشنى خەنجەر - قىلىچمۇ قىلالمايدۇ! يەنە ئالايلى، بىر پارچە شىرشىق خار بولۇپ يولدا تاشلىنىپ ياتقان بولسا، شۇنىڭمۇ بىر كۈنى كارغا كېلىپ قالىدىغان يېرى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇنى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن چىش كولىغۇچ ياساپ، چىشنىڭ كىرىنى ئالغىلى ياكى قۇلاق كولىغۇچ ياساپ قۇلاقنىڭ كىرىنى ئالغىلى بولغىنىدەك، ماڭا ئوخشاش ھېچقانداق قەدىر - قىممىتى يوق بىر خىزمەتكارىڭىزنىڭمۇ ئۇل دەرگاھى مۇبارەكتە كارغا يارايدىغان

يېرى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس !

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ سۆزلىرى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىدە مەلۇم بولۇۋاتقان قابىلىيەت ۋە پاساھەتلەر تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ياغدەك خۇشياقتى، ئۇ قايىل بولغىنىدىن ئىچىدە ھەتتا ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپمۇ قويدى تېخى !

ـــ تەخت ساھىبى بولغان كىشى ئادەم ئىشلەتكەندە، نام ـ پەزىلىتىدىن كۆرە، ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىدۇ، ـــ دېدى خان بىرپەس ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ـــ چۈنكى، ھەربىر ئادەم ئەجدادى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھۈنەر ـ قابىلىيىتى ئارقىلىق خەلقئالەمگە تونۇلىدۇ. خۇددى چىراغنى پەرلىگەندە، پىلىكىنى قايچا بىلەن كېسىپ قىسقارتقانسېرى، يالقۇنى تېخىمۇ ئېگىز ئۆرلەپ كۆيگەنگە ئوخشاش، قابىلىيەتلىك كىشى ئۆز ئىقتىدارىنى يوشۇرۇپ يۇرسىمۇ، ئەمما ئەقلى ۋە دانىشمەنلىكى ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى ئىختىيارسىز ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات، سېنىڭ قاتال سۇيىقەستچىلىرىنىڭ «جامە مەسچىتىگە ئوت قويۇش ۋەقەسى» بىلەن چېتىشلىقىڭ ئىسپاتلانمىغان ئەھۋالدا، سېنى داۋاملىق تەقىب ئاستىدا تۇتساق، ئەمدى مۇۋاپىق بولماس، سېنىڭدىكى ئىقتىدار ۋە قابىلىيەتكە ھەقىقەتەن كۆز يۇمماي مىز. سەن چوڭ كىشى بولۇشنى خالىساڭ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىر قەدىمىڭنى ئويلاپ، ئېھتىيات بىلەن پۇختا بېسىشىڭ كېرەك. مۇبادا سەن بۇنىڭدىن كېيىن سەلتەنەتكە سادىق بولۇپ، پېشىمىزنى مەھكەم تۇتىدىغان بولساڭ، سېنى پىلىسىرات كۆۋرۈكىدەك ھەرقانداق خەتەرلىك ئۆتكەللەردىنمۇ تىنچ ـ ئامان ئۆتكۈزۈپ كېلەلەيمەن. ئۇلۇسبېگى ئەمىر خۇدايدات دوغلات تېخى كىچىك بولغاچقا، مۇھىم ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. نائىب ئۇلۇسبېگى ئەمىر تۆلەك دوغلات قاتاللارنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا نائىبلىققا تەيىنلەش ئۈچۈن بەگلەرنىڭ ئارىسىدىن ياراملىق بىرەرسىنى

تاللاپ بولالماي، بېشىمىزنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ تۇراتتى. ئەسلىدە سەن بۇ خىزمەتكە يارامىلىق نامزاتلارنىڭ بىرسى ئىدىڭ. بىراق، ئوردا ئىچىدە سېنى نائىب ئۇلۇسبېگى قىلىپ تەيىنلەشكە قارشى پىكىردىكىلەر بىرقەدەر كۆپ بولماقتا. شۇنداق بولسىمۇ، رەھمەتلىك بەگ ئەتكەمىز، ئۇلۇسبېگى ئەمىر بۇلاجىنىڭ يۈز ـ خاتىرى ئۈچۈن بولسىمۇ، سېنى مەرھۇم ئەمىر تۆلەك دوغلاتنىڭ ئورنىغا نائىب ئۇلۇسبېگى قىلىپ تەيىنلەشنى قارار قىلدىم. شۇڭا، ئوردىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقى بېسىلغۇچە سورۇنلاردا گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتىڭگە دىققەت قىلغىن، تىلىڭنى يىغىپ يۈرگىن!

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئەپسۇنىنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانلىقىنى، سۆزمەنلىكى بىلەن خاننىڭ كۆڭلىنى ئېرىتكەنلىكىنى چۈشەندى. ئەمما، ئۆزىنىڭ خۇش بولغانلىقىنى قىلچە چاندۇرمىدى.

— ئى مۇرۇۋۋەتلىك شاھى جاھان، ھىممىتىڭىزگە مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر ئېيتقايمەن! — دېدى ئۇ ئۆز تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپ، — مېنىڭدەك كىشى يۇرتىدا مۇساپىر ـ مۇجاپىرلىقتا خار ـ زار بولۇپ يۈرگەن بىر ناتىۋان ئادەمنىڭ يۈزىگە مېھرىبانلىق ئىشىكىنى ئاچقانلىقىڭىزدىن ۋە ئۆز مەرھەمىتىڭىزنى مېنىڭدەك ئاددىي بىر مۇلازىمىڭىزنىڭ ئىنايەت داستىخىنىغا مەردلەرچە چاچقىنىڭىزدىن ئىككى ئالەملىك مىننەتدارمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈمنى ئەمدى ئاستانىڭىزدا ئىت بولۇپ ھۆرۈپ، ئات بولۇپ چېپىپ خىزمەت بىلەن ئۆتكۈزگەيمەن. سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە ھەرگىز غاپىللىق ۋە بوشاڭلىق قىلمىغايمەن ھەمدە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مەرتىۋە ـ ھۆرمەت ئىزدىمىگەيمەن!

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ نائىب ئۇلۇسبېگىلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدىكى مەنشۇرنامەنى

www.uyghurkitap.com

ئۆز قولى بىلەن ئەمىر قەمەرىدىنگە بەردى ۋە ئۇنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت قىلدى...

* * *

بۇ يىلقى رامىزان ياز پەسلىنىڭ سەرەتان ئىسسىقى مەۋسۇمىغا توغرا كەلدى. بۇ ئىلى ـ قۇياش ۋادىسىنىڭ ئەڭ ئىسسىق، ئەڭ تىنچىق چاغلىرى بولۇپ، پايانسىز كۆكدالا تۇزلەڭلىكىدە سەرەتان پىلىلداپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ، يىراقتىكى مەنزىرىلەرنى ھەم چوڭ، ھەم يېقىن قىلىپ كۆرسىتىۋاتاتتى. كەيگەن بويىدىكى بوستانلىقتا سۇغدىشىپ ئۇچۇشقان سۇجە تورغايلارنىڭ خۇددى ئۆينىڭ ئۇستىدىكى كۆك ئاسمانغا ئىلىنىپ قالغاندەك بىر ئورۇندا مىدىرلىماي تۇرۇۋېلىپ، تۇرلۇك ـ تۇرلۇك شەكىللەرنى كۆرسەتكىنىچە چۇچۇك سايرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باغ تەرەپتىن ھەمىشە جاۋابسىز قالىدىغان سوئال ـ سورىقىنى يېنىپ ـ يېنىپ تەكرارلاپ قىچقارغان كاككۇكنىڭ ئۇنى بەزى ـ بەزىدە ئاڭلىنىپ قالاتتى. دۇنيادا ئەڭ گۇناھسىز بۇ ساددا قۇش گۈزەل تەبىئەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ مەشۇقىنى قىچقىرىمەن دەپ كىچىككىنە سىرىنى قىلچىمۇ يوشۇرماستىن پاش قىلىپ قويۇۋاتاتتى. ئىلى دەرياسى بىلەن كەيگەن دەرياسىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ ئېرىقنىڭ ئىككى قېشىدا بۇككىدە ئۆسۇشكەن مەجنۇنتاللارنىڭ يۇمران تال چىۋىقلىرى تۆۋەنگە ئېسىلىپ چۇشكەن بولۇپ، قاتتىق ئىسسىقتا قىزىپ ئوت بولۇپ كەتكەن تىنچىق ھاۋادا تىپتىنچ تۇراتتى. سەرەتان ئىسسىقىدا سارغىيىپ پىشىپ، مۇسۇنلىرى شاراقلاپ قۇرۇشقا باشلىغان چەكسىز بۇغدايلىقلاردا دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئورما ناخشىلىرى بىلەن ئېتىزلارنى چاڭ كەلتۇرۇپ، تەرلەپ ـ پىشىپ ئورۇشۇۋاتاتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ ئۆلۈمىنى

داغدۇغا بىلەن ئۇزاتتى. خاننىڭ پەرمانى بىلەن ئۇنىڭغا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قىرىق كۈن ماتەم تۇتۇلدى. ئاخىرەتلىك ئىشلارغا خان ئۆزى بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلىپ، جاي ـ جايدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەملىكەتتىكى پۇقرايۇ پېقىرلارغا ئاش تارتىپ نەزىر بەردى.

تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتۈشى چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتى ئۈچۈن تولدۇرغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى خان ئەمدىلا ھېس قىلىشقا باشلىدى.

تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ھاردىم ـ تالدىم دېمەستىن، بەجانىدىللىق بىلەن خىزمەت قىلىش جەريانىدا كۆرسەتكەن تۆھپە ـ نەتىجىلىرى ۋە ئۆزىگە بولغان سەممىي ـ ساداقەتمەنلىكى، ئۆزئارا مۇئامىلىدىكى ئادەمگەرچىلىكى، ئىنسانىي ئەدەپ ـ ئەخلاققا قەتئىي رىئايە قىلىدىغان ئېسىل پەزىلىتى، قىيىنچىلىق ـ مۇشكۈللەرنى يېڭىشتىكى زېرەكلىكى، سالماق ـ تەمكىنلىكى، ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرىدىكى تەدبىرلىكلىكى ۋە دانىشمەنلىكى قاتارلىق ئېسىل سۈپەتلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ يادىغا كەلسىلا، يۈرىكى ئېزىلىپ كېتەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۆز خەلقىگە باشپاناھ، لەشكەرلىرىگە يار ـ يۆلەك بولالايدىغان چېۋەر سەركەردە ئىدى. «ۋاي ئىسسىت! تاشتۆمۈر باھادىر ئەنە شۇنداق ئەقىللىك، پاراسەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك سەركەردە بولۇپ تۇرۇقلۇق ئەجەب ھالاكەتكە ئۇچراپ، دۇنيادىن ۋاقىتسىز كېتىپ قالدىغۇ» دەپ ئازابلىق نىدا قىلاتتى كۆپ ۋاقىتلاردا خان، «مەن ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىماي زادى توغرا قىلدىمۇ ياكى خاتا قىلدىمۇ؟ ئۇنىڭ ماڭا ئېيتقان ئاشۇ سۆزلىرى ئامانەتمىدى ياكى خىيانەتمىدى؟...»

تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ دۈشمەن قولىدا ۋاقىتسىز نابۇت بولۇپ

ھالاكەتكە ئۇچرىشى يالغۇز تۇغلۇق تۆمۈرخانغىلا ئەمەس، بەلكى مەۋكەبتىكى يەللىغ تايشى، مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ۋە لاۋرىنتىي ھەزرەت قاتارلىق بىرمۇنچە دۆلەت ئەربابلىرىغىمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. بولۇپمۇ خاننىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىماي ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى قايتىدىن ئىشقا ئالغانلىقى ئۇلاردا چوڭقۇر ۋەھىمە پەيدا قىلدى. ئۇلار ئەمدى ئۆز تەقدىرى ئۇستىدە ئەستايىدىل ئويلاشمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى، شۇڭا ھەممىدىن ئاۋۋال يەللىغ تايشى ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، خاندىن ئىستىپا سورىۋىدى، خان رۇخسەت قىلمىدى. ئارقىدىنلا مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللامۇ خىزمىتىدىن ئىستىپا سوراپ، شەيخۇلئىسلاملىق مۆھرىنى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، خان ئۇنىڭ تەلىپىنىمۇ يۇمشاق سۆزلەر بىلەن رەت قىلدى.

ۋاقىت بۇ چاغقا يەتكەندە، مەۋكەبتە تۇرغاۋۇتلار تۇمەنىنىڭ ئەمىرى تۆمۈر مەلىك باھادىر، ئەمىر ئۇلۇغ توقتۆمۈر باھادىر، ئەمىر ھامىد كۇرلۇكۇت، ئەمىر بەگچەك قاتارلىق ئەمىر ـ ئۆمەرا، بەگ ـ بېگاتلار خانغا قولداش بولۇپ، مۇلازىمەت قىلىشقا باشلىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان تولا ۋاقىتىنى ئۆزى يالغۇز خابگاھىدا ئۆتكۈزىدىغان بولۇۋالدى. بۇنداق پىنھان چاغلىرىدا ئۇ تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ مۇھارىبىيە ئۇتۇقلىرىنى ۋە ئۆزىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ، سەمىمىي مۇلازىمەت قىلغانلىقلىرىنى ئەسلەپ قالاتتى ـ دە، كۆڭلى ئېچىمۇ يېرىم، پەرىشانلىقى تېخىمۇ زىيادە بولاتتى. شۇڭا، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز يېنىدا ئىشلەيدىغان مۇلازىملىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش بىلەن بىرئاز بولسىمۇ تەسەللى تاپاتتى. بەزىدە ھازىر ئوردىدا نائىب ئۇلۇسبېگى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئەمىر قەمەرىدىننى خابگاھىغا چاقىرتىپ كېلەتتى ـ دە، ئۇنىڭدىن مەرھۇم بەگ ئەتكەسى، ئەمىر بۇلاجى دوغلات

ھەققىدە كونا گەپ ـ سۆز، ھېكايە ـ رىۋايەتلەرنى سوراپ ئاڭلايتتى. ھەتتا مۇشۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خابگاھىغا مەلۇم قىلماستىنلا بىۋاسىتە كىرىشكە ئىجازەتمۇ بەرگەنىدى تېخى! بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلى يەنىلا تەسكىن تاپالمىدى. مالاللىق ئۇنىڭغا سايىدەكلا چاپلىشىپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ مالاللىقى تۈپەيلىدىن، مەۋكەبتىكىلەرگىمۇ مالاللىق يۈزلىنىپ، ھەممىسىنىڭ كۆڭلىنى غەش ئەتتى.

مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ئىنىسى، تۇرغاۋۇتلار تۈمەنىنىڭ ئەمىرى تۆمۈر مەلىك باھادىرغا سۆز تاشلاپ، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئازابلىرى ۋە خاتىرە پەرىشانلىقلىرى ھەققىدە ئۇنىڭغا دەردىنى تۆكۈپ بەردى.

— ئەي ساھىبقىران خاقان ئالىيلىرى، — دېدى ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر خان ئاغىسىنىڭ ھەسرەتلىك دەردىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا چارە قىلىشقا تەدبىر قولى ئەزەلدىن قىسقا بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاۋېرىشمۇ ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. چۈنكى، ئۆتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلىپ تولا ئىزتىراپ بولغاندا، ئۇنى ئۈمىد قىلىپ يۈرۈپ، قولىدىكى نەق نەرسىنىمۇ قولىدىن چىقىرىپ قويۇش ئېھتىماللىقى تۇغۇلىدۇ. بۇ گەپنى سىزگە ئېيتىشىمدىكى مۇددىئا ـ مەقسىتىم شۇكى، سىز دۆلەت ئىمارىتىنىڭ بىر تېمىنى ئۆز قولىڭىز بىلەن يىقىتقانلىقىڭىزدىن پۇشايمان يەپ، ئىزتىراپ بولۇۋاتىسىزۇ، ئۇنى قايتىدىن ياساشقا ھەرىكەت قىلمايۋاتىسىز. پۇشايمان ئىلكىدە دەرگاھىڭىزدىكى يېقىنلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىغا بولسا پەرۋا قىلمايۋاتىسىز. مىڭ پۇشايمان قىلغىنىڭىز بىلەنمۇ تاشتۆمۈر باھادىر قايتا تىرىلمەيدۇ! بەلكى ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمى تۈپەيلىدىن ئەتراپىڭىزدىكى يېقىنلىرىڭىز بىرلەپ ـ ئىككىلەپ دەرگاھىڭىزدىن كەتكىلى تۇردى.

— ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم، سىنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ ھەقىقەتەنمۇ ماڭا دۆلەتخاھلىق يۈزىسىدىن قىلىنغان نەسىھەت بولدى، — دېدى خان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن، — تۆمۈربەگ بىلەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ئىشىدا مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويغانلىقىمنى مانا ئەمدى سەزمەكتىمەن. گەرچە تۆمۈربەگنى ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلانغا بەگ ئەتكە قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىم خاتا بولمىسىمۇ، ئەمما ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭدەك سىنالمىغان يات بىر بەگنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويغانلىقىم مېنىڭ بىرىنچى سەۋەنلىكىم؛ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ «جامە مەسچىتىگە ئوت قويۇش ۋەقەسى» بىلەن چېتىشلىقىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەپ چىقماي تۇرۇپلا، ئۇنى ئالدىراپ خىزمەتكە قويغانلىقىم مېنىڭ ئىككىنچى سەۋەنلىكىم. ھالا بۇگۈن رەھمەتلىك تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ بۇ ھەقتىكى نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىغىنىمغا خاپا بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبىمۇ مانا مۇشۇ ئىدى...

— ھۆرمەتلىك ئاغا، سەۋەنلىكنى ئىزتىراپقا چۈشۈش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى توغرا تەدبىر ۋە ئەتراپلىق كېڭىشىش ئارقىلىق تۈزىتىپ كەتكىلى بولىدۇ، — دېدى ئەمىر تۆمۈر مەلىك خاننىڭ ئۆز سەۋەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، — مېنىڭچە، بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى شۇكى، سەۋەنلىكنى تۈزىتىش ئۈچۈن، دەرھال ئىش بىناسىنى تەدبىر ئاساسىغا قۇرغايسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىشنى يەنىلا ئاشۇ لەنىتى قاتاللارنىڭ «جامە مەسچىتىگە ئوت قويۇش ۋەقەسى»دە تۇتۇلغان، ئەمما كېيىن ئوردىنىڭ ئابخانىسىدىن سىرلىق ھالدا قېچىپ كەتكەن پاسخالىسىنىڭ قېچىشىغا زادى كىمنىڭ ياردەم قىلغانلىقىنى ئېنىقلاشتىن باشلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تاشتۆمۈر باھادىرغا زادى كىمنىڭ زەھەر

بەرگەنلىكىنى تەخىرسىز ئىنقىلاپ چىقىش ھەممىدىن زۆرۈر. بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىر ئادەمنىڭ قولى ئارقىلىق قىلىنغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ.

— ئەمىر تۆمۈر مەلىك، سەن ھازىر تۇرغاۋۇتلار تۇمەنىنىڭ ئەمىرى، — دېدى خان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — ھازىرقى ۋاقىتتا مەن بۇ ئىشنى پەقەت سېنىڭلا تەھقىقلەپ ئىنقىلاپ چىقالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. شۇڭا، بۇ ئىككى ئىشنى سېنىڭ تەھقىق قىلىپ ئىنقىلاپ چىقىشىڭغا تاپشۇرىمەن. ئىشقىلىپ، قانداق قىلساڭ شۇنداق قىلىپ، ئەقلىڭ تەقەززا قىلىپ تۇرغان بۇ ئىككى چىگىچ ئىشنى ھەل قىلغىن ۋە مېنى بۇ ۋىجدانىمنىڭ ئىزتىراپ ئازابىدىن قۇتقۇزغىن!

— باش ئۇستىگە، جانابىي ساھىبقىران خان ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ قوللۇق بىلدۈرۈپ، — مەنكى ئەركانىڭىز بۇ ئىككى ئىشنى ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا تەھقىق قىلىپ ئىنقىلاپ چىقىپ، ئىشنىڭ جەريانى توغرۇلۇق سىزنى خەۋەردار قىلغايمەن!...

تاشتۆمۈر باھادىر ئىچكەن چايغا زەھەر سېلىنغانلىقى ئىنقىلانغاندىن كېيىن، ئوردا تۇرغاۋۇتلىرىنىڭ ئەمىرى تۆمۈر مەلىك باھادىر دەرھال ئوردا ئاشچىباشىسىغا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىچىدىغان چايدىن تارتىپ پۈتۈن غىزا - تامىقىنى كۈنىگە ئۈچ قېتىم قاتتىق تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. خاننىڭ ئاش - تامىقىغا ئىشلىتىدىغان سۇ ئۆچبۇلاق غولىدىكى بۇلاقتىن توشۇپ كېلىنەتتى. رامىزان باشلانغاندىن كېيىن، ئىپتارلىققا ئىشلىتىدىغان سۇنىمۇ ئوردىنىڭ ئاشچىباشىسى ئۆزى ئىچىپ تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن، بىرەر شۈبھىلىك مەسىلە كۆرۈلمىسە، ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىرنىڭ كۆز ئالدىدا سۇ قاچىلانغان كوزىنىڭ ئاغزى يېپەك لاتا بىلەن بېكىتىلگەندىن كېيىن پېچەتلەپ قويۇلىدىغان بولدى...

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆزىنىڭ قاتاللار سۇيىقەستى بىلەن بىلەن بولغان چېتىشلىقىنى قايتىلاتىن مەخپىي تەھقىق قىلىپ ئېنىقلاپ چىقىشنى تۇرغاۋۇتلار ئەمىرى تۆمۈر مەلىككە تاپشۇرغانلىقىدىن شۇ كۈنىلا خەۋەر تاپقان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات خاننى قەستلەش قەدىمىنى تېزلەتمىسە، ئەمدى بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ چوقۇم ساق قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى...

بۈگۈن رامىزاننىڭ ئون يەتتىسى ئىدى. شۇ كۈنى ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەر ئۆز ئۆيلىرىدىمۇ خۇددى تالادىكىدەكلا تەرلىمەكتە ئىدى. ئىككى ھەپتىدىن بېرى قۇياش ۋادىسىدا بىر تامچىمۇ يامغۇر چۈشمىدى. كۆك ئاسماندا بېزەڭلىك بىلەن لەيلەپ يۈرگەن تۇتۇق ۋە خۇنۇك بۇلۇتلار ئاستا بىر چەتكە سۈرۈلمەكتە ئىدى. تەرسا شامال توختىماستىن چىقىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىنچىق ئىسسىقنى ھەيدەپ كېتىشكە قۇربى يەتمەيتتى.

رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ ھالسىزلانغان تۇغلۇق تۆمۈر سالقىنلاش ئۈچۈن، خابگاھىنىڭ باغ تەرەپكە قارىغان مەنزەر①نگە چىقىپ دەم ئېلىپ ياتتى ۋە ئارامبەخش سالقىن ھاۋالىق مەنزەرىدە تېزلا ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولدى...

خابگاھىنىڭ ئالدىدا پاسىبانلىق قىلىپ تۇرغان تۇرغاۋۇتلار ئادەمنىڭ نەپسىنى بوغىدىغان بۇنداق ھۆپ - ھۆپ تىنچىقتىن قېچىپ ئاللىقاچان دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىغا كىرىۋېلىشقانىدى. بۇ چاغدا ئوردا ئىشىكىدىن ئۇدۇل خابگاھ تەرەپكە قاراپ ئالدىراش كېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. تۇرغاۋۇتلار دەرھال ھوشيارلىنىپ ھېلىقى ئادەمنى توسۇش ئۈچۈن دەرەخنىڭ ئاستىدىن قوراللىرىنى تەڭلىشىپ چىقىپ كېلىشتى. ئۇنىڭغىچىلىك ھېلىقى ئادەم تۇرغاۋۇتلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. تۇرغاۋۇتلار ئۇنىڭ نائىب ئۇلۇسبېگى

① مەنزەر — بالكون، ئايۋان.

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئىككەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال قوراللىرىنى يەرگە چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا يول بەردى. ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات خانىقاھقا كىرىپ قارىۋىدى، خان كۆرۈنمىدى، مۇلازىملارمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئادەم يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ھېچقانداق شەپە - تىۋىش چىقارماستىن خان دەم ئېلىپ ياتقان مەنزەرىگە چىقتى. ئۇ: «ئەگەر بىرسى مېنى كۆرۈپ قالسا، خانغا مەلۇم قىلىدىغان مۇھىم بىر مەلۇمات بار ئىدى، دەپ ئېيتىمەن. ئەگەر ھېچكىم كۆرمىسە، ئۆز ئىشىمنى قىلىمەن» دەپ ئويلىدى. بۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۈرخان قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىدى. خاننىڭ باش تەرىپىدە ئېپتار سۈيى قاچىلانغان بىر كوزا تۇراتتى. كوزىنىڭ ئاغزى بىر پارچە يىپەك بىلەن مەھكەم بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇستىدىن پېچەتلەپ قويۇلغانىدى. بەتبەخت ئەمىر قەمەرىدىن قوينىدىن قەغەزگە ئورالغان ئوغىنى ئېلىپ، كوزىنىڭ قېشىغا كېلىپ قەغەزدىكى ئوغىنىڭ كۇكۇندىسىنى يىپەك ئۇستىگە تۆكتى ۋە قولى بىلەن سىلاپ بەردى. ئوغا يىپەكتىن ئۆتۈپ كوزىدىكى ئېپتار سۈيىگە ئارىلىشىپ كەتتى. كوزىنىڭ ئاغزىدىكى پېچەتكىمۇ ھەم تەسىر يەتمىدى. ئۇ بۇ ئىشنى شۇنداق تېز ۋە خۇپىيانە قىلدىكى، خاننىڭ ئەتراپىدىكىلەردىن ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقتۇرمىدى. ئەمىر قەمەرىدىن خاننىڭ ئويغىنىشىنى كۈتكەن بولۇپ بىردەم ساقلاپ تۇردى. ئاخىر خانىقاھدىن چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئاۋۋالقى گېزەكتىكى تۇرغاۋۇتلار قاراۋۇللۇقتىن ئاللىقاچان چۈشۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ خانىقاھقا قايسى ۋاقىتتا كىرىپ، قايسى ۋاقىتتا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم سەزمىدى.

ئېپتار ۋاقتىغا ئاز قالغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئېپتار ۋە شام ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى - دە، مۇلازىملىرىغا تاھارەتكە دەرھال سۇ ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. خان تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت نەفلى نامازنى ئوقۇپ بولۇشىغا

ئىپتارغا ئەزان چىقتى. مۇلازىملار ئىپتارلىق سۇيى قاچىلانغان كوزىنى ئەكىلىشتى. خان كوزىغا قارىۋىدى، كوزا ئۆز جايىدا، ئاغزىدىكى پىچەتمۇ بوزۇلمىغان، ساپساق تۇراتتى. خان كوزىنىڭ ئاغزىدىكى پىچەتنى ئۆز قولى بىلەن بۇزۇپ ئاچتى. مۇلازىملار كوزىدىكى ئىپتار سۇيىنى پىيالىگە تۆكۇپ، پەتنۇس بىلەن خانغا تۇتتى. ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا بىر تېمىممۇ سۇ ئالماي چاڭقاپ كەتكەن خان سۇنىڭ تەمىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغىنىغا دىققەت قىلماستىنلا پىيالىدىكى سۇنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋەتتى. ئارقىدىنلا: «ئىچ باغرىم كۆيگەندەك بولۇۋاتىدۇ!» دەپ زارلاندى ۋە مۇلازىملىرىغا: «ئەمىر تۆمۈر مەلىكنى چاقىرىڭلار!» دەپ ئەمىر قىلدى.

خان ئىنىسى ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر ھايالشماستىنلا تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خابگاھىغا يېتىپ كەلدى. خان ئۇنى كۆرۈپلا: «ئىپتارلىق سۇيىنى ئىچىشىم ھامان ئىچ - باغرىم ئوتتا كۆيگەندەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئىپتارلىق سۇيىگە بىرسى زەھەر تاشلاپتۇ!» دەپ زارلاندى. ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر دەرھال كوزىدىكى ئىپتار سۇيىنى يەرگە تۆكۇپ كۆرۈۋىدى، يەر بۇژۇلداپ كۆپۈك ئۆرلەپ، بىردەمدىلا ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ كەتتى، بۇنىڭدىن سۇغا زەھەر تاشلانغانلىقى مەلۇم بولدى. ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر تۇرغاۋۇتلارنى دەرھال ئوردىنىڭ باش ئەمچىسىنى چاقىرىشقا ئەۋەتتى. باش ئەمچى ھايالشماستىنلا يېتىپ كېلىپ، خاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، يۈرەك سوقۇشىنىڭ زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى - دە، دەرھال تۆگە سۈتى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. بىراق، خانغا تۆگە سۈتى ئىچۈرۈلگەن بولسىمۇ، كار قىلمىدى، زەھەرنىڭ ئاسارىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئاغزىدىن لەختە - لەختە قان كېلىشكە باشلىدى. مۇلازىملار خاننىڭ ئاغزىغا قاچا تۇتۇۋىدى، ئۇنىڭ ئىچ - باغرى يەتمىش ئىككى پارچە بولۇپ ياندى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى كۆكىرىپ تۆمۈردەك بولۇپ كەتكەنىدى. يېرىم كېچە

بولغاندا خان پۈتۈنلەي ھالسىدىن كەتتى. خاننىڭ ئانىسى شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن، خانىكە بەيتفاللىخە زەمۇران بىبى، خان ئىنىسى، تۇرغاۋۇتلار تۇمەنىنىڭ ئەمىرى تۆمۈر مەلىك، خاننىڭ سىڭلىسى مەلىكە مەختۇمسولا، خاننىڭ ئىككىنچى خانىشى ئەمىر ئاغىچا قاتارلىق ئەھلى بەيتى① قوۋم ـ قېرىنداشلىرى ۋە مۇھەببەتخانىدان②لار تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ بېشىدا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇشاتتى.

ئۆتكۈر ئوغىنىڭ قانغا ئۆتۈپ، يۈرەككە تەسىر قىلىشى بىلەن بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقان تۇغلۇق تۆمۈرخان بېشىدا كۆز يېشى قىلىپ قاراپ تۇرغان خانىش بەيتفاللىخە زەمۇران بىبىگە قاراپ:

— مەن ساقىيالارمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

خانىش زەمۇران بىبى كۆز يېشىنى تەسلىكتە ئىچىگە يۇتۇپ:

— پەرۋەردىگار مۇرەببىمنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. ھەزرىتىم، يىراق ماۋەرائۇننەھردە تۇرۇۋاتقان ئاشۇ پەرزەنتىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن بولسىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدىلا، — دېدى ـ يۇ، خاقان ئىرىنىڭ كىچىك خاتۇنى ئەمىر ئاغىچىغا قاراپ بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئۆمەللەپ تۇرۇپ قالدى.

بۇ چاغدا خان بېشىدا قاراپ تۇرۇشقان دوستارخاندانىكى ئەمىر ـ ئۆمەرالارغا قاراپ ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— ئەمىر توقتۆمۈر باھادىر، ئەمىر ھامىد، سىلەر دەرھال ماۋەرائۇننەھرگە بېرىپ، ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلانىنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار!

— قۇللۇق، جانابىي ساھىبقىران خان ئالىيلىرى، پەرمانىڭىزنى دەرھال بەجا كەلتۈرگەيمىز. بىراق، قايتىپ كەلگۈچىلىك، سىزدىن كىم خەۋەر ئېلىپ تۇرغاي؟

---

① ئەھلى بەيت — تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى.

② مۇھەببەتخانىدان — دوستلىرى، سۆيگۈچىلىرى، ئەگەشكۈچىلىرى.

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ قېشىمدا ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر بار، شۇڭا خاتىرجەم بېرىۋەرگەيسىز ! — دېدى خان، — بۇگۈنلا يۈرۈپ كەتكەيسىلەر !

ئۇلار نائىلاج كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن رازىلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن خابگاھىدىن چىقىپ كەتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ زېھنى ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساقىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، كېيىنكى ئىشلارنى ئەھلى بەيت، دوستارخاندان①لار ۋە مۇھەببەت خاندانىدىكىلەرگە بىر ـ بىرلەپ تاپشۇرۇشقا كىرىشتى.

— بەيتفالىخە، ئاللاتائالا ئىگەم يار بولغاي سىزگە، — دېدى خان زەئىپ ئاۋازدا سۆزلەپ، — سىز مېنى بىر قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغانىدىڭىز، سىزنىڭ بۇ ھىممىتىڭىزگە مەھشەرگاھقا بارغاندا ئاندىن جاۋاب قايتۇرالايدىغان ئوخشايمەن. سىز ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلاننىڭ ئانىسى. قېنى قولىڭىزنى ماڭا بېرىڭ !…

خان بىرپەس سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىككىنچى خانىشى ئەمىر ئاغىچىغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئەمىر ئاغىچا، سىز خىزىر خوجا ئوغلاننىڭ ئانىسى، قېنى قولىڭىزنى ماڭا بېرىڭ. بەيتفالىخە بىلەن سىز بىللە مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمدىن بولىسىلەر، بۈگۈن سىلەر ئىككىڭلارنىڭ قىيامەتلىك ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ ئەھدىلىشىدىغان كۈنۈڭلار. سىلەردىن تۇغۇلغان ئىككى ئوغلانىمنى چوقۇم ياخشى ئاسراپ قاتارغا قوشقايسىلەر. ئۇلار سەۋر ـ تاقەتلىك، غەيرەت ـ شىجائەتلىك، ھىممەت ـ پاراسەتلىك چوڭ بولسۇن. چۈنكى، سەۋر ـ تاقەتلىك، غەيرەت ـ شىجائەتلىك ۋە ھىممەت ـ پاراسەتلىك ئادەم بالدۇر ياكى كېيىن بولسىمۇ ئەلۋەتتە ئۈتۈپ چىقالايدۇ. شۇڭا، ئاشۇ نارەسىدىلەر

① دوستارخاندان — تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەۋلادلىرىنى قوللىغۇچىلار.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن بولسىمۇ سىلەر ئىككىڭلار قەلبداش، تەقدىرداش ۋە ھەمنەپەس بولغايسىلەر!

ئاۋۋال بەيتفالىخە زەمۇران بىبى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر ئاغىچا خاقان ئېرىنىڭ قولىنى قايتا ـ قايتا سۆيۈشتى. بۇ چاغدا كۇنتۇغاردا سۇبھى سادىق كۆتۈرۈلۈپ، پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلار خىرەلىشىپ، ئۆچۇشكە باشلىغانىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئاپىسى مەڭلىك خاتۇننىڭ قولىنى يۈزىگە يېقىپ مۇنداق دېدى:

ــ ئەي غەمگۇزارىم، مېھرىبان ئانام، مەن سىزدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم. خوش، ياخشى قېلىڭ. ماڭا كۆيۈمچان، مېھرىبان ئىدىڭىز. مېنىڭدىن رازى بولۇڭ. يېتىملىرىڭىزنى قاناتلىقىقا سوقتۇرماي، تۇمشۇقلۇقىقا چوقۇتماي ياخشى ئاسرىغايسىز. مەرھۇم خاقان ئاتامنىڭ، ئۇلۇغ بوۋىلىرىمنىڭ ئەۋلادى تۇگەپ كەتمىگەي!...

شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن خاقان ئوغلىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بوغۇلۇپ، بوغۇلۇپ يىغلىدى.

ــ ئەي، ۋاپادار ئوغلۇم، ئەي، خاقانىي ئالەم، ئۇغان تەڭرى ساڭا كەلگەن ئاشۇ شۇم ئەجەلنى ماڭا بەرسە بولماسمىدى؟ مېنىڭ نۆۋىتىم ئىدىغۇ بۇ؟! ئاھ كۆزى كور تەڭرى، يۈرەك پارەمدىن ئايرىپ مېنى يەنە كىملەرگە خار قىلاي دەيسەن؟!...

ــ ئەي، مېھرىبان ئانا، كۆپ يىغلىماڭ، سەۋر قىلىڭ. ئاللاتائالانىڭ ھۆكمى قانداق بولسا بەندىسىنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ! تەقدىر ئەزەلىيگە نە چارە بولسۇن؟ قازاغا رازى بولماق كېرەك! ــ دېدى خان ئاران ـ ئاران سۆزلەپ.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە بولماقچىدى. بىراق، دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ يۈرىكىنى خەنجەردەك يېرىپ ئۆتكەن قاتتىق بىر ئاغرىقنىڭ زەربىسىدە تۆشەك ئۈستىگە يىقىلدى. يۈرىكىنى خۇددى نەشتەردەك سانجىپ ئاغرىتىۋاتقان دەھشەتلىك ئاغرىق چىداپ تۇرغۇسىز بولۇپ، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ئىچ ـ باغرى

تېشىلىپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان قانداقتۇر بىر ئاچچىق كۆيدۈرىدىغان سۇيۇقلۇقنىڭ تامىقىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى سەزدى. لېكىن، ئۇ چىشلىرىنى قاتتىق كىرىشتۈرۈپ ئازاب ئارىلاش غەيرىتى بىلەن ئۈنى يەنە پۈتۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بارا ـ بارا كۈچسىزلىنىپ، خۇددى شامالدەك قاياقىدۇر ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. قۇلىقىغا ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلار بارغانسېرى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىۋاتاتتى. كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىمايلا قويدى... ئەمدى ھېچ نەرسىنى ئاڭلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئەھلى بەيت، مۇھەببەتخانىدان ۋە دوستارخانىدانلارنىڭ يىغا ـ زارلىرى ئەۋجىگە چىقتى. قاراپ تۇرغانلار ئۇلارنىڭ نالە ـ پەريادلىرىغا ئەمدى زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئاخىر شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىددىن ۋەلىيۇللا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۇلارغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى:

— ئى شاھسانىيە، ئى خانىكە بەيتفالىنخە زەمۇران بىبى، ئى ئەھلى بەيت، سەۋر قىلغايسىزلەر، ھەركىم تۇغۇلدى، ئاخىر ھەركىمگە ئۆلمەك باردۇر. سىزلەرگە مەلۇم، شاھىبقىران ئائىلىلىرىغا دۈشمەنلىرى زەھەر بېرىپ مۇبارەك جىگەرلىرىنى يەتمىش ئىككى پارە قىلدى. رەھمەتلىك خاقانىي ئالەم شاھادەت يولى بىلەن سائادەتكە يەتتى. يا شاھسانىيە، يا ئەھلى بەيت، سەۋر قىلماق، قازاغا رازى بولماق بار. چۈنكى، تەقدىري ئەزەل كاتىبى ھېچقانداق ئادەمنىڭ تىرىكلىك دەپتىرىگە ئەبەدىيەت قەلىمى بىلەن دائىملىق رەقىمىنى يازغان ئەمەس ۋە مەۋجۇدات سۈرەتلىرىنىڭ نەققاشى مۇمكىنلىك سەھىپىسىگە ھايات نەقشىنى «تەڭرىدىن ئۆزگە ھەممە نەرسە يوقىلۇر» دېگەن قەلەمدىن باشقا نەرسە بىلەن سىزغان ئەمەس؛ قەلەم ھۈنىرىنىڭ ئۈستىسى ھېچبىر مەۋجۇداتنىڭ ۋۇجۇد لىباسىغا يوقلۇق زىبۇ ـ زىننەتلىرىسىز پەرداز بېرەلىگەن ئەمەس ۋە قۇدرەت چىرىغىنىڭ

پەرراشى[1] ھېچبىر سۆھبەت شامىنى ئاپەت بورىنىدىن خالىي ھالدا ياندۇرالىغان ئەمەس؛ گەرچە بۇ ئۆلۈم بىر ئاچچىق شەربەت بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم ئۇنى ئىچمەي قۇتۇلالىغان ئەمەس؛ گەرچە بۇ ئۆلۈم بىر ئېغىر يۈك بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ھامالىلىقىنى قىلماي قۇتۇلالىغان ئەمەس! شۇڭا، بۇ ئازابنىڭ مەلھىمى سەۋر قىلىشتۇر. جىمى ئەھلى بەيت، مۇھەببەت خاندانلار ۋە دوستارخاندانلار سەۋر قىلغايسىزلەر!

— ئەي، جەننەت ماكان ئوغلۇم! — دەپ ھەسرەتلىك ئىندا قىلدى مەلىكە خاتۇن، — سەن ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل بىر ئىنسان ئىدىڭغۇ، رەھمەتلىك خاقان ئاتاڭدەك ئەخلاق - پەزىلەتلىك خاقان ئىدىڭغۇ، سەن بەكمۇ ھىممەتلىك ھۆكۈمدار ئىدىڭ. ساڭا يامانلىق تىلىگۈچىلەرگە ياخشىلىق قىلاتتىڭ. سېنى ۋەيران قىلغۇچىلارنى بېشىڭدا كۆتۈرۈپ ھۆرمەتلىگەن ۋە ئىززەتلىگەنىدىڭ! بىراق، بۇ ئەسىز ئاژۇن ئۇنى بىلمىدى ۋە بىلىشنى خالىمىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئەسىز ئاژۇن ساڭا خىيانەتنى، ھاقارەتنى، يامانلىقنى لايىق كۆردى. خانۇ مانىڭنى ۋەيران قىلىپ، تەختى - بەختىڭنى تىرىباران قىلدى. مەيلى... سېنىڭ بىلەن بۇ ئەسىز ئاژۇن ئوتتۇرىسىدىكى بۇ سىر - ئەسرا تەقدىرگە باقىي قالسۇن! ئۇلۇغلار: «ساڭا يامانلىق قىلغاننى تەقدىرگە تاپشۇر. چۈنكى، تەقدىر سېنىڭ ئىنتىقامىڭنى ئالغۇچى خىزمەتكارىڭدۇر!» دەپ توغرا ئېيتقان. ئاللاتائالا قازى بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شاپائەت تەختىگە ئولتۇرغاندا، پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ساڭا زۇلۇم سېلىپ، سېنى ۋاقىتسىز نابۇت قىلغان زالىملاردىن ئىنتىقامىڭ ئېلىنغۇسى! ھەممىڭلار يىغلىماڭلار، سەۋر قىلىڭلار. بىز ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىكى سەۋر - تاقەتتۇر!...

---

[1] پەرراش — چىراغچى.

www.uyghurkitap.com

## نەزم

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ.
ئەسسىز ئازۇن قالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك ئۆرتىنۇر !

— «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن

## يەتتىنچى باب

# قىلمىشىغا يارىشا نەتىجە

«ۋاستە تاللىماي ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت تەمسىز غىزاغا ئوخشايدۇ. ئۇ پەقەت ئاچلىقنىلا يوقىتالايدۇ، بىراق ئۇنىڭدا لەززەت بولمايدۇ.»

— دانالار سۆزلىرى

مىلادىيە 1365 ـ يىلى ئەتىياز. شەھرىسەبزدىن بەلخكە قاراپ كېچىلەپ يولغا چىققان ئوتتۇز ـ قىرىق كىشىلىك بىر كارۋان كونا ئاينىڭ خىرە يورۇقىدا تۆۋەن تەرەپتىكى جەيھۇن دەرياسىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. ئۇپراپ ئىنچىكىلەپ كەتكەن ئورغاقتا ئوخشاپ قالغان كونا ئاي خۇددى ئورغاقنى ئاسمانغا ئېسىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. كىشىلەر ئاينى ئادەتتە ئەك ئاق كۆككۈل، تاۋى بەكمۇ نازۇك ۋە ئوگاي تەسىرلىنىپ كېتىدىغان قىزلارغا ئوخشىتىشىدۇ. دىلى يۇمشاق ئاشۇ قىزلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ كونا ئاي ئېگىزدە تۇرۇپ، زېمىندىكى قومۇش ـ يېكەنلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتىدىغان، قاۋان ـ توڭگۇزلار تىلغاپ رەسۋا قىلىپ تاشلىغان چىغىر يولدا ياقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ قېچىپ چىققان بۇ بىچارە يولۇچىلارغا قاراۋېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمىغاندەك قىلىپ، يۈزىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېتىۋالغانىدى.

چىغىر يول بىلەن مېڭىپ كېتىۋاتقان بۇ يولۇچىلار تاڭغا يېقىن جەيھۇن دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كېلىشتى. شوخلۇق

www.uygurkitap.com

قىلىپ ئۇيناقلاپ ئېقىۋاتقان جەيھۇن دەرياسىدا كېمىلەر ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇمشۇقلىرى چوقچايغان كېلەڭسىز بۇ كېمىلەرگە ئادەملەر، ئات ـ كالىلار، قوي ـ ئۆچكىلەر چىقىۋالغانىدى.

ھېلىقى يولۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ياش بىر يىگىت كېمىدىكىلەرگە:

ــ كېمەڭلار بىلەن بىزنى ئۇ قاتقا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار ! بىز سىلەرنى ئوبدان رازى قىلىمىز ! ــ دەپ ۋارقىرىدى. كېمە غوجايىنى:

ــ بىز ھازىر ئالدىراش، تۆۋەن تەرەپتىكى ئۆرگەنچكە قاراپ كېتىۋاتىمىز، ئاللا سىلەرنى رازى قىلسۇن ! ــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇنىڭغا جاۋابەن.

ــ مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمانغا ھاجىتى چۈشكەندە، ياردەم قولىنى سوزۇشى كېرەكقۇ؟ ــ دەپ ھېلىقى ياش يىگىت يەنە ۋاقىرىۋىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەريادا ئۈزۈپ يۈرۈشكەن كېمىلەردىن بىرسى ھېلىقى يولۇچىلار تەرەپكە بۇرالدى ـ دە، ئۇلارغا قاراپ ئاستا ئۈزۈپ كېلىشكە باشلىدى.

جەيھۇن دەرياسى ئېقىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يېيىلىپ ئاقاتتى، دەريا يۈزىنىڭ كەڭلىكى ئىككى چاقىرىمدەك كېلەتتى. لايقىلىشىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى دەريانىڭ مۇشۇ بۆلىكىدە ياۋاشلىنىپ ئۇششاق دولقۇن ياساپ چايقىلىپ ئاقاتتى. بۇ دولقۇنلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ قىرغاققا ئاستا كېلىپ ئۇرۇلاتتى. كېمە يېقىنلىشىپ كېلىپ، قىرغاققا تاقىلىپ توختىدى. بۇ ئون ئىككى پالاقلىق بىر كېمە ئىدى. كېمىچى پالاقچىلارغا تاختاينى قىرغاققا چۈشۈرۈشنى بۇيرۇدى.

قىرغاقتىكى يولۇچىلار ھېلىقى ياش يىگىتنىڭ ئەمرى بىلەن يۈك ـ تاقلىرىنى ئاتلاردىن چۈشۈرۈپ، كېمىگە بېسىشقا باشلىدى. ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كېمە يولۇچىلارنى ۋە يۈك ـ تاقلارنى ئېلىپ قارشى قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ كەتتى. ئاتلارنى ئىگەرلىرىنى يېشىپ ئېلىۋەتكەندىن

كېيىن، چۇلۋۇرى بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىپ دەرياغا ھەيدەپ چۇشۇرۇپ قارشى قىرغاققا قارىتىپ قويۇپ بېرىشتى.

كېمىچى يولۇچىلار بىلەن يۈك ـ تاقلارنى قارشى قىرغاققا ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، ھېلىقى ياش يىگىت يېنىدىكى تېرە ھەميىنىدىن بىر ئوچۇم ئالتۇن كىبەكىنى ئېلىپ كېمىچىگە سۇندى ۋە:

— كېيىن يەنە كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولامدۇ، يوق؟ ئاز بولسىمۇ بۇنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ ! — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— بەگ جانابلىرى، — دەپ كېمىچى ياش يىگىتنىڭ قولىنى ئىتتەردى ۋە بېلىدىكى پوتىسىنى يېشىپ تەرلەپ كەتكەن يۈز ـ بويۇنلىرىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، — مەن سىزنى تونۇيمەن، سىزدىن پۇل ئالىمەن دېگەن بولسام كېمەمنى سىلەر تەرەپكە بۇرىمىغان بولاتتىم. ئاللاتائالا ئىگەم سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ! ئەگەر سىز جېتەلەرگە قارشى جىھاد قىلماقچى بولسىڭىز، مانا مەن سىزگە كېلىپ قوشۇلىمەن ! خەير ـ خوش ! نەدە بولساڭلارمۇ ئامان بولغايسىلەر ! — دېدى، ئاندىن پالاقچىلارغا ۋارقىرىدى:

— ھازىرلان ! كېمىنى بۇرا، پالاق ئۇرۇلسۇن !

يولۇچىلار جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن، بەلخ تەرەپكە قاراپ ئالدىراش يۈرۈپ كېتىشتى...

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بۇ يولۇچىلار كىملەر؟ ئۇلار بەلخكە كىمنىڭ قېشىغا بارماقچى؟ بۇ ئىشلارنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، گەپنى مەرھۇم چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە قىلغان ئىككى قېتىملىق يۈرۈشىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇلۇسبېگى ئەمىر قازغىن بارلاس ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەمىر قازغىننىڭ نەۋرىسى ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن

www.uyghurkitap.com

ماۋەرائۇننەھرلىك ئەمىر ھاجى بارلاس ۋە ئەمىر بايەزىد جالايىر قاتارلىق تەپرىقچى بەگلەر ئوتتۇرىسىدا ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ ئاخىر ئۇرۇش يۈز بەردى. ماۋەرائۇننەھر ۋەزىيىتىدە ئېغىر دەرىجىدە ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى.

ئۇلۇغ ئەمىرلەردىن بولغان بۇ ئەمەلدارلار ۋە ئالىي سەردارلار ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمىتىدە بىر - بىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ھەرگىز تەن ئېلىشمايتتى، بىر - بىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمايتتى. چوڭ قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ئۇلارنىڭ ئارقا تىرەكلىرى ئىدى. ئۆز تەۋەلىرى تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇ ئەمەلدارلار ۋە ئالىي سەردارلارنىڭ كاللىسى قىزىپ كېتىشكەن بولۇپ، ئىتائەت ۋە بويسۇنۇش بېشىنى بىر - بىرىگە ھەرگىز ئېگىشمەيتتى.

ئەسلىدە، ماۋەرائۇننەھردىكى تەپرىقچى ئەمىرلەرنىڭ ئىسيانىنى تەلتۆكۈس باستۇرۇش ۋە مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىشقا قەتئىي بەل باغلىغان چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر ماۋەرائۇننەھر ۋەزىيىتىدە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقنى ئۆزىگە ناھايىتى پايدىلىق بىر پۇرسەت، دەپ قاراپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم زور قوشۇن بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلغانىدى. نەتىجىدە ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان ماۋەرائۇننەھرلىك تەپرىقچى ئەمىرلەر ئالاقىزەدە بولۇشۇپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى. ئەمىر ھاجى بارلاس باشلىق تەپرىقچى كۈچلەر ئافغانىستانغا قېچىپ بېرىۋالدى. ئەمىر بايەزىد جالايىر ۋە ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان قاتارلىق يوشۇرۇن تەپرىقچى ئەمىرلەر بولسا ئىتائەت كەمىرىنى بوينىغا سېلىپ، ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرگە ياندىشتى. شۇنداق قىلىپ، چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر ھېچبىر ئۇرۇش قىلمايلا ماۋەرائۇننەھرنى ئۆزىنىڭ ئىدارىسى ئاستىغا يىغىۋاشتىن

كىرگۈزۈپ، چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە يەتكەنىدى.

ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىنىڭ ۋەزىيىتى باشتىن ـ ئاياغ داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقاچقا، ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىنى بىر مەزگىل مەخسۇس ماۋەرائۇننەھر ۋەزىيىتىنى ئوڭشاشقا قاراتقانىدى. بۇ مەزگىلدە ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان شەھرىسەبىزدىن سەمەرقەنتكە كېلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇلازىمىتىنى قىلدى.

ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئەمدىلا يىگىرمە ياشتىن ئاشقىنىغا قارىماستىن، ئەقىللىك ۋە تەدبىرلىك سەركەردە ئىدى. شۇڭا، خان ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئۆزىگە سادىق سەمىمىي خادىم قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ماۋەرائۇننەھرنى ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق ئىدارە قىلماقچى بولغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا شەھرىسەبىزنىڭ ھاكىملىقىنى ئىنايەت قىلىپ بەرگەننىڭ ئۈستىگە، ئۆستۈرۈپ تۈمەنبېگىلىك مەنسىپىنى قوشۇپ بەرگەنىدى. ھەتتا ئۇنى بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇسبېگىگە تەيىنلەپ، قولىغا مەنشۇرنامە ۋە ئالتۇن مۆھۈرنى تۇتقۇزۇپ قويغانىدى. نەتىجىدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ يېنىكلىك بىلەن ئىلتىپات قىلىشى ئارقىلىق ماۋەرائۇننەھرلىك سىنالمىغان بۇ ياش ئەمىر قالغان ئەمىر ـ بەگلەر ئارىسىدا ھەممىدىن ئۈستۈن ھوقۇققا ۋە ئىمتىيازغا ئېرىشىۋالدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىنىڭ ئىشلىرىنى بىر قۇر تەرتىپكە سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى زەپەر قۇچۇپ پايتەخت ئالمالىققا قايتىپ كەتتى.

ئەمىر ھاجى بارلاس ۋە ئەمىر بايەزىد جالايىر قاتارلىق تەپرىقىچى بەگلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ماۋەرائۇننەھرگە ئارقا ـ ئارقىدىن باستۇرۇپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋەرائۇننەھرگە تەيىنلىگەن نائىبىنىڭ قولىدىن سەمەرقەنتنى تارتىۋالدى. بۇ مەزگىلدە ئەمىر تۆمۈر

www.uyghurkitap.com

تېخى قانات ـ قۇيرۇقى تەڭشەلمىگەن ۋە كۈچسىز بولغانلىقتىن، تۇغلۇق تۆمۈرخانغا سادىقلىق چۈمپەردىسىنى تېخى يىرتىپ تاشلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ دۆلەت بىرلىكىنى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ماۋەرائۇننەھردىكى تەپرىقىچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەمما، ئۇ بۇ كۈرەشتە يېڭىلىپ كابۇلدىكى قېيىنئاتىسى، ئەمىر قازغىن ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر ھۈسەيىن بارلاسنىڭ قېشىغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ، كابۇل ئەتراپىدىكى ئافغان ۋە تۈركىي قەبىلىلەردىن لەشكەر تۈزۈپ، ماۋەرائۇننەھرگە لەشكەر تارتتى. بۇ ئۇرۇشتا ئۇ ئەمىر ھاجى بارلاسنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن سەمەرقەنتنى تارتىۋالدى. ئەمىر ھۈسەيىن سەمەرقەنتنى، ئەمىر تۆمۈر شەھرىسەبزنى بېسىپ ياتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر تۆمۈر ۋە ئەمىر ھۈسەيىن بىر تەرەپ، ئەمىر ھاجى بارلاس ۋە ئەمىر بايەزىد جالايىر يەنە بىر تەرەپ بولغان ئىككى چوڭ تەپرىقىچى كۈچ ئوتتۇرىسىدا ماۋەرائۇننەھرنى تالىشىپ يېڭىباشتىن دەھشەتلىك ئىچكى ئۇرۇش يۈز بەردى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۇرۇش تاكى ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخان 1361 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەل ئېيىدا (3 ـ، 4 ـ ئايلار) ماۋەرائۇننەھرگە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلغاندا، خۇددى «تاپ تالىشىش يۈزىسىدىن چوقۇشۇۋاتقان بىر توپ تازقارالارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاسماندىن تۇيۇقسىز بىر تاش چۈشكەن»①دەك، سەمەرقەنتكە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋەرائۇننەھرنى تەپرىقىچى بەگ ـ ئەمىرلەردىن تازىلاپ، ئۇ يەردە چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ ياساق ـ تۈزۈكلىرىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئوغلى،

---

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شەرەفىدىن ئەلى يەزدىينىڭ «زەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

تەخت ۋارىسى ئىلياس خوجا ئوغلاننى ماۋەرائۇننەھرگە نائىب قىلىپ تەيىنلەپ، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننى ئۇنىڭغا بەگ ئەتكەسى قىلىپ بەلگىلىدى. ئەمىر تۆمۈر ئەسلىدە خاندىن ئۆزىنى ماۋەرائۇننەھرگە نائىب قىلىپ تەيىنلەشنى تەمە قىلاتتى. بىراق، خاننىڭ پەقەت قۇرۇق ناملا بولغان، ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغان بەگ ئەتكەلىككە بەلگىلىگەنلىكى ئۇنى قاتتىق نارازى قىلدى. بۇ ئىش ئەمىر تۆمۈرنىڭ كېيىنكى چاغلاردا تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىگە قارشى ئومۇميۈزلۈك توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدىكى مۇھىم سەۋەب بولۇپ قالدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋەلىئەھد، ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئىلياس خوجا ئوغلانغا ئۆزىنىڭ بەگچەك باھادىر ئىسىملىك بىر ئەمىرنى ياردەمچىلىككە بەلگىلەپ، ئۇنى يېتەرلىك دەرىجىدىكى لەشكىرىي قۇۋۋەت بىلەن سەمەرقەنتتە باسقاق قىلىپ قالدۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى سەلتەنەت مەركىزى بولغان پايتەختى ئالمالىققا قايتىپ كەتكەندى.

ئۇلۇغلار: «كوزا ئىچىدىن تەپچىرەيدۇ !» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان ! ئىلگىرىدىن تارتىپلا قولىنى ئىسياندىن تارتماي كېلىۋاتقان ۋە ئەل باشقۇرۇشنىڭ تىزگىنىنى ئىختىيارلىق ئىلكىگە ئېلىشنى ئويلاپ كېلىۋاتقان ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەسلىدىنلا ماۋەرائۇننەھرگە ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش غەرىزى بولغاچقا، ساھىبقىرانلىق ئارزۇ قوشى ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ چاڭگىسىدا ئۇۋۇلاپ تۇخۇم چىقارغان ۋە ئىسيان ھەۋىسى ئۇنىڭ كۆكرىكىدە ئورۇن ئالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ماۋەرائۇننەھر خەلقى ئارىسىدا تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىگە قارشى پەيدىنپەي شەكىللىنىشكە باشلىغان تۈرلۈك نارازىلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئىمتىياز ـ مەرتىۋىلىرىدىن مەھرۇم بولغان ماۋەرائۇننەھرلىك ئەمىر ـ بەگلەرنى ئۆزى بىلەن

بىلله مەركىزىي هاكىمىيەت بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق نالايىق ئىشلىرىنى ئۇزاقتىن بېرى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئىلياس خوجا ئوغلان خاقان ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرگە ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، خان دەرھال ئۇنى تۇتۇپ يوقىتىشقا پەرمان چۈشۈردى. ئۆز بېشىدا ئەگىپ يۈرگەن بۇ مۇدھىش قارا تۇماننى سەزگەن ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان بىر كېچىدىلا ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن دوستارخاندانلىرىدىن يىگىرمە بەش ئادەمنى ئېلىپ شەھرىسەبزدىن كېچىلەپ قېچىپ چىقىپ، جەيھۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەلخكە — قېيىنئاتىسى ئەمىر قازغىن ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر ھۈسەيىن بارلاسنىڭ قېشىغا پاناھلىق تىلەپ بېرىۋالدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ چاغاتاي سەلتەنەتىگە قارشى ئومۇميۈزلۈك ئاشكارا توپىلاڭ كۆتۈردى. دەل مۇشۇ ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقان مەزگىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە چاغاتاي ۋەلىئەھد، ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئىلياس خوجا ئوغلان ئوردىنىڭ جىددىي چاقىرىقى بىلەن پايتەخت ئالمالىققا قايتتى...

* * *

يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئارافات بولاتتى. بۇ بۇغداي بېشى مەۋسۇمى بىلەن تارازا مەۋسۇمى ئالمىشىۋاتقان كۈنلەر بولۇپ، بىر يىل ئىچىدىكى ياز پەسلىدە بۇرۇلۇش ھاسىل بولىدىغان بىر مەزگىل ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى تۇرۇپ توختاپ، تۇرۇپ توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇر ئاق يېغىنغا ئايلىنىپ كەتتى. ئاسماننىڭ يۈزى زادىلا ئېچىلماي كېتىۋاتاتتى. قاچانلا قارىسا، كۆك سۇر ياكى قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. ئاق يېغىن

دەستىدىن يوللار پاتقاق بولۇپ كەتكەندى. پايانسىز ئۆسەك ۋادىسى① قويۇق تۇمان ئىچىدە تولىمۇ زېرىكەرلىك كۆرۈنەتتى.

ھاۋا تۇتۇق ياكى تۇمانلىق كۈنلەردە، بولۇپمۇ مۇشۇنداق توختىماي داۋاملىشىدىغان ئاق يېغىن بولغان كۈنلەردە بالدۇرلا گۇگۇم چۈشۈپ كېتىدۇ. ۋەلىئەھد، ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئىلياس خوجا ئوغلان باشلاپ ماڭغان قوشۇن ئۆسەك دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى زادىلا توختاپ باقمىغان ئاق يېغىنمۇ شىپپىدە توختاپ، ئاسماننىڭ بىر چېتى ئېچىلىپ كەتتى. زەڭگەر كېچە ئاسمىنىدا پارقىراپ يۇلتۇزلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

توختىماي يول يۈرۈپ ھېرىپ - چارچىغان ئىلياس خوجا ئوغلاننى ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق ناھايىتى ئازابلاۋاتقانىدى. ئاغزى قۇرۇپ لاۋزىلىشىپ كېتىۋاتقانىدى. سەمەرقەنتتىن باشلاپ ئۇنى قورۇقداپ كېلىۋاتقان بىر ھەزارە تۇرغاۋۇتنىڭ ھالىمۇ ئۇنىڭدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.

ئىلياس خوجا بىر - بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاران ئېچىپ، يېنىدا ئاتلىق كېلىۋاتقان ئۇلۇغ ئەمىر توقتۇمۇر باھادىرغا:

— ماڭا بىر يۇتۇم سۇ بېرىڭ ! — دەپ ئاران دېيەلىدى.

ئۇلۇغ ئەمىر توقتۇمۇر باھادىر يېنىدىكى تېرە تۇلۇمنى ئېلىپ ئۇنىڭدىكى سۇنى قاچىغا تۆكۈپ، ۋەلىئەھدكە سۇندى ۋە:

— توغلۇقزادەم، بۇ سۇنى ئىچىپ، گېلىڭىزنى ئازراق بولسىمۇ نەمدىۋېلىڭ، — دېدى، — بۇگۈن مۇشۇ ئۆسەك دەرياسى بويىدا چۈشكۈن قىلىمىز. ئاللا بۇيرۇسا، ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىپ، كەچ كىرگۈچە يۇرتىمىزدىكى كۆكدالاغا يېتىۋالالىساقلا، ئارافات كۈنىگىچە سىزنى چوقۇم پايتەختكە ئامان - ئېسەن يەتكۈزۈپ بارىمىز.

---

① قازاقىستاندىكى ئۆسەك دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ۋادا. ھازىرقى يەر-كەنت رايونىنىڭ تەۋەسىدە.

— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، ئۇلۇغ ئەمىرىم! مۇشۇ تاپتا قانىتىم بولغان بولسا ئىدى، خاقان ئاتامنىڭ، خان مومامنىڭ، خان ئاپامنىڭ قېشىغا بىر ئۇچۇپلا بېرىۋالغان بولاتتىم، — دېدى ئۇ باللارغا خاس مەسۇملۇق بىلەن سۆزلەپ.

ۋەلىئەھدنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ ئەمىر توقتۆمۈر باھادىر يىغلاپ سالماسلىق ئۈچۈن دەرھال يېنىغا قاراپ تۇرۇۋالدى...

كەڭلىكى يېرىم چاقىرىمدەك كېلىدىغان ئۆسەك دەرياسى شارقىراپ ئاقماقتا ئىدى. دەريا قىنىدىن غۇر - غۇر سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. ئەتراپنى مۇدھىش قاراڭغۇلۇق باسقان، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى خۇددى ماتەم تۇتۇپ، قايغۇ بىلدۇرۇۋاتقاندەك سۈكۈتتە ئىدى. جىمجىتلىقتا چۆمگەن ئۆسەك ۋادىسىدا دەريادا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ شاۋقۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك ئاڭلانماقتا ئىدى. بۇ چاغدا ئاسمان پۈتۈنلەي ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، زەڭگەر كېچە ئاسمىنىدا يارقىن يۇلتۇزلار چاراقلاپ كەتكەنىدى. ساپ ھاۋا تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ، كېچە مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل ئىدى...

ئۇلار كۆكدالا ۋادىسىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن، تۈزۈكمۇ دەم ئالماستىن، ئارافات كۈنىدىن بىر كۈن ئىلگىرى پايتەخت ئالمالىققا يېتىپ كېلىشتى. ئادەتتە سودا - سېتىق بىلەن قىزىپ كېتىدىغان ئاۋات رەستىلەر، كۆجۈم كوچىلار، قايناق مەھەللىلەر بۈگۈن نېمىشقىدۇر خۇددى گۆرىستاندەكلا جىمجىت ئىدى. دۇكانلار تاقالغان، سودا - سېتىق توختاپ كەتكەن. ئادەملەر بولسا خۇددى ھازىدارلاردەك كېيىنىشىۋالغانىدى. شەھەردە تولىمۇ ئېغىر بىر تۇرلۇك قايغۇ - مۇسىبەت ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

ئۇلۇغ ئەمىر توقتۆمۈر باھادىر تۇرغاۋۇتلارغا سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ۋەلىئەھدنى قوغداش ئۈچۈن قورشاپ مېڭىشنى ئىشارەت قىلدى.

ئىلياس خوجا ئوغلان باشلاپ ماڭغان ئاتلىقلار سېپى ئوردا
ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، ئوردىنىڭ ئىچىدىن تۇرغاۋۇتلار
تۇمەنىنىڭ تۇمەنبېگى، ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر
باشچىلىقىدىكى ئەمىر - ئۆمەرا، ۋەزىر - ۋۇزرا، بەگ - بىگات،
ئەكابىر - ئەشرەپلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىستىقبال قىلىپ
چىقىشتى. ۋەلىئەھد، ماۋەرائۇننەھر نائىبى ئىلياس خوجا ئوغلان
ئاتتىن چۈشۈپ ھەممىدىن ئاۋۋال خان تاغىسى، ئەمىر تۆمۈر
مەلىك باھادىر بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن،
رەئىيەت بىلەن ئادەتتىكىدەكلا سالاملىشىپ كۆرۈشتى.
ئىلياس خوجا ماۋەرائۇننەھرگە نائىب قىلىپ تەيىنلەنگەندە
ئاران سەككىز ياشتا بولغاچقا، نائىبلىقنى ئەمىر بەگچەك
باھادىر قىلسىمۇ، ئەمما ئىلياس خوجا ئوغلان كىشىلەرنىڭ
ئۆزىگە بويۇن ئېگىپ، تەزىم قىلىشلىرىغا ئادەتلىنىپ قالغان
بولغاچقا، خان تاغىسى، ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر
باشچىلىقىدىكى رەئىيەتنىڭ ئۆزىگە قىلغان تەزىم سالىمىغا
جاۋابەن بېشىنى سەل - پەل ئېگىپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندى.
ئاندىن خاقان ئاتىسىنىڭ تەن - سەھەتىنى سورىغاندەك
قىلىپ، ئۇلارغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇردى.
بۇ چاغدا ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر رەئىيەتكە ۋاكالىتەن
سۆزلەپ:
— ئېغىر قايغۇ - مۇسىبەتكە چۆمدۇق! توغلۇقزادەم،
باشپاناھسىز قالدۇق! — دېدى كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، —
ئەمدى بىزنىڭ پۇشتىپاناھىمىز، دەپ سىزگىلا بەيئەت قىلىمىز!
— جانابىي خان ئالىيلىرى، ھەممىمىز سىزگە ساداقەتلىك
بىلەن خىزمەت قىلغايمىز! — دېيىشتى رەئىيەتمۇ ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ گۇرۇلدەپ.
ئۇلارنىڭ جاۋابلىرىغا ھەيران بولغان ئىلياس خوجا ئوغلان
خان تاغىسىغا تەئەججۇپ نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالدى - دە:

www.uyghurkitap.com

— خان تاغا، بۇ ئۇلارنىڭ نېمە دېگىنى؟ — دەپ سورىدى كۆڭلى بىرنەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ، — نېمە ئىش يۈز بەردى؟ خاقان ئاتام قېنى؟ !

— شاھىي جاھاندىن ئايرىلىپ قالدۇق، تۇغلۇقزادەم، پەدەرىڭىز ۋاقىتسىز قازا قىلدى ! ئىلاھىم ياتقان جايى جەننەتتە بولسۇن !

— نېمە دېدىڭىز؟ ! خاقان ئاتام قاچان قازا قىلدى؟ — دەپ سورىدى ئىلياس خوجا ئوغلان يىغلامسىراپ تۇرۇپ.

— ساھىبقىران خاقانىي ئالەم بۈنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى جان تەسەددۇق قىلغانىدى !

— ماڭا نېمىشقا خەۋەر قىلمىدىڭلار؟ !

— غەيرەتلىك بولۇڭ، تۇغلۇقزادەم، سىز ھازىر پادىشاھى ئالەم سىز ! — دېدى ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر ئۆزىنى زورغا بېسىۋېلىپ، — ئەتە قۇربان ھېيت نامىزىدا خۇتبە سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىزغا ئوقۇلىدۇ !

ئىلياس خوجا ئوغلان خان تاغىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى:

— مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە خان مومام، خان ئاپام بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك ! — دېدى.

— باش ئۈستىگە ! جانابىي خان ئالىيلىرى، — دېدى ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر قۇللۇق بىلدۈرۈپ، — بىز ھەممىنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، مەن ھازىرلا سىزنى ھەرەمگە باشلاپ باراي !

تۇغلۇقزادە ئىلياس خوجا ئوغلان خان مومىسى بىلەن خان ئاپىسىنى كۆرگەندە، ئۆزىنى خۇددى چوڭلاردەك تۇتۇپ، كىچىككىنە قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى. ئاندىن يۈگۈرۈپ بېرىپ خان مومىسى بىلەن خان

ئاپىسىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن بۇ ئامراق نەۋرىسىنىڭ يەتتە يېشىدىلا خاقان ئاتىسى تەرىپىدىن تەخت ۋارىسى — ۋەلىئەھد دەپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سەككىز يېشىدا ئاپىسىنىڭ ئىسسىق باغرىدىن ئاجرىتىۋېلىنىپ، يىراقتىكى ماۋەرائۇننەھرگە نائىب قىلىپ ئەۋەتىلگىنىنى، ئۇنىڭ مۇشتۇمدەك تۇرۇپلا كىچىككىنە بېشىدىن ھەتتا چوڭ ياشتىكى نۇرغۇن ئادەملەرمۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەن جۇدالىق ئازابلىرىنى كەچۈرگەنلىكىنى، تەقدىر - قىسمەتنىڭ ئۇنىڭ ئەقلىنى يېشىدىن چوڭ قىلىۋەتكەنلىكىنى ئويلاپ، ئىچى بەك سىيرىلدى.

— تۇغلۇقزادە ئوغلۇم، — دېدى خان مومىسى توققۇز ياشلىق بۇ خاقان نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — رەھمەتلىك خاقان بوۋاڭ ئېسەن بۇغاخانىنىڭ خانىدانىدا ئەڭ قېرىسىدىن پەقەت مەنلا ئېشىپ قالدىم. خاقان ئاتاڭ رامىزاننىڭ ئون يەتتىسىدە دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن زۇقۇم زەھەر قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئاڭلىسام ھەزرىتى ئەلى شاھىي مەردانمۇ دەل مۇشۇ كۈندە دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنىكەن. مەن قېرىغىنىمدا بۇنداق ئېچىنىشلىق پاجىئەنى كۆرۈرمەن دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. يىغلىدىم، قاقشىدىم، كۆز يېشىم قۇرۇدى. ئاخىر سەۋر قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ھالا بۈگۈن يېشىم يەتمىشكە ئۇلاشقاندا ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ ئازابلىق مەزگىلىگە دۈچ كېلەرمەن دەپ زادى ئويلىمىغانىكەنمەن، بالام !...

خان مومىسى كۆز ياشلىرىنى ئاق داكا ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ قويدى.

توققۇز ياشلىق چاغاتاي ۋەلىئەھدى ئىلياس خوجا ئوغلان خان مومىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، خۇددى چوڭ ياشتىكى ئادەملەردەك سۆزلىدى:

www.uyghurkitap.com

— خان موما، يىغلىماڭ ! خان ئاپام بار، يەنە مەن بار، ئاللا نېسىپ قىلسا، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. خان موما، يەنە ئوبدان كۈنلەرگە ئۇلىشارمىز !

— ۋاي تاتلىق تىلىڭدىن ئايلىناي، خاقان ئوغلۇم ! — دېدى خان مومىسى خۇشال بولغىنىدىن نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — سەن ھەممىمىزنىڭ تاغدەك يۆلەنچۈكى، رەھمەتلىك خاقان ئاتاڭ تۇغۇلغان كۈندىن تارتىپلا ئاتىسى خاقان بوۋاڭنى كۆرمەي چوڭ بولغانىدى. بىراق، خاقان ئاتاڭ رەھمەتلىك بوۋاڭ قىلالماي ئارماندا كەتكەن بۈيۈك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغانىدى. ساڭا ئۆمۈر ۋە ئامەت تىلەيمەن. خىزىر يېشىڭنى ياشىغايسەن. رەھمەتلىك ئاتاڭ قىلىشنى ئويلىغان، ئەمما قىلالماي ئارماندا كەتكەن ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغايسەن، ئىلاھىم !

كىچىكىدىن تارتىپلا چوڭلار بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ئۆگىتىلگەن ئىلياس خوجا ئوغلان خان مومىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، بىر چەتتە قاراپ كۆز يېشى قىلىپ تۇرغان ئاپىسىغا ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام قىلدى:

— لەببەي خان ئاپا، مانا ئوغلىڭىز ئالدىڭىزغا خىزمىتىڭىزگە كەلدى. سىزنى بەك سېغىندىم !

خانىش زەمۇران بىبى ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ يىغلىدى:

— ئىلياسخان ئوغلۇم ! سېنى خەۋپ ـ خەتەر ئارىسىغا ئەۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن مېنى كەچۈر ! دۇنيادا سېنىڭدەك بىرلا پەرزەنتىنى ئاتىسىدىن جۇدا قىلغان مەندەك ئاپاڭنى كەچۈر ! ئەمدى يالغۇز ئوغلۇمغا ئاتىسىنى نەدىن تاپارمەن ! نەدىن تاپارمەن ! ئاتاڭغا كەلگەن ئەجەل ماڭا كەلسە بولماسمىدى؟ ئاشۇ ئىپتارلىق ئوغىنى مەنلا ئىچسەم بولماسمىدى؟ !

ھازىر قايغۇغا بېرىلىپ يىغلاپ ئولتۇرىدىغان پەيت ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن كېلىنىگە كايىپ، ئۇنى جىملىدى:

— ھوي كېلىن ! بەس، يېتەر ئەمدى ! سەۋر قىل، ئوغلۇڭ

ئۈچۈن كېرىكى سېنىڭ يىغاڭ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ خاقان ئاتىسىدىن قالغان تەختكە ئولتۇرۇپ، خانلىق تاجىنى كىيىش !

ئاندىن ئۇ بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان ئوغلى ئەمىر تۆمۈر مەلىكتىن:

— تاج كىيىش مۇراسىمىنىڭ تەييارلىقى پۈتكۈزۈلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھۆرمەتلىك ۋالىدەمگە مەلۇم بولغايكى، جىمى تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ قويدۇق. خاتىرجەم بولغايسىز !

— توغلۇقزادە ئوغلۇم، تەڭرىم ساڭا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن ! خاقان ئاتاڭنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ بەرقەرار بولغايسەن. ئۇزاق - ئۇزاق يىللار ھۆكۈم سۈرگەيسەن ! ئەمدى بىزنىڭ باشپاناھىمىز ئۆزۈڭسەن ! ئىچكى - تاشقى ئىككى تەرىپىمىزدىن دۈشمەن باسقان مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مەملىكەتنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن قۇدرەت كېرەك، ئەقىل كېرەك ! چاغاتايزادىلەر ئارىسىدا ئەڭ ئەقىللىكى، ئەڭ قۇدرەتلىكى بىزنىڭ تۇغلۇقزادە ئوغلىمىز ئىلياس خوجا ئوغلاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەملىكەتنىڭ تەخت - سەلتەنەتىنى مۇقەررەر يوسۇندا سەن ئىگىلىشىڭ كېرەك ! تەڭرىم بىزنىڭ قايغۇلۇق كۈنلىرىمىزنى سەن ئارقىلىق خۇشاللىق كۈنلەرگە يەتكۈزدى ! ئەمدى شۇنى غەنىيمەت دەپ بىلەيلى !...

تۇرغاۋۇتلار تۇمەنىنىڭ تۇمەنبېگى، ئوردا قۇرچىلىرىنىڭ ئەمىرى تۆمۈر مەلىك باھادىر چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت ۋارىسى ئىلياس خوجا ئوغلاننى مەرھۇم خاقان ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تەختىگە چىقىرىشنىڭ تەييارلىقىنى جىددىي ئىشلەپ زۇلھەججەنىڭ توققۇزىنچى كۈنىگە① — ئارافات كۈنىگە ئۆلگۈرتۈپ پۈتكۈزدى.

قۇربان ھېيت نامىزى ئالمالىقتىكى ھېيتگاھ جامەسىدە

① زۇلھەججەنىڭ توققۇزىنچى كۈنى — مىلادىيە 1364 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.

ئوقۇلدى. نامازغا شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئىماملىق قىلدى. ئۇ ئىلياس خوجىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى مەدھىيەلەپ خۇتبە ئوقۇغاندا، پۈتۈن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭراپ، پايتەخت ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈردى.

قۇربان ھېيت نامىزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، خان ئوردىسىدىكى قۇببىلىك سارايدا داغدۇغىلىق تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلان مەرھۇم خاقان ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئالتۇن تەختى ئۈستىدە ئولتۇرغاندا، ئاتىسىنىڭ مېھرلىك سىماسى بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ، كۆڭلى بۇزۇلدى ـ دە، يىغلاپ سېلىشتىن ئۆزىنى ناھايىتى تەستە تۇتۇۋالدى. خان تاغىسى تۆمۈر مەلىك باھادىر ئۇنىڭ قولىقىغا: «قەيسەررەك بولۇڭ خان ئالىيلىرى، بۇ سىزنىڭ تاج كىيىش مۇراسىمىڭىزدۇر !» دەپ پىچىرلىدى.

ئوردىنىڭ مۇراسىمبېگى قولىدىكى ئالتۇن ھاسىسىنى يەرگە ئۈچ مەرتىۋە ئۇرۇپ، تاج كىيىش مۇراسىمىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەۋكەبتىكى ۋەزىر ـ جايساڭ، ئەمىر ـ ئۆمەرا، بەگلەر بىگات، ئەكابىر ـ ئەشرەپلەرنىڭ ھەممىسى ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىرنىڭ باشچىلىقىدا چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانى ئىلياس خان ئولتۇرغان ئالتۇن تەخت ئالدىغا كېلىپ تىز چۆكۈپ ساداقەتلىك بىلدۈرۈپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار موڭغۇل يوسۇنى بويىچە خاننىڭ سول قول تەرىپى بىلەن تەختنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ خاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تىز چۆكۈپ، يەرنى ئۆپۈپ باش ئۇرۇشتى. بۇ ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ ھەربىرى توققۇز قېتىم تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تەزىم رەسمىيىتىنى ئادا قىلدى. يانغاندىمۇ خۇددى ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا توققۇز قېتىم تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يەر ئۆپۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى. دۆلەت ئەركانلىرى پۈتۈنلەي موڭغۇل

رەسىمدە كېيىنگەندى، ئۇلارنىڭ بېشىدىكى موڭغۇلچە بۆكلىرى، ئۇچىسىدىكى سۇجوۋ تاۋىرىدىن كەشتە بېسىپ تىكىلگەن تونلىرى، بېلىدىكى يېشىل چەمدىن ئىشلەنگەن موڭغۇلچە كەمەرلىرى ئاجايىپ كۆركەم ئىدى. توققۇزدىن توققۇز تەزىم رەسمىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ماڭلىيىغا مېغىزدەك بىر دانە بەدەخشان لەئەلى قادالغان توز قانىتى ئوتۇغاتلىق كىچىك بىر يېپەك سەللىنى ئىلياس خاننىڭ بېشىغا ئاۋايلاپ كىيدۇرۇپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا تىلەكلەر تىلەپ، ئۇزۇن دۇئا قىلدى. ئاخىرىدا خان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەئىيانى دۆلەتخاھلارغا قول ئىشارىتى قىلىپ تەشەككۇر بىلدۇردى.

مۇراسىمبېگى داغدۇغىلىق تاج كىيىش مۇراسىمىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى...

خاننىڭ تاج كىيىش مۇراسىمىغا نائىب ئۇلۇسبېگى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۆزىنىڭ بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ قاتناشمىدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر، خان مۆھۈردارى يەللىغ تايشى، شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ۋە ئېپىسكوپ لاۋرېنتىي ھەزرەتلەر ئىلياس خاننىڭ ئالدىغا سالامغا كىرگەندە، ئۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— خان ئالىيلىرى، بىز سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى چۈشىنىمىز، — دېدى يەللىغ تايشى ھاسىراپ ئاران سۆزلەپ. ئۇنى يېقىندىن بۇيان زىققە كېسىلى يامان قىيناۋاتقانىدى، — سىز خاقان ئاتىڭىزنىڭ ۋاقىتسىز قىلغان ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ يىغلىماقتىسىز. مەرھۇم تۇغلۇق تۆمۈرخان باشقىلارغا ياخشىلىقلا ئويلايدىغان، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ھىممەتلىك ياخشى خاقان ئىدى. مەن بىلىمدىمكى، دۇنيادا ئۇنىڭغا ئوخشاش، ھەمىشە باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپ، باشقىلارغا

www.uyghurkitap.com

مېھرىبانلىق قىلىدىغان خاقان يەنە بارمىكىن؟ ئۇ بۇ دۇنياغا پەقەت ياخشىلىق، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈنلا تۇغۇلغان ئۇلۇغ بىر ئىنسان ئىدى. بىراق، ئېچىنىشلىق ئۆلۈم ئۇنى ۋاقىتسىز ئارىمىزدىن ئەكەتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ھەممىمىز ئېچىنماقتىمىز !...

— شۇنداق، مەرھۇم خاقان ئاتىڭىزنىڭ ئىجتىھات قىلىشى بىلەن، — دېدى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ، — چاغاتاي مەملىكىتى مەشرىق ۋە مەغرىپتە يەتتە ئىقلىمغا تونۇلدى. چاغاتاي مەملىكىتىدە پاشايدىغان جىمىكى ئەھلى ئۇلۇسلار مەرھۇم خاقان ئاتىڭىز كۆتۈرگەن قۇدرەتلىك تۇغ ئاستىدا خۇددى ئاق سۈتنىڭ قايمىقىدەك بىر خەلق بولۇپ ئۇيىدى. بۇ ئەلۋەك زېمىندا ياشايدىغان خەلقنىڭ نەسلى ئاۋۇپ، قاتارى كۆپىيىشكە باشلىغاندىن بۇيان، باشقا ئەللەرنىڭ خەلقى تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالماقتا. پەسىللەر ئالماشتى، باھار كېتىپ قىش مەۋسۇمى يېتىپ كەلدى. ئۆلۈمنىڭ مۇدھىش شۇۋىرغانلىرى ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرنى قارا يەرگە كۆمۈپ تاشلىيالىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ باشلىغان ئۇلۇغ كارۋان — ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ سەپەردە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. سىز خىزىر سۈپەت ھىممەتلىك خاقان ئاتىڭىزنىڭ قولىدىن بۇ ئۇلۇغ كارۋاننى غەلىبىدىن ـ غەلىبىگە باشلاپ ماڭىدىغان ئاشۇ غالىب تۇغنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ بۇ مەملىكەتكە ساھىب خاقان بولدىڭىز. بىز ئىشىنىمىزكى، سىز كۆتۈرمەكچى بولغان ئاشۇ قارچىغا سۈرەتلىك قىزىل تۇغ ئاستىغا ئۇيغۇر بولۇپ ئۇيۇغان بۇ ئۇلۇغ كارۋاننىڭ نەسلى ـ ئەۋلادى خۇددى كۆكلەمدىكى باھار مايسىسىدەك مەڭگۇ كۆكلەپ ـ ياشنايدۇ !

ئىلياس خاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە مەملىكەتنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى بەش قولدەك چۈشىنىدىغان خان تاغىسى، ئوردا قۇرچىلىرىنىڭ ئەمىرى تۆمۈر مەلىك باھادىر بوگۇنكى تاج

كىيىش مۇراسىمىغا ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ قاتناشمىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، مۇنداق دېدى:

— مەرھۇم خاقان ئاغام تۇغلۇق تۆمۈر سەلتەنەت ئىشىدا ئەزەلدىن بىپەرۋالىق قىلمىغانىدى. خاقانىم، سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى مەردانە تۇرىدىغان ۋە ئەڭ تەشۋىشلىك كۈنلىرىڭىز مانا ئەمدى باشلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چوقۇم مەرھۇمغا بولغان قايغۇڭىزنى كۆچكە ئايلاندۇرۇشىڭىز، ھوشيار، قەيسەر ۋە غەيرەتلىك بولۇپ، سەلتەنەت دۈشمەنلىرىنىڭ بېلىنى ئۇزۇل - كېسىل ئوشتۇپ تاشلاشقا بەل باغلىشىڭىز كېرەك. بىز ئايغاقچىلىرىمىزدىن توپىلاڭچى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئاتىڭىزنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال توپىلاڭچىلارنىڭ يەنە بىر كاتتىبېشى ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن بىرلىشىپ جەيھۇن بويىدىكى تاشارىق قورغىنىغا لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات تاپشۇرۇۋالدۇق①. تاشتۆمۈر باھادىر ھايات ۋاقتىدا ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ چاغاتاي سەلتەنەتىگە قارشى يۈرگۈزگەن قىڭغىر ئىشلىرىنى بايقىغاندىن كېيىن، مەرھۇم تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئۇنى دەرھال تۇتۇپ يوقىتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنىدى. بىراق، تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ئىش ھازىرغا قەدەر ئورۇنلانماي كېلىۋاتقانىدى. بۈگۈن تاج كىيىش مۇراسىمىغا قاتناشمىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆز پەيلىدىن يانمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. مەن خان ئالىيلىرىغا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك تەكلىپ بېرىمەن: بىرىنچى، ئەمىر تۆمۈرنى دەرھال توپىلاڭچى دەپ جاكارلاپ، ئۇنى تۇتۇپ يوقىتىش توغرىسىدا ئەمىر بەگچەككە پەرمان چۈشۈرگەيسىز؛ ئىككىنچىسى، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ بارلىق مەرتىۋە - ئىمتىيازلىرىنىڭ بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈنلەي بىكار قىلىنغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنى تۇتۇپ قاماققا ئېلىپ، قاتال سۈيىقەستچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە

---

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شەرەفىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» دېگەن كىتابىغا قاراڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2007 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى.

ئۇنىڭ تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن زادى مۇناسىۋىتى بار ـ يوقلۇقىنى تەھقىق قىلىپ ئىنقىلاپ چىقىش تۇغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەيسىز !

ــ ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىرنىڭ بۇ ئىككى تۈرلۈك تەكلىپىنى مەنمۇ قوللايمەن ! ــ دېدى يەللىغ تايشى، ــ مەرھۇم خاقان تۇغلۇق تۆمۈر ھايات ۋاقتىدا ئۇل ئەمىر تۆمۈر بىلەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ئىشلىرى كۆپ قېتىم مۇھاكىمە قىلىنغان. ئەمما، ئىزچىل ھەل بولماي كېلىۋاتقاندى. ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ئېغىر جۇدالىق قايغۇسى ئىچىدە قاتتىق شىكەستىلەندى. سىلى تېخى يېڭىلاتىن چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىگە ساھىب بولدىلا. بىراق، دۈشمەن بىزنىڭ كۆڭۈل جاراھىتىمىزنىڭ ساقىيىپ، جامائىتىمىزنىڭ ئوڭ ـ سول سېپىنى تېپىۋېلىشىمىزغا ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ. ئۇلار پات ئارىدا ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كېلىدۇ. شۇڭا، كىمكى كىچىك دۈشمەننى بەك تۆۋەن چاغلىسا، كىچىككىنە ئوتنى پەرۋاسىزلىق ئىلكىدە ئۆچۈرمەي قويغانغا ئوخشاش بىر ئىش بولىدۇ. ھوشيار ھۆكۈمران شۇنداق بولۇشى كېرەككى، دۈشمەن قانچىكى مۆلايىملىق كۆرسەتسە ئۇنىڭدىن شۇنچە گۇمان ـ شۈبھىلىنىش كېرەك. مۇبادا غاپىللىق قىلىنسا، دۈشمەن ھەر ۋاقىت قەست قىلىپ يۈرگەچكە، پۇرسەت تېپىپ تەدبىر ئوقىنى مۇراد نىشانىغا تەگكۈزمەي قالمايدۇ. ئۇ چاغدا چارە ۋە ئىلاج تېپىشنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ ـ دە، ھەسرەت ـ نادامەت قىلغان بىلەن ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ !

ــ خان ئاغا، سىزنىڭچە قانداق قىلساق مۇۋاپىق بولۇر؟ ــ دەپ سورىدى ئىلياس خان ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىرغا ئۈمىد نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ھازىرقى ۋاقىتتا توپىلاڭ كۆتۈرگەن ئەمىر تۆمۈر باشچىلىقىدىكى ماۋەرائۇننەھرلىك ئىسىيانچى بەگ - ئەمىرلەرنى ياساقتا تارتىپ جازالاش سەلتەنەتىمىزنىڭ ئامانلىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ، — دېدى ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، — مەرھۇم خاقان ئاتىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخان شەخسەن ئۆزى ئىككى داپقۇر لەشكەر باشلاپ بېرىپ، ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىنى ئاران تىنچىتقانىدى. ئەلھال، ئىسىيانچى ئەمىر تۆمۈر سەلتەنەتىمىزنىڭ تەسىرىنى ئۇ يەردىن سىقىپ چىقىرىش ئۈچۈن، بىزنىڭ جەيھۇن دەرياسى بويىدىكى چېگرا مۇداپىئە ھەزارەلىرىمىزگە ئۈزۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرماقتا. گەرچە ئەمىر تۆمۈرنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنى سان جەھەتتە بىزدىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئۇرۇش قىلىپ كۆرمىگەن، تەجرىبىسىز ۋە ئىنتىزامسىزدۇر، ئۇنىڭ قوشۇنى قىلچە جەڭگىۋارلىقى بولمىغان ئالامانلار توپىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، مەن ئىسىيانچى ئەمىر تۆمۈرنى ياساقتا تارتىپ جازالاش ئۈچۈن خان ئالىيلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەمىر توقتۆمۈر باھادىر بىلەن بىللە زور لەشكەر باشلاپ، دەرھال ماۋەرائۇننەھرگە قايتىشى زۆرۈر، دەپ ھېسابلايمەن. خان ئالىيلىرى ماۋەرائۇننەھردە توپىلاڭچىلارنى ياساقتا تارتىپ جازالاشنى شەخسەن ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇرۇپ، ئەمىر بەگچەك باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرىمىزغا ئىلھام بېرىپ تۇرسا، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى يۈز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ - دە، سەلتەنەتىمىزنىڭ سۈرىنى ماۋەرائۇننەھردە تېخىمۇ قاتتىق ۋە كۈچلۈك جارى قىلدۇرۇشتىكى ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولىدۇ.

— خان تاغا ھەزرەتلىرى، سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز بويىچە بولغاي، — دېدى ئىلياس خان دەرھال، — جانابىي يەللىغ تايشى، سىز خان تاغامنىڭ بايا ئېيتقانلىرى بويىچە ئەمىر تۆمۈر بىلەن

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ پۈتۈن ھوقۇق، مەرتىۋە - ئىمتىيازلىرىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى ۋە ياساقتا تارتىپ جازالاش ئۈچۈن ئۇلارنى دەرھال تۇتۇش ھەققىدە پەرمان تەييارلىغايسىز، بۇ پەرمان مېنىڭ نامىمدا تەخىرسىز پۈتۈن مەملىكەتكە جاكارلانسۇن! بىز ماۋەرائۇننەھردىن قايتىپ كەلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئوردىنىڭ بارلىق كۈندىلىك ئىشلىرىنى خان تاغىمىز، ھۆرمەتلىك ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىرنىڭ ئىدارە قىلىپ تۇرۇشىغا تاپشۇرىمىز! مەلۇم قىلىدىغان باشقا ئىش بولمىسا، ئەمدى قايتساڭلار بولىدۇ!...

ئەتىسى ئىلياس خاننىڭ ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپى بىلەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ئۇلۇسبەگلىك مەرتىۋىسىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى پەرمانى قولىغا تۇتقۇزۇلغان تەۋاچىلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ماڭدۇرۇلدى. قورچىلار ئەمىرى تۆمۈر مەلىك باھادىر ئىلياس خاننىڭ ئەمىر قەمەرىدىننى قولغا ئېلىش ھەققىدىكى پەرمانىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇنىڭ ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى...

*　　　*　　　*

چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان سەلتەنەت ئىشلىرىنى بىرەر قۇر تەرتىپكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ ئەمىر توقتۆمۈر باھادىر بىلەن بىللە زور لەشكەر باشلاپ پايتەخت ئالمالىقتىن ماۋەرائۇننەھرگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان كەچ كۈز پەسلى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئانچە ھايالشماستىنلا ئەمىر بەگچەكنىڭ جەيھۇن بويىدىكى تاشارىق بارگاھىغا يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى ۋە ماۋەرائۇننەھرلىك توپىلاڭچى ئەمىر تۆمۈربەگ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى.



www.uyghurkitap.com

ئىلياس خاننىڭ سەككىز قاناتلىق خان چېدىرى تاشارىق قورغىنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۆپىلىك ئۈستىگە تىكىلگەن بولۇپ، ئەتراپىغا ئىچىگە يامغۇر سۈيىنىڭ كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئايلاندۇرۇپ ئېرىق قېزىلغان ۋە چېدىرنىڭ تام كىگىزىنىڭ ئاستى كەرگە تۈۋىگە توپا بىلەن مەھكەم باستۇرۇپ كۆمۈپ قويۇلغانىدى. خان چېدىرىنىڭ ئەتراپىغا چىم ياتقۇزۇلغان بولۇپ، توختىماي ياغقان يامغۇردا ياشىرىپ ياپيېشىل بولۇپ كەتكەنىدى. خان چېدىرى تىكىلگەن تۆپىلىكنىڭ ئاستى كەڭرى تۈزلەڭلىك بولۇپ، چاغاتاي ئوردىسىنىڭ سەركەردىسى بەگچەكنىڭ بارگاھى مۇشۇ تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغانىدى. تۈزلەڭلىكنىڭ جەنۇبىدىن جەيھۇن دەرياسى ئېقىپ ئۆتەتتى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا تاشارىق دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى بىر قورغان بار ئىدى. دەريادىن كېچىپ ئۆتكىلى بولىدىغان كېچىكنىڭ نامىمۇ مۇشۇ قەدىمكى قورغاننىڭ نامى بىلەن «تاشارىق كېچىكى» دەپ ئاتىلاتتى. قورام تاشتىن قوپۇرۇلغان قورغان تېمىنىڭ كۈنگۈرە ـ ئۆگەكلىرىگە سانجاق ـ سانجاق تۇغ ـ ئەلەملەر قادالغان بولۇپ، ئۈستىگە تۆۋەنگە دومىلىتىلىدىغان تاش ـ ياغاچلار دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. ھازىر بۇ قورغان ماۋەرائۇننەھرلىك ئىسيانچى ئەمىرلەرنىڭ قارارگاھى بولغانلىقتىن، قورغاندىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسى قورغاننىڭ سىرتىغا قوغلاپ چىقىرىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقا يارىمايدىغان قېرى ـ چۈرى، مەزلۇم ۋە ئۇششاق باللار ئىدى. ئەتراپنى قىيا ـ چىيا قاپلىغان بولۇپ، قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئۇششاق باللار خەقىشلىك قىلىپ يىغلاشماقتا ئىدى. بىچارە قېرىلار ۋە ئاياللار يىغلامسىراپ ئولتۇرۇشاتتى، قاراۋۇللار قورغاننىڭ كۈنگۈرە ـ ئۆگەكلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلارغا قارىشىپ تۇرۇشاتتى.

قورغان ئۈستىدىكى قاراۋۇللار يىراقتىن بىر توپ ئاتلىق ئادەمنىڭ قورغان تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ھوشيارلىنىپ تۇرۇشتى. توپنىڭ ئالدىدا ئىككى ئادەم كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى ياشراق، يەنە بىرسى قېرىراق ئىدى. ياشراقى ئەمىر تۆمۈر بولۇپ، ئۇچىسىدىكى ئېسىل يىپەكتىن تىكىلگەن تون ئۈستىدىن پارقىراق قۇياق - ساۋۇت كىيىۋالغانىدى. پۇتىدا تۇمشۇقى ئۈستىگە قايرىلغان قىزىل كۆن ئۆتۈك بولۇپ، يېنىغا سۇپەتلىك ئىسپاھان تۆمۈردىن سوقۇلغان شەمشەر ئېسىۋالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ياشتا چوڭراق كىشى سابىق ئۇلۇسبېگى مەرھۇم ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ نەۋرىسى ئەمىر ھۈسەيىن بارلاس ئىدى. ئارقىسىدىكى كىشىلەر ئۇلار بىلەن دائىم بىللە يۈرىدىغان بەگزادىلەر، ئەمىرزادىلەر ئىدى. ئاتلىقلار قورغان دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، قاراۋۇللار دەرۋازىنى ئېچىپ ئۇلارنى ئىچكە كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، داراڭلىتىپ دەرۋازىنى ئىچىدىن يەنە تاقىۋالدى.

باھار پەسلىدە جەيھۇن بويلىرى ئىنتايىن گۈزەللىشىپ كېتەتتى. تاشارىق قورغىنى يامغۇر - يېشىن كۆپ بولىدىغان سۇيى مول بىر جاي بولغاچقا، مەنزىرىسى باشقا جايلارغا قارىغاندا چىرايلىق ئىدى. باھار پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭلا بۇ يەرنى يېشىللىق قاپلاپ، خىلمۇخىل لەيلىگۈللەر ئېچىلىپ جەننەتتەك بولۇپ كېتەتتى.

ئۆتكەن يىلى يازدا ئەمىر تۆمۈر ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا ئاشكارىلىنىپ قېلىپ بەلختىكى قېيىنئاتىسى ئەمىر ھۈسەيىننىڭ قېشىغا قېچىپ كېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، چاغاتاي سەلتەنەتىگە قارشى ئاشكارا ئىسيان كۆتۈردى ۋە ماۋەرائۇننەھرلىك تەپرىقچى كۈچلەرنى ئۆزىنىڭ بايرىقى ئاستىغا چاقىردى. ماۋەرائۇننەھرلىك تەپرىقچى بەگلەردىن خوجا سالىبەرى، بايان سۇلدۇزنىڭ ئوغلى

شەيخ مۇھەممەد ۋە كۆلاك دەشتىدە ئەمىر تۆمۈردىن بۆلۈنۈپ ئۆز ئېلىگە كەتكەن شىر بەھرامىلار دەرھال تۆشمۇتۆشتىن ئۈنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ لەشكەر تارتىپ، ئاتلىق ۋە ياياقلىرىنى يىغىپ ـ تۆشەپ، ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىبېشى ئەمىر تۆمۈر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش كېڭىشىگە قاتنىشىش ئۈچۈن تاشارىق قورغىنىغا يېتىپ كېلىشتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئېچىلغان ئىتتىپاق تۈزۈش كېڭىشىدە نۇرغۇن مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. بىراق، «جېتە قوشۇنلىرى» دەپ ئاتالغان چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلانىنىڭ قوشۇنى بىلەن بولىدىغان جەڭدە زادى قانداق چارە ـ ئۇسۇل قوللىنىش كېرەكلىكى مەسىلىسىدە ئىختىلاپ كۆرۈلدى.

ئەمىر ھۈسەيىن باشچىلىقىدىكى بىر بۆلەك ئىسيانچى كاتتىباشلار جېتە قوشۇنلىرىنى پەقەت مەيدان جېڭى قىلىش ئارقىلىق يەڭگىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەمىر ھۈسەيىن ئۆزىنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى مۇنداق ئاساسلار بىلەن ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى: «جېتە قوشۇنلىرى يىراق موغۇلىستاندىن ئۇزۇن يول يۈرۈپ يېقىندىلا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھېرىپ ـ چارچىغانلىقتىن، قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاللىقاچان تۆۋەنلەپ كەتتى. تاشارىق قورغىنىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى جەڭ مەيدانىنىڭ يەر شارائىتى تۈز بولغاچقا، مەيدان جېڭى قىلىشقا تولىمۇ باب كېلىدۇ. شۇڭا، جېتە قوشۇنلىرىنى مەيدان جېڭى ئارقىلىق تامامەن تىرىپىرەن قىلىپ تاشلاش مۇمكىن؛ تولغىما جەڭ ئۇسۇلى پەقەت يەر شارائىتى ئېگىز ـ پەس بولغان جايلاردا ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالايدۇ. جېتە قوشۇنلىرى ھازىر يەر شارائىتى تۈز ۋە كەڭرى بولغان تۈزلەڭلىكنى جەڭ مەيدانى قىلىپ تاللىغان. ئۇ يەردە يوشۇرۇنغۇدەك دەل ـ دەرەخلىك، تاغ ـ ئېدىرلىق بولمىغانلىقتىن، تولغىما جەڭ ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، دۈشمەنگە مۇددىئايىمىزنى ئوڭايلا

سەزدۇرۇپ قويىمىز. مەيدان جېڭى قىلغاندا ئىككى تەرەپنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى يەكمۇيەك ئېلىشىدىغان بولغاچقا، قايسى تەرەپنىڭ سەركەردىسىنىڭ بىلىكىدە كۈچ ـ قۇۋۋەت بولسىلا، غەلىبە ـ نۇسرەت شۇ تەرەپنىڭ بولىدۇ!»

بىراق، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ يېشى كىچىك بولغىنى بىلەن، ئۇ ماتانەتلىك، شجائەتلىك ۋە تەجرىبىلىك بىر سەركەردە ئىدى. ئۆز سېپىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا خۇددى بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئىسيانچى لەشكەرلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئاقساقال ـ مويسىپىتلارنىڭ دەۋەت ـ تەرغىباتلىرى بىلەن ئىسيانغا ئاۋاز قوشۇشقان ئەل ئىچىدىن كەلگەن كىشىلەر ئىدى. بۇ ئالامانلار ئۇرۇشنى زادى كۆرۈپ باقمىغان ياكى ئۇرۇشنى ئۇزاقتىن ئىشىتكەن، ھېچقانداق ئۇرۇش تەجرىبىسى يوق كىشىلەردىن تەشكىل قىلىنغان بولغاچقا، ئىلياس خاننىڭ پۇختا تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن، ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك، قورال ـ ياراغلىرى خىل ۋە جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن بولغان مۇنتىزىم قوشۇنلىرىنى مەيدان جېڭى قىلىش ئارقىلىق يېڭىمەن دېيىش باللارچە قىلىنغان خام خىيال ئىدى. بىراق، ئەمىر ھۇسەيىن «جېتە قوشۇنلىرى» بىلەن مەيدان جېڭى قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئەمىر تۆمۈرمۇ ئامالسىز قالدى...

ئۇرۇش سەھەردە باشلاندى. قۇياش ئاسمان راۋىقىنىڭ دېرىزىسىدىن باش چىقىرىپ، ئۇيقۇدىن يېڭى ئويغانغان جاناندەك مۇنەۋۋەر جامالىنى كۆرسىتىپ، ئالەمنى نۇرغا تولدۇرغاندا، ئىككى تەرەپتىن لەشكەرلەر توپ ـ توپ، سانجاق ـ سانجاق بولۇپ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ قاتار تىزىلىپ جەڭنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈردى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئوڭ ـ سول قاناتلىرىدا بۆكتۈرمە قويۇشتى. ئىلياس خان تەرەپنىڭ ئەمىرلىرى قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش ۋە جەڭگە

تەييارلاش جەھەتتىكى قەتئىي شەرتلەرگە ئەمەل قىلغان ھالدا لەشكەرلەرنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، ئاتلارغا گىجىم تاقاپ، لەشكەرنى ئوڭ قانات ۋە سول قانات قىسىملىرى بويىچە تەشكىللەپ سەپ تۈزدى. چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ سول قانىتى ئىلياس خان باشچىلىقىدىكى ئۇلۇغ ئەمىر توقتۆمۈر باھادىرنىڭ قوشۇنلىرى توپىدىن زىننەت تاپتى. ئوڭ قانىتى چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى، ئەمىر بەگچەك باھادىر ۋە ئەمىر ھامىد كۈرلۈكۈتلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلدى.

شۇنداق قىلىپ، بىر - بىرىگە دۈشمەن بولغان ھەر ئىككى تەرەپتىكى قوشۇنلار قانات - قانات بولۇپ، ئىنتىقام ۋە جەڭ قىلىش يۈزلىرىنى بىر - بىرىنى ھالاك قىلىش تەرەپكە قاراتتى.

قارشى تەرەپتىكى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئىسيانچى ئالامانلىرىمۇ خۇددى چاغاتاي قوشۇنلىرىدەك ئىككى قانات تۈزۈشكەنىدى: ئىسيانچى ئەمىر ھۈسەيىن ئوڭ قاناتنى تۈزگەن، ئەمىر تۆمۈر سول قاناتنى تۈزگەنىدى. شۇ ئەسنادا ھەر ئىككى تەرەپتە جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى مەيدان جېڭگە ھازىرلاندى. ھەممە لەشكەر جەڭنى كۈتۈپ سەپراس - چەپراس بولۇپ تۇرۇشقاندا، توساتتىن چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ سېپىدىن ئەمىر ھامىد كۈرلۈكۈت پولات نەيزىسىنى ئوينىتىپ، ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى جەۋلانبازلىق مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ زەربىدارلىرى نەيزىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشىپ، ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇپ، چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈشتى، يىراقتىن ھەيۋە كۆرسىتىپ، قوللىرىدىكى سانجاق - سانجاق تۇغ ئەلەملىرىنى جەۋلان قىلدۇردى، سەپنى تۈزلەپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىنىپ تۇرۇشتى.

توپىلاڭچىلار سېپىدىن ئەمىر تۆمۈرنىڭ خوجا سالىبەرى دېگەن بىر ئەمىرى گۈرزىسىنى ئاسمانغا پىرقىرىتىپ ئېتىپ جەۋلانبازلىق قىلغان پېتى ئەمىر ھامىدقا قارشى مەيدانغا ئات

سىلىپ كىرىپ كەلدى.

ئەمىر هامىد ئىتىنى دېۋىتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ـ دە:

ــ هەي توپىلاڭچى ئاسىي، جېنىڭغا ئاگاھ بول ! ــ دەپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە نەيزە ئۇردى. خوجا سالىبەرى ئۇنىڭ نەيزىسىنىڭ زەربىسىنى گۈرزىسى بىلەن توسۇپ: رەت قىلىپ تاشلاپ: «هوي جېتە قاراقچىسى، هازىر بول !» دېگىنىچە قولىدىكى گۈرزىسىنى پىرقىرىتىپ ئۇنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇردىكى، ئەمىر هامىد بېشىغا قالقان تۇتۇپ گۈرزىنىڭ زەربىسىنى توسۇپ قىلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. گۈرزىنىڭ قالقانغا سوقۇلغان چاغدىكى ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ئانىسىدىن ئەمگەن سۈتلىرى ئاغزىغا كېلىشتى. مەيداندا ئۇلارنىڭ سوقۇشۇشىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىشتى. بۇ هالنى كۆرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ باهادىر ـ پالۋانلىرى بىرىسىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرسى قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ تۇردى. ئۇلارنىڭ «ئۇر ـ چاپ !» دېگەن ئاۋازلىرى پۈتۈن جەڭ مەيدانىنىڭ ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈرۈپ، زېمىننى لەرزىگە سالدى.

ئەمىر هامىد بىلەن سالىبەرى ئىككىسى بىر ـ بىرى بىلەن يېگىرمە ـ ئوتتۇز قېتىم ئېلىشقاندىن كېيىن، بىلەكلىرى تېلىپ، چارچاشقا باشلىدى. مۇشۇ چاغدا چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ باهادىرى ئەمىر هامىد كۈرلۈكۈت بەئەينى تۆۋرۈكتەك پولات نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئىسيانچىلارنىڭ باهادىرى خوجا سالىبەرىنىڭ ساۋۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېنەپ تۇرۇپ «يا هەزرىتى ئەلى شاهىمەردان !» دەپ نەيزىسىنى شۇنداق زەربە بىلەن ئۇردىكى، نەيزىنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ كەينىدىن بىر غۇلاچ تېشىپ چىقتى، ئاشۇ بىر نەيزە بىلەن سالىبەرىنىڭ جان قۇشى كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ جەهەننەمگە ئۇچۇپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com

ئەمىر ھامىد كۇرلۇكۇت يەنە گۇلدۇرمامىدەك نەرە تارتقىنىچە، توپىلاڭچى ئالامانلار سېپىگە ئۆزىنى خۇددى بوراندەك ئۇردى.

ئۆز سەركەردىسىنىڭ باھادىرلىقىنى كۆرگەن زەربىدارلار ئىسيانچىلار سېپىگە ئاجايىپ سۈر ـ ھەيۋە بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، ناھايىتى كۆپ كىشىنى ھالاك قىلىشتى.

ئەمىر ھۇسەيىن:

— بۇ باھادىر بىزنىڭ سېپىمىزنىڭ ئالىي سەركەردىسى خوجا سالىبەرىنى بىر نەيزە بىلەنلا ھالاك قىلدى. يەنە بولدى قىلماستىن شۇنچە كۆپ لەشكەرنىڭ سېپىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، بىزگە ھەملە قىلىپ كېلىۋاتىدۇيا، ئۇ زادى كىم بولغىيدى؟ — دەپ سورىدى، ئەمىر تۆمۈر ئۇنىڭغا:

— بۇ باھادىرنىڭ ئىسمى ئەمىر ھامىد، موغۇللارنىڭ كۇرلۇكۇت ئايمىقىدىن، نەيزىۋازلىقتا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلىگۇدەك بىرەر پالۋان چىقىپ باقمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىۋىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەمىر ھۇسەيىنىنىڭ پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەمىر ھامىدنىڭ قولىدىكى ئالماس تىغلىق نەشتەردەك پولات نەيزىنى كۆرۈپ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى ھەمدە قارشى تەرەپتىن خۇددى قارا بوراندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنى كۆرۈپ، دەرھال جەڭنى توختىتىش دۇمبىقىنى چالدۇردى. ئەمىر ھامىد ئامالسىز ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، مەيداندىن قايتىپ چىقتى، ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئۆردىكى ئۆردەك، غېزى غاز بولۇپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلدى.

تاشارىق ئۇرۇشىدا ئىسيانچى ئالامانلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۇرۇش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ئېيتقانلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئايغىچە ئىسيانچىلار «جېتە لەشكەرلىرى» بىلەن قايتا ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىراق، توپىلاڭچىلىق تەبىئىتى قان ـ

قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئەمىر تۆمۈر پاراكەندە بولۇپ پىتىراپ كېتىشكەن ئالامانلارنى ئىمكانقەدەر بىر يەرگە توپلىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ماۋەرائۇننەھردىكى تەپرىقىچى كۈچلەرنى ئۆز يېنىغا تارتتى. شۇنداق قىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزىگە خېلى كۆپ كۈچ توپلىۋالدى. ئۇ «جېتە لەشكەرلىرى»نى يېڭىش ئۈچۈن ئىلگىرىكى جەڭ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، تولغىما جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئەمىر مۇسا دېگەن بىر سەركەردىسىنى بەش يۈز ئىسيانچى ئالامان بىلەن تاشارىقتا قارا كۆرسىتىپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزى پۈتۈن ئىسيانچى ئالامانلارنى ئېلىپ بىر كېچىدىلا ئاياغ تەرەپتىن جەيھۇن دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، «جېتە لەشكەرلىرى»نىڭ ئارقا سېپىگە ئوغۇشلۇق ئۆتۈۋېلىپ ھەممە ئېگىزلىكلەرنى ئىگىلىۋالدى، ئەتىسى چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ لەشكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسيانچىلار قورشاۋىدا قالغانلىقىنى كۆرۈشتى. لېكىن، ئىلياس خاننىڭ سەركەردىلىرى ئۆزىنى يوقىتىپ قويماستىن، ئىسيانچىلار بىلەن بىر كۈن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، ئاخىر ئۇلارنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىپ، بارگاھنى ساقلاپ قالدى.

ئىلياس خان ئەمىرلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، پۈرسەت تېپىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن، ھازىرچە ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىشنى قارار قىلدى. چاغاتاي قوشۇنلىرى ئىسيانچى ئالامانلار دەم ئېلىۋاتقان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر كېچىدىلا مۇھاسىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، شىمالغا قاراپ تەرتىپلىك چېكىنىدى ۋە جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۈچ توپلاش ئۈچۈن شۇ يەردە مۇداپىئە كۆرۈپ ياتتى. بۇ چاغدا تىمساھ يىلى چىقىپ، يىلان يىلى كىرىشكە ئاز قالغانىدى. شۇ ئەسنادا موغۇلىستاندا ئەمىر قەمەرىدىن باشچىلىقىدىكى دوغلاتلارنىڭ ئىلياس خانغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسيان كۆتۈرگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى...

## نەزم

يىلاندىن خاتىرجەم ئۆلتۈرغىنىم يوق،
ئۇنىڭ خىسلىتىنى بىلگەندىن كېيىن.
كىشىلەر كۆزىدە دوستتەك كۆرۈنگەن
دۈشمەننىڭ چىش زەخمىسى ھەممىدىن يامان.

— شەيخ سەئدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سەككىزىنچى باب

# دوغلاتلار ئىسيانى

«ئادەملەرنى ئازدۇرۇپ، ناھەق يولغا باشلايدىغان كىشىلەر دەججالدىنمۇ خەۋپلىكرەكتۇر !»

— دانالار سۆزىدىن

مىلادىيە 1366 ـ يىلى باش ياز. قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئوپال، دوغلات تۇمەنلىرى ئەگرى ـ بۈگرى تولغىنىپ ئاقىدىغان ئوپال ئېقىنىنىڭ بويىغا جايلاشقانىدى. ئېقىنىنىڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان ئاياغ تەرىپىدە كەڭ ئېتىزلىقلار بار بولۇپ، بۇ ئېتىزدىكى ئارپىلار سارغىيىپ پىشاي بولۇپ قالغانىدى. بۇغدايلارغا تېخى ئەمدىلا سۈت كىرىشكە باشلىغانىدى. ئاستى قۇم ئېقىن بويىدا چىقىر ئۈجمە، قارا ياغاچ، سۆگەت ۋە قارا تال بۈك ئۆسۈشكەن. ئوت ـ چۆپ بولۇق بولۇپ، تال چىۋىقلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ ئېقىندىكى سۇغا تېگىپ تۇرۇشاتتى. ئېقىن بويىدا بىر توپ تىنىمسىز شوخ باللار سۇ ئىچىدىن بىلجان، قۇمچاق تۇتۇپ ئوينىشىۋاتاتتى. ئۇلار ھېلىدىن ـ ھېلىغا «ئاۋۇ بىلجاننى چولمىغا ھەيدە، بولە تېز ! قاچۇرۇۋەتمە !» دېيىشىپ، تىنچلىقنى بۇزۇپ ۋارقىرىشاتتى.

ئېقىن بويىدىكى چۆپلۈكتە يۈز ـ كۆزىنى سەپكۈن باسقان، ئورۇقلاپ خۇددى ئەرۋاھتەك بولۇپ قالغان بىر بالا بىر توپ قوزىنى ئوتلىتىپ بېقىپ يۈرەتتى. ئۇ تارخانبەگ ئەمىر

شەمسىدىن دوغلاتنىڭ دوغلات تۇمەنىدىكى قوزىمەت دېگەن
قويچىسى بولۇپ، ئۇ تارخانبەگكە قىرىق يىل يىللىقچىلىق
قىلغان، ھازىر ئېغىر ئاغرىق تارتىپ، ساماندەك سارغىيىپ ياتقان
بايتۇر دېگەن مىسكىن قېرى ئادەمنىڭ بالىسى ئىدى. تاڭ ئاتار ـ
ئاتماستىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئېقىن بويىغا قوزا باققىلى چىقىپ
كەتكەن بىچارە قوزىمەت تاكى قىيام چۈش بولغۇچە ئاغزىغا بىر
بۇردىمۇ نان سېلىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ قارنى ئېچىپ،
تارتىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما قوزىلىرىنى ھەيدەپ
مەھەللىگە قايتىپ كېتەلمەيۋاتقانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ
مەھەللىدىكى ئۆيىدە قالغان بىچارە ئاپىسى بۇ چاغدا غوجىسىنىڭ
قوتاندىكى قوزىلىغان ساغلىق قويلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىسسىقتا
تەرلەپ، سۈت سېغىپ يۈرەتتى. مۇبادا مەھەللىگە قوزىلارنى
ھەيدەپ بارسا، قوزىلار يامراپ كېتىپ، قوزىمەتنىڭ كىچىككىنە
بېشى چوڭ بالاغا قالاتتى. دېمىسىمۇ ئەتىيازدىن بېرى بىپەرۋالىق
قىلىپ قوزىلارنى ئىككى قېتىم ساغلىقلارغا قوشۇپ قويغانلىقى
ئۈچۈن، غوجىسىدىن ئىككى قېتىم ئۆلگۈدەك تاياق يېدى.

ھازىر قوزىلار ئېقىن بويىدىكى چۆپلۈكتە ئوتلىشىۋاتقانىدى.
شۇڭا، ئۇلارنى قېچىپ بېرىپ ئانىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتمەس، دەپ
ئويلىغان قوزىمەت بېشى ئۈستىدىكى شاخلاردا پىشىپ مەي بولۇپ
كەتكەن چېقىر ئۈجمىدىن يەپ قورسىقىنى گوللىماقچى بولۇپ
ئۈجمىگە چىقتى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىمۇ،
يوق؟ ئۇ چېقىر ئۈجمىدىن بىر قورساق يەپ بولۇپ، پەسكە
چۈشۈپ قارىۋىدى، ھېلى بىر ئوبدان تىنچ ئوتلاۋاتقان قوزىلار
ھازىر ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھەيران بولۇپ، ئەتراپقا بويۇنداپ
قارىدى. قۇلىقىغا قويۇق ئۈجمىلىكنىڭ ئارقىسىدىن چىقىۋاتقان
قاتتىق قەھىر ـ غەزەپلىك بىر ئاۋاز ئىشىتىلدى. قارىسا
تارخانبەگنىڭ تۇرۇمتاي بەگ دېگەن غوجىدارى ئىكەن! ئۇ:

— ئاناڭنى !... ھوي ھاڭۋاقتى، بوينۇڭ ئۇزۇلگۇر شۇم ! سەن
گاداي بالىسىغا ئويۇننى كىم قويىدى؟ قوزىلارغا ئوبدان كۆز ـ

قۇلاق بولمىغان ئاشۇ كۆزۈڭنى ئويۇپ، قولىقىڭنى يۇلۇۋالايمۇ؟ — دېگىنىچە قامچىسىنى بېشىنىڭ ئۈستىدە ئايلاندۇرغان پېتى يېنىغىلا كېلىپ قالغانىدى.

قورقۇپ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن بىچارە قوزىمەت يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى ۋە غوجىدارنىڭ غەزەپلىنىشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئەنە شۇ چاغدىلا چۈشەندى: باياتىن چۆپلۈكتە تىنىچ ئوتلىشىپ يۈرۈشكەن قوزىلار مانا ھازىر مەرىشىپ، مەھەللىگە خۇددى ئېقىن سۇدەك ئېقىپ بېرىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا قوتاندىكى قوشاقداپ قويۇلغان ساغلىق قويلارمۇ ھەدەپ مەرىشىۋاتاتتى.

— سەن ھارىمىنى قوزىلارغا ئوبدان قارا، دېسەم، ئوبدان قارىماستىن، يامرىتىۋەتتىڭمۇ؟ — دېگىنىچە غوجىدار ئات قامچىسى بىلەن قوزىمەتنىڭ كاللىسىغا تارسىلدىتىپ ئۇرۇپلا كەتتى. ئەتسىز ئورۇق بەدىنىگە قامچا ھەربىر تەگكەندە، بىچارە بالىنىڭ دۈمبىسىدە خۇددى پىچاق بىلەن تىلغاندەك تارام - تارام قانلىق ئىزلار پەيدا بولاتتى. قامچىنىڭ زەھەردەك ئاچچىق زەربىسىگە چىدىيالمىغان بىچارە قوزىمەتنىڭ چىرقىرىغان يىغا ئاۋازى ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن تەڭلا چىقىپ، مەھەللىنىڭ ئاسمىنىدا ئەكس سادا قايتۇراتتى.

تارخانبەگ ئەمىر شەمسىدىن دوغلاتنىڭ غوجىدارى بولغان بۇ تۇرۇمتاي بەگ ئىنتايىن شەپقەتسىز ئادەم ئىدىكى، تارخانبەگنىڭ تەۋەسىدىكى تېرىقچىلىرى، قويچىلىرى، يىللىقچىلىرى، تۆگىچىلىرى، پادىچىلىرى، ھەتتا قوزا باقىقۇچىلىرىغىچە ھېچكىمنى قىلچىمۇ رەھىم قىلماستىن كالتەكلەپ، قامچىغا بېسىپ بەك يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەنىدى.

يامراپ كەتكەن قوزىلار قوشاقداپ قويۇلغان ساغلىقلارغا قوشۇلۇپ، سۈتىنى ئېمىپ كەتتى. تۇرۇمتاي بەگ بولسا تېخىچىلا بالىنى چىرقىرىتىپ قوغلاپ يۈرۈپ قامچىلاۋاتقانىدى. قوشاقلىق ساغلىقلارنى سېغىپ يۈرگەن بىچارە ئانا تېخىچىلا بەگنىڭ قامچىسىنى يەۋاتقان بالىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھۇ

زارلىرىغا چىدىيالماستىن، سوغىسىنى كۆتۈرگەن پېتى تۇرۇمتاي بەگنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە:

— رەھىم قىل، چىرايلىق بەگ يىگىت. قۇشقاچتەك بالامنى ئۇنداق ئۇرۇپ ئازابلىما، ئۆلۈپ قالسا ئۇۋالىغا قالىسەن ! — دەپ زارلاندى.

ئۇنىڭغىچە ئۇزاقتىن بىرى كېسەل بىلەن ئاغرىپ، زەي ئۆيدە يەرگە تاشلانغان ئەسكى كىگىز ئۈستىدە يىلىمدەك چاپلىشىپ ئىڭراپ ياتقان بىچارە بايتۇر بوۋاي مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە زالىم بەگنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ قامچىسىدىن بالىسىنى قوغداپ قالالمايۋاتقانلىقىدىن ئۆزىنىمۇ قارغاپ، كاچاتلاپ كەتتى.

— مۇشۇ كاساپەت ئاغرىققا تارخانبەگنىڭ يىلقىسىنىڭ ئارقىسىدا ئاق قارنى سېلىنچا، كۆك مۇزنى ياستۇق قىلىپ دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ يۈرۈپ گىرىپتار بولمىدىممۇ، تۇرۇمتاي بەگ؟ شەبنەم چۈشۈپ، قىروۋ بېسىپ، كۈزنىڭ ئاچچىق سوغۇق كېچىلىرىدە قورۇنىڭ چېتىدە مالنى بۆرىدىن كۆزىتىمەن دەپ يۈرۈپ دۇچار بولمىدىممۇ، ھوي، تاش يۈرەك تۇرۇمتاي بەگ؟ ! ئەمدى مېنىڭدىن ئاشۇ مۇشتۇمدەك كىچىككىنە بالامغا ئۆتتىمۇ سېنىڭ سالمىغان زۇلۇملىرىڭ؟ ئەي نائىنساب، مېنىڭ قەھر ـ غەزىپىمنى ياندۇرغان ئۇپقان، رەھىمسىز، سەن مېنى دوزاخ ئوتىدا كۆيدۈردۈڭغۇ، تۇزكور تۇرۇمتاي بەگ؟ !...

تۈيۈقسىز بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ قاقشاپ يىغلاۋاتقان بايتۇر بوۋاينىڭ دېمى كېسىلىپ، قاتتىق يۆتىلىپ، قېقىلىپ كەتتى ۋە ھالسىزلىنىپ يەرگە دۈم چۈشتى، ئاندىن بىر ـ ئىككى ئېچىنىشلىق ئىڭراپ قويۇپ، جىم بولۇپ قالدى...

بوۋاينىڭ ئېچىنىشلىق نالە ـ زارىنى ئاڭلىغان موماي قولىدىكى سوغىسىنى تاشلىۋېتىپ، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى. بىراق، بايتۇر بوۋاي بۇ چاغدا ئاللىقاچان جان ئۈزگەن، جانسىز گەۋدىسى موماينىڭ قۇچىقىدا لاكاسلاپ تۇراتتى. موماي خۇنسىز كۆزلىرىنى ئۆزىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ

يۇگۇرۇشۇپ يېتىپ كېلىشكەن قولۇم ـ قوشنىلىرىغا تىككەن
پېتى ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى.

ئېتىنى قاتۇرىتىپ، ۋادا تەرىپىدىن چىقىپ كەلگەن بۇ ئادەم ئېقىن ئىچىدە سۇ كېچىپ ئويناۋاتقان ئۇششاق بالىلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇنىڭ ئېتى قارا تەرگە چۆمگەن بولۇپ، ھاسىراپ، پۇشقۇرۇپ تۇراتتى. ھېلىقى ئادەم ئېتىنى بىر سۆگەتنىڭ ئاستىغا يېتىلەپ كېلىپ، سۆگەتنىڭ شېخىغا قاڭتۇرۇپ باغلاپ قويغاندىن كېيىن، بالىلارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭراق ياشتىكى بىر بالىنى:

— بۇ يەرنىڭ تۇيزۇنى①نىڭ ئېتىنى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟ — دەپ سورىدى. ھېلىقى بالا بۇرنىنى «شىلىپ» قىلىپ بىر تارتىۋېتىپ، بۇ يوچۇن ئادەمگە قىزىقسىنىپ قاراپ كەتتى ۋە:

— تۇيزۇنىمىزنى ئەسەن بابا، دەپ ئاتايمىز، — دەپ جاۋاب بەردى، — سىزنىڭ ئۇنىڭدا نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— قارا، بالا، سەن بېرىپ تۇيزۇنۇڭغا: «سېلىقچى بېگىم سىزنى ھايال بولماستىن كەلسۇن» دېدى دەپ چاقىرىپ كەل، يۈگۈر!

ئۆزىنى «سېلىقچى بېگىم» دەپ ئاتىغان بۇ ئادەم بالىنى ئىشقا بۇيرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى چېقىر ئۈجمىنىڭ سايىسى ئاستىدا يانپاشلاپ ياتتى.

يېزىنىڭ يوغان قورساق، دۇپدۇگىلەك سەمرىگەن تۇيزۇنى تىنچىق ئىسسىقتا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، ئالدىراش ـ تېنەش يېتىپ كەلدى. ئېقىن بويىدىكى چېقىر ئۈجمىنىڭ ئالا كۆلەڭگىسىدە يانپاشلاپ ياتقان سېلىقچى بەگ ئۇنى كۆرۈپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە بولدى ـ دە، چوڭچىلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئوردىنىڭ سېلىقچىسى، دەپ تونۇشتۇردى.

تۇيزۇن ئەسەن بابا بۇ سېلىقچى بەگنىڭ تۇرقىدىن ھەرگىز

---

① تۇيزۇن — ئاقساقال.

گەپ يېگۈزگىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملىدى، ئەمما يۇرتداشلىرىنى ئازراق بولسىمۇ قوغداپ قالماقچى بولۇپ:

— بەگ يىگىت، ھارمىغايسىز، — دېدى پوتىسىنىڭ ئۇچىدا تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — يۇرتىمىزنىڭ يەرلىرىنىڭ بىر قىسمى تارخانلىققا قارايدىغان ئەكتە يەر[1]لەردۇر. كۆپ قىسمى خېنىيە يەر[2]لەردۇر. تارىقچىلار تېخى يېقىندىلا گەدىنىدىكى تۇرلۇك سېلىق قەرزلىرىنى ئوردىغا تۆلەپ بولۇشقانىدى. «قوش پۇلى»نىڭ تېخى ۋاقتى يېتىپ كەلمىدى. ھەر خىل سېلىقنىڭ ئۆز پەسىل - مەۋسۇملىرى بولىدۇ. بەگ يىگىت، سىز قايسى خىلدىكى سېلىقنى يىغماقچى بولۇپ كەلدىڭىز؟ چۈنكى، ئوردىنىڭ سېلىق توغرىسىدىكى پەرمان - بەلگىلىمىلىرى ماڭا بەكلا ئېنىق...

تۈيزۈننىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇراتتى. سېلىقچى بەگ ئۇنىڭ سۆزىنى توڭلۇق بىلەن بۆلۈپ تاشلىدى:

— بىزگە تولا ئۆگەتمەڭ، جانابىي تۈيزۈن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — بىزمۇ ئوردىنىڭ پەرمانىغا قاراپ ئىش قىلىمىز. بۇنى ئۇقۇپ قويۇڭ!

— خاپا بولماڭ، بەگ يىگىت، ئەمدى دەيمىنا، — دېدى ئەسەن بابا ئۆز يۇرتلۇقلىرىنىڭ يېنىنى ئېلىپ، — ھازىر ئارپا تېخى پىشمىغان، بۇغدايغا تېخى سۈت كىرمىگەن، دېھقانىنىڭ ئۆزى بولسا ئاچ، سېرىقتال ۋاقتى. بەگ يىگىت، سىز دەڭا، خامان ئېلىنمىغۇچە دېھقانىنىڭ قولىدا ئىسسىق جاندىن بۆلەك يەنە نېمىسى بار دەيسىز؟

— بىلىمەن، تارخانغا قارايدىغان ئەكتە يەرلەر سېلىقتىن ئازاد. بىراق، دېھقان ئاچ - يالىڭاچ بولسا، ئوردىغا تۆلەيدىغان سېلىقنى ئۇلار تۆلىمەيزە، مەن تۆلىسەم بولامتىمۇ يا؟!

---

① ئەكتە يەر — سۇيۇرغاللىق يەرنىڭ نامى. فېئودالىلارنىڭ ئىگىلىكىدىكى يەرلەر.

② خېنىيە يەر — ئوردىنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەرنىڭ نامى.

تۆيزۆن «نېمە ئامال بار؟» دېگەندەك قىلىپ ئىككى دولىسىنى قىسىپ قويدى ـ دە، گەپ قىلماي، ئىسسىقتا ئۆزىنى پوتىسى بىلەن يەلپۈپ ئولتۇردى. بىر ئازدىن كېيىن، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ:

— دېھقاننى قىسىۋەرگەن بىلەن چىدىيالماي بىرەر غوۋغا ـ غەلىيان چىقىرىپ قويسا، ئۇنىڭغا كىم ئىگە بولىدۇ؟ ! — دېدى.

— سىز ماڭا ئۇنداق قورقاق سالماڭ. غەلىيان چىقارسا چىقىرىۋەرسۇن، مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك! مەن ئوردىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن سېلىق يىغىشنىلا بىلىمەن. غەلىيان چىقارسا تېخى ياخشى. «يۈز قوشقاچقا بىر چالما !» دېگەن سۆز بارغۇ ! خېلى قازانلاردا قايناپ باققانمىز !

— ۋاي شۇنداق بولمامدىغان، — تۆيزۆن سېلىقچى بەگكە خۇشامەت قىلدى، — بەگ يىگىت، گېپىم ئېغىر كەتكەن بولسا، ھەرگىز كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. لېكىن دەيمىنا، بىزنىڭ ئوپال، دوغلات، تاشمالىق تۈمەنلىرىنىڭ پۇقرالىرى ئارىسىدا ئۇلۇغلارنىڭ ئىشلىرىدىن قۇسۇر تېپىپلا يۈرىدىغان گەدەنكەش ئادەملەر بار. ئۇلارنىڭ ھەمىشە ئۇلۇغلاردىن، ئوردىدىن نارازى بولغىنى بولغان. مۇبادا ئۇلارنى ھاي دېمەيدىغان بولسا، ئاستانىگە بېرىپ، خاننىڭ ئۆزىگە شىكايەت قىلىشتىن يانمايدۇ ! شۇڭا، بەگ يىگىت، ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك. سىز ئەگەر ياۋاش ـ يۇمشاقلىق بىلەن ئىش قىلسىڭىز، بەلكى سېلىق پۇللىرىنى ئازراق بولسىمۇ يىغىپ ئالارسىز، لېكىن قاتتىقلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ يىغىرىغا تېگىپلا قويدىڭىزمۇ، بالانىڭ چوڭىنى تېرىپ قويىسىز. بۇ خەقنىڭ قولىدىن ھەر بالالار كېلىدۇ !

ئەسەن بابانىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تەھدىت ھېس قىلغان سېلىقچى بەگ غەزەپلەنگەنلىكىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە:

— تولا ۋالاقلىماي ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ ! مەن سەن خەققە سېلىقنى قانداق يىغىدىغانلىقىمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي ! —

دېدى زەردە قىلىپ.

تۆيزۆن ئەسەن بابا ھاسىراپ ئورنىدىن تۇردى، ئوردىنىڭ سىپىلىقچىسى ئۇنى ئالدىغا سېلىپ، ئوپال ئېقىنىنى بويلاپ مەھەللە ئىچىگە قاراپ ماڭدى...

مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى يول ئېغىزىغا بىرمۇنچە ئادەملەر ئولىشىۋالغانىدى. بۇ ئادەملەر ئوردىنىڭ ھېلىقى توڭ قاپاق، گېپى سېسىق سېپىلىقچىسىغا يالۋۇرۇشۇۋاتقانىدى. ئۇلار يىغلىشىپ، قاقشىشىپ دەردىنى ئېيتىشماقتا ئىدى. تۆيزۆن ئەسەن بابانىڭ دوقمۇشتىكى يول ئېغىزىغا جايلاشقان قورۇسىنىڭ ئىچىگە گۆرۈگە ئېلىنغان ئات ـ كالا، قوي ـ ئۆچكە، توخۇ ـ ئۆردەكلەر لىق توشۇپ كەتكەنىدى. كىشىلەرنىڭ ئۆچىسىدىن مەجبۇرىي سالدۇرۇۋېلىنغان، ئۆيلىرىدىن ئاختۇرۇپ تارتىۋېلىنغان كونا ـ يېڭى كىيىم ـ كېچەكلىرى، نىمكەش ئۆي ـ بىساتلىرى سەيناغا دۆۋىلىۋېتىلگەنىدى. ئاتلار كىشنىشەتتى، كالىلار مۆرىشەتتى، قويلار مەرىشەتتى. توخۇلار قاقىلدىشاتتى، ئۆردەكلەر غاقىلدىشاتتى. چاسا يول ئېغىزى خۇددى تاياق تەگكەن ھەرە ئۇۋىسىغا ئوخشاش ۋاژىلدىماقتا ئىدى.

— بەگ يىگىت، ئاللا مەرتىۋەڭنى يەنىمۇ ئۈستۈن قىلغاي ! — دەپ يېلىناتتى بىر بوۋاي ئۇنىڭغا، — قارا، بىزگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ئالدىنقى نەچچە قېتىم ئوردىنىڭ سېپىلىقچىلىرى كېلىپ، بىساتىمىزدىكى بار ـ يوقنىڭ ھەممىسىنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ ئەكېتىشتى. ھالا بۈگۈن ساڭا سېلىقنا بەرگۈدەك ھېچ نەرسىمىز قالمىدى. قولۇمدىكى بار ـ يوقى ئىككى تانابلىق ئەكتە يەر ئۈچۈنلا يىلدا ئۈچ يۈز كۈن تارخانبەگ ئۈچۈن ئىشلەيمەن. ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن ئىككى ئۈلۈشىنى سېلىققا تۆلەيمەن. مۇشۇنداق قىلىۋاتقىنىمىغا ساقمۇساق يىگىرمە يىل بولدى. ئۇلارنىڭ ئوپقانى تويىسچۇ كاشكى. تارخانبەگ بىزگە بېرىدىغان ئىككى كۈرە تېرىقى ئۈچۈن «كېكىردىكىڭ قۇرۇغۇر !»

دەپ ئىزا ـ ئاھانەت قىلىپ، زەھىرىنى قوشۇپ بىرىدۇ !
«رىزقىڭنى يېگۈر ئاشۇ تارازا باسمايدىغان پۇچەك دانلىرىڭنى ئۆزۈڭلار يېيىشسەڭ بولماسمىدى؟» دەپ ئوردىنىڭ سېلىقچى بەگلىرى بىزگە دوق قىلغىنى قىلغان ! مەن بولسام كېچىنى كېچە، سوغۇقنى سوغۇق دېمەستىن، ئاشۇ ئىككى تانابلىق ئۇنۇمسىز خوجىلىق يەر ئۈچۈن ئىشلەيمەن دەپ، ئىككى تىزىمنى سىرىقسۇ باغلاپ، كاردىن چىقاردى. مېھنەتنىڭ ئېغىرلىقىدىن دوك بولۇپ كەتتىم. ئىككى قولۇمنى خۇددى كېسەل تەگكەن قوينىڭ پۇتىدەك يەل چىرماپ كەتتى. ھالا بوگۈن كېچىلىرى پۇت ـ قوللىرىم سىرقىراپ ئاغرىپ، ئۆرە ئولتۇرۇپ تاڭنى ئاتقۇزىدىغان بولۇپ قالدىم !
سېلىقچى بەگ قولىنى شىلتىدى:
— ھوي ئۆلۈمتۈك قېرى، تولا ۋايساپ، قۇلاق ـ مېڭەمنى يەپلا كەتتىڭ ! ئاللا سەن يالاڭ تۆشلەرنى سۆزگىلا ياراتقانمۇ؟
— ئەرز ـ دادىمىزنى ساڭا ئېيتمىساق، كىمگە ئېيتارمىز؟ !
دەردىمىزگە قۇلاق سال، بەگ يىگىت ! — دېدى بوۋاي بىچارە زارلىنىپ.
— ئەرزىڭنى خانغا بېرىپ ئېيتىش ! سېلىق يىغىشنى ئاشۇ خان بۇيرۇغان ! مېنى ھەرقايسىڭنىڭ سەت چىرايىڭنى كۆرۈشكە ئاشىق دەپ ئويلىشامسەن؟ ئوردىغا ئاقچا كېرەك. خاننىڭ خەزىنىسىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش لازىم. قىز ـ ئوغۇللىرىڭنى سېتىپ بولسىمۇ، سېلىقنى دەرھال تەييار قىلىش. بولمىسا ئۆزۈڭنى خاننىڭ قاراڭغۇ، زەي زىنداندا كۆرۈشسەن !
سېلىقچى بەگكە گېپىنى زادى يېگۈزەلمىگەن ھېلىقى بوۋاي نائىلاج ئارقىسىغا ياندى ۋە:
— ئىلاھىم بۇ ئانىسى چايان، ئاتىسى يىلان تاش يۈرەك بەگلەر تائىپىسىگە زاۋاللىق يەتكۈزگەيسەن ! — دەپ قارغىدى.
— ئوردىنىڭ سېلىقچىلىرى ئىنساب ـ دىيانەت دېگەننى بىلمەيدىغان رەھىمسىز بىرنېمىلەر ئىكەن ! — دېدى ئەتراپتا

قارىشىپ تۇرۇشقانلاردىن بىرسى يېنىدىكىلەرگە، — ئالدىنقى قېتىم كەلگەن سېلىقچىلار خېلى گەپ يەيدىغان تۈزۈك بىر نېمىلەر ئىدى...

— بۇ نەدىمۇ ئوردىنىڭ سېلىقچىسى بولسۇن؟ — دېدى ئۇنى تونۇيدىغانلاردىن بىرسى، — ئۇ تارخانبەگ ئەمىر شەمسىدىن دوغلات دېگەننىڭ غوجىدارى تۇرۇمتاي بەگ دېگەن شۇ. دېسەم - دېمىسەم، ئۇ ئوردىنىڭ نامىنى سېتىپ تارخانبەگ ئۈچۈن سېلىق يىغىپ يۈرگەنلەرنىڭ بىرسى.

— تارخانبەگنىڭ دورغىلىرى ئوردىنىڭ نامىنى سېتىپ پۇقرانى قاقشىتىپ، سېلىق سالماقتا، — دېدى ئېگىز بويلۇق بىرسى ئەتراپتىكىلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، — ئۇلارنىڭ دەستىدىن يېزا - قىشلاق، مەھەللە - تۈمەنلەر ۋەيران بولماقتا. بۇلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى ئوردا زادى بىلەمدىغاندۇ - بىلمەمدىغاندۇ؟ بۇ ئادالەتسىزلىكلەرنى خان ئالىيلىرى زادى بىلەمدىغانمىدۇ - بىلمەمدىغاندۇ؟

— بۇ سېلىقچى بەگلەرنى دۇئايىبەند قىلىش كېرەك. ئىلاھىم، ئۇلار تامىنىڭ ئاستىدا قېلىپ مىجىلىپ ئۆلەر. ئاتتىن يىقىلىپ، بويىنى قاتلىشىپ ئۆلەر !...

— شىكايەت قىلىش كېرەك، شىكايەت ! خانغا، شىكايەت ! ...

— زورلۇق - زومبۇلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ رەھىم - شەپقەتنى بىلمەيدىغان خاننىڭ پەرمانى بىلەن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تۇرسا، خان سېنىڭ شىكايىتىڭنى ئاڭلىسۇنمۇ؟

— سېلىقچى بەگلىرى ئارقىلىق پۇقرادىن يىغىۋالغان بۇنچىۋالا كۆپ ئاقچىنى خان قانداقمۇ خەجلەپ تۈگىتەر؟

— خاننىڭ بارلاسلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقىنىغا ئالتە يىل بولۇپ قالدى، — دېدى ھېلىقى ئېگىز بويلۇق كىشى سىرلىق قىلىپ، — بۇ ئۇرۇشنى دەپ، ئوردىنىڭ خەزىنىسى ئاللىقاچان قۇرۇقدىلىنىپ قالغان ! ھالا بۈگۈن ئاشۇ تېگى مەڭگۈ تولمايدىغان خەزىنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئاقچىنى پۇقراغا

سىلىق سىلىپ يىغمىسا، كىمدىن يىغدۇ؟!

— مەن تېخى ئوردا نىمانداق پەسىل ـ مەۋسۇمغا قارىماستىن پۇقراغا سىلىق سالىدىكىن، دېسەم، ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە !

— ئىلاھىم، ئاشۇ يېسە ـ يېسە تويمايدىغان ئوپقان ئادالەتسىز خانىڭمۇ تەخت ـ بەختىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغايسەن !...

كۆپچىلىكنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرگەن تۇرۇمتاي بەگ ئەمدى قاچمىسا ئىشىنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى بولغاي، تۈيزۇنغا ئۆزىنىڭ دوغلات تۇمەنىگە بارىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۆزى قايتىپ كەلگۈچە گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە ـ كېرەكلەرگە ئوبدان كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپلا ئېتىغا مىندى ـ دە، چاڭ ـ توپا توزۇتقان پېتى ئاستا تىكىۋەتتى.

*  *  *

ھەيۋەتلىك پامىر تاغلىرىنىڭ بىر بۆلىكى بولغان ئويتاغ تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان ئوپال ئېقىنى دوغلات تۇمەنى① تەۋەسىگە كەلگەندە، ئاستى قۇم كەڭ بىر سايازلىقتا ئايلىنىپ ئاقاتتى ـ دە، نۇرغۇنلىغان ئەگرى ـ بۈگرى ئېرىقلارنى ھاسىل قىلاتتى. بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن، ئېقىننىڭ سۈيى ئالىلقاچان سوغىلىپ كەتكەن، ئېقىندا تۈزۈك سۇ يوق ئىدى.

ئېقىننىڭ ئەتراپى كۆجۈم مەھەللە بولۇپ، مەھەللىنىڭ ئىچىدە ئېتىزلىق، ئېتىزلىقنىڭ ئارىسىدا مەھەللىلەر بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى. توپا توزۇپ تۇرىدىغان غول يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۈچى ئىسسىپ كەتكەن، چاڭ ـ

① قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى ئوپال يېزىسىغا قارايدىغان بىر جاينىڭ ئىسمى. ھازىرمۇ «دوغلات» دەپ ئاتىلىدۇ.

توزانلىق ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغان سۇۋادان تېرەكلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. غول يولىنىڭ بىر ئۇچى يەتتە قۇرلۇق ئەنجان تېمى بىلەن ئورالغان قەدىمكى بىر قورغاننىڭ دەرۋازىسىغا تۇتىشاتتى. قورغان دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە قاتار قىلىپ بېكىتىلگەن قوچقار، تېكە ۋە تۆگىلەرنىڭ باش سۆڭەكلىرى بۇ ئىمارەتكە كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن قىلىنغان بىر ئىرىم ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى چېكىسىگە قادالغان تۇغ - ئەلەملەر قورغان ئىگىسىنىڭ يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە مەرتىۋىلىك كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

ئېگىز قورغان تېمى ئارقىلىق باشقا قورۇ - ھويلىلاردىن ئاجرىتىپ تاشلانغان بۇ قورغاننىڭ ئەتراپىغا كەڭ ھەم چوڭقۇر خەندەك ئويۇلغان بولۇپ، ھازىر بۇ خەندەك سۇ بىلەن لىق تولدۇرۇلغانىدى. قورغانغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىر تاختا كۆۋرۈك بار ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا تاختا كۆۋرۈك ئىككى تەرىپىدىن بىلەكتەك توملۇقتىكى ئارقان بىلەن ئۈستىگە تارتىپ قويۇلاتتى. ئەمما، تاختا كۆۋرۈك بۈگۈن پەسكە چۈشۈرۈپ قويۇلغانىدى. قورغاننىڭ ئىچىدە تام بىلەن ئايرىۋېتىلگەن بىر - بىرىگە تۇتاش ھويلىلار بولۇپ، بۇ ھويلىلارغا ئىككى قاناتلىق ئىشىكلەر ئارقىلىق ئۆتكىلى بولاتتى. ھازىر بۇ ئىشىكلەر ھەم يېپىقلىق ئىدى.

قورغان دەرۋازىسىغا ئۇدۇل قاراپ تۇرغان ھويلىنىڭ تۆرىدىكى تۆت تۈۋرۈكلۈك ئايۋان سارايدا بۇ قورغاننىڭ ئىگىسى سابىق تارخانبەگ ئەمىر شەمسىدىن دوغلات ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئاغىسى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ۋە ئىنىسى ئەمىر شەيخىدىن دوغلاتلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى.

ئەمىر شەمسىدىن دوغلات قىرىق بەش ياشلاردا بولسىمۇ، ئەمما بىر قارىغان ئادەمگە ئۇ خۇددى ئاتمىش ياشلاردا بار قېرى ئادەمگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئاق ئارىلىغان چېكە چاچلىرى ياڭاقلىرىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقى چىقىپ تۇرغان

ياغاق يۈزلىرى خۇددى قان يالىغان بۆرىنىڭ يۈزىگە ئوخشايتتى. بۇرنىنىڭ ئۇچى خۇددى ئۇزاق يىللاردىن بېرى كېسەل چىرمىۋالغان ئاغرىق ئادەمنىڭ بۇرنىغا ئوخشايتتى. ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان قاڭشارسىز قارامتۇل مەڭزىلىرى ئۇنىڭ يۈزىنى تېخىمۇ كەڭ ۋە پاناق كۆرسەتتى. قىسىق كۆزلىرىدىن مەككارلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. ئېگىكى تۈز ھەم ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىز ھەم ئورۇق بەستىدىن موغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە خاس سالاپىتى ۋە قىياپىتى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى قارا ئەلتېرىدىن ئاشلىنىپ تىكىلگەن موغۇلچە قالپىقى ئۈستىدىن نېپىز شايىدىن تۆت قات ئايلاندۇرۇپ ئورالغان سىماۋى سەللە بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تۇتام ئۆكە قۇيرۇقى قادالغانىدى. تىزى ئۈستىگە خۇددى چار يىلاندەك تولغىنىپ ياتقان بىر تال ھېيقىق تەسۋى تاشلاپ قويۇلغانىدى.

ساراي ئۆيىنىڭ تاملىرىغا ئېسىۋېتىلگەن شاپ ــ قىلىچ، قالقان ــ سىپەر، ساۋۇت ــ قۇياق، نەيزە ــ سۇنگۇ، ئالتە توقىلىق چويۇن چوقماق، ئالتە قىرلىق گۇرزىگە ئوخشاش قورال ــ ياراغلار ئۆي ئىگىسىنىڭ نەسەب ــ ھەسەبىنىڭ كونا بەگلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

بۈگۈن قورغاندىكى مۇشۇ ساراي ئۆيدە دوغلات بەگلىرىنىڭ كېڭەشى ئۆتكۈزۈلمەكچىدى. بۇ كېڭەشنى ئۆتكۈزۈش قارار قىلىنغاندىن بېرى، نېمىشقىدۇر قورغان ئىگىسى ئەمىر شەمسىدىن دوغلاتنى كىشىگە ئېيتقۇسىز ئەنسىزلىك ئىچىدىكى بىر خىل ھاياجانلىق كەيپىياتى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. گويا ئۈستىدىن چوڭ بىر تاغ بېسىپ تۇرغاندەك، گېلىدىن تۈزۈك غىزا ئۆتمىگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پاراكەندە ئىدى. ئويال ــ دوغلات دىيارىنىڭ سالقىن تاغ ھاۋاسىمۇ ئۇنىڭ ھېلىدىن ــ ھېلىغا ئارامسىزلىنىپ بىر قىسما بولۇپ تۇرۇۋاتقان كۆڭلىگە تەسكىن بېرەلمەيۋاتقانىدى. ئۇ پۇشايمان قىلاتتى، ئازابلىناتتى.

رەھمەتلىك ئاغىسى ئەمىر بۇلاجى دوغلاتنىڭ روھى ئۇنى زادىلا تىنىم تاپتۇرمايۋاتقانىدى. چۈنكى، دوغلات قوۋمى چاغاتاي خانىدانىغا ئەزەلدىن سادىق بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارغا ھەرگىز ئاسىيلىق قىلىپ باقمىغانىدى. ئەكسىچە ئاشۇ مۆتىۋەر ئاغىسى، ئەمىر بۇلاجى دوغلات بۇ خانىدانىنىڭ ئاخىرقى ئەزالىرىدىن بولغان مەرھۇم ئېسەن بۇغاخانىنىڭ يېتىم ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرنى ئېرتىش بويىدا قوي بېقىۋاتقان يېرىدىن تاپتۇرۇپ ئەكېلىپ ھامىيلىق قىلغان ۋە ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ خاقانلىق تەختىگە يۆلەپ چىقارغانىدى. بىراق، ئاشۇ نەپرەتلىك مالچى تۇغلۇق تۆمۈر دوغلات خانىدانىغا يۈزسىزلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەرتىۋە ـ ئىمتىيازلىرىنى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارنى بۇ مەملىكەتتىكى ئەڭ ئادەتتىكى خانىدانلار قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئەلھال، ئاغىسى ئەمىر قەمەرىدىن ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە دەۋەت قىلماقتا. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىزتىراپلىق ۋە ئازابلىق ئوي ـ خىياللار ئىلكىگە چۈشۈپ قېلىشىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بولۇۋاتاتتى.

دوغلات ئۇرۇقىدىكىلەر چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى تۆت چوڭ ئۇلۇس ــ دوغلات، بارلاس، دوختەۋى ۋە سۇلدۇز ئۇلۇسلىرىنىڭ بەگلەر بېگى بولغان ئۇلۇسبېگى ئەمىر بۇلاجى دوغلاتنىڭ ئۆز قوۋمى بولغاچقىمۇ، مەرتىۋە جەھەتتە ئۆزلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ھېسابلايتتى. بىراق، ئەمىر بۇلاجى دوغلات ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، دوغلاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەرتىۋە ـ ئىمتىيازلىرىدىن پەيدىنپەي مەھرۇم بولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى تارخانلىق ـ سۇيۇرغاللىقلىرىمۇ بارغانسېرى كىچىكلەپ، كىرىملىرىمۇ ئازىيىشقا باشلىدى. «تۆگە قانچە، يېغىرى شۇنچە» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىۋاتقان خىراجەتلىرىنى سۇيۇرغاللىقلىرىدىن

كىرىدىغان كىرىملىرى زادىلا قامدىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

مەرھۇم ئۇلۇسبېگى، ئەمىر بۇلاجى دوغلاتنىڭ ئاتا بىر، ئانا بىر ئەمىر تۆلەك، ئەمىر قەمەرىدىن، ئەمىر شەمسىدىن ۋە ئەمىر شەيخىدىن دەپ تۆت ئىنىسى بار ئىدى. بۇ بەش ئاغا ـ ئىنىلەر ئىچىدە مىلادىيە 1351 ـ يىلى قىشتا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولۇپ كەتكەن چوڭ ئاغىسى ئەمىر بۇلاجى دوغلات بىلەن مىلادىيە 1355 ـ يىلى قۇربان ھېيت كۈنى ئالمالىقتىكى كاتولىك سۇيىقەستچىلىرىنىڭ «جامە مەسچىتىگە ئوت قويۇش ۋەقەسى»دە كۆيۈپ كەتكەن ئىككىنچى ئاغىسى ئەمىر تۆلەك دوغلاتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە ئەمىر قەمەرىدىن، ئەمىر شەمسىدىن ۋە ئەمىر شەيخىدىن قاتارلىق ئۈچ بىر تۇغقان ئاغا ـ ئىنىلەر تېخى ھايات ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ھايات ۋاقتىدا مەرھۇم ئەمىر بۇلاجى دوغلاتنىڭ ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىنى ئۇنىڭ ئوغلى خۇدايداتقا ئېلىپ بەرگەنىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىلياس خوجا ئوغلان ئاتىسىنىڭ ئورنىغا خان بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەمىر قەمەرىدىن، ئەمىر شەمسىدىن ۋە ئەمىر شەيخىدىنلەرنى ئىشتىن چىقىرىۋەتتى. ئۇ سەلتەنەت ئىشلىرىدا ياشلارغىلا ئېتىبار بېرىپ، ئەسلىدىكى نوپۇزلۇق ۋە تەجرىبىلىك پېشقەدەم ئەمىر ـ بەگلەرنى پەيدىنپەي مەۋكەبتىن چەتلىتىپ، ئېتىبارسىز قالدۇرغانلىقتىن، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات باشچىلىقىدىكى زور بىر تۈركۈم سابىق بەگ ـ ئەمىرلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدى. شۇڭا، ئۇلار تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خاندانىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئەپلىك پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. ماۋەرائۇننەھرلىك بەگ ـ ئەمىرلەر ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان پايتەخت ئالمالىقنى ساقلاشقا ئازراقلا لەشكەر قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغان زور لەشكەرنى باشلاپ ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى، مەملىكەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە مۇھارىبىيە مەركىزى بولغان پايتەخت

ئالمالىقنىڭ بوش قالغانلىقى تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىدىن ئەسلىدىنلا ئىنزچىل نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات باشچىلىقىدىكى زور بىر تۈركۈم دوغلات بەگلىرىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن بىرلىشىپ كۈچ توپلاپ، ئىسيان چىقىرىشى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت بولۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىدىكى ماڭلايسۇيەر ئۆلكىسىدە ئۇدا ئۈچ يىل داۋام قىلغان قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدە ئاھالە تەلتۆكۈس خانىۋەيران بولۇش گىردابىغا چۈشۈپ قالدى. بۇنداق ئىچكى ـ تاشقى مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئىلياس خان بىلەن سابىق دوغلات بەگلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. ئىلياس خان ئەمىر قەمەرىدىننى تۇتۇشقا پەرمان چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال يوشۇرۇنۇۋالدى ۋە قەشقەردىكى ئىنىسى ئەمىر شەمسىدىن دوغلاتنىڭ قېشىغا قېچىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىلگىرىدىنلا تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىگە نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان بەگ ـ ئەمىرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كۈچ توپلاپ، ئىسيان كۆتۈرۈش ئۈچۈن پائال تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. ئەلھال، بۇ گۇنكى كۈندە ئەمىر شەمسىدىن دوغلاتنىڭ ئوپال ئېقىنى بويىغا جايلاشقان دوغلات قورغىنىدا چاقىرماقچى بولغان بەگلەر كېڭىشىمۇ دەل مۇشۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

مۇبادا بۇگۇنكى كېڭەشتە ئەمىر شەمسىدىن بىلەن ئەمىر شەيخىدىن ئىككىسى ئاغىسى ئەمىر قەمەرىدىننى قوللاپ چىقسا، دوغلاتلارنىڭ چاغاتاي خانىدانىغا ئىنزچىل سادىق بولۇپ كەلگەنلىكتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە پۇتۇنلەي ئاسىيلىق قىلغانلىق بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوغلات بەگلىرىنىڭ چاغاتاي سەلتەنەتىگە قارشى ئىسيانىنى قوللاپ چىققاندا، مەرھۇم ئەمىر بۇلاجىنىڭ دوغلات ئۇرۇقى ئۆزلىرىنىڭ چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىدىن تەلتۆكۈس مەھرۇم بولاتتى. بۇ

زىددىيەتلىك ئوي ـ پىكىرلەر نەچچە كۈندىن بېرى ئەمىر شەمسىددىننىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ كەلگەنلىكتىن، ئەتىدىن كەچكىچە پاراكەندە بولغىنىدىن ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي تېپىرلاپ يۈردى. ئۇ بىردەم بالا خان ئىلياس خوجىنى چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ تەختىدىن ھەيدىۋەتسىلا، دوغلاتلارنىڭ سەلتەنەت تۇتۇپ، دەۋران سۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپ دىلى يايرىسا؛ يەنە بىردەم ئۆزلىرىنىڭ مەرھۇم بەگ ئاغىسى، ئەمىر بۇلاجى دوغلاتنىڭ چاغاتاي سەلتەنەتىگە سادىق بولۇش، مەڭگۈ ئاسىيلىق قىلماسلىق ھەققىدىكى ئەھدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى بىر قىسما بولاتتى؛ بىردەم ھاكىمىيەت دۆتىنىڭ شېرىن لەززىتىنى ئويلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇددى مەجۇن يېگەندەك ھۇزۇرلانسا؛ يەنە بىردەم ئۆزلىرىنىڭ ئۈچىنچى ئاغىسى ئەمىر قەمەرىدىنگە ئەگىشىپ قىڭغىر يول تۇتۇپ، خەلقئالەم ئالدىدا مەڭگۈ قارا يۈز بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى...

ئەمىر شەمسىددىن مۇشۇنداق زىددىيەتلىك ئوي ـ خىياللارنىڭ ئىلكىدە ئىزتىراپ بولۇپ ئولتۇراتتى، غوجىدار تۇرۇمتاي بەگ بۈگۈنكى كېچەشكە قاتنىشىدىغان بەگلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ھازىر ئۇلارنىڭ تالادا كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى.

ئەمىر شەمسىددىن ئۇلارنى دەرھال سارايغا باشلاشنى بۇيرۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن تەمشىلىشكە، قورغان دەرۋازىسىدىن بىرنەچچە ئاتلىق ئادەم كىرىپ كېلىشتى. چاكارلار ياردەملىشىپ ئۇلارنى ئاتتىن چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئاتلىرىنى ئەكېتىشتى. بۇ ئادەملەر ئۇدۇل تارخانبەگنىڭ ئايۋان سارىيىغا قاراپ ماڭدى.

— ھە، بارمان بەگ، كىرىڭلار! قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭلار! —

دېدى ئۇلارنىڭ ئىشىك ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشقانلىقلىرىنى كۆرگەن ئەمىر شەمسىدىن.

بارمان بەگ ھەمراھلىرىنى باشلاپ ساراي ئۆيگە كىردى ۋە تۆردە ئولتۇرغان ئەمىر قەمەرىدىن، ئەمىر شەمسىدىن ۋە ئەمىر شەيخىدىنلەر بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى.

— ھە، سورا بارمان بەگ! — دېدى سابىق تارخانبەگ ئەمىر شەمسىدىن تەكەللۇپ بىلەن.

— سىلىدىن بولغاي، تارخانبەگ جانابلىرى، — دېدى بارمان بەگ ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

— سىلەردىن بولسۇن، چۈنكى سىلەر ھىدايەتنى جارى قىلدۇرماق بولۇپ، چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىسىلەر ئەمەسمۇ؟

— يوقسۇ، سىلىدىن بولسۇن تارخانبەگ جانابلىرى، جانابىي ئەمىر قەمەرىدىن ۋە ئەمىر شەيخىدىن بەگلەر بىلەن بىللە ئۆزلىرىنى تەڭرىتائالا چاغاتاي مەملىكىتىدە ئۆز ھىدايىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن سەرھەلقە - مۇرتەزا① قىلىپ تاللىغان. شۇڭا، ھىدايەت سېپىدە سىلى بىز ھەممىمىزدىن ئۈستۈن تۇرىدىلا!

بىرنەچچە قېتىم ئەنە شۇنداق «سەندىن»، «سىلىدىن...» دېيىشكەندىن كېيىن، ئەمىر شەمسىدىن سۆزلىدى:

— ئامان - ئېسەنلىكمۇ مال - ۋارانىڭلار، بالىچاقاڭلار، مەھەللە ئىچى - تېشى، قوۋم - قېرىنداشلىرىڭلار، ئۇلۇغ - ئۇششاقلىرىڭلار تىنچ - ئامانلىقمۇ؟

بارمان بەگ: «ئىنشائاللا، ئىنشائاللا!» دېگەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە خۇددى شۇنىڭدەكلا، سابىق تارخانبەگ ئەمىر شەمسىدىن دوغلاتتىن ھال - ئەھۋال سورىدى. بارمان بەگنىڭ ھەمراھلىرىمۇ خۇددى شۇ تەرىقىدە تىنچلىق سوراشتى.

---

① سەرھەلقە - مۇرتەزا — «ئاللانىڭ بەندىلىرىگە يېتەكچى قىلىپ تاللىغان ئادەمى».

www.uyghurkitap.com

— خۇش كەلدىڭلارمۇ، دۇغانىم① بارمان بەگ، خۇش كەلدىڭلارمۇ جانابىي بەگلەر؟ — دەپ ئەمىر شەمسىددىن مېھمانلارغا ئورۇن كۆرسەتتى ۋە ئۆزى ئەسلىدىكى ئورنىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى. مېھمانلار «قۇللۇق، قۇللۇق !» دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋە ـ دەرىجىلىرى بويىچە داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

مېھمانلار جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمىر قەمەرىددىن دوغلات قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ «سۈرە پاتىھە»نى ئوقۇدى. مېھمانلار ئۇزۇن دۇئادىن كېيىن «ئامىن !» دېيىشىپ قوللىرىنى يۈزلىرىگە سۈرۈشتى.

بۇ چاغدا دېدەكلەر پەتنۇستا نان، قەنت ـ گېزەكلەر ۋە چىنە ـ چەينەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ، ئوتتۇرىدىكى داستىخاننى باشقىدىن راسلىدى. ئاندىن چىنە ـ چەينەكلەرنى قويۇپ قويۇشۇپ، تەزىم قىلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

بەگلەر چاي ئىچىشكەچ، سۆھبەت قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. سۆھبەتنىڭ بېشىدا ئەمىر قەمەرىددىن دوغلات سۆزلەپ، بۇ بەش كۈنلۈك ئالەمنىڭ ئۆتنە ئالەم ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ھېچكىمگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقى، شۇڭا بەندىلەرنىڭ ھەر دائىم ئاخىرەتنى ئويلىشى لازىملىقى ھەققىدە بىرپەس ئەمىر ئەمىرمەرۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئاساسىي مەقسەتكە يۆتكىلىپ، بۈگۈنكى كېڭەشتە قارالماقچى بولغان ئىش ھەققىدە توختالدى.

— بىز دوغلاتلار چاغاتاي خانىدانى ئالدىدا، جۈملىدىن تۇغلۇق تۆمۈر ئالدىدا قانداق گۇناھ سادىر قىلغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز، — دېدى ئۇ سۆزلەپ، — ھالا بۈگۈن بالا خان ئىلياس خوجا قارا نىيەت ئەمىرلىرىنىڭ سىزىقىدىن چىقالماي، بىزلەرگە ئوخشاش سادىق سەلتەنەت تايانچلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئىشتىن بوشاتتى. خانىنىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتىنىڭ

---

① دۇغان — پارسچە سۆز. «قېرىنداشىم، يولدىشىم، جۈپۈم» دېگەن مەنىدە.

پۇرنقى كەتمىگەن بىر بۆلەك خۇشامەتچى، ئاق تۇمشۇق بەگ - ئەمىرلەر ئورنىۋالدى. چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ سەلتەنەت ھارۋىسىنى ئۆزەنىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، كاتاڭغا ئاپىرىپ تىقىشماقتا بۇ لەنىتىلەر! ئۇنىڭ ئۈستىگە چاغاتاي سەلتەنەتى ئۈچۈن ئەزەلدىن قىلچە مەنپەئەت بەرمىگەن ئاشۇ ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىنى تالىشىپ، نۇرغۇن يىللاردىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان بۇ ئۇرۇش مەملىكەتنىڭ خەزىنىسىنى قۇرۇتۇپ، پۇقرانىڭ بېلىكىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. خەلقنىڭ ئاھ - زارلىرى زېمىننى قاپلىدى.

— شۇنداق، — دەپ ئاغىسىنىڭ سۆزىنى قوللىدى ئەمىر شەمسىدىن، — رەھمەتلىك بەگ ئاغام ئەمىر بۇلاجى دوغلاتنىڭ دەۋرانىنىڭ قەدرىنى بىلمەپتىكەنمىز. ئۇ ۋاقىتلاردا بىز چاغاتاي خاندانىغا ئەمەس، چاغاتاي خاندانى بىزگە سالام قىلاتتى، ئوردىنىڭ ئىشىكىنى تېپىپ كىرىپ، تېپىپ چىقاتتۇق. مەملىكەت ھودۇدلۇقىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە بىزنىڭ دېگىنىمىز دېگەن، ئەتكىنىمىز ئەتكەن بولاتتى. ھەرقانداق بىر ئادەم بىزگە تىكىلىپ قارىيالمايتتى...

ئاغا - ئىنىلەرنىڭ بۇ سۆزلىرى سورۇندىكى بەگلەرگە خۇددى كۆكناردەك تەسىر قىلغانلىقتىن، ئۇلارمۇ ھاياجانلىرىنى باسالماي قېلىشتى.

— ئەمىر جانابلىرى، — دېدى بارمان بەگ تەكەللۇپنى ئۇنتۇپ، — سىلى ناھايىتى توغرا ئېيتتىلا، رەھمەتلىك ئەمىر بۇلاجىنىڭ زامانى ھەقىقەتەن خەير - بەرىكەتلىك بىر زامان ئىدى. ئۇ ھايات چېغىدا يېگىنىمىز بەتتە، كىيگىنىمىز كاتتا، قورۇلىرىمىز مال بىلەن، قورغانلىرىمىز قۇل بىلەن تولغانىدى. قاچانكى ئۇلۇسبېگىمىز ۋاپات بولدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خۇددى چۆلدىكى يالغۇز بۇتخانىنىڭ راھىبلىرىدەك، باشقىلارنىڭ ئىشىكىدە بىر پارچە نانغا زار بولۇپ خارلاندۇق. ئەلھال، مۇبادا ھۆرمەتلىك بەگ ئاغىمىز ئەمىر قەمەرىدىن جانابلىرى بىلەن

ئەمىر شەمسىدىن جانابلىرى بىزگە باش بولۇپ بەرسىلا، دوغلات قوۋمىنىڭ قولىدىن كەتكەن ئاشۇ مەرتىۋە ـ ئىمتىيازلىرىنى لەنتى بالا خان ئىلياس خوجىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىش يولىدا قىلىچ بىسىدەك تىك تاغلارغا چىقىشقا، دوزاختەك ئوت دېڭىزىغا كىرىشكە ئالدىراپ قالغان. ئالدىراپ قالغان تەييارلىنىپ قويغان بىز !

— ھىممىتىڭلارغا رەھمەت، دۇغانىم بارمان بەگ، — دېدى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئورنىدىن سەل ـ پەل قىمىرلاپ قويۇپ، — بىز سىلەردەك باھادىر بەگلىرىمىز بولغاچقا، بۇ ئىشقا قەتئىي بەل باغلاپ چىققان. ئەمما...

ئۇ گېپىدىن توختاپ، سورۇن ئەھلىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئىنىلىرى ئەمىر شەمسىدىن ۋە ئەمىر شەيخىدىنلەر بىلەن ئۆزئارا كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بالا خان ئىلياس خوجىنى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن يالغۇز بىزنىڭ كۈچىمىزلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە قارا بۇدۇنلارنىڭ كۈچىدىنمۇ پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر ئىلياس خوجا سەلتەنەتىدىن نارازى بولۇۋاتقانلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشماقتا. بالا خان ئىلياس خوجا ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن چىقىمىنى ئاۋام خەلقنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويدى. ئالۋان ـ ياساق، غەللە ـ پاراق خۇددى شاختىكى قۇشقاچتەك ھەسسىلەپ كۆپەيمەكتە. ئاۋامنىڭ ئاھ ـ زارى بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، ھەممە يەرنى نارازىلىق قۇرۇق ئوتۇنلىرى بىلەن تولدۇرماقتا. ئەلھال، بىز پەقەت خەلقنىڭ نارازىلىقىدىن تەييارلانغان ئاشۇ قۇرۇق ئوتۇنلارنى ياندۇرۇۋېتەلىسەكلا، بۇ ئوت ئۇلغىيىپ زېمىننى قاپلىغان زور يانغىنغا ئايلىنىدۇ ـ دە، ھۆل ـ قۇرۇقنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىپ تاشلايدۇ. بىز بۇ ئىسيان يانغىنىدىن پايدىلىنىپ بالا خان ئىلياس خوجىنىڭ تەخت ـ بەختىنى بىراقلا غۇلىتىپ تاشلىيالايمىز. بىز مۇشۇ مەقسەتتە قارا بۇدۇنلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىدىن تەييارلاۋاتقان ئاشۇ قۇرۇق



www.uyghurkitap.com

ئوتۇنلارغا ئوت يېقىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلارغا ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىنى تەرغىباتچىلىققا ئەۋەتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي كۆرىسىلەركى، ئۇلارنىڭ بۇ تەرغىباتلىرىدىن ئەمەلىي ئۈنۈم كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئەمدىكى گەپ، ھەرقايسىڭلار قولۇڭلاردىكى چېرىكلەرنى ئوبدان ئېدىتلاپ، قورال - ياراغلارنى تەخ قىلىپ، پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشۇڭلارغا باغلىق بولۇپ قالدى.

ئاغىسىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن ئىلھاملانغان ئەمىر شەمسىدىن دوغلات ئاخىر قەتئىي قارارغا كەلدى - دە:

— ھۆرمەتلىك بەگ ئاغام ھازىرقى ئەھۋالنى ياخشى سۇرەتلەپ بەردى، — دېدى ئۇ، — ئالتە يىلدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ئاشۇ ماۋەرائۇننەھر ئۇرۇشلىرى ئاۋام خەلقىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈر سەلتەنەتىگە بولغان نارازىلىقىنى كۈچەيتتى. بۇ ھال بالا خان ئىلياس خوجا سەلتەنەتىنىڭ ساناقلىق كۈنلىرى قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بالا خان ئىلياس خوجا ئۆزى بىلەن ماۋەرائۇننەھرلىك ئەمىر - بەگلەر ئوتتۇرىسىدا ئالتە يىلدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن ئاساسلىق لەشكىرىي كۈچىنى ماۋەرائۇننەھرگە يۆتكەپ كەتكەن بولغاچقا، موغۇلىستاندا ھېچقانچىلىك كۈچ قالمىدى. بۇنداق ھالەت بىزنىڭ ئۇنىڭغا قارشى يېغىلىق قوزغىشىمىزنى تولىمۇ ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. گەرچە بىز دوغلاتلار پۈتۈن مەرتىۋە - ئىمتىيازلىرىمىزدىن مەھرۇم قىلىنغان بولساقمۇ، ئەمما ئىستىقبالىمىزدىن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمىدۇق. چۈنكى، ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشىدۇر. كۈچ - قۇۋۋەت، شەرت - شارائىت ۋە غەيرەت - شىجائەت بۇ ئۈچى بىرلەشسىلا، دۇنيا ھېچكىمگە تارلىق قىلمايدۇ.

— بەگ جانابلىرى، ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈردىلە، ئىلياس خوجا بالا خان ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ بېشىمىزغا پۈتۈلگەن بالا خان بولدى. خۇددى بەگ ئاغىمىز بايا ئېيتقاندەكلا، بىزنىڭ نىيەت - ئىقبالىمىزمۇ بىزگە مۇسەللەت قىلىنغان بۇ بالا خان

ئۇستىدىن يېغىلىق قىلىشنى خالاپ تۇرۇپتۇ. بەگ ئاغىمىز ئەمىر قەمەرىدىن، ئەمىر شەمسىدىن ۋە ئەمىر شەيخىدىن جانابلىرى ھەممىمىزگە سەرھەلقە ـ مۇرتەزا بولۇپ تۇرۇپ بەرسىلا، بىزنىڭ بۇ يۇرۇشىمىزگە غەلىبە ـ نۇسرەت چوقۇم يار بولغۇسىدۇر ! ــ دېدى بارمان بەگ باشقىلار نامىدىن ئىپادە بىلدۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ، سابىق تارخانبەگ ئەمىر شەمسىدىننىڭ بۇ قەدىمكى قورغىنىدا كېيىنكى چاغلاردا چاغاتاي مەملىكىتىنى پارچىلاش يۈزىسىدىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىلياس خان سەلتەنەتىگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك كۆتۈرۈلگەن ئىسيان يانغىنىنىڭ تۇتۇرۇقى مۇشۇنداق ياندۇرۇلدى.

كېڭەش ئەھلى بىر ئېغىزدىن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان سەلتەنەتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يېغىلىقىغا يولباشچى ــ «قۇتبى زامان»① قىلىپ كۆتۈردى.

ــ سىر② بېرىشكە رازىمىزكى، ھەرگىز سىر بەرمەيمىز ! ــ دەپ سۈرلۈك قەسەم قىلىشتى ئۇلار، ــ بالا خان ئىلياس خوجىنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان بۇ جەڭدە جېنىمىز ۋە مېلىمىزنى تەسەددۇق قىلىمىز ! قۇتبى زامان جانابىي ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ھەزرەتلىرىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانىنى دەخلى ـ تەرۇزسىز ئورۇنلايمىز ! شوئارىمىز شۇ: تارتىۋالىمىز، تارتقۇزمايمىز ! بېسىۋالىمىز، باستۇرمايمىز !

*　　　*　　　*

سالقىن كۈز پەسلى ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا، پايتەخت ئالمالىق

---

① قۇتبى زامان ــ زاماننىڭ يولباشچىسى.
② سىر ــ كاللا، باش.

قېنىق كۆل رەڭ تۈس ئالدى، ئىلى ـ قۇياس ۋادىسى ئۇزاقتا سوزۇلىدىغان قىش پەسلىگە كىردى. پايتەخت كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سانسىزلىغان ئۆي ـ ئىمارەتلەرمۇ ئاللىقاچان كۆل رەڭ تۈسكە كىرگەن بولۇپ، ئېرىق ياقىسىدىكى ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ قاقشال بولۇپ قالغان دەل ـ دەرەخلەر، كۆككە توزۇپ يۇرگەن چاڭ ـ توزانلار، ھەتتا ئاسمانمۇ يېقىمسىز كۆل رەڭ قىياپەتكە كىرگەنىدى. قىش پەسلى خۇددى جىنازىدا ياتقان مېيىتنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان يوپۇقتەك، زېمىن ئۈستىگە بىر باشتىن يېپىلىپ شىپقاپ كېلىشكە باشلىدى. ئەمىر قەمەرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى ئەمىر شەمسىدىن ھەم ئەمىر شەيخىدىنلەر قەشقەردە ئاخىر ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىك خەۋىرى تېزلا ئوپال ۋادىسىدىكى دوغلات، ئوپال، تاشبالىق قاتارلىق كەڭ يۇرت ـ ئايماقلاردا ياشايدىغان جاپاكەش ئاھالىلەرنىلا ئەمەس، بەلكى قەشقەردەك مەركىزىي شەھەرلەردە ياشايدىغان ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ شەھەر ئاھالىسىنىمۇ ئۆزىگە تېزلا جەلپ قىلىۋالدى. ئەمىر قەمەرىدىن ئىسيانىغا ئاۋاز قوشقان بۇ كىشىلەر قىش ـ قىروۋدا قوللىرىغا پالتا ـ كەكە، ئورغاق ـ كەتمەن، ئارا ـ گۈرجەك، كالتەك ـ توقماق ئېلىشقانىدى. يېلىڭ ـ يالىڭاچ ئەرلەر، قوڭى ئوچۇق باللار، پۇتىغا كېپىش ـ كەشلىرىنى سېپىشىپلا يۈگۈرۈشۈپ چىقىشقان بوۋايلار، ھەتتا ئۇچىسىغا ئۆڭۈپ ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقان ماتا ـ سەرگەزدىن كۆڭلەك كىيىشكەن مەزلۇمە ـ ئاياللار يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن، تەرەپ ـ تەرەپتىن يۈگۈرۈپ چىقىشىپ توپقا قوشۇلۇپ، غايەت زور ئۆكتىچىلەر سېپىنى ھاسىل قىلىشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ئورغاق ـ كەتمەنلەر، پالتا ـ كەكىلەر، نەيزىدەك ئۇچلۇق تۆمۈر ئارىلار قۇياش نۇرىدا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ پارقىرايتتى. ئۈستىرا بىلەن قىرىپ

www.uyghurkitap.com

پارقىرىتىۋېتىلگەن باشلار خۇددى قىزىل دەرياسى① دىكى ئۆركەشلەۋاتقان لايقىلىق دولقۇندەك شەھەرگە قاراپ ئاقماقتا ئىدى.

شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىمۇ، ئۇششاق باللارنىڭ يۈگۈرۈشلىرىدىمۇ ئۆزگىچە بىر مەنە بار ئىدى. شەھەر ھاكىمىنىڭ دىۋانخانىسى ئالدىدىكى رېگىستانغا نۇرغۇن ئادەملەر توپلىنىشۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى شەھەر كەمبەغەللىرى ۋە ھەر خىل كەسپتىكى قول ھۈنەرۋەنلەر ھەم شەھەر ئەتراپىدىكى يەرسىز دېھقانلار ئىدى.

قەشقەر — چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا — شەرق بىلەن غەرب، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى سودا يولى ئۇستىگە جايلاشقان قەدىمكى بىر شەھەر ئىدى. مەملىكەتنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسىدىكى بۇخارا، ئۆزكەنت، سەمەرقەنت، ئەنجان، نەمەنگان ۋە ئوش قاتارلىق شەھەرلەرگە ھەمدە پەغپۇرچىنىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن ئەنەتكەك، ئورۇسىيە، شام ۋە بۇ يەرلەر ئارقىلىق پەرەڭىستاندىكى رۇم قاتارلىق شەھەرلەرگە بارغىلى بولىدىغان قەدىمكى كارۋان يوللىرىنىڭ ھەممىسى قەشقەرنى بېسىپ ئۆتەتتى. بىراق، ئالتە يىلدىن بېرى، چاغاتاي سەلتەنەتى ماۋەرائۇننەھرلىك تەپرىقىچى بەگ ـ ئەمىرلەرنى جازالاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى قامداش ئۈچۈن، قەشقەر خەلقىنىڭ بېشىغا چاچقان تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئالۋان ـ ياساقلار، باج ـ پاراقلار، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ تۈرلۈك زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى، ئەمىر بەگلەرنىڭ سارايلىرىدىكى كۆپراني مەئىشەتلەر قەشقەرنىڭ ئىقتىسادي جەھەتتىكى ئىككى تۈپ يىلتىزىغا — ھۈنەرۋەنچىلىك ـ دېھقانچىلىق ۋە سودا ـ تىجارەتنىڭ يىلتىزىغا پالتا چېپىۋاتقانىدى. شۇڭا، يېزا ـ

---

① قىزىل دەرياسى — قەشقەردىكى بىر دەريانىڭ نامى.

قىشلاقلاردىكى، شەھەرلەردىكى جاپاكەش ئاھالىنىڭ يوشۇرۇن مەجلىسلىرىدە، سودىگەرلەرنىڭ كارۋان سارايلىرىدا چاغاتاي سەلتەنەتى ئۈستىدىن قىلىنىدىغان غەيۋەت ـ شىكايەتلەر ئۈزۈلمەيتتى: شەھەر ـ ئاۋدان، يېزا ـ قىشلاق ئاھالىسىنىڭ چاغاتاي خانلىرى — ئىلگىرىكى خان تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن ھازىرقى خان ئىلياس خوجا ئوغلان سەلتەنەتكە بولغان بۇنداق نارازىلىقلىرى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش ئەھۋالىدىن نارازى بولۇش ۋە ئەمىر قەمەرىدىن ئېقىمىدىكىلەرنىڭ خەلقنى ئىلياس خان سەلتەنەتىگە قارشى چىقىشىغا قوزغاش ئۈچۈن يۈرگۈزگەن تۈرلۈك ئۈنۈملۈك تەتۈر تەرغىباتلىرى تۈپەيلىدىن تېخىمۇ تېز راۋاجلانماقتا ۋە چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى. خەلق قورالسىز بولغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە، چىرايلىرىدا ئىپادىلىنىۋاتقان غەزەپ ـ نەپرەت ئۇلارنى پارتلاشقا ئارانلا قالغان پوروخ تۇڭغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

يېزا ـ قىشلاقلاردىكى غەزەپلەنگەن ئالامان ئاللىقاچان شەھەرنى قاتمۇقات قورشىۋالغانىدى. ئۇلار شەھەر ھاكىمىنىڭ ئازغىنا لەشكەر بىلەن كۆرسىتىۋاتقان قارشىلىقىنى شەھەرلىكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تېزلا سۇندۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، خۇددى ئۆزەننى يوقىتىپ قويغان ئۇلۇغ سۇدەك شەھەرگە قاراپ شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ غەزەپلىك چۇقان سادالىرى ئىچىدە كۆك ئاسمان زىلزىلىگە كېلىپ، زېمىن تىترىمەكتە ئىدى. ئالاماننىڭ ھەيۋەتلىك دەبدەبىسىدىن قورقۇپ جېنى چىققاي دەپ قالغان نائىبلار ۋە ياساۋۇل ـ نۆكەرلەرنىڭ رەڭگىدە قان قالمىغانىدى. ئۇلار تەشۋىش ئىچىدە باشلىرىنى ئىچىگە تىقىشىپ، چەت ـ ياقىلاردا دۈگدىيىشىپ چۆرگۈلەپ يۈرۈشەتتى. غەزەپلەنگەن كىشىلەر سەلتەنەت نائىبلىرىنىڭ تۈرلۈك زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىدىن، ئالۋان ـ ياساقنىڭ ئېغىرلىقىدىن شىكايەت قىلىشىپ

زارلىناتتى. ئىنسابسىز بەگلەرنى تىللىشاتتى. گوزەردە ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم ئاغدۇرۇۋېتىلگەن بىر مەيىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئاۋامغا ۋارقىراپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— قېرىنداشلار، بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان، خانمۇ، ئۇنىڭ ۋەزىر - جايساڭلىرىمۇ ھەم بىزگە ئوخشاش مۇسۇلمان. بىراق، ئۇلار بىزنى ياشىغىلى قويمايۋاتىدۇ. تۇگمەس - پۈتمەس ئالۋان - ياساق بىزنى خانىۋەيران قىلدى. قېنى ئۇ ئادالەت؟! قېنى ئۇ ئىنساب - ديانەت؟! ئەمدى بىزنىڭ زادى چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن رىزقىمىزنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كەلمەي بولمىدى. بىز... جېنىمىزنى تىكىپ قويدۇق... بوينىمىزدىن باغلاپ دەرەخلەرگە ئېسىۋەتسىمۇ، دەيدىغىنىم يەنە شۇ!... بۇ زۇلۇمنىڭ ئىگىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئىسسىق ئۇۋۇلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشىمىز لازىم!

ئۇنىڭ تەرغىباتىغا قۇلاق سېلىپ تۇرغانلاردىن كۈچلۈك سادا ياندى:

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭ! قىيما - چىيما بولۇشقا رازىمىزكى، خاننى ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ نائىنساب ئەمەلدارلىرىنى ئىسسىق ئۇۋىسىدىن قوغلاپ چىقارمىغۇچە ھەرگىز بولدى قىلمايمىز. بۇ ئەلدە نە ئىنساب، نە ئادالەت، نە ديانەت، نە مېھىر - شەپقەت بولسۇن؟! كۆپارلارمۇ ئۆز تائىپىسىگە بۇنداق جەبىر - زۇلۇمنى راۋا كۆرگەن ئەمەس!...

— بىزگە نان كېرەك، ئىسسىق ئېگىن كېرەك، ئۆي كېرەك! يوقالسۇن ئەمدى بېشىمىزغا پۈتۈلگەن بۇ زۇلۇم - زۇلمەت!...

ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ئادەم ئالامانغا چاقىرىق قىلدى:

— ئى ئەھلى مۇسۇلمانلار! پۇقرانىڭ يىلىكى ئۈزۈلگەندە، ئاللانىڭ رەھمى كېلىپ، ئۆز بەندىلىرىنى جەبىر - زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئارىمىزغا مەھدى ئاخىرقى زامان — قۇتبى زاماننى ئەۋەتىدۇ! ئەمىر قەمەرىدىن ئەنە شۇنداق قۇتبى

زامانىدۇر. كېلىڭلار، بىز ھەممىمىز ئەمىر قەمەرىدىن قۇتبى زامان زۇلۇم چەككەن بىچارە خەلقنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىگىمىز كۆتۈرگەن ئاشۇ ئادالەت تۇغىنىڭ ئاستىغا ئۇيۇشايلى ! ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە زۇلۇم ساھىبلىرىنىڭ ئىسسىق ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلايلى !...

كىشىلەرنىڭ چۇقان سادالىرى ياڭرىدى:

— نان ! بىزگە نان كېرەك !... قۇتبى زامان ئەمىر قەمەرىدىن بىزنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن مەھدى ئاخىرقى زاماندۇر ! ئۇ بىزنى غەلىبە - نۇسرەتكە باشلايدۇ !... ئۇنىڭغا ئەگەشكىنىمىز ئەگەشكەن ! زۇلۇم ئىگىلىرىنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلايلى !...

— شۇنداق ! قۇتبى زامان ئەمىر قەمەرىدىنگە ئەگەشكىنىمىز ئەگەشكەن ! زۇلۇم ئىگىلىرىنىڭ تەختى - بەختىنى پاچاقلاپ تاشلايلى !

ئالامان خۇددى پىتراپ كەتكەن پادىدەك دەرھال قەشقەر ھاكىمىنىڭ دىۋانخانىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈپ، دەۋرەپ مېڭىشتى !...

ئەمىر قەمەرىدىن ئېقىمدىكىلەرنىڭ پىتنىسى بىلەن چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان ھاكىمىيىتىگە قارشى قەشقەردە باشلانغان بۇ ئىسيان ئاستا - ئاستا مەملىكەتنىڭ ماڭلايسۆيەر، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى، پەرغانە ۋە موغۇلىستان ئۆلكىلىرىدە خۇددى ۋابا سۇيىدەك تېز لا يامراپ كەتتى. پۈتۈن چاغاتاي مەملىكىتىنى ئىسيان يالقۇنى قاپلاپ كەتتى. ئەمىر قەمەرىدىن باشچىلىقىدىكى ئىسيانچىلار قوشۇنى پايتەخت ئالمالىققا يۈرۈش قىلدى...

* * *

ئىسيانچىلارنىڭ پايتەخت ئالمالىقنى ھالقىدەك قورشىۋالغىنىغا بۇگۈن ساقمۇساق قىرىق كۈن بولدى.

ماۋەرائۇننەھر ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلاندىن ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇن نېمىشقىدۇر تا ھازىرغا قەدەر يېتىپ كېلەلمەيۋاتاتتى.

ئالمالىقنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە جايلاشقان قۇياس دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىقتا سان ـ ساناقسىز ئادەملەر ئۇياق ـ بۇياققا يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ئارا ـ نەيزە، قىلىچ ـ پالتىلار كۈن نۇرىدا پارقىرايتتى.

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئىنىلىرى ئەمىر شەمسىدىن دوغلات بىلەن ئەمىر شەيخىدىن دوغلاتنىڭ ھەمراھلىقىدا بەگ ـ ئەمىرلىرىنى باشلاپ پايتەختنى قورشىۋالغان بۇ ئىسيانچى ئالامانلارنىڭ ئارىسىغا ئاتلىق يېتىپ كەلدى. ئىسيانچىلار ئۇلارغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

ئىسيانچىلار قوشۇنىدا ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئورناتقان تەرتىپ ـ ئىنتىزام بار ئىدى. ئۇ ئىسيانچىلار قوشۇنىنى چىڭگىزخاننىڭ ياساقلىرى بويىچە ئونلۇق، يۈزلۈك ۋە مىڭلىق بۆلەكلىرىگە بۆلۈپ قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ رەتلەپ چىققانىدى. ئاتقا مىنگەن ھەربىر ئونبېشى، يۈزبېشى ۋە مىڭبېشى ئۆز بىرلىكلىرىنىڭ يۈرۈش سېپىدىكى ئورنىنى بىلەتتى. بۇ ئىسيانچى ئالامانلارمۇ ئاتامانلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۆز بىرلىكلىرى بويىچە ھەرىكەتلىنەتتى.

ــــ ئى باھادىرلار ! ــــ دەپ توۋلىدى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى تورۇق ئارغىماق ئويناقلاپ بىر ئىزىدا زادىلا توختىمايۋاتقانىدى، ــــ سىلەر ئۆز تىرىكچىلىكىڭلارنى قوغداش ئۈچۈن مۇقەددەس جەڭ تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىققان باتۇرلار. جەڭدە ئەڭ قەھرىمان جەڭچىلەردۇرسىلەر !...

ئۇ قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئالمالىق سېپىلىنى كۆرسەتتى ۋە:

ــــ مانا ئالدىڭلاردا زۇلۇمىنىڭ ئىگىسى بولغان بالا خان

ئىلياس خوجىنىڭ قارارگاھى — ئالمالىق سېپىلى تۇرۇپتۇ. بالاخان سىلەرنىڭ قان - تەرىڭلار ھېسابىغا شىلىۋالغان ئالتۇن - كۈمۈش، دۇنيا - دەپىنىلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئۇيۇل تاشتەك پۇختا دەپ ئاتالغان سېپىلنىڭ ئىچىدە تۇرۇپتۇ. بۇ سېپىلنى چۇۋۇپ تاشلىيالىساڭلار ئاشۇ بايلىقنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ بولىدۇ! بۇ ئولجىلارغا پەقەت سىلەرلا ئىگە بولۇشقا ھەقلىق! مەن سىلەرنىڭ بۇ بايلىقلاردىن خالىغىنىڭلارچە پايدىلىنىشىڭلارغا رۇخسەت قىلىمەن!

ئەمىر قەمەرىددىننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئالامان قىيقاس - سۈرەن كۆتۈرۈشۈپ ۋارقىراشتى:

— بالا خاننىڭ خەزىنىسى بىز ئۈچۈن ئوچۇق! ئۇلۇغ قۇتبى زامان بىزگە نېسىۋىمىزنى بالا خاننىڭ خەزىنىسىدىن ئېلىشىمىزغا رۇخسەت قىلدى!

ئىسيانچىلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشتى - دە، چۇقان كۆتۈرۈشكىنىچە سېپىلغا چىقىش ئۈچۈن شوتىلىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى.

سېپىلنىڭ ئۈستىدە بېشىغا پولات دۇبۇلغا، ئۈستىگە قۇيۇچ ساۋۇت - قۇياق كىيىۋالغان بىر سەركەردە ئىسيانچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئاتلىق يۈرەتتى. ئۇ ئوردا قۇرچىلىرىنىڭ ئەمىرى تۆمۈر مەلىك باھادىر ئىدى. ئۇ سېپىلنى بېكىتكۈچىلەرگە قىسقا - قىسقا بۇيرۇقلارنى بېرەتتى.

— شوتىدىن يامىشىپ چىققانلارنى قىلىچىمۇ ئايىماستىن چېپىپ تاشلاڭلار! ئۇلارنى ئەسىر ئېلىش ھاجەتسىز! بىز ئىسيانچىلارنى تەمتىرىتىپ تۇسۇپ تۇرساقلا بولدى. ئۇلارنى بىزنىڭ ياردەمگە يېتىپ كېلىۋاتقان باھادىر قوشۇنلىرىمىز ئوڭايلا تىرىپىرەن قىلىپ تاشلايدۇ! باھادىرلار، جاسارەتلىك بولۇڭلار! بىزگە كەرەملىك ئاللا يار - يۆلەك بولىدۇ!...

تۆمۈر مەلىك باھادىرنىڭ زىممىسىگە پايتەختنى

ئىسيانچىلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىقتەك ۋەزىپە يۈكلەنگەنىدى. بۇ ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ۋە ئېغىر بىر ۋەزىپە ئىدى. شۇڭا، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز هوشيار بولۇشى، ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگۈچە پايتەخت سېپىلىنى تارتقۇزۇپ قويماي قوغداپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. بىراق، زارىقىپ كۈتۈۋاتقان ئاشۇ ياردەمچى قوشۇنلارنىڭ يىراق ماۋەرائۇننەهردىكى ئالدىنقى سەپتىن تا هازىرغا قەدەر يېتىپ كېلەلمەي كېچىكىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنى هەممىدىن بەكرەك ئەندىشىگە سالماقتا ئىدى. چۈنكى، ئازغىنا ئىككى هەزارە قوشۇن بىلەن پايتەختنى خۇددى تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دەهشەتلىك سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتقان ئىسيانچىلارنىڭ هۇجۇمىدىن قوغداپ قېلىشنىڭ ئوڭاي ئىش ئەمەسلىكى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى. ئۇ ئىسيانچىلار بىلەن بولىدىغان قانلىق جەڭلەرنى ئويلاپ، كېچىلىرى تىك ئولتۇرۇپ چىقاتتى. لەشكەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلياس خان توپىلاڭچى ئەمىرلەرنى جازالاش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەهرگە يۆتكەپ كەتكەچكە، ئۇ پايتەختنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ناهايىتى تەسلىكتە ئىككى هەزارە لەشكەرنى ئاران توپلىيالىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى هەزارە لەشكەرنىڭ كۆپ قىسمى قېرى ـ چۆرى، ئاقساق ـ چولاق، ئاغرىق ـ سىزلاق چېرىكلەر بولغاچقا، هەقىقىي جەڭگە يارايدىغانلىرىنىڭ سانى بىرەر مىڭدىن ئاشمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىدا ئابرۇيلۇق، تەجرىبىلىك پېشقەدەم لەشكەر باشلىقلىرى يوق ئىدى. سان ـ ساناقسىز ئىسيانچى ئالامانىنى بۇ ئازغىنا چېرىك بىلەن توسۇپ قېلىش هەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ هەرگىز هودۇقۇپ، ئالاقزەدە بولۇپ كەتكىنى يوق. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، كەلگۈسىدە بولىدىغان قانلىق ئۇرۇشقا سالماقلىق بىلەن پۇختا تەييارلىق كۆرمەكتە ئىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئوردىدىكى ۋەزىر ـ جايساڭلار، ئەكابىر ـ ئەشرەپلەرگە مەدەت بېرىپ، ئۇلاردا غەيرەت ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقا تىرىشماقتا ئىدى.

تۇنۇگۇن كەچتە بولۇنغان كېڭەشتە پايتەختنى قانداق مۇداپىئە قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە سۆز بولۇۋىدى، مۆھۇردار يەللىغ تايشى:

— تەخت ـ سەلتەنەتنى يوقاتماقچى بولۇپ ئاغزىنى خۇددى يوھادەك ئېچىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەجەل ئەجدىھاسىنىڭ بېشىنى چوقۇم كېسىپ تاشلاش كېرەك! ئۇنىڭ دەھشەتلىك ئوپقۇنى پۈتۈن چاغاتاي مەملىكىتىنى يۇتۇپ كەتمىسۇن! — دېۋىدى، تۆمۈر مەلىك باھادىر ئۇنىڭدىن:

— ھۆرمەتلىك مۆھۇردار، بۇ پالاكەتتىن قايسى يول بىلەن خالاس بولغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى، — بۇ ھەقتە سىزنىڭ قانداق ياخشى مەسلىھەتىڭىز بار؟

— مېنىڭچە، ۋاقىتنى ئىمكانقەدەر ئارقىغا سۈرۈش كېرەك! — دېدى يەللىغ تايشى ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

— مەسىلەن، ۋاقىتنى قانداق قىلغاندا ئارقىغا سۈرگىلى بولىدۇ؟

— سۇلھى قىلىش ئارقىلىق ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى ئىنساب ـ دىيانەتكە دەۋەت قىلماق لازىم، — دېدى ئۇ جىددىي تەرزدە، — يەنى پەند ـ نەسىھەت ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىدە چاغاتاي خاندانىغا مېھىر ـ مۇھەببەت ئويغىتىش لازىم...

— ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىبېشى ئەمىر قەمەرىدىن گەرچە مەرھۇم ئۇلۇسبېگى ئەمىر بۇلاجى دوغلات بىلەن ئەمىر تۆلەك دوغلاتنىڭ ئۆز ئىنىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىر پېلەكتە چۈشكەن باشقا ـ باشقا ئىككى خىل خەمەكتۇر! ئەمىر بۇلاجى بىلەن ئەمىر تۆلەك ئىككى مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ساداقەت، ھىممەت ۋە سەمىمىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى ئەڭ ئالىي مىزان قىلغانىدى. بىراق، ئەمىر قەمەرىدىندەك ھىممەتسىز كىشىدىن مېھىر ـ مۇھەببەت ئۈمىد قىلىش مۇمكىنمۇ؟

— ھەق گەپنى قىلدىڭىز، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى يەللىغ

تايشى، ــ ئىلياس خان ئالىيلىرى مەرھۇم خاقان ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان ھايات ۋاقتىدا بېكىتكەن قارار بويىچە ئىسيانچى ئەمىرلەرنى ياساقتا تارتىپ جازالاش ئۈچۈن، ماۋەرائۈننەھرگە ئۇلۇغ لەشكەر باشلاپ كەتتى. ئىسيانچى ئەمىر قەمەرىدىن پايتەختتە كۆپ لەشكەر قالمىغان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، سان ـ ساناقسىز ئىسيانچىلارنى باشلاپ كېلىپ، پايتەختنى ھالقىدەك قورشىۋالدى، ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى ئىلياس خان سەلتەنەتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى ئۇچچە ئىگىلەشتۇر ! ھالا بۈگۈن بىزدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلغۇدەك يېتەرلىك كۈچ يوق. ئۇرۇش قىلساق، مەغلۇپ بولىدىغانلىقىمىز ھەممىمىزگە ئايان تۇرۇپتۇ. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىلياس خاننىڭ ماۋەرائۈننەھردىن ئۇلۇغ لەشكەرنى دەرھال قايتۇرۇپ كېلىپ، پايتەختنى ئىسيانچىلارنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشىنى كۈتمەكتىن باشقا ياخشى چارە يوق ! بىراق، ماۋەرائۈننەھردىن يېتىپ كېلىدىغان ياردەم بەك كېچىكىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۈمىد كۈتەلمەيمىز ! دېمەك، ئۇرۇشساقمۇ ياكى ياردەم كۈتسەكمۇ، بىز ئۈچۈن بەرىبىر پايدىسىز...

ــ مۇھۇردار جانابلىرى، سىز ئەمىر قەمەرىدىنگە تەسلىم بولماقتىن باشقا ئامال يوق، دېمەكچىمۇ؟

ــ ياق، ئەمىر قەمەرىدىنگە قەتئىي تەسلىم بولمايمىز ! ھازىرقى ۋەزىيەتتە پەقەت ۋاقىتلا بىزنى خەتەردىن قۇتقۇزالايدۇ ! پايتەخت سېپىلىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە تايىنىپ، ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرۈشىمىز لازىم.

ــ مۇبادا ئەمىر قەمەرىدىن بىزنىڭ ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرۈشىمىزگە يول قويمىسىچۇ؟

ــ بۇ مۇمكىن. ئۇ بىزنىڭ ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرۈشىمىزدىكى مەقسىتىمىزنى ئوڭايلا سېزىۋالالايدۇ ! شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى بىز



www.uyghurkitap.com

بىلەن سۆلھى قىلىشقا بىر ئامال قىلىپ كۆندۈرۈشىمىز كېرەك. يەنى، سۆلھى ـ سالا ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىمىزدا شەكىللەنگەن ئاداۋەت قاقاچلىرىنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ يوق قىلماق لازىم!

تۆمۈر مەلىك باھادىر ئۇنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭچە بولغاندىمۇ ۋاقىتنى پەقەت سۆلھى ئارقىلىق ئارقىغا سۈرۈش مۇمكىن ئىدى. ۋاقىتنى قانچىكى سۈرگەنسېرى، ماۋەرائۇننەھردىن يېتىپ كېلىدىغان ياردەم شۇنچىكى كاپالەتكە ئىگە بولاتتى. بىراق، دۈشمەن بۇنداق قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرەرمۇ؟ ئەمىر قەمەرىدىن بىلەن قىلىنىدىغان سۆلھى ئەمەلگە ئاشقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ لەۋزىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟

— ھۆرمەتلىك مۆھۈردار، — دېدى ئۇ بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — سىزنىڭچە، مەرھۇم خاقان تۇغلۇق تۆمۈرخاننى قەستلەش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قېرىنداشى بولغان ئەمىر تۆلەكنىڭ ھاياتىغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلمىغان ئەمىر قەمەرىدىندەك بىر ئادەم ئۆز لەۋزىگە راستلا ئەمەل قىلارمۇ؟

— گېپىڭىز ئورۇنلۇق، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى يەللىغ تايشى ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ، — ئۇنىڭ لەۋزىگە ھەرگىز ئىشەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ گۇناھلىق ئىشلارنى تولا قىلغانلىقىنى ھەممىمىز كۆرگەن. ئۇنىڭ دوغلات تۆرىلىرىدىن ئىكەنلىكى راست، بۇنى خالايىقنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. بىراق، «چاڭ ـ توزاندا كۆن كۆرۈنمەيدۇ!» دېگەن گەپ بار، ئەمىر قەمەرىدىننىڭ چاغاتاي خانىدانىغا قىلغان تۆھپىسىنى ھېچكىم كۆرگەن يوق. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ماۋەرائۇننەھرلىك تەپرىقچى

www.uyghurkitap.com

ئەمىرلەرگە قىلغان خىزمىتى بولسا كۆزگە چىقىقان سۆگەلدەك ھەممىگە ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. بىراق، ھازىرقى ۋەزىيەتتە، بىز ئۈنىڭغا ئاۋۋال گۇناھىنى يۇيۇپ، بىزنىڭ ئىشەنچىمىزگە ئېرىشسۇن، ئاندىن قاراپ باقارمىز، دېيەلمەيمىز. خۇددى ھەر كېچىنىڭ كۈندۈزى، ھەر كۈندۈزنىڭ كېچىسى بولغىنىدەك، ئامەت دېگەن ھەممە ۋاقىت بىر تەرەپكىلا يان بېسىپ تۇرىۋەرمەيدۇ. كۆچۈپ يۈرىدىغان غەلىبە ـ نۇسرەت بىز تەرەپكىمۇ ئۆتۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئەمىر جانابلىرى، بىلىڭىزنى مەھكەم باغلاپ، مەزمۇت دەسسەپ تۇرۇپ بەرسىڭىزلا، ئەمىر قەمەرىدىننى سۈلھىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن.

— جانابىي مۆھۈردار، سىزدەك ئەزىز، يېتۈك ئۇستازنىڭ مەسلىھەتىنى ئىلىك ئالماسلىق دۇرۇس ئەمەس، — دېدى ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر، — چۈنكى، ئۇلۇغلار: «ئىش ئالتۇن بىلەن پۈتىدىغان بولسا، جاننى خەتەرگە قويماسلىق لازىم» دەپ ئېيتقان. يەنە: «ھەرقانداق بىر ئىش توغرۇلۇق ھۆكۈم قىلىش قىيىن بولۇپ قالسا، چوقۇم خاپىچىلىقى ئازراق تەرەپنى تاللىۋېلىش لازىم» دەپ ئېيتقان. شۇڭا، ئەمىر قەمەرىدىن بىلەن سۈلھى قىلىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. بىراق، جانابىي مۆھۈردار، ئەلچىلىككە كىمنى ئەۋەتسەك ئەڭ مۇۋاپىق بولۇر؟

باياتىن ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇرغان شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئەمىر قەمەرىدىن بىلەن سۈلھىلىشىش ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ بېرىشقا ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، تۆمۈر مەلىك باھادىرمۇ، يەللىغ تايشىمۇ بۇ ئىشقا ئۇنىڭدىن بۆلەك مۇۋاپىقراق كىشى يوق ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى ـ دە، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىشتى ۋە ئىسيانچىلار بىلەن سۈلھىلىشىش شەرتلىرى ئۈستىدە ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى...

## نەزم

ئۆز شاھىغا قارشى چىققان بەگلەرنى
ئىشقا قويما، ئېھتىياتتىن بولمايدۇ.
ئۆز شاھىنىڭ ئىززىتىنى بىلمىگەن
سىنىمۇ ھەم ھەرگىز ئامان قويمايدۇ.

ــــ شەيخ سەئدى

www.uyghurkitap.com

## توققۇزىنچى باب

# قانلىق ئەگىزلەر

«سايىسىدىن خەلق پايدىلىنىپ تۇرغان دەرەخنى كېسىۋەتكەن ئادەمنى ئاللا دوزاخقا مەھكۇم قىلۇر.»
— «سەھىھ ھەدىسلەر»دىن

مىلادىيە 1367 ـ يىلى باش باھار.

چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلاننىڭ بارگاھى ۋەخش دەرياسى[1] بويىدىكى پۇلىسەنگىن[2] دېگەن جايغا جايلاشقانىدى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىزلىكتە ئىنتايىن يوغان بىر سېرىق يىپەك چېدىر تىكىلگەنىدى. بۇ چېدىردا ئىلياس خان تۇراتتى. پۈتۈن قارارگاھنى ھازىر بىر خىل جىددىيلىك قاپلىغان بولۇپ، خان چېدىرلىرىنىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئاتلىقلار ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا چېپىشىپ يۈرۈشەتتى. خان چېدىرىدا كېڭەش بولۇۋاتقانىدى. تۇرغاۋۇتلار خان چېدىرىنىڭ ئەتراپىغا ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەيتتى.

خاقان ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ۋاقىتسىز قازا قىلىپ كېتىشى، ئەسلىدە ئۇستازلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ، مەشىق مەيدانىدا ئات چاپتۇرۇش، ئوقيا ئېتىش مەشىقلىرىنى ئويۇن ھېسابلاپ قىزىقىپ يۈرگەن ئۆسمۈر ۋەلىئەھد ئىلياس خوجا ئوغلاننى مۇددەتتىن ئىلگىرى چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ غايەت زور سەلتەنەت ھارۋىسىنى باشقۇرۇشقا مەجبۇرلاپ قويغانىدى.

---

① ۋەخش دەرياسى — پەرغانە ئويمانلىقىدىكى بىر دەريانىڭ نامى.

② پۇلىسەنگىن — «تاشكۆۋرۈك». پەرغانە ئويمانلىقىدىكى بىر ۋادىنىڭ نامى.

يۇرتدارچىلىق ۋە مۇھارىبىيە ئىشلىرىنى چوڭقۇر بىلىدىغان مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلار يېتەرلىك ئىدى. ئۇلار ناگان ـ ناگاندا ئۆزلىرى مۇھىم دەپ ھېسابلىغان يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا ئىلياس خاننىڭ پىكرىنى بىلىشكە تىرىشاتتى. ئەمما، ئىلياس خانمۇ ئۆزى مۇھىم دەپ قارىغان ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز بوش كەلمەيتتى.

ئىلياس خان پۇلىسەنگىن قەلئەسىنىڭ قارشى تەرىپىگە بارگاھ قۇرۇپ ئورۇنلاشقان ماۋەرائۇننەھرلىك ئىسيانچى ئەمىرلەرنىڭ قوشۇنىغا قانداق تېگىش قىلىش ھەققىدە ئۆزىنىڭ سەركەردىلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتقان پەيتتە، ماڭلايسۆيەردىكى قەشقەردە كۈچ توپلاپ يۈرگەن ئەمىر قەمەرىدىن بەگ قاتارلىق سابىق دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ئىلياس خان سەلتەنەتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ھەققىدە ۋەھىمىلىك خەۋەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن تاپشۇرۇۋالدى.

تېخى يېقىندىلا خاقان ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىرنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىبارەت جۇدالىق مۇسىبىتىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان ئۈچۈن بۇ خەۋەر ئىنتايىن قاتتىق زەربە بولدى. گەرچە ئىقتىدارلىق تەخت ساھىبى ئۈچۈن ھەرقانداق بىر تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ۋە ياكى ھەرقانداق بىر باشباشتاق تاشقى بەگنى ياساقتا تارتىپ جازالاش بولسۇن، دۈشمەننىڭ تەھدىتىنى كۆكرەك كېرىپ باتۇرلارچە كۈتۈۋېلىش ھەمدە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، غەيرەت ـ شىجائەت ۋە ھىممەت ـ مەردانىلىك بىلەن تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئادەتتىكى بىر ئەقەللىي ساۋات ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئەمىر قەمەرىدىن بەگ قاتارلىق دوغلات بەگلىرى چاغاتاي خاندانىغا ئەۋلادمۇئەۋلاد ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان تەخت تايانچلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان دوغلات ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان ئىچكى بەگلەردىن بولغاچقا، ھالا

بۇگۇنگە كەلگەندە ئاشۇ دوغلاتلار بىلەن جەڭ مەيدانىدا يەكمۇيەك ئېلىشىشنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز؟ بۇ ئىش ئىلياس خاننىڭ يۈرىكىنى خۇددى ئۆتكۈر خەنجەر بىلەن تىلىغىنىدەك قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى.

ئىلياس خان سەلتەنەتىگە قارشى قەشقەردە كۆتۈرۈلگەن بۇ ئىسيان ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، ئۇلۇغ ئەمىر توقتۆمۈر باھادىر بىلەن ئەمىر ھامىد كۈرلۈكۈت قاتارلىق سەركەردىلەر پايدا ـ زىيانىنى دەڭسەپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، خاننى دەرھال ماۋەرائۇننەھردىن موغۇلىستانغا لەشكەر چېكىندۈرۈپ، ئەمىر قەمەرىدىن ئىسيانىنى تىنچىتىشقا دەۋەت قىلىشتى. بىراق، چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ باش سەركەردىسى بولغان ئەمىر بەگچەك ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمىربەگ قاتارلىق سەركەردىلەر ماۋەرائۇننەھردىن لەشكەر چېكىندۈرۈشكە قەتئىي قارشى چىقىشتى. كېڭەشتە شەكىللەنگەن بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل پىكىر ئىلياس خاننىڭ دەرھال بىر قارارغا كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى.

ئىلياس خوجا ئوغلان گەرچە بالاغەتكە يەتمىگەن ئۆسمۈر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، ئۇنىڭ تومۇرىدىكى قاندا جاھانگىرلىك تەبىئىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاھانگىر بوۋىلىرى چىڭگىزخان ۋە چاغاتاي خانلارغا ئوخشاش كىچىكىدىنلا ھەربىي سەنئەتنى ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدىغان بولۇپ يارالغانىدى. بىراق، ئۇ تېخى ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، مىڭلارچە يىگىتلەرنى باشلاپ جەڭ مەيدانىدا ئات چاپتۇرىدىغان، تۈرلۈك سىياسىي جەڭلەردە سۆڭەكى قېتىشقا باشلىغان ھۆكۈمران بولۇشقا بالدۇرلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇنىڭ ئەتراپىدا مەرھۇم ئەمىر بۇلاجى ۋە ئەمىر كېبىر تاشتۆمۈر باھادىردەك تۈرلۈك سىياسىي ۋە ھەربىي جەڭلەرگە قاتنىشىپ پىشقان، رەھنەما بولغۇدەك تەجرىبىلىك، ساداقەتمەن سەركەردىلەر بولمىغاچقا، چېكىنىش

بىلەن ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى تۈرلۈك پىكىرنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ، ئارىسالدى بولۇپ قالىدى. شۇڭا، ئۇ بەگ - ئەمىرلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ بېقىپ بىر قارارغا كەلمەكچى بولدى.

— ئالتە - يەتتە يىلدىن بېرى ئايىغى ئۈزۈلمەستىن داۋاملىشىۋاتقان ماۋەرائۇننەھر ئۇرۇشلىرى سەلتەنەتىمىزنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى خېلى كۆپ خورىتىپ تۈگەتتى، — دېدى ئۇلۇغ ئەمىر توقتۇمۇر باھادىر، — مەملىكەت خەلقى بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن تىنچ - خاتىرجەملىكىنىڭ بۇزۇلغانلىقى، ئاۋات - ئاۋادانلىقنىڭ خارابلاشقانلىقى ۋە خەلقنىڭ بىھۇدە قىرىلىدىغانلىقىدىن باشقا بىرەر پايدا كۆرگىنى يوق! ئەلھال، موغۇلىستاندا جانابىي ئىلياس خان ئالىيلىرىنىڭ تەخت - سەلتەنەتىنى گۇمران قىلىش ئۈچۈن قوزغالغان ئەمىر قەمەرىدىن ئىسيانىنى دەرھال تىنچىتىش ئۈچۈن، بۇنداق پايدىسىز ئۇرۇشتىن دەرھال چېكىنىپ چىقماق لازىمدۇر.

بۇ چاغدا ئەمىر بەگچەك ئىلياس خانغا قاراپ:

— ئىسيانچى ماۋەرائۇننەھر ئەمىرلىرىنى ياساقىقا تارتىپ جازالاشنى مەرھۇم ساھىبقىران ئاتىڭىز ھايات ۋاقتىدا ئۆزى بېكىتكەن، — دېدى ئۇلۇغ ئەمىر توقتۇمۇر باھادىرنىڭ سۆزىگە قوشۇلماستىن، — ئىسيانچى ئەمىرلەرنىڭ مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلماي تۇرۇپ، ماۋەرائۇننەھردىن لەشكەر چېكىندۇرگەندە، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئالتە - يەتتە يىللىق پۈتۈن ئەجىر - مۇشەققىتى شامالغا سورۇلمامدۇ؟! شۇڭا، مېنىڭچە بولغاندا، ئاۋۋال ماۋەرائۇننەھرلىك ئىسيانچىلارنىڭ بېلىنى ئۇشتۇپ، ئۇلارنى مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈلمەس قىلىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن لەشكەر چېكىندۇرۇش مەسىلىسىنى ئويلاشساق بولىدۇ. مەرھۇم خاقان ئاتىڭىز تۇغلۇق تۆمۈرخان چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قىلىچ بىلەن ساقلىغانىدى.

ھېلىھەم بىز مۇشۇنداق قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم. موغۇلىستاندىكى ئەمىر قەمەرىدىنگە ئوخشاش بىر گۇرۇھ ھارامزادىلەر قوزغىغان بۇ ئىسيان پىتنىسى پەقەت بىر توپ جاھىل، نادان قارا خەلقنىڭ چىقارغان بىرپەسلىك غوۋغاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇڭا ئۇلاردىن قورقۇپ، چۆچۈپ كېتىش بىھاجەت، ئۇلارنى ئەدەپكە باشلاش ئۈچۈن، پەقەت تىغ ـ قىلىچ ۋە تاياقلا كۇپايە قىلىدۇ. لەشكەر ئىشلىتىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق!

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىسىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇرغان ئەمىر ھامىد كۆرلۈكۈت تەئەددى قىلغاندەك قاشلىرىنى يىمىرىپ قويدى ـ دە، ئىلياس خاندىن ئۆز پىكرىنى بايان قىلىشقا ئىجازەت سورىدى:

— خان ئالىيلىرى، ئەگەر مۇمكىن بولسا، مەنمۇ ئۆز پىكرىمنى بايان قىلىپ باقسام؟...

— ئەمىر جانابلىرى، سىزگە ئىجازەت، بىمالال سۆزلەۋەرگەيسىز. ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتىمەن، — دېدى ئىلياس خان ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ.

— ئىلتىپاتىڭىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن، جانابىي خان ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ خانغا قۇللۇق بىلدۈرۈپ، — سەلتەنەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن لەشكەرنىڭ قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكى مەن ئېيتمىساممۇ ھەرقايسىڭلارغا ئايان. ئۇرۇش بولۇۋاتقان مۇشۇ ئالتە ـ يەتتە يىل ئىچىدە موغۇلىستاندىكى خانىماندىن ئايرىلىپ، ماۋەرائۇننەھردە ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان لەشكەرنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ ئايالى ئېغىر ئاياغ بولۇپ باقمىدى. بىرەرسىنىڭمۇ ئېتى تايلاپ باقمىدى. لەشكەرنىڭ ئاھۇ زارلىرى، شىكايەت ـ غەيۋەتلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئىسىڭلاردا بولسۇنكى، لەشكەرگە ئۆز ئاتىسىدەك غەمگۇزار بولمىغان

سەركەردە گەرچە باھادىرلىق مەيدانىدا رۇستەم[1]، زال [2] بولۇپ كەتكەن بىلەنمۇ، ئاخىر پۇشايمان ئىلكىدە بارماقلىرىنى چىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ! ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخان ھايات ۋاقتىدا ئىسيان يالقۇنى پەقەت ماۋەرائۇننەھىردىلا كۆتۈرۈلگەندى. ئەلھال، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىسيان ئوت ـ يالقۇنى مەملىكەتنىڭ ئارقا ھويلىسى بولغان كاشغەردىمۇ دۇت ئېلىپ، تۇتەپ يېنىشقا باشلىدى. مۇبادا ئەمدىلەتىن تۇتەپ يېنىشقا باشلىغان بۇ ئىسيان ئوتىنى ۋاقتىدا ئۆچۈرمەيدىغان بولساق، ئەتە ـ ئۆگۈن مەملىكەتنىڭ باشقا ۋىلايەت ـ ئۆلكىلىرىدىمۇ ئىسيان ئوتى تۇتىشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلاپ، ھۆل ـ قۇرۇقنى تەڭلا كۆيدۈرىدىغان دەھشەتلىك يانغىنغا ئايلىنىدۇ!

ئۇنىڭ مۇلاھىزىسىنى ئاڭلاپ، ئەمىر بەگچەك مەنسىتمىگەندەك قىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى ـ دە:

— بىز موغۇللار تا ھازىرغا قەدەر تەڭرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە نائىل بولغان بۈيۈك چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا تۈزگەن ياساقلارنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتىمىز، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەپ، — چاغاتاي ئۇلۇسى خۇددى مەرھۇم چاغاتاي ئاتىسى چىڭگىزخان تۈزگەن ياساقلارغا مۇتلەق ئىتائەت قىلغىنىدەك، ئۆز ئاقساقاللىرىغا ئەڭ ئىتائەت قىلىدىغان ئۇلۇستۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم، شىكاردا ئەڭ ئاۋۋال ئوۋنى ئالاقزەدە قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنى تۇتۇش ھىيلىسى قوللىنىلىدۇ. ئەينى چاغلاردا موڭغۇل ئاتلىقلىرى خۇددى بۆكەن ياكى يولۋاسنى قوغلىغاندەك، قارا قىتانلارنى، پارسلارنى، رۇسلارنى ۋە ياۋروپادىكى ھۇنگىرلارنى سۈر ـ توقاي قىلغانىدى. موڭغۇل ئاتقۇچىلىرىنىڭ ساۋۇت كىيگەن بىرەر ئاتلىقنى ئېتىشى خۇددى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بۈركۈتنى ئېتىپ چۈشۈرگەندەك بىر

[1] رۇستەم، [2] زال — ئىرانلىق ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي (مىلادىيە 940 — 1020 ـ يىللىرى) نىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى قەھرىمانلار.

ئىش ئىدى. شۇڭا، بىز مەرھۇم جاھانگىر چىڭگىزخاننىڭ: «مەن ئۇچۇن دۈشمەنلىرىمنى تارمار كەلتۈرۈش، ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىش، ئۇلارنىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ يىغا ـ زار قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتىن بەكرەك خۇشاللىق ئىش يوق!» دېگەن سۆزىنى مەڭگۈ ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز لازىم!

ئۇ ئۆز سۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يۇلتۇزلارنى شىپى كەلتۈردى:

— بۇ يىل[1] بەش يۇلتۇز[2] ھوت[3] بۇرجىكىدە تۇرماقتا. بۇ «قىران» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇياش سەرەتان[4] بۇرجىكىدىن جەدى[5] بۇرجىكىگە كېلىپ توختىدى. ئەتە ياكى ئۆگۈن شامال چىقىپ، قاتتىق سوغۇق بولىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. بىز قار ياغقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ماۋەرائۇننەھرلىك ئىسيانچىلارنىڭ سېپىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىساق، ئۇلارنى چوقۇم تىرىپىرەن قىلىپ تاشلايمىز!

ئادەتتە ئاز، ئەمما تولىمۇ ئورۇنلۇق سۆز قىلىدىغان ئۇلۇغ ئەمىر توقتۇمۇر باھادىر خۇددى ئەمىر بەگچەكنىڭ بۇ تۇتۇرۇقسىز مۇلاھىزىلىرىدىن زېرىككەندەك قىلىپ، قۇۋۋەتلىك بارماقلىرى بىلەن قەھرلىك يۈزىنى قاپلىغان ماش گۈرۈچ ساقىلىنى تاردى ۋە ئايىغى چىقمايدىغان بۇ مۇزاكىرىدىن پاتراق

① بۇ يىل — مىلادىيە 1366 ـ يىلى.

② بەش يۇلتۇز — سەكەنتىر (ساتۇرن)، مۇشتەرى (يۇپىتېر)، مىررىخ (مارس)، چولپان (ۋېنېرا) ۋە ئاتارۇت (مېركۇرىي) يۇلتۇزلىرى.

③ ھوت — ئېكلىپتىكىدىكى ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمىدىن ئىبارەت بۇرجلارنىڭ 12 ـ سى. يىگىرمە تۆت مەۋسۇمنىڭ 4 ـ سى، مىلادىيە يىلى ھېسابىدا ھەر يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ.

④ سەرەتان — ئېكلىپتىكىدىكى ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمىدىن ئىبارەت بۇرجلارنىڭ 4 ـ سى. يىگىرمە تۆت مەۋسۇمنىڭ 8 ـ سى. مىلادىيە يىلى ھېسابىدا ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ.

⑤ جەد — ئېكلىپتىكىدىكى ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمىدىن ئىبارەت بۇرجلارنىڭ 10 ـ سى. يىگىرمە تۆت مەۋسۇمنىڭ 22 ـ سى. مىلادىيە يىلى ھېسابىدا ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ.

قوتۇلۇش ئۈچۈن، زەردە قىلغاندەك قىلىپ كەسكىن سۆزلىدى:

— ئەمىر ھامىد جانابلىرىنىڭ سۆزىدە ھەقىقەت كۆپ ئىدى. خەير... يولتۇزلارنى بىلىمىزغۇ... كۆپ سىنىغانمىز. چۈنكى، يولتۇزلارنىڭ قارارى يوق. ئۇلارغا ئىشەنگەنلەرنىڭ كۆلكىسى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يىغىغا ئايلانغان !...

ئاخىر مەيدان جەڭلىرىنىڭ قائىدىلىرىدىن ئوبدانلا خەۋىرى بولغان سەركەردە ـ بەگلەر ئىسيانچىلارنىڭ سىپىگە قايسى ئۇسۇل بىلەن ھۇجۇم قىلىش لازىملىقى ۋە لەشكىرىي سەپنىڭ قايسى بۆلەكلىرىگە كىملەرنى مۇئەككەل قىلىپ تەيىنلەش لازىملىقى ھەققىدە ئېنىق ئېدىتلىق تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلانىمۇ ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىنى يېنىكلىك بىلەن ماقۇل كۆردى. شۇنىڭ بىلەن كېڭەش ئاياغلاشتى.

ئۇزاقتىن بېرى كۈتكەن قار خۇددى ئاتقان پاختىنىڭ توزۇندىلىرىدەك ھەر تەرەپكە توزۇپ، يەر يۈزىگە تۆت ئىلىك قېلىنلىقتا ئاپپاق پاياندار سالدى، گەرچە ئەتىياز پەسلى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھاۋا خېلىلا سوغۇق بولۇپ، ياغقان قار ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە ئېرىمىدى.

پۈلىسەنگىن يولىدا «يول ! يول بېرىڭ ! خانغا چاپارمەن كېتىۋاتىدۇ ! ئاستانە خەۋپ ئىچىدە ! خاننىڭ ئۆزىگە سىرتتىق ئەكېتىۋاتىدۇ !» دەپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان چاپارمەن كۆرۈندى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئات ئۇزاق يولدا توختىماستىن چېپىپ ماڭغانلىقتىن، ئادەممۇ، ئاتمۇ چارچىغان، ھالى ناھايىتى خاراب ئىدى. دۆڭدىكى سېرىق خان چېدىرى كۆرۈنگەندە، چېپىپ كېلىۋاتقان ئات تۇيۇقسىز يىقىلدى. تۇرغاۋۇتلار ئاتنى تۇرغۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىشقان بولسىمۇ، ئەمما ماغدۇرى ئالىقاچان ئۇزۇلۇپ، ھالسىزلانغان ئاتنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن قان ئارىلاش كۆپۈك چىقىۋاتاتتى. ئاتنىڭ

ئۇستىدە ئولتۇرغان چاپارمەننىڭ ھالىمۇ ئاتتىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇ قويىندىن بىر پارچە مەكتۇپنى ئېلىپ، بېشىنى يۆلەپ تۇرغان تۇرغاۋۇتقا سۇندى ۋە: «ئىسيانچىلار ئاستانىنى ھالقىدەك قورشىۋالدى. ئەمىر قەمەرىددىننىڭ لەشكەرلىرى سۇلھىنى بۇزۇپ، شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر ئەسىرگە چۈشتى. بەيتفالىخە باشلىق ئەھلى بەيت خانىدان ئىسيانچىلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ زىندانغا تاشلاندى !...» دەپلا جان ئۈزدى.

چاپارمەن يەتكۈزۈپ كەلگەن بۇ مەكتۇپنى تۇرغاۋۇت ئىلياس خانغا بەردى. مەكتۇپ ئۇلۇسبېگى ئەمىر خۇدايدات دوغلات تەرىپىدىن يېزىلغانىدى:

«... بۇ يورۇق دۇنيادا بىردىنبىر باشپاناھىمىز بولغان جانابىي خاقانىي ئالەم !» دەپ يازغانىدى ئەمىر خۇدايدات ئۆزىنىڭ بۇ مەكتۇپىدا، «ھەزرىتى جەننەت ماكان ساھىبقىران ئاتىڭىز تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇبارەك تېنى تېخى سوۋۇپ ئۈلگۈرمەستىنلا، ياش بېشىڭىزغا بۇنداق قارا قىسمەتلەرنىڭ كېلىشىنى كىممۇ ئويلىغان؟ ! لەنىتى تۇزكور ئىسيانچى تاغىلىرىم ئەمىر قەمەرىددىن، ئەمىر شەمسىددىن ۋە ئەمىر شەيخىددىن دوغلاتلار سىزنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە ئۇلۇغ لەشكەر باشلاپ كەتكەنلىكىڭىزدىن پايدىلىنىپ، سەلتەنەتىڭىزگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىككى ئالەملىك قارا يۈز، تۇز كورلاردىن بولۇشنى ئۆزلىرىگە لايىق كۆرۈشتى. ئىسيانچىلار سىزنىڭ پايتەختنى قوغداشقا ئازغىنا لەشكەر قالدۇرغانلىقىڭىزدىن پايدىلىنىپ، ئالمالىقنى ھالقىدەك قورشىۋالدى ۋە ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر بىلەن تۈزۈلگەن سۇلھىنى يىرتىپ تاشلاپ، پايتەخت ئالمالىقنى بېسىپ كىردى. ئۇلار ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىرنى ھىيلە بىلەن تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئوردىنى قورشىۋېلىپ، جەمىكى ئەھلى بەيت خانىدانىنى

ۋە مۇھەببەخانىدانلارنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى. شۈكۈرۈللا، ھېلىمۇ ئوردا توپىلاڭچى ئالامانلار تەرىپىدىن زەبت قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا خانىش ئانىڭىز، بەيتفالىخە زەمۇران بىبى مەرھۇم خاقان ئاتىڭىزنىڭ كىچىك خانىشى ئەمىر ئاغىچا بىلەن ئىككى ياشلىق ئىنىڭىز خىزىر خوجا ئوغلاننى بىر چارىلەر بىلەن ئوردىدىن قاچۇرۇۋەتكەچكە، ئۇلار توپىلاڭچىلارنىڭ قولىدىن تىنىچ ـ ئامان قېچىپ، مېنىڭ قەسىرىمگە كېلىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. مەن ئەئىيانىڭىز ۋەزىيەت سەل تىنچىغاندىن كېيىن، سادىق ئادەملىرىمنى ئۇلارغا قوشۇپ، پايتەختتىن چىقىرىپ، كاشغەرگە يولغا سېلىپ قويدۇم ۋە ئۇلارغا پاناھلىنىش ئۈچۈن بەدەخشان تەرەپكە كېتىشنى جېكىلىدىم. بۇ چاغقىچە ئۇلار ماڭلايسۆيەر ئۆلكىسىنىڭ ھودۇدلۇقىدىن چىقىپ بولغاندۇ، دەپ ئويلايمەن. مەن ئۆز كۈچۈمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھازىرچە ئۆزۈمنى بىتەرەپ، دەپ ئېلان قىلدىم ۋە قەسىرىمنىڭ ئىشىك ـ تۈڭلۈكلىرىنى تاقاپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقەمنى قەتئىي ئۈزدۇم. ئىسيانچى تاغام ئەمىر قەمەرىدىن مەرھۇم خاقان ئاتىڭىز تۇغلۇق تۆمۈرخاننى «ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىپ، ناسارالار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ مۇسۇلمان ئەمەس، بەلكى مۇرتەت، مۇشرىكتۇر!» دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئۆزىنى چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ ئەڭ مۇناسىپ تاجدارى، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مېنى قىستىدى. بىز دوغلات قوۋمى چاغاتاي خانىدانىغا، چاغاتاي خانلىرىنىڭ سەلتەنەتىگە ئەزەلدىن سادىق بولۇپ كەلگەنىدۇق. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مېنىڭ بۇ ئىسيانچى، تۇزكور تاغىلىرىم چاغاتاي خانىدانىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىككى ئالەملىك قارا يۈز بولۇپ، خەلقئالەمگە سېسىق نامى پۇر كەتتى. لېكىن، بىز دوغلاتلار ئەجدادىمىز ماڭلايسۆيەر نويانىدىن تارتىپ چاغاتاي خانىدانىغا ئىتائەت قىلىش كەمىرىنى بويىنىمىزغا سېلىپ كەلگەنمىز. جەننەت ماكان ئاتام ئەمىر بۇلاجى دوغلات ئۆزىنىڭ مەرھۇم ئىسەن بۇغاخان ئالدىدا بەرگەن قەسەمگە خائىنلىق

قىلماي، تاشتۆمۈر باھادىرنى ئەۋەتىپ خاقان ئاتىڭىز تۇغلۇق تۆمۈرنى كۆك ئېرتىش بويىدا قوي بىقىۋاتقان يېرىدىن تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئاتىسى ئېسەن بۇغاخاننىڭ تەختىنى سادىقلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. شۇڭا، مەن مەرھۇم ئاتام ئەمىر بۇلاجىنىڭ روھىدىن يۈز ئۆرۈپ، بۇنداق خىيانەت يولىغا ھەرگىز كىرمەسلىككە قەتئىي بەل باغلىدىم. ئاسىي بولۇپ ياشىغىنىمدىن كۆرە، ئاتامنىڭ روھىغا سادىق بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىنى قوغداش ئۈچۈن جان بېرىشنى ھەممىدىن ئەۋزەل، دەپ بىلىمەن...

جانابىي خان ئالىيلىرى، مېنىڭ ئاخىرقى نەپىسىم قالغۇچە سەلتەنەتىڭىزگە سادىق بولىدىغانلىقىمغا ئىشەنگەيسىز!

چارە ـ ئىلاج قىلىپ بىزنى بۇ ياۋۇزلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرغايسىز!

چەكسىز نالەيۇ ئەفغان ئىچىگە پاتقۇچى كەمىنە ئەركانىڭىز ئەمىر خۇدايدات ئىبنى ئەمىر بۇلاجى دوغلاتتىن.

يەتتە يۈز ئاتمىش يەتتە ھىجرىيە سەلاسىل ھوت ئېيىنىڭ شەنبە كۈنىدە يېزىلدى.»①

ئۇلۇسبېگى ئەمىر خۇدايداتنىڭ مەكتۇپىدىكى بۇ مەزمۇنلار چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلانغا خۇددى بېشىغا توقماق تەگكەندەك قاتتىق تەسىر قىلدى. گەرچە ئۇ مېھرىبان خاقان ئاتىسىنىڭ بىمەزگىل قازا قىلىپ كېتىشىدىن جۇدالىقىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ۋە قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلالىغان بولسىمۇ، ئەمما خاقان ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا خان مومىسى، خانىش ئاپىسى ۋە خان تاغىسى باشلىق جىمىكى قان قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بۇنداق رەھىمسىز ۋە دەھشەتلىك تۇيۇلمىغانىدى. ئۇنى مۇشۇ تاپتا ئىنتايىن ئېغىر ۋەھىمە چۇلغىۋالغانىدى. بۇ ۋەھىمە خۇددى ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنىڭ قېشىغا شىپقاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ

---

① مىلادىيە 1366 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى.

دەرمانسىزلىنىپ ئۆرە تۇرۇشقا مادارسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ۋەھىمە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى ئېچىقلىق تۇرغان زىندانىنىڭ ئىشىكىدەك توغرا تۇراتتى. ئەمىر قەمەرىدىن ۋە ئەمىر تۆمۈر بەگ قاتارلىق بارلىق ئىچكى ـ تاشقى بەگلەر ئۇنى بۇ ئىشىكنىڭ سىرتىدىن ئىچكىرىگە ئىتتىرىۋاتقاندەك، ۋاھالەنكى ئەمىر قەمەرىدىن تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ زىندانغا تاشلانغان قېرىنداشلىرى بولسا بۇ ئىشىكنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئۇنى ئۆز يانلىرىغا چاقىرىۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ياق، ئۇ مۇشۇ ئىشىكنىڭ ئىچىگە كىرىشنى، ئىشىكنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا چاقىرىۋاتقان ئاشۇ قېرىنداشلىرىنى كۆرۈشنى خالايتتى، ئاشۇ قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە بولۇشنى خالايتتى! چۈنكى، ئۇ تېخى كىچىك، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزىنى ئەركىلىتىشىگە، بېشىنى سىلاپ مېھرىبانلىق قىلىشلىرىغا تولىمۇ موھتاج! ئۇلارنىڭ ئىللىق غەمخورلۇقلىرىغا بەكمۇ موھتاج!

— خان ئاتا! خان ئاپا! خان موما! خان تاغا، مېنى ئۇلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ! مېنى قۇتقۇزۇڭلار!...

ئون ئۈچ ياشلىق ئۈسمۈر چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلانىنىڭ كۆزىگە بىردىنلا قاراڭغۇلۇق تىقىلدى ـ دە، دەرمانسىزلىنىپ يىقىلدى.

ئىلياس خوجا ئوغلان ھوشىغا كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەمىر توقتۆمۈر باھادىرنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى كۆردى...

مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى بىلگەن سەركەردىلەر باش سانغۇن ئەمىر بەگچەكنىڭ رىياسەتچىلىكىدە جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، ماۋەرائۇننەھردىن بىر بۆلەك لەشكەرنى چېكىندۈرۈپ، دەرھال پايتەخت ئالمالىققا قايتىپ، ئىسياننى تىنچىتىشنى قارار قىلدى...

*　　　*　　　*

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ موغۇلىستاندا ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان ئەمىر ھۈسەيىن ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى قازغىن ۋە ئەمىر تۆمۈر قاتارلىق ماۋەرائۇننەھرلىك توپىلاڭچى ئەمىرلەر بۇنداق ئەپلىك پۇرسەتتىن ئوبدان پايدىلىنىشنى قارار قىلىشتى. مەسلىھەت بويىچە، ئەمىر ھۈسەيىن قوماندانلىقىدىكى ئۈچ تۈمەن كىشىلىك خىللانغان قوشۇن پۈلىسەنگىن قەلئەسىدىن ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتىكى نارەك دېگەن جايدا بۆكتۈرمىدە تۇرىدىغان، ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئازغىنا لەشكەرلەر بىلەن ئىلياس خاننىڭ قارارگاھى تۇرۇشلۇق پۈلىسەنگىن قەلئەسىنىڭ ئۇدۇلىدا قارا كۆرسىتىش ئۈچۈن پەيدا بولۇپ، خاننىڭ قوشۇنىنى قەلئەدىن ئالداپ نارەككە باشلاپ كېلىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

تاشارىق جېڭىدە ماۋەرائۇننەھرلىك ئىسيانچى ئەمىرلەرنىڭ قوشۇنى چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلاننىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان بولغاچقا، غەلىبىدىن ئېسەنگىرەپ، بېشى ئايلىنىپ قالغان ئەمىر بەگچەك قاتارلىق بىر بۆلەك سەركەردىلەر كۆز ئالدىدىكى بۇ ئازغىنا لەشكەرنى زادىلا كۆزگە ئىلىشمىدى. ئۇلار ئىسيانچىلارنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، غەيۇرلۇقى بىردىنلا ئارتىپ كېتىپ، ئېھتىيات قىلىشنى ئۇنتۇشتى ـ دە، كۆز ئالدىدىكى بۇ ئازغىنا ئىسيانچىلارنى يىغىشتۇرماق خۇددى چىراغنى پۈۋلەپ ئۆچۈرگەنچىلىك ئاسان ئىش، دەپ ئويلاپ، دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولۇشتى.

ئەمىر بەگچەك ئۆزىنىڭ چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ــ ئەمىرلەشكەرلىك سالاھىيىتىنى پەش قىلىپ، ماۋەرائۇننەھردىن لەشكەر چېكىندۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرى كۈتۈپ يۈرگەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نۆۋىتىنىڭ مانا ئەمدى

يېتىپ كەلگەنلىكىنى، شۇڭا بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، بولمىسا ماۋەرائۇننەھرلىك ئىسيانچىلارنىڭ خورىكىنىڭ تېخىمۇ يوغىناپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دۈشمەن بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

— ماۋەرائۇننەھرلىك ئىسيانچى ئەمىرلەر ئالتە - يەتتە يىلدىن بېرى، كۆرۈنۈشتە سەلتەنەتىمىزگە ئەل بولغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما پۇرسەت بولسىلا گەدەنكەشلىك قىلىپ زادىلا بويسۇنماي كېلىشتى، — دېدى ئۇ، — شۇڭا، مەرھۇم خاقان ئاتىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخان ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ماۋەرائۇننەھرگە ئىككى داپقۇر يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بەرگەنىدى. ئۇلار ياۋاشلىغاندىن كېيىن، ماۋەرائۇننەھرنىڭ چەتلىرىدىن بىردىن ۋىلايەتنى ئۇلارغا جۇلدۇ - جاساق قىلىپ بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن پىتنە - پاسات ئازراق بولسىمۇ پەسىيىپ، جەڭگى - جېدەل بېسىققانىدى. بىراق، «ئون دەرۋىش بىر پالاستا ئۇخلايدۇ. ئىككى پادىشاھ بىر مەملىكەتكە سىغمايدۇ !» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىسيانكارلىق خۇي - پەيلى زادىلا ئۆزگەرمەي كېلىشتى. بەلكى يول قويغانسېرى، ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئالەمنى قالايمىقانلاشتۇرغىلى تۇردى. شۇڭا، ئۇلۇغلار شۇنداق دەپ ئېيتىشقانىكى، ئۇلارنىڭ ناپاك نەسلىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇرۇق - ئەۋلادىنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇۋەتكەن ياخشىراق. چۈنكى، ئوتنى ئۆچۈرۈپ، چوغىنى قالدۇرۇپ قويۇش، يىلاننى ئۆلتۈرۈپ، تۇخۇمىنى ساقلاپ قېلىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس !

ئۇلۇغلار: «غەزەپ بىلەن دەرھال قولىنى قىلىچقا ئۇزارتقانلار پۇشايمان بىلەن قولىنىڭ كەينىنى چىشلەيدۇ !» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان ! ئەھلى بەيتىنىڭ ئىسيانچى ئەمىر قەمەرىدىن

دوغلاتنىڭ قولىدا تۇتقۇنلۇقتا ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تاقىتى تاق بولۇپ، قەھر ـ غەزىپى تېشىپ تۇرغان چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان ئۇلۇغ ئەمىر تۇقتۆمۈر باھادىر، ئەمىر ھامىد كۈرلۈكۈت قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ بۇ جەڭنى قىلماسلىق ھەققىدە ئۇنىڭغا قىلغان نەسىھەتلىرىنى قەتئىي ئاڭلىمىدى ۋە ئەمىرلەشكەر بەگچەككە ئەتە ئەتىگەن سەھەردە ھەل قىلغۇچ جەڭنى باشلاشنى بۇيرۇدى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئىسيانچىلار ئىلياس خاننىڭ قوشۇنلىرى بېكىنگەن پۇلىسەنگىن قەلئەسىگە شەبخۇن① ئۇرماقچى بولۇپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىشتى. بىراق، بارگاھنىڭ ئەتراپى خۇددى ئادەمنىڭ كىرپىكىدەك ئۇچلۇق ئۇچلانغان قوزۇق قاشا ۋە تېگى كۆرۈنمەيدىغان چوڭقۇر خەندەكلەر بىلەن قاتتىق ئىھاتە قىلىنغان بولغاچقا، دۈشمەننىڭ شەبخۇنى نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى. ئۇلار خەندەكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ بىرىپەس چۇقان ـ سۈرەن سېلىشىپ، ئوق ئېتىپ قويۇپلا چېكىنىپ كېتىشتى.

ئەتىسى سەھەردە ئىلياس خاننىڭ لەشكەرلىرى ئىسيانچىلار بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن تولۇق قوراللىنىپ ئاتلىرىغا گىجىم تارتىپ، بىرىنغار، جىرىنغار ۋە ھىراۋۇل قىسىم تۈرلىرى بويىچە سەپراس ـ چەپراس قىلىپ، بارگاھ ئىچىدىن سەپ تارتىپ چىقىشتى. جىرىنغار قىسىملار ئىلياس خان ۋە ئەمىر ھامىد باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار تويىدىن تەركىب تاپتى؛ بىرىنغار قىسىملار ئەمىر لەشكەر بەگچەك ۋە ئۇلۇغ ئەمىر توقتۆمۈر باھادىرلارنىڭ ئالىي ئىختىيارىغا بېرىلدى.

ئىلياس خاننىڭ لەشكەرلىرى بارگاھ ئىچىدىن سەپ تارتىپ چىققاندىن كېيىن، ماۋەرائۇننەھرلىك ئىسيانچىلارمۇ ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىن سەپ تارتىپ كېلىشكە باشلىدى. خاننىڭ ئىلغارلىرى ھۇجۇمغا ئۆتكەندىن كېيىن، دۈشمەنلەر بىرئاز

① شەبخۇن ـــ كېچىلىك ھۇجۇم.

ۋاقىت ئىركىشىپ تۇرۇپلا، سېپى بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ، چېكىنىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا بىرىنغاردا تۇرۇپ دۈشمەن قوشۇنىنىڭ پاتىپاراق بولۇپ قاچقانلىقىنى كۆرگەن ئەمىرلەشكەر بەگچەك: «دۈشمەن يېڭىلدى !» دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، ھىراۋۇل قىسمىنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئەۋەتتى. خاننىڭ ئىلغار قوشۇنى بىلەن ھىراۋۇل قوشۇنى بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتكەنلىكتىن، دۈشمەننىڭ ئوڭ قاناتتا تۇرغان بىرىنغارلىرى ئىلياس خاننىڭ سول قاناتتا سەپ تۈزۈپ تۇرۇشقان چىرىنغارلىرىغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن بىردىنلا شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەستىنلا نېمىشقىدۇر ئۇلارنىڭمۇ سېپى قالايمىقانلىشىپ چېكىنىشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا ئىلياس خاننىڭ يېنىدا جەڭنى كۆزىتىپ تۇرغان ئەمىر ھامىد دۈشمەننىڭ تەرتىپلىك چېكىنىۋاتقانلىقىنى بىردىنلا سېزىپ قالدى ـ دە، خانغا:

— دۈشمەن «تولغىما ھىيلىسى»نى ئىشلەتمەكچى ! خان ئالىيلىرى، قوشۇنلىرىمىزنىڭ قورشاۋغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن دەرھال چېكىنىشكە بۇيرۇق بەرگەيلا ! — دەپ تەكلىپ قىلدى.

«تولغىما ھىيلىسى» شۇ چاغلاردا ئۇرۇشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر تۈرلۈك كۆپ تەرەپتىن قورشاش ئۇسۇلى بولۇپ، دۈشمەن ئالدى تەرەپتىن توراپ، ئىككى ياندىن قاپساپ، ئارقا تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنى پۈتۈنلەي تارمار كەلتۈرىدىغان بىر تۈرلۈك قەدىمكى جەڭ ماھارىتى ئىدى. ئۇنىڭدا سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالدى تەرەپتىن، ئىككى ياندىن ۋە ئارقا تەرەپتىن دۈشمەننى شىددەت بىلەن ئوق بوران قىلىپ تەشكىللىك ھۇجۇم قىلاتتى. چېكىنگەندە بولسا، چېچىلىپ كەتمەستىن تەشكىللىك،

تەرتىپلىك چېكىنىش تەلەپ قىلىناتتى[1].

ئەمىر لەشكەر بەگچەك دۈشمەننى سەل چاغلاپ، ئۆزبېگە ئارتۇقچە ئىشىنىپ كەتكەچكە، «تولغىما ھېيلىسى»نى توپىلاڭچىلارنىڭمۇ ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېسىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ قويغانىدى. ئىلياس خاننىڭ لەشكەرلىرى ئىسيانچىلارنى ئارقىسىدىن ۋەخش دەرياسىنىڭ پۈلىسەنگىن بۆلىكىگىچە سۈر - توقاي قىلىپ قوغلاپ كەلدى.

دەريانىڭ بۇ بۆلىكىدە كېچىك يوق بولۇپ، ئىككى قىرغاق پەقەت تىك ھاك تاش ئۈستىگە بىر - بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان ئون تال يوغان ياغاچتىن ياسالغان، «تاشكۆۋرۈك» دېگەن مەنىدىكى پۈلىسەنگىن كۆۋرۈكى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئىسيانچىلار ئەنە شۇ پۈلىسەنگىن كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلگەندە بىردىنلا ئۈچ بۆلەككە بۆلۈندى - دە، بىر بۆلىكى پۈلىسەنگىن كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ داۋاملىق تۈردە نارەك تەرەپكە قاراپ قاچتى. قالغان ئىككى بۆلىكى دەريا قېشىنى بويلاپ يۇقىرى - تۆۋەنگە قاراپ قاچتى.

خاننىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قويرۇقى پۈلىسەنگىن كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ بولۇشىغا، دەريانى بويلاپ يۇقىرى - تۆۋەنگە قاراپ قېچىشقان ئىسيانچىلار ئارقىسىغا قايتىپ كېلىپ كۆۋرۈكنى بۇزۇشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا ئىلياس خاننىڭ قوشۇنلىرى پۈلىسەنگىن بارگاھىدىن تەخمىنەن ئىككى پەرسەخ يىراقتا ئۇزاپ كېتىشكەنىدى. ئۇلارنى كۈتۈپ نارەكتە بۆكتۈرمىدە ياتقان ماۋەرائۇننەھرلىك ئىسيانچى ئەمىر ھۈسەيىننىڭ قوشۇنلىرى بۇ چاغدا بىردىنلا چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈشۈپ، مەيدانغا كىرىپ كېلىشتى. كۆپلۈكىدىن يامغۇر تامچىلىرىنى، دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنى ئەسلىتىدىغان بۇ ئىسيانچىلار خۇددى يەر - زېمىننى قاپلاپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قارا چېكەتكىلەردەك، خاننىڭ

[1] بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «بابۇرنامە»گە قاراڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1992 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى.

قوشۇنلىرىنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ كېلىشكە باشلىدى. تۆپىلىكتە جەڭنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىلياس خان ئىسيانچىلار سېپىگە دۇربۇن تارتىپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق بىر مەنزىرە ئايان بولدىكى، ئەيىۇھەنناس، ئىسيانچى ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن تۆمۈر بەگ باشچىلىقىدىكى بىرمۇنچىلىغان ماۋەرائۇننەھرلىك ئەمىرلەر قوللىرىدا قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ تۇرۇشقان، ئۇلارنىڭ يېنىدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىشىپ، نەيزىلىرىنى تەڭلىشىپ تۇرۇشقان سىپاھلار خۇددى كىرپىكتەك قويۇق سەپ تارتىپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدىن ھەتتا قانات ياساپمۇ ئۇچۇپ چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا ئاللىقاچان كۆزى يەتكەن چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان بىھۇدە قان تۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن ئۆز سەركەردىلىرىگە قورال تاشلاپ، تەسلىم بولۇشنى بۇيرۇدى.

خاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قورال تاشلاپ، تەسلىم بولغانلىقىنى كۆرگەن ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن تۆمۈر بەگ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئىلياس خانغا يىراقتىن تەزىم قىلىپ، ئېھتىرام مۇراسىمىنى بەجا كەلتۈرۈشتى...

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن ئەمىر تۆمۈر باشلىق جىمى ئىسيانچى ئەمىرلەر ئۆزلىرىنىڭ مەرھۇم چاغاتاي خانلىرى ئېسەن بۇغاخان بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تۇزىغا بولغان ۋاپادارلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ناھايىتى كاتتا بىر زىياپەت مەجلىسى ئۆتكۈزۈپ، چاغاتاي خانى ئىلياس  خوجا ئوغلان بىلەن ئۇنىڭ جىمى ئەمىرلىرىنى كۈتۈۋالدى.

زىياپەتتە ئەمىر تۆمۈر چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلاندىن:

— جانابىي خان ئالىيلىرى، بىزنىڭ سىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدىلا؟ — دەپ سورىۋىدى، خان

چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن:
— ماڭا ۋە مېنىڭ قول ئاستىمدىكى بارلىق ئەمىرلىرىم بىلەن نۆكەرلىرىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. ئۆلتۈرسەڭ، ئىنتىقام ئالغان بولىسەن! قويۇۋەتسەڭ، ئۆز پايداڭنى كۆزلىگەن بولىسەن! ئەمما، بىز ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسىنىڭ پەرقى يوق! چۈنكى، مەن مەرھۇم ساھىبقىران خاقان ئاتام تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بېلىمگە قىلىچ ئاسقان كۈندىن باشلاپ ھايات ـ ماماتلىق دېگەننى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدىم! — دەپ جاۋاب بەردى.
— ئەقىللىرىگە ھەسسىنات! خان ئالىيلىرى، ناھايىتى ھەق سۆز قىلدىلا! — دېدى ئەمىر تۆمۈر ئۇن ئۈچ ياشلىق چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلاننىڭ جاۋابىغا ئىنتايىن قايىل بولۇپ، — سىلىنىڭ جاسارەتلىرىدىن بىزكىم جىمى ئەركانلىرى قاتتىق تەسىرلەنمەكتىمىز! بىز سىلىنى ۋە سىلىنىڭ قول ئاستىلىرىدىكى ئەمىر ۋە نۆكەرلەرنى ھەرگىز ئۆلتۈرۈش نىيىتىدە ئەمەسمىز. مۇبادا سىلى جانابىي خان ئالىيلىرى، ماۋەرائۇننەھردىن لەشكەر چېكىندۈرۈشكە ماقۇل بولسىلا، بىز سىلىگە ۋە بارلىق جېتە سىپاھلىرىغا جانى ئامانلىق ھەم مالى ئامانلىق بەرگەيمىز!
— بەگ جانابلىرى، — دېدى ئىلياس خان، — مەن ئەمىرلىرىمگە ماۋەرائۇننەھردىن لەشكەر چېكىندۈرۈشكە ئاللىقاچان پەرمان بەرگەنمەن. شۇڭا، مەن چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، سىلەرنى دەرھال مۇھاسىرىنى بىكار قىلىپ، لەشكەرلىرىمگە يول ئېچىپ بېرىشكە بۇيرۇيمەن!
— پەرمانىڭىزدىن ئايلىناي، جانابىي خان ئالىيلىرى، — دېدى ئەمىر تۆمۈر دەرھال خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، — بىز جانابىي ئالىيلىرى ئالدىدا كۆپ ئۆزرىلىكمىز. بىزمۇ لەشكەرلىرىمىزگە جېتە لەشكەرلىرىنى موغۇلىستانغا ئۆزىتىپ قويۇشقا پەرمان بەرگەيمىز!...

ماۋەرائۇننەھر ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يانداش جايلار جېتەلەر ئىستېلاسى ۋە ھۆكۈمرانلىقىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلغان كۈنلەرنىڭ بىرسىدە، ئەمىرلەردىن بىرسى پۈلسەنگىن جېڭىدە چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلاننى شاھادەتلىككە يەتكۈزمەي، ئەكسىچە ئۇنى قويۇپ بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاندىن سورىغاندا، ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەنىدى:

— بىز شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئىلياس خوجا ئوغلاننى ئەمىرلىرى بىلەن بىللە قوشۇپ شاھادەتلىككە يەتكۈزۈشكە تامامەن قادىر ئىدۇق. لېكىن، بىز ئۇنداق قىلمىدۇق. چۈنكى، چاغاتاي خان نەسلىدىن بولغان خانلارنى ئۆلتۈرگەن ھەرقانداق بىر كىشى ئەزەلدىن تارتىپ ئالتە ئايدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرەلىگەن ئەمەس! بىزنىڭ مەقسىتىمىز پۈتكۈل مەشرىق — موغۇلىستاننىمۇ ئۆز ئىدارىمىز ئاستىغا ئېلىش بولغانلىقتىن، ئىلياس خوجا ئوغلاننى شاھادەتلىككە يەتكۈزۈشنى شۇ چاغدا ئىسيانچى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ قولى بىلەن ئورۇنلاشنى لازىم تاپقاندۇق. چۈنكى، چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان ئىسيانچى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ قولىدا شاھادەتلىككە يەتكۈزۈلسە، ئۇ چاغدا بىز: «چاغاتاي خانىنى قەتل قىلغان ئاسىينى جازالاش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ كەلدۇق» دېگەن نام بىلەن موغۇلىستانغا ۋە پۈتۈن مەشرىق ئېلىگە ھەققانىي يوسۇندا لەشكەر تارتىپ بارالىغان بولاتتۇق! نىھايەت، موغۇلىستاندىكى كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى دەل بىز ئويلىغاندەكلا بولمىدىمۇ؟ !...

* * *

كېچىكىپ كەتكەن باھارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ،

www.uygurkitap.com

قاتتىق قىش ئۇيقۇسىدا ياتقان قۇياس ۋادىسىنىڭ مۇزلىغان قەلبى تېزلىك بىلەن ئىللىپ ئويغاندى. راست ـ يالغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان باش باھار قىشچە مۇزلاپ كەتكەن ھاۋاغا ۋە تاشتەك قېتىپ كەتكەن توڭ يەرنىڭ ئاستىغا ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىرمەكتە ئىدى. قۇياس ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى بىردىنبىر دەرۋازىسى بولغان ئۆكەر بورسۇق ئېغىزى[1]دىكى قارىغاي، شەمشاد ۋە چۇلۇك دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىنى يېپىپ تۇرغان بىر قەۋەت يېپىنچا قاردىن ئېرىگەن سۇ تامچىلىرى يەرگە تاراملاپ چۈشمەكتە ئىدى. كەڭساي جىلغىسىنىڭ كۈنگەي يانباغىرلىرىدا يۇمران مايسىلارنىڭ يېڭى بىخلىرى يەر يۈزىنى يىڭنىدەك تېشىپ ئۆتۈپ باش كۆتۈرمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا قارلارنىڭ ئاراشلىرىدىكى نەم قار تۇپراقلار خۇددى يېنىك تىنىپ ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنىڭ كىچىككىنە ئاغزىغا ئوخشاپ قالغانىدى. تاشلارنىڭ ئاراش ـ ئاراشلىرىدىن ئېقىپ چىققان ئەگىز سۇلىرى ئاق قار، كۆك مۇزنىڭ ئاستىدا قىشچە ئۇخلاپ چىققان كەڭساي ئېقىنىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، تاغ باغرىدىكى ۋادىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلىماقتا ئىدى.

ئەمىر لەشكەر بەگچەك پۇلىسەنگىن ئۇرۇشىدا ئۇلۇغ ئەمىر توقتۆمۈر باھادىر قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ماۋەرائۇننەھرلىك ئىسيانچى ئەمىرلەرگە قارشى قاراملارچە ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكتىن، دۈشمەننىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تالاپەتكە ئۇچراتتى. بۇ ئۇرۇشتا سەركەردىلەردىن ئۇلۇغ ئەمىر توقتۆمۈر باھادىر، ئەمىر ھامىد كۈرلۈكۈت، ئەمىر بەگ ئىسكەندەر ئوغلان ۋە دۆلەتشاھ قاتارلىق نۇرغۇن تەجرىبىلىك، پېشقەدەم ئەمىرلەر شاھادەتلىككە يەتكۈزۈلگەن، چاغاتاي خانى

① ئۆكەر بورسۇق ئېغىزى ــ ئىلى ۋىلايىتىدە. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى مەشھۇر تاغ ئېغىزلىرىنىڭ بىرسى. ھازىر «لوسىگۇڭ» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.

ئىلياس خوجا ئوغلانىنىڭ ئۆزى ئەمىر لەشكەر بەگچەك ۋە ئەمىر يۈسۈپلەر قوشۇلۇپ بىللە ئەسىرگە چۈشكەن بولۇپ، ئىلياس خاننىڭ پۈتۈن لەشكىرىي كۆچى تارمار كەلتۈرۈلگەنىدى.

ئەمىر لەشكەر بەگچەك تولىمۇ ئۆز سۆزلۈك تەرسا، ھاكاۋۇر، ئىچى تار بىر سەركەردە ئىدى. نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇ چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلانىنى كىچىك كۆرۈپ، ئانچە ئەتىۋارىنى قىلىپ كەتمەيتتى.

ئۇلۇغ ئەمىر توقتۇمۇر باھادىر، ئەمىر ھامىد ۋە ئىسكەندەر ئوغلان قاتارلىقلار ئىلياس خانغا سادىق بولۇپ، خانىمۇ ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىسىز قارار قىلماس ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلۇغ ئەمىر توقتۇمۇر باھادىر دانىشمەنلىك ۋە زېرەكلىكىنىڭ ئەينىكى، ياشانغانلىقىنىڭ ھەر خىل تەجرىبىلىرى زىنىنىتىدىن جۇلا تاپقان، خان مۈشكۈل ئىشلاردا مەسلىھەت سورايدىغان پېشقەدەم بىر سەركەردە ئىدى. ئەپسۇس، «قازا ئوقى ئۇچۇن قالقان يوقتۇر !» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بويىچە، پۈلسەنگىن ئۇرۇشىدا ئۇلار ئۆلۈم زەھرىنى يۇتۇشقا مەجبۇر بولۇشتى.

موغۇلىستان قوشۇنلىرى پۈلسەنگىن ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان ئەمىر لەشكەر بەگچەككە قالدى ـ قۇتتى لەشكەرلەرنى يىغىپ تەرتىپكە سېلىپ چىققاندىن كېيىن، دەرھال موغۇلىستانغا قاراپ چېكىنىشنى بۇيرۇدى. بۇ ھوت ئايلىرى بولۇپ، ماۋەرائۇننەھردە ھاۋا ـ جاھان ئاللىقاچان ئىسسىپ كەتكەنىدى.

ئىلياس خاننىڭ قوشۇنلىرى ساقمۇساق بىر ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىدىكى قۇياس ۋادىسىغا ئۆتىدىغان مەشھۇر قەدىمكى ئۆتكەل تاشداۋان[1] دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. قوشۇن ئۇچ ئاچا بۇلاقتا ئۇچ كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، كەڭساي جىلغىسىنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ

① تاشداۋان ــ ئىلى ۋىلايىتىدە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم داۋانلارنىڭ بىرسى. ھازىر «تەلكە داۋىنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

جىددىي يۇرۇش قىلىپ، ئاخىر ئۆكەر بورسۇق ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ قورۇلچىلىرى ئاللىقاچان قېچىپ كېتىشكەن بولۇپ، ئۆكەر بورسۇق قورۇلىنىڭ ئىچى قالايمىقان ئىدى. ئىلياس خاننىڭ پەرمانى بويىچە قوشۇن قورۇلدا قوش تىكىشتى.

— يالغان خاننىڭ لەشكەرلىرى شەپىمىزنى ئاڭلاپ، خۇددى توشقاندەك قېچىپ كېتىپتۇ ! — دېدى ئەمىر لەشكەر بەگچەك ئىلياس خانغا، — بىز ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەستىن دەرھال ھۇجۇم باشلايلى !

ئەمىر بەگچەك ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن ھەربىي ئادەم ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇلجا بولسىلا بولاتتى، كىم ئۇچۇن بولسىمۇ ئۇرۇشۇۋېرەتتى. ئۇ يالغان خان، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قورۇلنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتمىدى. خان لەشكەرلىرىگە ئۈچ كۈن دەم ئېلىشقا ئىجازەت بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمىر لەشكەر بەگچەك لەشكەرلەرگە دەرھال ساۋۇت كىيىپ، ئاتلىرىغا گىجىم تاقاپ جەڭگە تەييارلىنىشنى بۇيرۇدى ۋە يالغان خاننىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاش ئۈچۈن ئايغاقچىلارنى ئەۋەتتى.

ئايغاقچىلار ئانچە ھايالشماستىنلا يېتىپ كېلىشتى ۋە:

— يالغان خاننىڭ لەشكەرلىرى سۇزۇكسۇ① دېگەن يەردە بارگاھ قۇرۇپ، تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىلغارلىرى بىزنىڭ قارىمىزنى كۆرۈپلا ئارقىسىغا قاراپ بەدەر قېچىپ كېتىشتى ! — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

ئەمىر لەشكەر بەگچەك نۆكىرىنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئېلىپ بىر ئىرغىپلا ئېتىغا مىندى ـ دە، ئېتىنى يورغىلىتىپ، تەلكە سېيىنىڭ بويىغا چۇشتى ۋە لەشكەرلىرىگە ئاتلىرىنى سۇغىرىۋالغاندىن كېيىن دەرھال سەپكە تىزىلىشقا

---

① سۇزۇكسۇ — جاي ئىسمى. ئىلى ۋىلايىتىدىكى قورغاس ناھىيەسىدە. ھازىر «چىڭسىخوزا» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇيرۇق بەردى. بىراق، ئۇ «يالغان خاننىڭ لەشكەرلىرى ئالدىمىزدىكى مەلۇم بىر جايدا بۆكتۈرمىدە ياتقان بولۇشى مۇمكىن» دېگەننى بولسا ھەرگىز ئويلاپ باقمىدى. بۇ چاغدا «يالغان خاننىڭ لەشكەرلىرى ئۇرۇش قىلىپ كۆرمىگەن بىر توپ تەجرىبىسىز ئالامانلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلارغا ھايت ! دېگەن بىر ئېغىز ئاۋازلا كۇپايە قىلىدۇ !» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. شۇڭا، ئۇ يالغان خاننىڭ لەشكەرلىرىگە قىلچە ئارام بەرمەستىن، دەرھال ھۇجۇم قوزغاش قارارىغا كەلدى.

ئەمىر لەشكەر بەگچەك ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە سايدىن ئۆتتى ۋە لەشكەرلىرىگە:

— ئاللا بىزگە يار بولغاي ! — دەپ ۋارقىرىدى، — يالغان خاننىڭ لەشكەرلىرىنى قىلچە ئاياپ ئولتۇرماي قىرىپ تاشلاڭلار ! باھادىرلار، ئاتلىنىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى.

سەركەردىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، لەشكەرلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشقان پېتى چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈشۈپ، دۈشمەن سېپىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈشتى.

يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئەمىر بەگچەكنىڭ بۇنداق مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، قوشۇنلىرىغا ئىلياس خاننىڭ قوشۇنىنى ئالداپ تۇزلەڭلىككە چىقىرىش ئۈچۈن، ئۆكەر بورسۇق قورۇلىنى قەستەنگە بىكارلاپ بېرىپ، سۇزۇكسۇدا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا بۇيرۇق بەرگەنىدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى سۇزۇكسۇ تۇزلەڭلىكىدە توپا - چاڭ كۆتۈرۈشۈپ چېپىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشكەن بولۇپ، گاھ توپلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشسە، ئارقىدىنلا چېچىلىپ ئارقىسىغا قاراپ قېچىشاتتى. يىراقتىكى بىر دۆڭنىڭ ئۇستىدە قاراگىر ئارغىماقتا مىنىۋالغان يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات شامالدا لەپىلدەپ تۇرغان توغ ئاستىدا جەڭنى كۆزىتىپ

تۇراتتى. دۆڭنىڭ كەينىدىكى ئويمانلىقتا تېخى ئۇرۇشقا كىرمىگەن سان - ساناقسىز لەشكەر سەپ تارتىپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ بېشىدىكى پولات دۇبۇلغا، زىرىھ - ساۋۇتلار، قوللىرىدىكى ئەگرى قىلىچلار، ئوقرۇق - نەيزىلەر چاڭ - توزاندا خىرەلىشىپ قالغان كۈن نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلاتتى.

كەڭ دالانى چاڭ - توزان قاپلاپ كەتكەنىدى. قۇياش پۈتۈن ۋادىنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. جەڭ مەيدانى بىر چېپىش بىلەن چورتىلا ئۈزۈپ تاشلانغان قول - پۇتلار، ئىككى نىمتە قىلىپ تاشلانغان جانسىز گەۋدىلەر، تەنسىز باشلار ۋە باشسىز گەۋدىلەر بىلەن تولغانىدى. ئىگىسىز ئاتلار ئۇياق - بۇياققا چېپىشىپ يۈرۈشەتتى. يارىلانغانلارنىڭ ئازابلىق ئىڭرىغان، ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ھەممىلا جايدا قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئىلياس خاننىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى جەڭ مەيدانىدا يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ پىتىراپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى سۈر - توقاي قىلىپ قوغلاپ يۈرۈشەتتى. بۇ چاغدا دۆڭنىڭ ئۈستىدە جەڭنى كۆزىتىپ تۇرغان يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات قولىنى شىلتىۋىدى، دۆڭنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقان ئاتلىق لەشكەرلەر ئۇشقىرتقىنىچە شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشتى. ئۇلار ئىلياس خاننىڭ جەڭ مەيدانىدا چېپىپ يۈرۈشكەن لەشكەرلىرى بىلەن كارى بولماستىن، ئۇدۇل ئۆكەر بورسۇق قورۇلىغا — خاننىڭ بارگاھىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىشتى. يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات قارا گىر ئارغىمىقىنى ھەممىنىڭ ئالدىدا چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقانىدى.

ئەمىرلەشكەر بەگچەك ئۆزىنىڭ تۇزاققا ئىلىنغانلىقىنى، ئىلىنغاندىمۇ ئىنتايىن تەلتۆكۈس ئىلىنغانلىقىنى مانا شۇ چاغدا چۈشىنىپ يەتتى. بېشىنى ئۆز قولى بىلەن ئىسيانچى ئالامانلارنىڭ قولىدىكى قىلىچنىڭ بىسىغا تۇتۇپ بېرىش نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىك؟ نېمىدېگەن ھاماقەتلىك - ھە؟!

بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى بارمۇ؟ چېچىلىپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، بىر كۈچ بولۇپ ئۇيۇشالىسىلا، يالغان خاننىڭ لەشكەرلىرىنى تار مار كەلتۈرۈگىلى بولاتتى. بىراق، جەڭ مەيدانىنىڭ ھەممىلا يېرىگە تاراپ كەتكەن لەشكەرنى قانداق يىغىش مۇمكىن؟...

پۈرسەت ئاللىقاچان قولدىن كەتكەنىدى. بۇنى مانا ئەمدىلا چۈشەنگەن ئەمىرلەشكەر بەگچەك ئىلياس خاننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۇدۇل ئۆكەر بورسۇق قورۇلىغا ئات سېلىپ چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئۆكەر بورسۇق قورۇلىنىڭ ئاستىدىكى يەلپۈگۈچسىمان ۋادىدا جەڭ قىزىپ كەتكەنىدى. يالغان خاننىڭ لەشكەرلىرى قورۇل تەرەپتىن ئېتىلغان ئوق بورىنىغا دۈچ كېلىپ، قەدىمى سەل ئاستىلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار قورۇلغا تۆت تەرەپتىن قاپساپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىشكە باشلىدى. ئىلياس خاننىڭ تۇرغاۋۇتلىرى سەپنى ئۇدۇلدىن يېرىپ ئۆتمەكچى بولغان دۈشمەن لەشكەرلىرىنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇپ، ئۇلارنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. بىراق، يەنە بىر بۆلەك دۈشمەن سول تەرەپتىن تۇرغاۋۇتلارنىڭ مۇھاپىزەت سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قورۇلغا — ئىلياس خان تۇرغان بارگاھقا يېقىنلىشىشقا ئىمكان تاپتى، بۇ چاغدا قورۇل ئۈستىدە جەڭنى كۆزىتىپ تۇرغان چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان كىچىككىنە قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋالدى - دە، قىرغىنىنىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرمەكچى بولدى، بىراق خاس نۆكىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئېتىنى توغرا قىلىپ توسۇپ تۇرۇۋالدى ۋە:

— خان ئالىيلىرى، سىلى جەڭگە كىرمىسىلە، ئۇ يەر بەك خەتەرلىك ! سىلى ئۈچۈن مانا بىز كىرەيلى ! — دەپ ئۇنىڭغا يالۋۇردى.

— يولنى دەرھال بوشات ! بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن ! ئاتام مېنى جەڭگە ئاتاپ تاپقان ! باشقىلار جان تىكىپ ئېلىشىدۇ، مەن

www.uyghurkitap.com

قاراپ تۇرايمۇ؟

ئىلياس خان قەھر ـ غەزىپى بىلەن ۋارقىرىغىنىچە ئېيتىنى بىر سەكرىتىپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنى قوغداپ تۇرۇشقان تۇرغاۋۇتلار ئارقىسىدىن ئات سېلىپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى ـ دە، خاننى تىرىك تۇتماقچى بولغان دۇشمەنلەرنى قىلىچلاپ تاشلاشتى. ئەمما، ئۆزلىرىمۇ دۇشمەنلىرى تەرپىدىن رەھىمسىزلەرچە قىلىچلىنىپ ئاتلىرىدىن ئۇلاقتۇرۇلۇپ تاشلاندى.

خاننىڭ ئەتراپىدىكى تۇرغاۋۇتلار بارغانسېرى ئازايدى. ئاخىر دۇشمەنلەر ئىلياس خاننى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولۇشتى. ئۇلار خاننىڭ ئەتراپىنى ھالقىدەك قورشىۋالغان بولۇپ، ئۇنى مىدىر ـ سىدىر قىلغىلى قويمىدى. ھالقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خان ۋە تۆت تۇرغاۋۇتلا قالغانىدى. دۇشمەنلەر تۇرغاۋۇتلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشقا باشلىدى. قىلىچ قىلىچقا «جاڭ!» قىلىپ تەگكەندە، قىلىچنىڭ تىغىدىن ۋال ـ ۋۇل قىلىپ ئۇچقۇن چاقنايتتى. خاننى قوغداپ تۇرغان ئاخىرقى تۆت تۇرغاۋۇتمۇ دۇشمەن قىلىچى ئاستىدا بىر ـ بىرلەپ ھالاك بولۇشتى. بۇ چاغدا دۇشمەنلەرنىڭ مۇھاسىرە ھالقىسىنىڭ بىر چېتىدىن ئازراق يوچۇق ئېچىلغاندەك بولدى. چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان ئىنچىكە قولى بىلەن قىلىچ ئوينىتىپ ھېلىقى يوچۇقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئات سېلىۋىدى. كىمدۇر بىرسى ئۇنى ئېگەردىن يۇلۇۋالدى ـ دە، ئالدىغا توغرا ياتقۇزۇپ، ئاتنى شامالدەك چاپتۇرۇپ كەتتى.

چاغاتاي خانى، ئون ئۈچ ياشلىق ئىلياس خوجا ئوغلان ئۆزىنى گەجگىسىدىن ئەجەل ھەلقۇمىدەك قاماللاپ تۇتۇپ تۇرغان كىشىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلماقچى بولۇپ، جان ـ جەھلى بىلەن تېپىرلاپ باققان بولسىمۇ، ئەمما پۇتۇن ئەجىر ـ مۇشەققىتى شامالغا سورۇلۇپ، ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالدى. نائىلاج ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى قامالاپ تۇتۇپ تۇرغان ھېلىقى

كىشىگە قارىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ مەككارلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ جان ئاچچىقى بىلەن:

— ھەي دوغلات كۇچۇكى! بەتبەخت، قېرى توڭگۇز، جەھەننەمنىڭ تۇتۇرۇقى! ئۆز خوجىسىغا ئاسىيلىق قىلغان تۇز كور مۇناپىق! — دەپ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى غەزەپ بىلەن سۆكتى.

— ھە، قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ، شۇم؟! — دېدى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۇنىڭ سۆزىگە قىلچىمۇ پىسەنت قىلماستىن، — ئەمدى جەددى - جەمەتىڭ بىلەن جەھەننەمدە بىللە بولارسەن!

ئىلياس خوجا ئوغلان ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىش ئۈچۈن خېلى ئۇزاققىچە تېپىرلاپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ھالىدىن كەتتى - دە، جىم بولۇپ قالدى...

* * *

قۇياش نۇرى ئاستىدا كۆكدالادىكى دۆۋىلىشىپ قالغان كۇلتۇك قارلار بارغانسېرى قارىيىپ قارلار ئۈستىدە نېپىز بىر قەۋەت قارا قاتلام پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن قار دۆۋىلىرى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ بېسىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستى مۇنجاما قەغەزدەك نېپىز بىر قەۋەت نازۇك مۇز بىلەن ئورالدى. بۇ قەۋەت يېرىلىپ، سۇنۇپ تۇراتتى. قار دۆۋىسى ئاستا - ئاستا ئولتۇرۇشۇۋەردى. ئاخىر كىچىكلەپ سەتلىشىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ تېگىدە لاي ئارىلاش سۇ ئەگىز بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى.

بۇ كىچىك - كىچىك ئەگىز سۇلىرى ھورلىرى ئارقىلىق مۇز ئۈستىدە ئۆزىگە يول ئېچىپ، چوڭ ئېقىنغا ئايلىنىپ، دەرياغا قاراپ ئاقاتتى.

پايتەخت ئالمالىقنىڭ كوچىلىرىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئېگىز ـ ئېگىز ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنىڭ چەتلىرىدە ئېسىلىپ ساڭگىلاپ تۇرغان مۇز چوكىلىرى ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىدا ئېرىۋاتاتتى. ئۇلاردىن تامچىپ تۇرغان سۇ تامچىلىرى يەر ئۈستىدىكى مۇز ئۈستىگە چۈشۈپ ئەگىز ھاسىل قىلاتتى. ھەممىلا يەردە سۇ تامچىلىرى باھار ناخشىسىنى ئېيتىشاتتى.

بىراق، بۇنداق ھالەتنى پەقەت قۇياش ئىللىتقان باھارنىڭ كۈندۈز كۈنلىرىدىلا كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭلا سوغۇق يەنە ئوغرىلىقچە ئاستا ـ ئاستا كىرىپ كېلەتتى. كېچىلىرى تېخى پايتەخت ئالمالىقنىڭ كوچىلىرىدا، كۆكدالادا، قۇياش ۋادىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ھاكىملىق قىلاتتى. چوڭراق ۋە بىلەكتەك ئەگىز سۇلىرى توڭلاپ قالاتتى. تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان سۇ تامچىلىرىمۇ جىم بولۇپ قالاتتى.

تىرىشچان دېھقانغا ئوخشاش، قۇياشمۇ ئۆز تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى ـــ كۆكدالادىكى كۈزگى بۇغدايلارنىڭ كۆكى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. تاڭ سەھەردە سوغۇق يەنە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ھاكىملىقىنى بىر كۆرسىتىۋالاتتى. بىراق، ئۇنىڭ ھاكىملىقى ئەتىگەندە شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ يەر ـ زېمىننى ئىللىتىشى ئارقىسىدا پاتلا كۈچسىزلىنەتتى ـ دە، ئۆمرى بارغانسېرى قىسقىراپ باراتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇياش نۇرى تىرىلدۈرگەن جانلىق كۈچلەر تەنتەنە قىلىشاتتى.

خان ئوردىسىدىكى قۇببىلىك ساراي بوگۈن بۆلەكچىلا ئاۋات ۋە ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ساراي ئىچىگە يېشىل بەرقۇت بىلەن قاپلانغان كۇرسىلار تىزىۋېتىلگەنىدى، بۇ كۇرسىلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى سەل ئېگىزرەك كەلگەن بىر كۇرسىدا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ساقىلى قاپقارا قىلىپ بويالغان، بېشىغا يېشىل سەللە يۆگىگەن، ئۇچىسىدىكى قىزىل مەخمەلدىن تىكىلگەن تونىنىڭ مۇرىلىرىگە، يەڭلىرىگە زەر يىپ بىلەن ئۇقا تۇتۇلغانىدى. بۇ كىشى چاغاتاي

مەملىكىتىنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمدارى، يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئىدى. ئىككى تەرىپىدە ئۇنىڭ ئەمىر شەمسىدىن دوغلات، ئەمىر شەيخىدىن دوغلات دېگەن ئىنىلىرى ۋە تۇرۇمتاي بەگ، بارمان بەگ دېگەن ئەمىرلىرى يېرىم دائىرە ھاسىل قىلىپ ئولتۇرۇشقانىدى.

يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بۈگۈن ئىنتايىن خۇشال ئىدى. شۇنداق، بۈگۈن ئۇنىڭ مەرھۇم تۇغلۇق تۆمۈرخان خانىدانىدىن ئومۇمىي ھېساب ئالىدىغان كۈنى ئىدى. شۇڭا، ئۇ نېمىشقا خۇشال بولمىسۇن؟ ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېلى مەغرۇرلۇق كۈلكىسى، ھېلى كۆرەڭلىك كۈلكىسى، ھېلى مەسخىرىلىك كۈلكىسى بىر ـ بىرىگە ئالمىشىپ جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. كۆزلىرىدە بولسا ئىچى قارىلىق، ئۆچمەنلىك ۋە رەھىمسىزلىك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ خۇشاللىق قابىلىيەتسىز، ۋىجدانسىز ۋە ياۋۇز تەبىئەتلىك ئادەملەردىلا بولىدىغان، ئىلگىرى ئۆزى قورقۇپ خۇشامەت قىلىدىغان كىشىنى دەپسەندە قىلىدىغان ۋە خورلايدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلگەن چاغدىكى خۇشاللىق ئىدى؛ بۇ خۇشاللىق توشقان يۈرەك قورقۇنچاق ئادەملەرنىڭ ئىپلاس تاپانلىرى بىلەن سەرۋى قامەتلىك مەردۇمەردانىلەرنىڭ ئۇستىگە دەسسەپ تۇرغاندىكى خۇشاللىقى ئىدى.

قۇببىلىك سارايىنىڭ ئوتتۇرىدا چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان ۋە ئۇنىڭ ئەھلى بەيتى بولغان خان مومىسى شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن، خانىكە ئاپىسى بەيتفالىخە زەمۇران بىبى، خان تاغىسى، ئوردا قۇرچىلىرىنىڭ ئەمىر لەشكىرى تۆمۈر مەلىك باھادىر قاتارلىق ئون سەككىز كىشى قوللىرى ئارقىغا قايرىپ باغلانغان ھالدا ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يوغان شەمشەرلىرىنى مۈرىلىرىگە قويۇشۇۋالغان «جاندار»لار — ياۋۇز تەلەتلىك ياساۋۇللار ئورىۋالغانىدى.

يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن ياساۋۇللىرىغا ئىلياس خوجا

www.uyghurkitap.com

ئوغلاننى ئالدىغا ئەكېلىشنى بۇيرۇدى.

— هەي قارا تاپان مالچىنىڭ ئوغلى، — دېدى ئۇ كۆرەڭلەپ، — هازىر ئۆزۈڭنى قانداق سېزىۋاتىسەن؟

— هەي دوغلات كۈچۈكى، مەن ئۆزۈمنى گويا بىر ئارسلاندەك سېزىپ تۇرۇپتىمەن...

— سەن هازىرنىڭ ئۆزىدە ئايىغىمغا يىقىلىپ، مېنىڭدىن بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلىسەڭ، مەن رەھىم قىلىپ سېنى ئۆلتۈرمەسلىكىم مۇمكىن!

— تۇفى! مەن سېنىڭدەك ئىتتىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەمدىمەن؟! — دېدى ئىلياس خوجا ئوغلان ئۇنىڭغا تۈكۈرۈپ، — مەن هازىر سېنىڭدەك بىر رەزگىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. ئۆلتۈرەمسەن، چاپامسەن، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! سەن ساھىبقىران خاقان ئاتام تۇغلۇق تۆمۈرخاننى نامەردلىك بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈردۈڭ؛ مېنىمۇ ئەنە شۇ هىيلە ـ مەككارلىق زەنجىرى بىلەن تۇتۇپ باغلىۋالدىڭ. هەي بەتبەخت، نېمانچە يوغانلىق قىلىسەن؟ هالا بۈگۈن سېنىڭ قولۇڭغا چۈشۈپتىمەن، خاقان ئاتامغا، ئەهلى بەيتكە رەھىم قىلمىغان يەردە، ماڭا رەھىم قىلارسەنمۇ؟

ئىلياس خوجا ئوغلان سۆزىنى تۈگىتىپ، يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتقا نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن جەسۇرلارچە تىكىلىپ قاراپ تۇردى.

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بۇ مۇشتۇمچىلىك كېلىدىغان كىچىك بالىنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بېرەلمەي، خاپا بولغىنىدىن خۇددى تىكەندە ئولتۇرۇۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى:

— قاراڭلارچۇ، بۇ شۇمنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماي تۇرغىنىنى؟ — دېدى ئۇ يېنىدىكىلەرگە، — قارا تاپان مالچىنىڭ ئەۋلادى مۇنداقمۇ جەسۇر بولامدۇ؟ شۇڭا، ئۇنى هەرگىز هايات قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

— جانابىي خان ئالىيلىرى، ناهايىتى هەق گەپ قىلدىلا، —

دېيىشتى ئۇلار يالغان خاننىڭ سۆزىنى قوللاپ، — دۈشمەننى ئۈرۈق - يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاش كېرەك، ئۇلارغا ھەرگىز رەھىم قىلىشقا بولمايدۇ.

— ئەگەر بۈگۈن بىز ھەممىمىز سەنلەرنىڭ قولىدا شاھادەتلىككە يەتكۈزۈلسەك، بۇنى پۈتۈنلەي تەقدىر - قىسمەتتىن، دەپ بىلىمىز! — دېدى شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتقا نەپرەتلىنىپ، — بىزنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىمىز خەلقئالەمگە مەلۇم بولغان كۈنى سېنىمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش قەتل قىلىدىغانلار ھەم چىقىدۇ. ھەي بەتبەخت تۇزكور، سەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «بۈگۈن ماڭا، ئەتە ساڭا...» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئۇنتۇپ قالمىغايسەن! قارىغاندا سەن بىردەملىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭ بىلەن خۇدۇڭنى يوقىتىپ، ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسەن! يۈز مىڭ لەنەت ساڭا، ئى مەلئۇن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات!...

ئۇنىڭ سۆزى تېخى ئاخىرلاشماي تۇراتتى، يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دەرغەزەپ بىلەن:

— جاللات! — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ زامان ئىككى نەپەر بەستلىك «جاندار» قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يالغان خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ تۇردى ۋە:

— قىلىچلىرىمىز قانسىرىغان، جانابىي خان ئالىيلىرى، كىمنىڭ ئەجىلى توشتىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— مۇنۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاچىقىپ سويۇپ تاشلاڭلار. يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئەكىرىڭلار! بۇلارنىڭ يۈرىكى زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي!

جاللاتلار «خوپ» دېيىشكىنىچە چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان بىلەن ئۇنىڭ جىمىكى ئەھلى بەيتىنى سويۇش ئۈچۈن سۆرەپ ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى. بۇ چاغدا يالغان خان

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات خانىشنى كۆرسىتىپ:

— مۇنۇ زەمۇران بىبىنى ھەرەمگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، — دېدى قولىنى شىلتىپ، — مەن ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلىشىمەن. ئۇنىڭدىن سورايدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. بەلكىم ئۇ مېنىڭدىن رەھىم قىلىشنى ئىلتىجا قىلار!

جاللاتلار زەمۇران بىبىنى ھەرەمگە سۆرەپ ئەكەتكەندىن كېيىن، ئىلياس خان باشلىق جىمى ئەھلى بەيتنى سويۇپ تاشلاش ئۈچۈن قۇببىلىك سارايدىن ئاچىقىشتى.

«جاندار»لار يالغان خاننىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئادەم سويۇش ھۈنىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يەڭلىرىنى شىمايلىشىپ كەلگەن پېتى ھەممىدىن ئاۋۋال چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلاننى مۇرىسىدىن تۇتقان پېتى يەرگە ئوڭدا ياتقۇزدى. بىراق، شۇ چاغقىچىلىك ئىلياس خوجا ئوغلاننىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدى. ئۇ جاللاتلارغا سۇرلۇك قىياپەت بىلەن ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى.

ئون ئۈچ ياشلىق چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى ئەنە شۇنداق مەردانىلىك بىلەن كۈتۈۋالماقتا ئىدى. جاللاتلاردىن بىرسى قولىدىكى خەنجىرى بىلەن بىر ئۈرۈپلا بالىنىڭ كۆكرەك قەپىسىنى ئېچىپ تاشلىدى ۋە بالىنىڭ يۇمران قوۋۇرغىسىنىڭ ئاستىغا قولىنى سىلىپلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالدى. ھورى چىقىپ تۇرغان كىچىككىنە يۈرەك جاللاتنىڭ قولىدا توختىماستىن لىپىلداپ تۇراتتى...

«جاندار»لار قالغان ئەھلى بەيتنىمۇ خۇددى ئەنە شۇنداق بىر - بىرلەپ سويۇپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىشتى. شۇ كۈنى يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەرھۇم ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخان خاندانىدىن جەمئىي ئون سەككىز ئادەم شاھادەتلىككە يەتكۈزۈلدى. مەملىكەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى قارىلىدىغان كېڭەش سورۇنى — ئالتۇن قۇببىلىك ساراي ھازىر پانىي دۇنيادىكى ئادەم سويىدىغان قۇشخانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن



www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بۇ ئۇن سەككىز ئادەمنىڭ جانسىز تەنلىرى گويا يىپتا تىزىق ئەتكەندەك قاتار يېتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ قېنىدىن يەر يۈزىدە ئەگىزلەر پەيدا بولۇپ، بۇ ئەگىزلەردە سۇ ئورنىدا قانلار ئېقىشقا باشلىدى...

ھەرەمدە نەزەربەند قىلىنغان خانىش زەمۇران بىبى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى بۆلمىسىدە ئوچۇق دېرىزىنىڭ ئالدىدا چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمۈپ مۈگدىلىنىپ ئولتۇراتتى. يېنىدا ئۇنىڭ پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىدىغان ئىككى ھەرەم خادىمى قىلچە ھېسسىياتسىز ھالدا قېتىپ تۇرۇشاتتى. خانىشنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ھەرەمدىكى پۈتۈن يۈرۈش ـ تۇرۇشى كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئېلىنغانىدى. شۇڭا، خانىش زەمۇران بىبى ئۈچۈن ئاسمانغا چىقاي دېسە ئاسمان يىراق، يەرگە كىرەي دېسە يەر قاتتىق ئىدى.

ئۇ ھەر قېتىم تىرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىكى سۇغۇرۇۋېلىنغان ئوغلىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى ئويلىغىنىدا، ئوغلى بىلەن بىللە دەھشەتلىك تۈردە قەتل قىلىنغان ئەھلى بەيتىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى ئويلىغىنىدا، ئۆزىنى توختىتالماستىن ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ، پۈچىلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ، ھالى بارغانسېرى پەسلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى گويا كۆككە ئۆرلەپ، قاتمۇقات بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. «بۇ نېمە ئىش؟ بۇ نېمە كۈن؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سوئال سورايتتى. ئۇ مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە «ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ، يەر ئۆڭتۈرۈلۈپ كەتسە، مەن تۇپراقنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتسەم» دەپ ئارزۇ قىلاتتى...

— ھى ـ ھى ـ ھى!...

كىمدۇر بىرسىنىڭ يالغان كۈلكىسى ئاڭلاندى. چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا چۆمگەن خانىش زەمۇران بىبى كۈلكە ئاۋازىنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ كۆز ئالدىدا ھىجىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. دۈشمىنىنى كۆرۈپ غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تاشقان خانىشنىڭ پۈتۈن تومۇرلىرىدىكى قانلار بىردىنلا بېشىغا ئۆرلەپ، چېكىسىدىكى تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى. قىساس ئوتىنىڭ يالقۇنى ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەمگە تولغان قەلبىنى ئۆرتەپ، سەۋر ـ تاقىتىنى تاشتۇردى. خاقان ئىبرى بىلەن خاقان ئوغلىنىڭ ۋە پۈتۈن ئەھلى بەيتىنىڭ قاتىلى بولغان بۇ خۇنىرىزغا بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىكىنى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىچىگە زادىلا سىغدۇرالمىغان خانىش زەمۇران بىبى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ئاچچىق نىدا قىلدى:

ــ ھەي مەلئۇن، يوقال كۆزۈمدىن! سېنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق!

ــ ھاي، ھاي، ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، خانىش ئايىم! ماڭا مۇنداق قەھر ـ غەزىپىڭىزنى چاچماڭ. سىزنى ئۆلتۈرمەستىن ھەرەمدە ساقلاپ قالغىنىمغا رەھمەت ئېيتماق يوق، ماڭا زەھىرىڭىزنى چاچقىنىڭىز نېمىسى؟! ــ دېدى يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات قىلچىمۇ ئۇيالماستىن.

ــ نەچچە كۈندىن بېرى دوزاختا ئوخشايدىغان بۇ مەشئۇم ھەرەمدە يۈرۈپ ھەممىنى ئۇنتۇدۇم. يۈرىكىمدە ساڭا بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىكىم ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىم قايناپ تاشماقتا. مەن ئەمدى ئاۋۋالقىدەك غەمسىز، پەرۋاسىز زەمۇران ئەمەسمەن. بەلكى دۈشمىنىگە غەزەپلەنگەن شىر ـ ئارسلان! مەن ھازىر سېنىڭ قولۇڭدا ھەرەم تۇتقۇنى بولۇپ تۇرغان بولسامۇ، ئەمما سېنىڭ قولۇڭدا بالدۇرراق شاھادەتلىك شارابىنى ئىچىشتىن باشقىسىنى ئويلىمايمەن!

ــ ھەي بىئەقىل، بىلەمسەن؟ بىر كۈنلۈك راھەت ـ پاراغىتى ئۈچۈن بۇرۇنقىلار بىر يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىكەن. ئاللادىن بىسوراق ۋە بىتەخىر ئىش بولماس. ھەي زەمۇران،

ئەگەر سەن ئۆلمەي، بېشىم ئامان قالسۇن دېسەڭ، كەل، ماڭا خانىش بول، مېنىڭ بىلەن بىللە دەۋران سۈر !

— مەن ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خانىكىسى. سېنىڭدەك لاماكان لالما ئىتنىڭ خانىشلىقىنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش ئىگىسىنى چىشلەيدىغان لالما ئىتلار قىلسۇن ! مەن مەرھۇم مۇرەببىيم تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇتابىئەت① لىكىنى قىلىمەن. مەن ھايات ۋاقتىمدا ئۇنىڭ خاندانىدىن سېنىڭ قولۇڭدا ھالاك قىلىنغان ئون سەككىز نەپەر شېھىتنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىمەن. مەن ئۆلگەندىن كېيىن، مۇھەببە خاندانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن دەۋرەپ كېلىشىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ خاندانىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئاشۇ ئون سەككىز كىشىنىڭ قېنىنى سېنىڭدىن تەلەپ قىلىشىدۇ ! ھەي بەتبەخت، سەن شۇ چاغدا قانداق جاۋاب بېرىسەنكىن قېنى؟ ! نېمىشقا بالدۇرراق گۇناھىڭغا توۋا قىلىپ، ئۆزۈڭنى دوزاخ ئوتىدىن خالاس قىلمايسەن؟

— ھەي خوتۇن، — دېدى يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات تېرىكىپ، — مەن ھازىر چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ سەلتەنەت ئىگىسى. ھەركىم مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈسە ياكى ماڭا قارشى چىقسا ئۇ بەسي ئاسي بولىدۇ !

— ھەي رەھىمسىز مەخلۇق، تەخت ئوغرىسى، جىنايەتكار، بېشىڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوبدان قارا، — دېدى زەمۇران بىبى تەئەددى بىلەن، — قارا يۈزۈڭنى ئادالەت ئىگىلىرى كۆرسۇن. سېنىڭ ئىگىسىنى ئالىدىغان قۇشتىن، يۈزىدە تۈكى بار ئىتتىن پەرقىڭ نېمە؟ سېنىڭ نەسەب ۋە ھەسەبتە، ئىززەت ـ ھۆرمەتتە ۋە پەزلۇ ئادالەتتە ساھىبقىران خاقان تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ئىلياس خوجا ئوغلان بىلەن تەڭلەشكۇدەك نەرىڭ بار ئىدى؟ سەنزە، تەخت ـ سەلتەنەتكە ئۇلىشىشنى خۇددى قولنى سىلىپ كېتىۋەرسە بولىدىغان باغ يولى دەپ قارايدىكەنسەن ـ دە؟

① مۇتابىئەت — ئىزىنى باسقۇچى، ئەگىشىپ ماڭغۇچى.

— ئاغزىڭنى يۇم، نەپرەتلىك قاتال قانجۇقى ! — دەپ ۋارقىرىدى ئەمىر قەمەرىدىن ئۇنىڭ تەئەددى — تەنىسىگە چىدىماستىن، — لەنتى قارا تاپان مالچى تۇغلۇق تۆمۈر سەن قاتال خوتۇننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئىسلام شەرىئىتىنى تەرك ئېتىپ، يىرگىنچلىك قاتال مەزھىپىگە ئەل بولۇپ، كاپىر بولۇپ كەتتى. ئۇ مۇسۇلمانلارنى يەكلەپ، قاتاللارغا مەرھەمەت قىلدى. ئۆز ئەتراپىغا مەجۇسىي بۇتپەرەسلەرنى، قاتاللارنى توپلىدى. مەن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پاكلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، جەڭ تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خەلقنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىسيانغا چاقىردىم...

— ھەي ئەمىر قەمەرىدىن بەتبەخت، گۆرىدە تولغىنىپ قوپىدىغان، دوزاخنىڭ مۇئەككىلى ! — دېدى زەمۇران بىبى ئۇنى قاتتىق سۆكۈپ، — سەن خۇنرىزلىق قىلىپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى، تاشتۆمۈر باھادىرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردۈڭ. جامە مەسچىتىگە ئوت قويۇش ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، يەتتە يۈز نەپەر بىگۇناھ مۇسۇلماننىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭ. ئاشۇ بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا سېنىڭ بىر تۇغقان ئاغاڭ ئەمىر تۆلەك جانابلىرىمۇ بار ئىدى. يەنە توختاپ قالماستىن، ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىلياس خاننىڭ قولىدىن چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەختىنى تارتىۋالدىڭ. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تەخت ۋارىسى، مېنىڭ بىردىنبىر ئوغلانىم ئىلياس خوجىنى ئەھلى بەيتى بىلەن بىللە قوشۇپ ئادەم قېلىپىدىن چىققان ھالدا تىرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىكىنى سوغۇرۇۋالدىڭ؛ ئۇنى ئاز دەپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خانىدانىدىكى مەزلۇم، ئاجىزەلەرنى تۇتقۇن قىلىپ، باش ـ يۈزلىرىمىزنى يالىڭاچلاپ، بېشىمىزغا خۇددى چىڭگىز ئىستىلاسىدىكى سەمەرقەنت، بۇخارا تۇتقۇنلىرىدەك قاتتىق ئازاب ۋە جاپا سالدىڭ. سەن خۇنرىز، ئۆزۈڭنىڭ ئىككى كۈنلۈك راھەت ـ پاراغىتىڭ ئۈچۈن سادىر قىلغان بۇ چەكسىز گۇناھى كەبىرلىرىڭگە مەھشەرگاھتا پەرۋەردىگارغا قانداق جاۋاب بېرەرسەنكىن؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ، دۇدۇقلاپ قالدى ـ دە، خۇددى چوغقا دەسسەپ سالغاندەك تاقلاپ كەتتى:

— جاللات، قېنى سەن؟ مۇنۇ قاتال خوتۇننى تەخىرسىز ياساققا يەتكۈزگەيسەن !

— ھەي مەلئۇن، مەقسىتىڭ مېنى ئۆلتۈرۈش بولسا، ئازراق تەخىر قىلغايسەن، — دېدى زەمۇران بىبى چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن، — مەن چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ خانىكىسى. شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ خانىكىلەردەك ئۆلۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسەن !

يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات قولىنى سىلكىپ قويدى. زەمۇران بىبى خانائىي خاسقا كىرىپ كەتتى ۋە ئانچە ھايالشىماستىنلا قايتىپ چىقتى. ئۇ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، بېشىغا ئۇنچە مەرۋايىت قادالغان ھىلھىلە رومال سېلىپ، بوينىغا ۋە بېلىگە ئېسىل مەرغۇپ تاشلار بىلەن بېزەلگەن زۇننار ئېسىپ، ياقۇت ـ تىللالاردىن چاچباغ ئېسىلغان ئىككى تال بىلەكتەك ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چاچلىرىنى ئالدىغا چۈشۈرۈپ، كۆزىنى چاقناتقۇدەك ياسىنىپ ـ تارىنىپ ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن جاللاتلارنىڭ ئالدىغا مېڭىپ چىقتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى چىرايى خۇددى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينىمۇ خىجالەتتە قالدۇرغۇدەك گۈزەل ئىدى.

ئۇ يالغان خان ئەمىر قەمەردىنگە خانىكەلەرچە ئەمىر قىلدى:

— قېنى ئالدىمدا يول باشلا ! ھەي سەگ بەتنىيەت، سېنىڭ مۇرادىڭ مېنىڭدىن ئەسلا ھاسىل بولمايدۇ. جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، ئۇنى مەن ساھىبقىران خاقان ئېرىم تۇغلۇق تۆمۈرخانغا پىدا قىلىمەن !

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بېشىنى كۆتۈرگىنىچە تالاغا قاراپ ماڭدى...

## نەزم

ئاگاھ بولغىن جاھان ئۆزى بىر نەپەس،
ئالىملارنىڭ بىر نەپىسى بىر جاھان.
جاھان قالدى، كەتتى ئىسكەندەر،
بولسىمۇ گەر جاھان ئۆزرە ھۆكۈمران.
بىر نەپەسكە بېرەي دېدى بىر ئالەم،
مۇراد تاپماي ئاخىر يەنە يول ئالدى.
ئەككىنىنى ئورۇپ كەتتى ھەربىر جان،
خاھى ياخشى، خاھى يامان ئات قالدى.
بۇ بوستاندا گۈللەر بولۇر مۇشۇ خىل،
دوستلار ئاڭا گۈل تېرىيدۇ يىلمۇيىل.

ــــ شەيخ سەئدى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئونىنچى باب

## سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا

«مۇرادىم ھاسىل بولمىدى، دەپ قايغۇرما.
كېچىلەر كۈندۈزلەرگە ھامىلىداردۇر.»
— شەيخ سەئدى: «بوستان»دىن

مىلادىيە 1368 ـ يىلى كەچ كۈز پەسلى. بۇ قەۋس ئايلىرى[1] ئىدى. ئاسماننى ئەتىدىن كەچكىچە بۇلۇت قاپلاپ تۇرغانلىقتىن قۇياشنىڭ بەرىكىتىنى قاچۇرۇۋەتكەنىدى. زېمىندىكى جىمى مەۋجۇداتلار سوغۇقتىن تۈگۈلۈۋالغانىدى. تاغ دالالىرى قارلار بىلەن قاپلانغان، تۈزلەڭلىكلەرنى قويۇق تۇمان باسقانىدى. نەملىشىپ كەتكەن دەل ـ دەرەخلەر ئۈنسىز ئاستا يىغلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى. جىلغىنىڭ ئىچكىرىسىدە يالغۇز بىر قۇش يوپۇرماق تاشلاپ يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇۋېلىپ، خۇددى زىمىستان قىش پەسلىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك تارتىنچاقلىق بىلەن سايراۋاتاتتى. يىراقتىكى بۇلۇت بىلەن قاپلانغان دالالارنىڭ ئاستىدىن قوي پادىسىنىڭ قوڭغۇراق ساداسى ئاڭلىنىۋاتاتتى.

كۈن ناھايىتى سوغۇق ئىدى. قار ئارىلاش سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. قەلئەيى زەفەر[2] قەسەبەسىنىڭ گۈزەر ـ بازارلىرى

[1] قەۋس ئايلىرى — شەمسىيە كالېندارى بويىچە 9 ـ ئاينىڭ نامى. ئۇيغۇرلاردا «ياچاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

[2] قەلئەيى زەفەر — بەدەخشاننىڭ تارىختىكى مەركىزى، ئافغانىستاندا. ھازىرقى نامى پەيزئاباد دېيىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئاللىقاچان تاقالغان. تار ھەم ئەگرى كوچىلىرى بوشاپ قالغانىدى. مۇبادا ئالاھىدە مۇھىم ئىش بولمىسا، ھېچكىمنىڭ ئىسسىق ئۆيىدىن چىققۇسى كەلمەيتتى. شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىنى شەرقتىن غەربكە، جەنۇبتىن شىمالغا توغرا كېسىپ ئۆتىدىغان چاسا كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بىر تۈپ قېرى قارىياغاچ قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، رەھىمسىز كەچ كۈز شامىلى بۇ بىچارە قارىياغاچنى پۈتۈن ئەڭلىنى سالدۇرۇۋالغان قىپيالىڭاچ ئادەمدەك قاقشال قىلىپ قويغانىدى.

گۇگۇم چۈشۈپ، يەر ـ جاھان قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆمگەنىدى. كېچىنىڭ مەشئۇم قاراڭغۇلۇقى زاۋال ۋاقتىتا كوچىغا چىققان ھەرقانداق ئادەمنى سوغۇقنى كۆرمەي تىترەشكە مەجبۇرلاپ، گويا بۇ مەشئۇم قاراڭغۇلۇق ئىچىگە نۇرغۇنلىغان خېيىم ـ خەتەرلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى، تۈرلۈك نامەلۇم قاراڭغۇ كۆلەڭگىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تولىمۇ شۈبھىلىك ئىكەنلىكىنى، دەرەخلەرنىڭ كۆلەڭگىسىدىكى تۆت چاسا ئۆڭكۈردەك قارىيىپ كۆرۈنگەن دېرىزىلەرنىڭ خۇددى گۆرىستانلىقتىكى قەبرىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى. شۇنداق، قەلئەيى زەفەر شەھىرى كۈندۈزلىرى چۆل، ئاخشاملىرى سۈرلۈك، كېچىلىرى ئېچىنىشلىق بىر قەسەبە ئىدى.

تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى يالىڭاچ شاخلىرىنى ئەتراپقا يېيىپ تۇرغان بۇ قېرى قارىياغاچ ئاستىغا نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان لاماكان بىر مەزلۇمە كەلدى. ئۇ قولىدىكى يۆگەككە چىڭ ئورالغان بىر بالىنى مەيدىسىگە مەھكەم تېڭىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچىسى، ئۈچىنچىسى پەيدا بولدى. قار ئارىلاش يېغىۋاتقان يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۇنىڭ ساداسى سوغۇق ۋە ئاچلىق ئازابىدىن ئانىسىنىڭ كۆكسىگە چىڭ چاپلىشىپ، «ئانا، نان! ماڭا نان بېرىڭ!» دەپ ئازابلىق زارلىنىۋاتقان ھېلىقى كىچىك بالىنىڭ

نالىسىنى بېسىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئانا تولىمۇ ھالسىز ئىدى. مۈشۈ تاپتا كىچىك بالا مادارىدىن كەتكەن ئانىسىنىڭ كۈچسىز قوللىرىغا ئېغىر يۈك بولۇپ قالغانىدى.

قەدىمكى قەسەبە بولغان بۇ قەلئەيى زەفەر شەھىرى ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ ئېگىز دارالىرى ئاستىغا جايلاشقان كىچىك شەھەر بولغاچقا، ئوۋايلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى. قار ئارىلاش يېغىۋاتقان يامغۇر توختاپ قالماستىن، ئەكسىچە بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ھېلىقى لاماكان مەزلۇمە يۆگەكتىكى بالىسىنى كۆكسىگە تېخىمۇ مەھكەم باستى. لېكىن، بۇ ھېچنېمىگە دال بولمىدى. ئېچىرقاپ كەتكەن بالا يىغلاۋېرىپ ئاللىقاچان ھالىدىن كەتكەنىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئاغزىغا بىر بۇردىمۇ نان سېلىپ باقمىغان بۇ پېچارىلەر ئاللىقاچان ماغدۇرىدىن كېتىشكەن بولۇپ، قار ئارىلاش يېغىۋاتقان بۇ يامغۇردا ھېچكىممۇ تالاغا چىقمىغانلىقتىن، بىچارىلەر كىمدىنمۇ سەدىقە سورىيالىسۇن؟! ھېلىقى نىمجان بالا ئەتىگەن ئاپىسى نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن نامەلۇم بىر گىياھنىڭ يىلتىزىنى توختىماي شۈمۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق قىلچىمۇ قۇۋۋىتى بولمىغان بۇ يىلتىز ئۇنىڭ ئېچىپ تارتىشىپ كېتىۋاتقان قارنىدىكى ئاچلىق ئازابىنى ھەرگىزمۇ تىنچىتالمايتتى. ئۇنى ئاز دەپ ماۋۇ شورى قۇرۇغۇر كەچ كۈزنىڭ جاندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سوغۇق يامغۇرىچۇ؟

لاماكان مەزلۇمەنىڭ كىچىك بالىسى گويا تۈكى چىقمىغان قىزىل گۆش قۇش بالىسىدەك تىترەپ تۇرۇپ: «نان! ئانا، نان!» دەپ نالە قىلىپ ئاغزىنى ئاچاتتى. بۇ نالە ئېچىرقاپ كەتكەن بالىنىڭ يىغىسى بولماستىن، بەلكى ھاياتلىق شامى ئۆچەي، ئۆچەي دەپ قالغان نىمجان بالىنىڭ ئاخىرقى نالىسى ئىدى! يۈرىكى تەشۈشلىك سوقۇۋاتقان بىچارە لاماكان ئانا بالىسىنى ئەركىلىتىپ، ئۆزىنىڭ تېنىنىڭ ھارارىتى بىلەن ئۇنى ئىسسىتىشقا تىرىشاتتى. ئاھ، ئەگەر پەقەت ئانىنىڭ مېھىر -

مۇھەببىتىنىڭ ھارارىتى بالىنى سوغۇقتىن ساقلاپ قالالىسا، ئېچىرقاپ ھالىدىن كەتكەن بالىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرالىسا ـ ھە؟ !...

تۇيۇقسىز، بۇ لاماكان مەزلۇمە ئۆزىنىڭ قۇچىقىدىكى باياتىن بېرى «نان !ئانا، نان !» دەپ ئىڭراپ ناله قىلىۋاتقان بالىسىنىڭ جىمىپ قالغانلىقىنى سەزدى ـ دە، يۈرەكنى ئۆرتىگەندەك دەرىجىدە ناله ـ پەرياد قىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ ـ قېقىلىپ، ئازابلىق يىغلاپ ئۆزىنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى. يامغۇر ئارىلاش گۈركىرەپ چىقىۋاتقان سوغۇق شامال ئىسسىق ئۆيلەردىكى بەختلىك ئادەملەرنىڭ ئارامىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىۋاتقان بۇ بەختسىزلەرنىڭ ئازابلىق نىدالىرىنى باسماقچى بولغاندەك بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى !

تويتوغرا ئاشۇ چاسا كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى قېرى قارىياغاچنىڭ ئاستىغا قەلئەيى زەفەر قەسەبەسىدىكى موغۇلىستانلىق زەردار، چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ سابىق سودىگەرلەر ئاقساقىلى بەگچەكنىڭ بالىخانىلىق ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئۇدۇل ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ تېخى ياتمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ قارىياغاچ ئاستىدا ئازابلىق يىغلاۋاتقان ئاشۇ خوتۇن كىشىنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋەتەنداش ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدى ـ دە:

ــ ھەي، قايسىڭلار بار، چىقىپ قاراپ بېقىڭلارچۇ؟ يىغلاۋاتقان خوتۇن ئەجەب ئۆز يۇرتلۇقتەك قىلىدۇ يا؟ ــ دەپ پاتان مالايلىرىدىن بىرسىنى بۇيرۇدى.

تۆۋەندىن تېخىچىلا يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆپ ئۆتمەستىنلا ھېلىقى پاتان مالاي قايتىپ كىردى ۋە:

ــ خان ساھىبقا مەلۇم بولغايكى، يىغلاۋاتقان خوتۇن راستىلا موغۇلىستانلىق بىر مۇساپىر مەزلۇمە ئىكەن. ئۇلار يامغۇردا قاپتۇ. قۇچىقىدا يەنە تېخى بىر كېسەل بالىسىمۇ بار ئىكەن ! ــ دەپ پاتان تىلىدا ساھىب ئاقساقالغا مەلۇم قىلدى.

پاتان مالىينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، سابىق ئاقساقال بەگچەك ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— نېمىشقا باشلاپلا كىرمىدىڭ ئۇلارنى؟ — دەپ كايىغىنىچە، پاختىلىق ئىچىسىنى يېپىنچاقلىغان پېتى ئالدىراپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

— قېرىنداشلىرىم، سىلەر نەدىن كەلدىڭلار؟ — دەپ ئاقساقال ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ئۇلاردىن گەپ سورىۋىدى، ھېلىقى خوتۇن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— سىز؟ !... — ئاقساقال بەگچەك دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان چىراغ يورۇقىدا ئىمىجان بالىسىنى قۇچاقلاپ تۇرغان بۇ مەزلۇمەنى بىر كۆرۈپلا ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. كۆز ئالدىدا بالىسىنى قۇچاقلاپ تۇرغان بۇ خوتۇن مەرھۇم چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىككىنچى خانىشى بولغان ئەمىر ئاغىچا دېگەن بانۇسى ئىدى !

بىراق، سابىق ئاقساقال ئۆزىنىڭ ئۇنى تونۇپ قالغانلىقىنى قىلچە چاندۇرمىدى.

— سىزلەر كىم بولىسىزلەر؟ بۇ يەرگە قەيەردىن كەلدىڭىزلەر؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى خوتۇندىن.

— بىز كاشغەردىن بۇ يۇرتقا چىققان مۇساپىرلارمىز. يولدا قاراقچىغا ئۇچراپ، پۇتۇن ۋەجىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق، — دېدى ھېلىقى خوتۇن يىغلاپ تۇرۇپ، — ياخشى نىيەتلىك پادىچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە بۇ يۇرتقا ئۇلىشىۋالدۇق. تونۇگۇندىن بېرى ئاغزىمىزغا بىر بۇردىمۇ نان سالغىنىمىز ياكى بىر يۇتۇم ئىسسىق چايمۇ ئوتلىغىنىمىز يوق. بۇ يەردە ھېچكىمنى تونۇمايمىز، قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمىدۇق. ئۆزىمىزگە بىر ئاللادىن، بىر سىلىدىن خەيرخاھلىق تىلەۋاتىمىز !...

ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان ئاقساقال بەگچەكنىڭ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇ كۆز يېشىنى قولى

بىلەن سۇرتۇۋەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى خوتۇن كىشىنىڭ قولىدىن ئىمجان بالىسىنى قولىغا ئالدى ـ دە، گەپ ـ سۆز قىلماستىن، ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ چىقتى...

ئاچلىق ۋە ھارغىنلىق ئازابىنى تارتىپ، ماغدۇرىدىن كېتىپ يىقىلىشقا ئاز قالغان موغۇلىستانلىق بۇ مۇساپىرلار سابىق ئاقساقال بەگچەكنىڭ ئىسسىق ئۆيىدە ئىسسىق تاماق يەپ، قورساقلىرىنى تويدۇرۇشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سولغۇن چىرايلىرىغا قان يۈگۈرۈشۈپ، خېلى ئادەم سىياقىغا كىرىپ قېلىشتى. ساھىب ئاقساقال كېسەل بالىنى داۋالىتىش ئۈچۈن دەرھال تېۋىپ چاقىرتتى...

ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، بىر كۈنى بەگچەك مالايلىرىغا مۇساپىر خوتۇن بىلەن ئۆزىنى خالىي قالدۇرۇشنى بۇيرۇدى. مالايلار چىقىپ كېتىشكەندىن كېيىن، سابىق ئاقساقال موغۇلىستانلىق بۇ مۇساپىر خوتۇنغا قاراپ تىزلاندى ۋە تۆۋۇقسىز:
— ھۆرمەتلىك بېكەم ئەمىر ئاغىچا، سىلىدىن بىر ئىشنى سوراشقا ئىجازەت بەرگەيلا؟ — دېۋىدى، «ئەمىر ئاغىچا» دەپ ئاتالغان ھېلىقى مۇساپىر خوتۇن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە:
— ھۆرمەتلىك ساھىب ئاقساقال، سىز مېنى قانداق تونۇۋالدىڭىز؟ — دەپ ئۈنىگىدىن قايتۇرۇپ سوئال سورىدى. مۇشۇ تاپتا ئەمىر ئاغىچىنىڭ كاللىسى قانداقتۇر باش ـ ئايىغى يوق تەرتىپسىز ۋە بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى خىياللار تۈپەيلىدىن قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە بۇ مويسىپىت ۋەتەندىشىنىڭ سوئالىغا ئىتائەتلىك بىلەن جاۋاب بېرىشكە تەييارلاندى.
— مەن مەرھۇم خاقانىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخان جانابى

ئالىيلىرىنىڭ مەنشۇرنامەسى بىلەن مەملىكەتكە تەيىنلەنگەن سودىگەرلەر ئاقساقىلى بەگچەك دېگەن كىشى بولىمەن، ـــ دەپ ئۆزىنى ئاشكارىلىدى ئۇ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ـــ سىلى مەرھۇم تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كىچىك خانىشى بولغان ئەمىر ئاغىچا خېنىم بولىدىلىغۇ؟ پېقىر ئەئيانلىرى مەرھۇم تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن سىلىنىڭ توي مەرىكىلىرىگە باشتىن ـ ئاياغ قاتناشقانمەن. مەن سىلىنى شۇ چاغدىن تارتىپ بىلىمەن. شۇڭا، ھېلىقى كۈنى ئەئيانلىرى مەن سىلى ھۆرمەتلىك بېكەمنى بىر كۆرۈپلا تونۇغانىدىم. مەن جەننەت ماكان خاقانىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخان قازا قىلىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىپ، سودا ـ سېتىق ئۈچۈن بەدەخشانغا چىقىپ، بۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ساھىبقىران خاقانىمىز، مەرھۇم تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزىنىڭ ئورنىغا يېڭى خاقانىمىز ئىلياس خوجا ئوغلانىنى ئىزباسار قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ئەل ـ ئۇلۇسنىڭ بەختى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلاھىم ئۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ ھەققى ۋە خەيرلىك خاتىرىسى ئۈچۈن ساھىبقىران مەرھۇم خاقان ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ شانلىق گۈمبىزىگە رەھمەت يامغۇرى ياغدۇرغاي! ئۇنىڭ نام ـ نىشانى ۋە شان ـ شۆھرىتى ئۇپۇقلارغا يېيىلغاي! ئۇنىڭ ئۈمىد دەرىخى تېخىمۇ ياشنىغاي! يۇزى رەھمەتلىك خاقان ئاتىسىنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئاق بولغاي ۋە چاچلىرىمۇ ئىلتىپات ۋە ياخشىلىقنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئاقارغاي! ھۆرمەتلىك بېكەم، مەن يېقىندا ۋەتەندە جىق پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. ئوزاقى يىلى① ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم. بۇ راستمۇ؟

ساھىب ئاقساقال بەگچەكنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇراتتى، ئەمىر ئاغىچا ئۆزىنى زادىلا تۇختىتىۋالالماستىن ئۆرتىنىپ ـ

① ئوزاقى يىلى ـــ مىلادىيە 1365 ـ يىلى.

ئۆرتىنىپ يىغلاپ كەتتى.

ئەمىر ئاغىچىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرگەن بەگچەك ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى:

— تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئاچقۇچى ھېچكىمنىڭ قولىدا ئەمەس. بەلكى قادىر مۇتلەق پەقەت ئاللادىدۇر. دوغلاتلار ئەزەلدىن چاغاتاي خانىدانىغا سادىق بولۇپ كەلگەن بىر قوۋم ئىدى. بىراق، بىز ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تۇز ھەققىگە خىيانەت قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندۇق. رىزىق دەپتىرىدە ئۇل بەتبەختىنىڭ ئۆمۈر پىيالىسى تولغاندا، گۇناھى ئۇنى چوقۇم دوزاخقا سۆرەپ بارىدۇ!

ئەمىر ئاغىچا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئاقساقال بەگچەككە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىر باشتىن سۆزلەپ بەردى.

— ھۆرمەتلىك ساھىب ئاقساقالنىڭ مەرھۇم ئۇلۇسبېگى ئەمىر بولاجى دوغلاتنىڭ خۇدايدات دەپ ئوغلى بار ئىكەنلىكىدىن بەلكىم خەۋىرى بولسا كېرەك؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— شۇنداق، خەۋىرىم بار. تۇغلۇق تۆمۈرخان ھايات ۋاقتىدا ئەمىر بولاجى دوغلاتنىڭ ئۇلۇسبېگىلىق مەرتىۋىسىنى بەگزادە خۇدايداتقا جۇلدۇ جاساق قىلىپ بەرگەنىدى، — دېدى ئۇ ئەمىر ئاغىچىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

— ھەببەللى، تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئوتتۇرىسىدىكى گىنە ـ ئاداۋەتمۇ دەل مۇشۇ ئىشتىن باشلانغان...

— قانداق دېيدىلا، ھۆرمەتلىك بېكەم؟

— ئەمىر بولاجى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن ئاكىسىنىڭ ئۇلۇسبېگىلىق مەرتىۋىسىنى ئۆزىگە جۇلدۇ جاساق قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، خان ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئەمىر قەمەرىدىننىڭ قارا

كۆڭلىدە تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ خانىدانىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك ئۇچقۇنى دۇت ئېلىپ تۇتەپ يېنىشقا باشلىغان. ماۋەرائۇننەھرلىك توپىلاڭچى بەگلەر مۇستەقىللىق ناغرىسىنى چېلىپ چىققاندا، خان ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىككى داپقۇر ئۇلۇغ لەشكەر باشلاپ بېرىپ، بۇ توپىلاڭچى بەگلەرنى ياساقىقا تارتىپ تىنچىتقانىدى. ئىلياس خانمۇ ساھىبقىران خاقان ئاتىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا چىقارغان قارارىغا بىنائەن ماۋەرائۇننەھرنى ئۇزۇل ـ كېسىل تىنچىتىش ئۈچۈن ئۈچىنچى داپقۇر ئۇلۇغ لەشكەر باشلاپ بېرىپ، ئىسيانچىلارنى سۇر ـ توقاي قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئاداۋەت زەنجىرىنى جىرىڭلىتىپ، ئاخىر كاشغەردە ئىسيان ناغرىسىنى چېلىپ چىقتى.

— يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئازراقلا پۇرسەتكە ئىگە بولۇۋالسىلا، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە پىتنە ـ پاسات ئوتىنى ياقىدۇ. ئوت تۇتىشىپ چوڭ يانغىنغا ئايلانغاندا، يوغان كۆتەكلەرنىڭ ئۇلۇغ ئوتتا كۆيۈپ كۇل بولۇشى ھېچ گەپ ئەمەس! ھۆرمەتلىك بېكەم، يېقىندا بىز ئاڭلىغان خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۆزىنى چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت ئىگىسى، دەپ ئېلان قىپتىمىش. بۇ راستمۇ؟

— مېنىڭ تۇغلۇقزادە خىزىرخوجىنى ئېلىپ بەدەخشانغا مۇساپىر بولۇپ قېچىپ چىقىشىممۇ دەل ئاشۇ تۇزكور مۇناپىقنىڭ سەۋەبىدىن بولغان!...

— چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت ۋارىسى ئىلياس خوجا ئوغلان ئەمەسمىدى؟ — دېدى ساھىب ئاقساقال بەگچەك تەئەججۇپلىنىپ، — پەلىد ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات قانداق قىلىپ چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالالىدى؟

— بۇ ھەقتە سۆزلەپ كەلسەم، سۆزۈمنى ئۈچ ـ كېچە

www.uyghurkitap.com

كۇندۇزدىمۇ سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن ! ـــ دېدى ئەمىر ئاغىچا، ـــ شۇڭا، مەن گەپنى پايتەخت دارۇغەسى ئەمىر لەشكەر تۆمۈر مەلىك باھادىر بىلەن ئىسيانچى ئەمىر قەمەرىدىن ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سۈلھى شەرتنامىسىدىن باشلاي !...

*　　　*　　　*

پايتەخت دارۇغەسى، ئوردا قۇرچىلىرىنىڭ ئەمىر لەشكىرى تۆمۈر مەلىك باھادىرنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەشتىن كېيىن، شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بىلەن سۈلھى سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئىسيانچىلارنىڭ كەيگەن بويىدىكى بارگاھىغا قاراپ ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغ تۈن قاراڭغۇسى بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان خۇپتەن ۋاقتى بولۇپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ كېتىشكەندى. كەيگەن دەرياسىدىن كۆتۈرۈلگەن نەمخۇش ھاۋا دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

تۈن قاراڭغۇلۇقىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ يىراقتىن تاراسلاپ چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاتلىق ئادەملەر كەيگەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ توقايلىققا چىققاندا، تەرەپ ـ تەرەپلەردە گۈلخان يېقىپ ئولتۇرۇشقان قاراۋۇللار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. ئاتلىقلارنىڭ مۇددىئاسىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، يولنى ئېچىپ، بۇ ئاتلىقلارنى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

كەيگەن بويىدىكى كەڭرى كەتكەن توقايلىقنىڭ ئىچى ئىسيانچىلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەندى. ئاتلىقلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ قارارگاھىغا يېقىنلاشقاندا، قوللىرىدا نەيزە ـ ئايپالتا تۇتۇپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىشىۋالغان لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى ئاتتىن چۈشۈردى.

شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئۆزلىرىنىڭ

ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىبېشى، «قۇتبى زامان» ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات جانابلىرى بىلەن ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش توغرىسىدا جىددىي كۆرۈشمەكچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئۇلارغا ئېيتىۋىدى، قاراۋۇللاردىن بىرسى قارارگاھقا خەۋەر قىلغىلى كىرىپ كېتىپ، ھايالشىماستىنلا قايتىپ چىقتى ۋە «قۇتبى زامان» جانابلىرىنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى.

ئۇلارنى قارارگاھنىڭ ئىشىكىدە كۈتۈۋالغان سوغۇق چىراي غوجىدار بىللە كەلگەن نۆكەرلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، شەيخۇلئىسلامنى يالغۇز ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپ كىردى.

چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ چارىبېغى بولغان كەيگەن بويى ئارامگاھى ھازىر ئىسيانچىلارنىڭ بارگاھىغا ئايلاندۇرۇۋېلىنغان بولۇپ، شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا كىرگەن بۇ ئۆي ئەسلىدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خابگاھى ئىدى.

ئۆينىڭ ئىچى ياسىداق بولۇپ، يەرگە ئوتقاشتەك ئېسىل خوتەن گىلىمى سېلىنغان، تورۇستىكى ئالتۇن قەندىللەردە يېنىپ تۇرغان شاملار ئۆينىڭ ئىچىنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۆينىڭ تاملىرىغا تۇغلۇق تۆمۈرخان ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن شاپ ـ قىلىچ، قالقان ـ سىپەر، ئوقيا ـ ساغداق ۋە دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلار ئېسىقلىق ئىدى. خابگاھ كېڭەشخانا بىلەن تۇتاش ئىدى. ھازىر كېڭەشخانىنىڭ ئىشىكى چىڭ يېپىقلىق بولۇپ، ئىچىدىن كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىرپەس ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىبېشى، «قۇتبى زامان» ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـــ بەس ! ئاۋۋال شەيخۇلئىسلام جانابلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى ئاڭلاپ بېقىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئەنە شۇ چاغدا بېكىتىمىز ! جانابىي بارمان بەگ، سىز قوشۇنلىرىڭىزنىڭ شەھەر قوۋۇقىغا قىلىۋاتقان ھۇجۇمىنى

هازىرچە توختىتىپ تۇرغايسىز ! ئەمىر شەمسىدىن جانابلىرى بىلەن ئەمىر شەيخىدىن جانابلىرى مېنىڭ بىلەن بىللە شەيخۇلئىسلام جانابلىرىنىڭ ئالدىغا چىقسۇن، قالغانلىرىڭلارغا ئىجازەت !

كېڭەشخانىنىڭ ئىچىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازلار بېسىققاندىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلىپ، ئىنسانچىلارنىڭ كاتتىبېشى، «قۇتبى زامان» ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىنىلىرى ئەمىر شەمسىدىن دوغلات ۋە ئەمىر شەيخىدىن دوغلاتلار چىقىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى تۇتۇلغان بولۇپ، ئىنتايىن سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات زەرباب تونىنىڭ ئۈستىدىن باغلانغان كۈمۈش توقىلىق كەمىرىگە ئېسىلغان قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتقان هالدا شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى.

«قۇتبى زامان» ئەمىر قەمەرىدىن سەل جۇدەپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزىدىكى مويلۇق ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن مۇغەمبەرلىكى چىقىپ تۇراتتى.

شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئولتۇرغاندىن كېيىن قولىنى پاتىهەگە كۆتۈرۈپ قىسقا دۇئا قىلدى ۋە:

— ئەسسەلاتىن زىللەللاهۇفىل ئەرز ! — دېدى ئۇ گەپىنى ئەگىتمەستىن ئۇدۇللا قىلىپ، — دوغلاتلار چاغاتاي خاندانىغا ئەزەلدىن ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن بىر قوۋم ئىدى. هالا بۈگۈنگە كەلگەندە بىز ئەمىر جانابلىرىنىڭ بۇ خاندانغا قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى زادىلا چۈشەنمىدۇق ! ئىلياس خان جانابىي ئالىيلىرى هازىرقى چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ شەرئى خاقانىدۇر. شۇڭا، جانابىڭىزنىڭ ئۇنىڭ تەختگاهى بولغان ئاستانىسىنى پەتهى قىلماقچى بولغانلىقى ياساققا هەم مۇخالىپ كېلۇر !



www.uyghurkitap.com

شەيخۇلئىسلامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى ـ دە:

ـــ مەن ئاللاتائالانىڭ ھىدايىتىنى جارى قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن لەنىتى قاراتاپان مالچى تۇغلۇق تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى بولمىش بالا خان ئىلياس خوجىغا قارشى جەڭ قىلىپ چىققانمەن ! شۇڭا، مېنىڭ بۇ ئىشىم ھەقتائاللانىڭ شەرئىتىگە تامامەن ئۇيغۇندۇر ! ـــ دېدى كەسكىن قىلىپ.

شەيخۇلئىسلام ئورنىدىن قىمىرلاپ قويۇپ «يارەببىم !» دەپ تاشلىدى.

ـــ قانداق، شەيخۇلئىسلام جانابلىرى، سىلى مېنىڭ سۆزۈمگە ھەيران بولۇۋاتامدىلا؟

ـــ ئەمىر جانابلىرى، ئەپۇ قىلغايسىز. مەن سىزنىڭ «ئاللاتائالانىڭ ھىدايىتىنى جارى قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن» دېگەن سۆزىڭىزنى چۈشەنمىدىم. سىز بۇ يەردە «ھىدايەت» دەپ نېمىگە ئىشارەت قىلماقچىسىز؟ بىلمىدىمكى، سىز مەرھۇم خان تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسى ئىلياس خاننىڭ جارى قىلدۇرغانلىرى ھىدايەت ئەمەس ئىدى، دېمەكچىمۇ؟

ـــ شۇنداق، يەتتە يىلدىن بېرى ئايىغى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىۋاتقان ماۋەرائۇننەھر ئۇرۇشلىرى تۈپەيلىدىن مەملىكەتنىڭ خەزىنىسى قۇرۇپ، ئاھالىنىڭ يىلىكى ئۈزۈلدى. پۇقرالارنىڭ مەئىشەت ـ روزغارى خانىۋەيران بولۇپ، ئۆلارنىڭ ئاھ ـ زارلىرى زېمىننى قاپلىدى. ئەمما، بۇ ناشۇكۇر ئۇرۇشنىڭ قىلچە نەتىجىسى كۆرۈلمىدى. بۇ ئۇرۇش مەملىكەتنى ئاللىقاچان يىمىرىلىش گىردابىغا ئەكېلىپ قويىدى. جانابلىرى بۇ ئاقىۋەتنى كۆرمىدىلىمۇ؟

ـــ ئەمىر جانابلىرى، سۆزىڭىزنى تامامەن خاتا دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما قوشۇنلىرىڭىز مەملىكەتنىڭ ئاستانىسى بولغان ئالمالىق شەھىرىنى قىرىق كۈندىن بېرى ھالقىدەك قورشىۋېلىپ، ئاھالىنى ئېغىر كۈنلەرگە گىرىپتار قىلدى...

ئەلۋەتتە، ماۋەرائۈننەھر ئۇرۇشىنىڭ پاتراق ئاخىرلىشىشىنى يالغۇز سىزلا ئەمەس، بىزمۇ خالايمىز. چۈنكى، ئۇرۇش قانچىكى سوزۇلغانسېرى، مەملىكەت شۇنچە خارابلىشىپ، پۇقرالار خانىۋەيران بولۇشىدۇ! شۇڭا، بۇ ھەقتە بىز سىز بىلەن بىردەكلىككە ئىگە، دەپ قارايمىز. ئەمدىكى گەپ، قانداق قىلىپ بۇ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ تېپىشتا قالدى...

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئىككى ئىنىسىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللادىن:

— شەيخۇلئىسلام جانابلىرىنىڭ بۇ ئىشنى ھەل قىلىش توغرىسىدا قانداق مۇۋاپىق مەسلىھەتى باركىن؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىز بىلەن ئەمىر شەمسىدىن ۋە ئەمىر شەيخىدىن جانابلىرى مەۋكەبتىكى مۇھىم ئەركانلاردىن سىزلەر. خان ئالىيلىرىنىڭ تۈز ھەققىنى ئاقلاش يۈزىسىدىن بولسىمۇ، ئىككى ئوتتۇرىدىكى گىنە - ئاداۋەت دېگىنى ئەپۇ قەلىمى بىلەن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، يارىشىش يولىنى تۇتماقلىقىڭىزلار جايىزدۇر. شۇڭا، بىز سىزلەردىن ئاھالىنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پايتەخت مۇھاسىرىسىنى دەرھال بوشىتىشنى تەلەپ قىلىمىز. ئاندىن بىز سىزلەر بىلەن بىللە ئىلياس خان جانابىي ئالىيلىرىنى ماۋەرائۈننەھردىن دەرھال لەشكەر چېكىندۈرۈپ، بۇنداق ئەجىر - مۇشەققىتى كۆپ، تۆھپە - نەتىجىسى ئاز ئۇرۇشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە كۆندۈرەيلى!

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى - يۇ، ئەمما ئۈندىمىدى، ئۇ مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللاغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، يۈزىدە سۇرلۇك ساختا كۈلكىسى جىلۋىلىنىشكە باشلىدى:

— بەس! مۇشكۇلىمىزنى ئاللاتائالا ئۆزى ئاسان قىلغاي! — دېدى ئۇ، — مەملىكەت چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ مەملىكىتى، بىز

ھىدايەت تۇغىنى تاجۇ تەختىنى دەپ ئەمەس، بەلكى چاغاتاي مەملىكىتىنى ۋەيران قىلىشقا باشلىغان ئاشۇ ناشۇكۇر ئۇرۇشنى تېرزەك ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈرۈپ چىقتۇق. مۇبادا ئىلياس خان راستلا بۇ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا قوشۇلسا، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىشقا قوشۇلىمىز !

— ئەمىر جانابلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق سۆز قىلدى، — دېدى شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئۇنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ، — شۇنداق، چاغاتاي مەملىكىتى خۇددى سىز ئېيتقاندەك پۈتۈن چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ مەملىكىتىدۇر. مەملىكەتنى مۇنقەرزلىكتىن ساقلاپ قېلىش بىز ھەممىمىزنىڭ بويىنىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەتتۇر. ھەممە مۆمىن بەندىلەرنىڭ ئەركى - ئىختىيارى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىلكىدىدۇر، ئەلۋەتتە ! بىراق، بىزلەر بۇ مەملىكەتتە، بۇ سەلتەنەتتە يۈكسەك مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقان مۇھىم دۆلەت ئەربابلىرى ھېسابلىنىمىز. شۇڭا، مەملىكەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى، تىنچ - ئاسايىشلىقىنى قوغداش بىز ئۈچۈن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دۆلەت مەنپەئەتى ھېسابلىنىدۇ !

— مەۋلانام، سىلى ئىنتايىن غۇرۇرلۇق ۋە تولىمۇ بۈيۈك سۆزلەرنى قىلىۋاتىدىلا، — دېدى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات قويۇق قاشلىرىنى يىمىرىپ تۇرۇپ، — ئەمما، پېقىرنى كەچۈرگەيلا، مەن بۇ سۆزلەرنى سىلىنىڭ ئاغزىلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئىلياس خاننىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاشنى بەكمۇ خالايتتىم !...

ئۇنىڭ سۆزلىمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات قول سىلكىدى:

— سۆزۈمنى تولۇق ئېيتىپ بولۇشقا رۇخسەت قىلغايلا، شەيخۇلئىسلام جانابلىرى ! مەن بىلىمەن، سىلى چاغاتاي خاندانىغا بولغان ساداقەتلىكلىرى تۈپەيلىدىن شۇنداق دەپ ئېيتىۋاتىدىلا ! شۇنداق، چاغاتاي خاندانىنىڭ مېھىر -

شەپقىتىنى ئۆنتۈش تۈزكورلۇق بولىدۇ. بىراق، سىلىدىن سوراپ باقاي: جەننەت ماكان ئاغام ئەمىر بۇلاجى قايتىش قىلغاندىن كېيىن، ئۇلۇسبېگلىق مەرتىۋىسى ئەسلىدە ماڭا تالىق بولۇش كېرەك ئىدىغۇ؟ ئەمما، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنى ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى تېمىپ تۇرغان كىچىك بىر بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇنىڭدىن بەلكىم سىلىنىڭمۇ خەۋەرلىرى بولسا كېرەك؟...

— شۇنداق، مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار. بىراق...

— ئەمما، مۇشۇ ئىش بىلەن بىز دوغلاتلارنىڭ بەختىمىزنىڭ قارا بولغانلىقىنى بىلەمدىلا؟ ئەسلىدە چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى ئەڭ چوڭ ھوقۇقلۇق تۆت قەبىلىنىڭ ئىچىدە بىز دوغلاتلارنىڭ قالغان ئۈچ قەبىلىگە ھۆكمىمىز تولۇق ئۆتەتتى. ھالا بۈگۈنچۇ، ئۇلار بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلامدۇ؟

— ئەپسۇس، چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەيدۇ، — دېدى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا، — ئەمىر جانابلىرى، ئالدىڭىزغا قارىغايسىز. مەملىكەت ۋە سەلتەنەتنىڭ تىنچ - ئاسايىشلىقىنى ئويلىغايسىز. مەرھۇم تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلغان قارارىنى خاتا دېيىلا، چاغاتاي سەلتەنەتىدىن يۈز ئۆرۈمەك ئىنسابلىق ئىش بولماس!

— چاغاتاي مەملىكىتى ھازىر ئوت بىلەن سۇنىڭ ئىچىدە قالدى، — دېدى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات دەرھال ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ، — تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى، بالا خان ئىلياس خوجا مەملىكەتنى ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا سۆرەپ كىرگەن ئاشۇ ماۋەرائۇننەھر ئۇرۇشىنى باشلاپ، جاھىللارچە داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇلار بىلىپ قويسۇنكى، چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ تاجىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا بىز دوغلاتلار كىيدۈرگەنمىز! مۇبادا ئىلياس خان ئۇرۇشنى دەرھال توختاتمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ بېشىدىن بۇ تاجنى ئېلىپ تاشلاشمۇ ھەم بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدۇ! شۇڭا، ئىلياس خوجا يا بۇ ئۇرۇشنى دەرھال

توختىتىشى كېرەك، ياكى بولمىسا بىز ئۇنىڭ بېشىغا قوندۇرغان بۇ تاجنى ئۆزىمىزگە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك!

— جانابىي ئەمىر قەمەرىدىن، — دېدى شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — بىز سىزنىڭ بىرىنچى شەرتىڭىزگە قوشۇلىمىز. «قۇرئان كەرىم»دە: «ئەسسەلاتىن زىللەللاھۇفىل ئەرز!» يەنى «خان - پادىشاھلار ئاللانىڭ زېمىندىكى سايىسىدۇر!» دېيىلگەن. ئۆز پادىشاھىنىڭ ئىرادىسى جىمىكى ئەركان - ئەكابىرلار ئۈچۈن پەرزدۇر. ماۋەرائۇننەھر بەگلىرى ئىلگىرىدىن تارتىپ چاغاتاي خانلىرىغا باش ئېگىپ، ئىتائەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ كېلىشكەنىدى. ھالا كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ئۇلار تەپرىقىچىلىك قىلىشىپ، چاغاتاي سەلتەنەتىگە قارشى ئىسيان ناغرىسىنى ئاشكارا چېلىپ چىقىشتى. ئۆز پادىشاھىنىڭ ئىرادىسىگە باش ئەگمىگەن ئەركانلىرىنى تۇتۇپ ياساقىغا تارتىش — خان - پادىشاھلار ئۈچۈنمۇ ھەم پەرز ۋە قەرزدۇر! ماۋەرائۇننەھر ئۇرۇشى ساھىبقىران تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىرادىسى ۋە مەرھۇم ئۇلۇسبېگى، سىزنىڭ ئاغىڭىز ئەمىر بۇلاجى جانابلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قارار قىلىنغان. بۇ ئىشتىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بار، ئەلۋەتتە. كېلىڭ، ئىلياس خاننى ماۋەرائۇننەھر ئۇرۇشىنى دەرھال توختىتىشقا بىز بىرلىكتە كۆندۈرەيلى! ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، سىزمۇ قوشۇنلىرىڭىزغا پايتەخت مۇھاسىرىسىنى دەرھال بوشىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈڭ!

بۇ چاغدا سورۇن ئەھلىنىڭ ھېچقايسىسىدىن سادا چىقمىدى. ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئورنىدىن بىر قوزغىلىپ قويدى - يۇ، ئەمما لام - جىم دېمەستىن بېشىنى سالغان پېتى پۈشۈلداپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

خاننىڭ ئىچىدە ئېغىر سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بىراق، بۇ سۈكۈنات ئاخىر يەنە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلاندى.

— ماقۇل، بىز شەيخۇلئىسلام جانابلىرى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى قوبۇل قىلايلى، — دېدى ئۇ، — بىراق، سۇلھى شەرتنامىسىگە پايتەخت دارۇغەسى، ئەمىرلەشكەر تۆمۈر مەلىك باھادىر جانابلىرى شەخسەن ئۆزى قول قويۇپ مۆھۈرىنى باسقاندىن كېيىن، ئاندىن بىز پايتەخت مۇھاسىرىسىنى بوشىتىپ، لەشكەرلىرىمىزنى چېكىندۈرىمىز. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇھاسىرىنى بوشىتىشنى ئويلاشمايمىز ! بىز شەيخۇلئىسلام جانابلىرىدىن بىزنىڭ بۇ تەلىپىمىزنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمىز !

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئاغدى، ئەمما قىلچە چاندۇرمىدى:

— مەن دەرھال قايتىپ بېرىپ، ئەمىر جانابلىرىنىڭ بۇ تەلىپىنى دارۇغە جانابلىرىغا يەتكۈزەي ! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

ئۇلار شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، خابگاھقا قايتىپ كىرىشتى. ئاغىسى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ شەيخۇلئىسلام قويغان شەرتلەرگە ئالدىراپ ماقۇل بولغانلىقىنى چۈشەنمىگەن ئەمىر شەمسىدىن دوغلات:

— ئاغا، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە ئالدىراپ ماقۇل دەۋەتتىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن، — بىز شەھەرنى پەتھى قىلىشقا تامامەن قادىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، مۇھاسىرىنى بوشىتىشقا ماقۇل بولدىڭىز، سىزنىڭ زادى نېمە ئويىڭىز بار ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇق !

— ھۆرمەتلىك ئىنىم، بىلەمسىز، پايتەخت خەلقىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ خانىدانىغا بولغان ئەقىدە - ئىخلاسى ھەددىدىن زىيادىدۇر، — دېدى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالمالىق شەھىرى سىپىل - ئىھاتىسى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولغان شەھەردۇر. ئاڭلىسام ھازىر يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە چوڭ -

كىچىك پۇقرا ئۆز ئىختىيارى بىلەن پايتەخت دارۇغەسى، ئەمىر لەشكەر تۆمۈر مەلىك باھادىرغا پىدائىي بولۇشۇپتۇ. دېمەك، پادىشاھنىڭ پۇقراغا بولغان ئىشەنچى، پۇقرانىڭ پادىشاھىغا بولغان ئىخلاسى ۋە ئېتىقادى ئۆزئارا بىرلىشىپ ئىتتىپاق بولسا، بۇنداق شەھەرنى باشقا بىر يېگانە ئۆزگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قول ئۇزارتىپ، مۇراد غۇنچىسىنى ئۈزەلىگەنلىكىنى بىز ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا چوڭ خان ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن كېلىپمۇ ئالمالىقنى پەتھى قىلالماستىن، ئاخىر ئېسەن بۇغاخان بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، خانبالىققا قايتىپ كەتكەنىكەن! ئالمالىق شەھىرىدە ئىتتىپاقلىق، بىرلىك مەۋجۇت. ئۇنى زورمۇزور قولغا كىرگۈزىمىز دېسەك، بىز ناھايىتى چوڭ زىيان تارتىمىز. ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى، زىيان تېخىمۇ زورىيىدۇ. ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىرنىڭ مەقسىتىمۇ كەينىگە سۈرۈش ئارقىلىق ۋاقىتنى ئۆتۈش، يەنى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، بالا خان ئىلياس خوجىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، پايتەخت ئالمالىق شەھىرىنى ھۇجۇمغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى تەدبىرگە تايىنىپ تېز پەتھى قىلىش — بىزنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر چىقىش يولىمىز ھېسابلىنىدۇ!

— ئاغا، سىز زادى قانداق تەدبىر بىلەن شەھەرنى پەتھى قىلماقچى؟

— پايتەخت دارۇغەسى، ئەمىر لەشكەر تۆمۈر مەلىك باھادىر بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن تەجرىبىسىز ياش سەركەردە، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز تەدبىر بىلەن ئۇنى شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىشقا مەجبۇر قىلالىساقلا، شەھەر پەتھىسى تامامەن كاپالەتكە ئىگە بولدى، دەپ ھېسابلىساڭلار بولىدۇ!

— ھۆرمەتلىك ئاغا، ئۇ بىزنىڭ مۇددىئايىمىز بويىچە شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ بېرىشكە ماقۇل بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى

ئەمىر شەيخىدىن دوغلات ئىشەنمەي.

ئۇلارنىڭ تەنتەكلىكىنى كۆرۈپ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات مىيىقىدا كۇلۇپ قويدى ۋە:

— بايا مېنىڭ شەيخۇلئىسلام جانابلىرىغا: «سۇلھى شەرتنامىسىگە ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر شەخسەن ئۆزى قول قويۇپ، مۆھرىنى باسقاندىن كېيىن، بۇ شەرتنامە ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ، بىز ئەنە شۇ چاغدا پايتەختنى مۇھاسىرە قىلىشنى توختىتىپ، دەرھال لەشكەر چېكىندۇرىمىز !» دېگەنلىكىمنى ئاڭلىدىڭلارغۇ؟

— ئاڭلىدۇق. بىراق، تۆمۈر مەلىك باھادىر بۇ شەرتنامىگە قول قويۇپ، مۆھۈر بېسىشقا ماقۇل كەلمىسىچۇ؟

— ئەخمەق ئىكەنسىلەر ! ئۇ نېمىشقا ماقۇل كەلمەيدىكەن؟ بىز شەھەرگە قىلىۋاتقان ھۇجۇمنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۇنى ماقۇل قىلىشقا مەجبۇرلايمىز. قالغىنىنى ئەنە شۇ چاغدا كۆرىسىلەر ! — دېدى ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۇلۇپ.

— دانا ئىكەنسىز، ئاغا، ھەقىقەتەن دانا ئىكەنسىز ! كارامەت دانا ئىكەنسىز ! — دېيىشتى ئۇلار قايىل بولۇپ...

— كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى خۇددى پەلىد ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ چىقتى، — دېدى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىدىن خەۋەردار بولغان ئەمىر ئاغىچا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئىلياس خاننىڭ تاغىسى، پايتەخت دارۇغىسى ۋە ئوردا قورچىلىرىنىڭ ئەمىر لەشكىرى تۆمۈر مەلىك باھادىر بۇ ھىيلىگەر قېرى پەلەكنىڭ مەككارلىقىنى تېخى كۆرمىگەن، زامانە ئوچاقلىرىنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن تەجرىبىسىز سەركەردە بولغاچقا، شەيخۇلئىسلام مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا جانابلىرى ئەكەلگەن ئاشۇ بىر ۋاراق قەغەزگە پۈتۈلگەن سۇلھى شەرتنامىسىنى كۆرۈپلا، نېرى - بېرىنى ئويلىماستىن، ئىسيانچىلارنىڭ كەيگەن

بويى بارگاھىغا بېرىپ شەرتنامىگە قول قويۇپ، مۆھۈر باسماقچى بولدى. بىراق، مۆھۈردار يەلىلىغ تايشى ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئىسيانچىلار بارگاھىغا بېرىشىنى لازىم تاپمىدى ۋە سۇلھى شەرتنامىسىگە مۆھۈر باسىدىغان ئورۇننى شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يۆتكەشنى تەكلىپ قىلدى. مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا بۇ ئىشنى كېڭىشىش ئۈچۈن، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ كەيگەن بويى بارگاھىغا يەنە بىر قېتىم باردى ۋە ئانچە ھايالشىماستىنلا ئۇنىڭ ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىرغا يازغان بىر ۋاراق مەكتۇپىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

بۇ مەكتۇپتا ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات مۇنداق دەپ يازغانىدى:

«... خۇلاسە كالام شۇكى، بىز پايتەخت قوۋۇقىنىڭ ئالدىغا پەقەت ئىلياس خان جانابىي ئالىيلىرىنى ئەجىر ـ مۇشەققەتتىن كۆپ، ئەمما تۆھپە ـ نەتىجىسى بولمىغان ماۋەرائۇننەھر ئورۇشىنى توختىتىپ، لەشكەر چېكىندۇرۇشكە دەۋەت قىلىپ كەلدۇق. بىزنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەقسىتىمىز يوق. بىز دوغلاتلار ئەزەلدىن چاغاتاي سەلتەنەتىگە سادىق بولۇپ كەلگەنمىز. خان ئالىيلىرىنى چاغاتاي ئېلىنىڭ، چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ ئامانلىقىنى ۋە پۇقرانىڭ روزغارىنىڭ تىنچ ـ ئاسايىشلىقىنى كۆزلەپ بولسىمۇ، بۇ ناشۇكۇر ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشقا دەۋەت قىلىشتا سىزكىم دارۇغە جانابلىرىنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش پىكىردە ئىكەنلىكىڭىزگە تامامەن ئىشىنىمىز. سۇلھى شەرتنامىسىگە قول قويۇپ، مۆھۈر بېسىش پايدىسى ھازىرغا، تۆھپىسى مەڭگۈگە تالىق، مەسئۇلىيىتى ئىنتايىن چوڭ بولغان بۈيۈك ئىش بولغانلىقتىن، بىز دارۇغە جانابلىرىنى كەيگەن بويى قارارگاھىمىزغا كېلىشكە يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلىمىز. مۇبادا دارۇغە جانابلىرى قەدەم تەشرىپ قىلىشنى لايىق كۆرمىسە، ئۇشبۇ شەرتنامە دەرھال كۈچتىن قالىدۇ. بىزمۇ شەھەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلايمىز! گەپ ۋەسسالام!...»

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئەمىر ئاغىچا بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى ـ دە، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

ــ ئۇلۇغلار: «قۇش يېڭىلىپ تورغا چۈشىدۇ؛ ئادەم يېڭىلىپ قولغا چۈشىدۇ!» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن! شەيتان لەئىن بىلەن ھىيلە ـ مىكىردە ساۋاقداش، چارە ـ تەدبىردە كەسپداش، دۈشمىنىگە قارشى تۇرۇشتا نەيرەڭۋازلىقى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان، قىسمەت يۇلتۇزلىرى پەلەكنىڭ بىر بۇرجىكىدىن چىققان ۋە بەخت ـ تەلەيلىرى باراۋەرلىكتە بىر جايدىن ئورۇن تۇتقان لەنەتكەردى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات دېگەن بۇ قىزىل كۆز كاززاپنىڭ شىرىن ـ سۇخەن سۆزىگە ئىشىنىپ كەتكەن ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىر يەللىغ تايشى جانابلىرىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ توسقىنىغا ئۇنىماستىن يىگىرمە نۆكىرىنى ئېلىپ كەيگەن بويى بارگاھىغا قاراپ كېچىلەپ يولغا چىقتى.

ئۇلار بارگاھنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، ئاللىقاچان چاقسا ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بىلەن ئۇنىڭ ئىنىلىرى ئەمىر شەمسىدىن دوغلات ۋە ئەمىر شەيخىدىن دوغلاتلار ئالدىراپ كېلىشىپ تۆمۈر مەلىك باھادىرنى ئاتتىن كۆتۈرۈپ چۈشۈرۈشتى ۋە قولتۇقىدىن يۆلەپ بارگاھنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. نۆكەرلىرىنى تالادا قالدۇرۇپ، ئۇنى تۇغلۇق تۆمۈرخان ھايات ۋاقتىدا تۇرغان خابگاھقا باشلاپ كىردى. ئۇلار بۇ ئۆيدە سۇلھى شەرتنامىسىنى ئىمزالىشىپ، مۆھۈر بېسىشقاندىن كېيىن، كاتتا بەزمە ـ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى كۈتۈۋالدى. دەل مۇشۇ چاغدا خابگاھنىڭ ئىچىگە ئالدىن مۆكتۈرۈپ قويۇلغان قوراللىق ياساۋۇللار تەرەپ ـ تەرەپتىن دەۋرەپ كېلىشىپ، تۆمۈر مەلىك باھادىرنى تۇتۇپ يەرگە يىقىتقاندىن كېيىن پۇت ـ قولىنى

چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ تاشلىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى شۇنداق پىنھان قىلىشتىكى، بۇنداق بولغانلىقىنى ھېچ كىشى كۆرمىدى. ئاندىن ئۇلار يەنە ئەمىر تۆمۈر مەلىك باھادىرنىڭ تالادىكى يىگىرمە نەپەر نۆكىرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، دەرھال قورالسىزلاندۇرغاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، پۇت - قوللىرىنى باغلاپ مىدىرلىيالماس قىلىپ تاشلىدى.

پەلىد ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات پايتەخت دارۇغەسى، ئوردا قۇرچىلىرىنىڭ ئەمىرلەشكىرى تۆمۈر مەلىكنىڭ نامىدا: «مەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات جانابلىرى بىلەن پايتەختنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان لەشكەرنى چېكىندۇرۇش ھەققىدە تەپسىلىي مۇزاكىرىلەشمەكچى، ئاللا خالىسا، ئەتە قايتىمەن !» دەپ نامە پۈتۈپ، تۆمۈر مەلىك باھادىرنىڭ ئەمىرلەشكەرلىك مۆھرىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە باسقاندىن كېيىن، بۇ نامەگە ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويۇپ مۆھۈر باسقان سۇلھى شەرتنامىسىنى قوشۇپ بىللە چاپارمەندىن ئوردىدىكىلەرگە ئەۋەتتۇەتتى...

— ھەي، ھەي ! — دەپ تاشلىدى ساھىب ئاقساقال بەگچەك ئەمىر ئاغىچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالماي، — بۇنىڭدىن ئىنسان گۇرۇھى، ئادىمىي زىيانداشلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنىڭ قانچىلىك ئاۋۇنلۇقىنى تاماشا قىلىش كېرەك ! ھۆرمەتلىك بېكەم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار قانداق بولدى؟

— پەلىد ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، — دېدى ئەمىر ئاغىچا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، پايتەختنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان لەشكەرنى كەيگەن دەرۋازىسى قوۋۇقىنىڭ ئەتراپىغا يۆتكەپ كېلىپ مۆكتۈرۈپ قويدى. ئۇ كېچىچە ھەممە تەييارلىقنى ئىشلەپ پۈتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئەتىگەندە تۆمۈر مەلىك باھادىرنىڭ تىلىنى رەھىمسىزلەرچە كېسىپ تاشلاپ، باغلاقلىق قولىنىڭ ئۇستىدىن كىيىملىرىنى كىيدۈرگەندىن كېيىن، ئاتقا مىندۇرۇپ، پۇت -

قولىنى ئاتنىڭ ئۈستىگە ئارغامچا بىلەن مەھكەم تېڭىپ مىدىرلىيالماس قىلىپ تاشلىدى، ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭ نۆكەرلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان يىگىرمە كىشىنى تاللىۋېلىپ، ھېلىقى نۆكەرلەرنىڭ كىيىمىنى ئۇلارغا كىيدۈرۈپ، تۆمۈر مەلىكنىڭ نۆكەرلىرى قىياپىتىدە ياساپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدۇردى.

ئۇلار پايتەخت سېپىلىنىڭ كەيگەن دەرۋازىسى قوۋۇقى ئالدىغا كەلگەندە، قوۋۇقچىلارغا: «دەرۋازىنى ئېچىڭلار! داروغە جانابلىرى يېتىپ كەلدى!» دەپ ۋارقىرىدى. قوۋۇقچىلار ئۇلارنى كۆرۈپ: «داروغە جانابلىرى قېنى!» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: «كۆزۈڭلار كور بولدىمۇ سىلەرنىڭ؟ ئاۋۇ كېلىۋاتقان كىشى داروغا جانابلىرى بولماي كىم بولاتتى؟» دەپ ئۇلارغا قەھر قىلىشتى. قوۋۇقچىلار يىراقتا ئاتلىق كېلىۋاتقان كىشىنىڭ راستلا پايتەخت داروغەسى، ئوردا قورچىلىرىنىڭ ئەمىر لەشكىرى تۆمۈر مەلىك باھادىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرماي دەرھال تاختا كۆۋرۈكنى چۈشۈردى. دەل مۇشۇ چاغدا، ھېلىقى «نۆكەرلەر» ئۇشقۇيتىشىپ چاپقۇن قىلىپ كەلگەن پېتى مەڭدەپ تۇرۇپ قىلىشقان قوۋۇقچىلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىچلاپ تاشلاپ، شەھەر قوۋۇقىنى ئىگىلىۋېلىشتى. ئاندىن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتقا بەلگە بېرىۋەتتى.

سېپىل قوۋۇقىنىڭ ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بىر قول شىلتىۋىدى، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقان ئىسيانچى لەشكەرلەر ۋارقىرىشىپ چۇقان - سۈرەن سېلىشقان پېتى ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ھاڭغىرقاي ئېچىقلىق تۇرغان قوۋۇق ئارقىلىق شەھەرگە خۇددى تۇرۇلۇپ كەلگەن دەھشەتلىك سەل سۈيىدەك بېسىپ كىردى.

ئەمىر قەمەرىدىن خان ئوردىسىنى قاتمۇقات قورشىۋالغاندىن كېيىن، شەھەردە ئۈچ كۈن قەتلىئام يۈرگۈزدى...

www.uyghurkitap.com

خان ئـوردىسىنـى قوغداپ تۇرغـان قوٗرچىلارنىڭ سانى كـۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بەيتفالىخە، خانىش زەمۇران بىبىنىڭ باشچىلىقىدا ئوردىنى بەش كېچە ـ كۈندۈزگىچە باتـۇرلارچە قوغداپ، ئىسيانچىلارغا زور تالاپەت يەتكۈزۈشتى. بىراق، كـۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بـولغان ئوردىنى قوغداش جېڭىدە ئوردا قۇرچىلىرىنىڭ ھەممىسى باھادىرلارچە جەڭ قىلىپ پۈتۈنلەي ھالاك بـولغاندىن كېيىن، خان ئوردىسى ئاخىر ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇ كۈندىكى قانلىق جەڭنىڭ دەھشەتلىك مەنزىرىسى ھېلىغىچە مېنىڭ كـۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ!

— ھۆرمەتلىك بېكەم، بۇ قانلىق يېغىلىق ئارىسىدىن سىز تۇغـلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلانىنى قانداق قۇتۇلدۇرۇپ چىقتىڭىز؟

ئەمىر ئاغىچا پىيالىدىكى چايدىن بىر ئوتلام ئوتلىۋالغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— ئانا ـ بالا ئىككىمىز شۇ كۈندىكى ئاشۇ دەھشەتلىك قانلىق يېغىلىق ئارىسىدىن خانىكە ئايىم زەمۇران بىبىنىڭ ياردىمى بىلەن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقتۇق...

* * *

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ لەشكەرلىرى نۇرغۇن تالاپەت بېرىش ھېسابىغا بەشىنچى كۈنى كەچتە خان ئوردىسىنى ئاران تارتىۋالدى. ئۇ دەرھال ھەرەمنى قورشاشقا بۇيرۇق بەردى.

خانىكە زەمۇران بىبى ھەرەم ئىشىكىدىن بېسىپ كىرىۋاتقان قوراللىق لەشكەرلەرنى كۆرۈپ، پالاكەت يېقىنلاشقانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ھەرەم ئىشىكى ئالدىدا قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ غالىبلارچە كۆرەڭلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا سىپاھلار خۇددى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك زىچ سەپ تارتىپ

قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان هالدا ۋارقىرىشىپ تۇرۇشاتتى. خابگاهنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان خانىكە ئايىم زەمۇران بىبىنىڭ رەڭگى ـ رۇخسارى تاتىرىپ كەتتى ـ دە، تۇغلۇقزادە خىزىر خوجىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككىنچى هەرەمدىكى ئەمىر ئاغىچىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى ۋە ئاستاغىنا:

— تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلاننى ئېلىپ تېز قاچ! — دەپ پىچىرلىدى، — ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار!...

— بىز نەگىمۇ قاچالايمىز؟ قولىمىزدىن نېمە كېلىدۇ بىزنىڭ؟! — دېدى ئەمىر ئاغىچا، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى.

— نېمىگە هاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟! بالىنىڭ جېنىنى قۇتقۇز! ئۇ خاقان مۇرەببىمىز تۇغلۇق تۆمۈردىن قالغان بىردىنبىر نەمۇنە. ئەجەل شۇڭقارىنى ساهىبقىران خاقان مۇرەببىمىزنىڭ ۋۇجۇد كۆچىتىنى هاۋاغا ئۇچۇردى، هاياتلىق نەزمىسىنى ماماتلىق مەرسىيەسىگە ئۇلىدى. خىزىر خوجا ئوغلاننى ئۇ ماڭا تاپشۇرۇپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى مەن ئۇنى ساڭا تاپشۇرىمەن! ئۇنى چىن ئىنسان قىلىپ تەربىيەلەشنى سەن ئۆز ئۇستۇڭگە قىيامەتلىك قەرز قىلىپ ئارتىۋال. ساهىبقىران خاقان مۇرەببىمىزنىڭ بۇرچىنى شۇنىڭ بىلەن ئاقلا! بالىنى ئېلىپ تېز قېچىڭلار! ئەمدى ئۇنىمۇ نابۇت بولسۇن دەمسەن؟ — دەپ قەهر قىلدى خانىش ئۇنىڭغا.

— ئەي، خانىش ئايىم، بۇ يەردىن قانداق قىلىپ ساق ـ سالامەت باشنى ئاچىقىپ كەتكىلى بولىدۇ؟ — دېدى ئەمىر ئاغىچا يىغلاپ تۇرۇپ. بىراق، ئۇ خانىش ئايىمنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تەمكىن هالىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، كۆڭلى دەرهال تەسكىن تېپىپ ئورنىغا چۈشتى، — هازىر هەرەم پۈتۈنلەي قورشىۋېلىنغان! بۇ يەردىن قانات ياساپ ئۇچۇپىمۇ چىقىپ كەتكىلى بولماس!

— هودۇقما، ئۆزۈڭنى بېسىۋال! — دەپ خانىش ئايىم

ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. ئاندىن كېنىزەكلىرىگە بۇيرۇپ ئەمىر ئاغىچىنىڭ خانىشلىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، كونا نىمكەش كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، ئۇنى ئادەتتە ھەرەمگە ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدىغان سۇتچى دېدەك خوتۇننىڭ قىياپىتىدە ياساندۇردى. ئاندىن ئۇخلاۋاتقان تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلاننى بوش سوغىلارنىڭ بىرسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئاغزىنى بېكىتتى ھەمدە بۇ سوغىنى ئەمىر ئاغىچىنىڭ ئۆشنىسىگە ئارتتى ـ دە،

ـــ مانا ئەمدى سۇتچى خوتۇنغا ئوخشىدىڭ! سوغىنى يۇدۇگەن پېتىڭچە ھەرەمنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ ھودۇقماستىن ئالدىڭغا قاراپ مېڭىۋەر! ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھەرگىز ھودۇقما! ئۆزۈڭنى دادىل تۇتۇپ، ئىككى يېنىڭغا قارىماي مېڭىۋەر. مۇبادا سەن قولغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولساڭ، تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلان ھەرگىز ئامان قالمايدۇ! ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ نىيىتى ھەممىمىزگە ئايان. ئۇ تۇغلۇق تۆمۈرخان خاندانىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇۋەتمىگۈچە ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ! سىلەر ئوردىدىن ساق ـ سالامەت چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئۇدۇل دوغلات ئۇلۇسبېگى ئەمىر خۇدايداتنىڭ قەسرىگە بېرىڭلار! ئۇ تۇغلۇقزادە بىلەن ساڭا ھامىي بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالغىنىنى پەرۋەردىگارغا تاپشۇردۇم! ـــ دېدى ـ دە، كۆز يېشىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن دەرھال بېشىنى بۇراپ يېنىغا قاراپ تۇرۇۋالدى.

سۇتچى خوتۇنلاردەك ياسانغان ئەمىر ئاغىچا ئۆشنىسىگە سوغىنى يۇدۇگىنىچە ھەرەمنىڭ ئارقا ئىشىكىگە قاراپ يۈگۈردى ۋە سانجاق ـ سانجاق تۇرۇشقان قوراللىق سىپاھىلارنىڭ ئارىسىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ چوڭ كوچىغا چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئۇدۇل ئۇلۇسبېگى ئەمىر خۇدايداتنىڭ قەسرىگە قاراپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى...

ئەتىسى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك بولدى ـ دە، دەرھال ياساۋۇللارنى ئەۋەتىپ ھەرەمنى تىنتىدى. ئەمما، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىككىنچى كىچىك خانىشى ئەمىر ئاغىچا بىلەن ئوغلى خىزىر خوجا ئوغلان ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى. ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات دەرھال ئوردا قوۋۇقچىلىرىدىن سۈرۈشتە قىلىۋىدى، تۈنۈگۈن كەچتە ئۆشنىسىگە سوغا يۈدۈۋالغان بىر سۈتچى خوتۇننىڭ ھەرەمنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ كۆزىگە يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ بولدى، يېگىنى لوقما زوقۇم، ئىچكىنى ئوغا ـ زەھەر بولدى. ئۇ ئاچچىقىدىن ساقىلىنى يۇلۇپ:

— ئەمدى مېنىڭ ئىشىم تۈگەشتى. ئەمدى ماڭا ئۆلۈم شىپقاپ كېلىدۇ! — دەپ كۆپ نادامەت چەكتى. گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى...

— ئۇلۇسبېگى ئەمىر خۇدايدات جانابلىرى قولىمىزغا پۇل ـ پۈچەك بېرىپ، ئادەم قوشقاندىن كېيىن، بىزنى كاشغەرگە يولغا سېلىپ قويدى، — دېدى ئەمىر ئاغىچا سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — بىراق، بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىمۇ تەقىبكە ئۇچراپ ئۇزاق تۇرۇشقا پېتىنالمىدۇق. ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ئاخىر سانجۇ يولى ئارقىلىق بېشىمىزنى ئېلىپ مۇساپىر بولۇپ بەدەخشان مەۋزەئىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. راسا ئۇچ ئاي يول يۈرۈپ، بەدەخشان تەۋەسىگە ئاز قالغاندا ئالدىمىزدىكى قويۇق دەرەخلىكنىڭ ئارىسىدىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. ھەممە ياقنى بوغۇناق مانان قاپلاپ كەتتى. بۇ پېشىن ۋاقتى ئىدى. قارىساق ئەللىك، ئاتمىشچە ئاتلىق ئادەم ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار يۈزلىرىگە نىقاب تارتىۋېلىشقان بولۇپ، خۇددى چىلبۆرىلەردەك ۋەھىمىلىك ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە يول توسقۇچى قاراقچى ـ

باسمىچىلار ئىكەن. بىزنىڭ ئادىمىمىزنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى ۋە تۆگىلەرگە ئارتىلغان ماللىرىمىزنى كۆرۈپ بىز تەرەپكە ئات سېلىپ كېلىشتى. بىز ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئۆزىمىزنىڭ بەدەخشاننىڭ پايتەختى قەلئەيى زەفەر قەسەبىسىگە قاراپ كېتىۋاتقان كاشغەرلىك سودىگەرلەر ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتىپ ئۇلاردىن بىزگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىكىنى تىلەپ يېلىندۇق.

باسمىچىلار: «بىز بەدەخشان سۇلتانىغا قارىمايمىز ! هەم ئۇنىڭ تەۋەسىگىمۇ كىرمەيمىز !» دەپ هۇجۇمغا ئۆتۈشتى. ئەمىر خۇدايدات تەرىپىدىن بىزنى قوغداپ مېڭىشقا قوشۇپ بېرىلگەن قورۇقچىلارنىڭ بىر قىسمى ئاشۇ باسمىچىلار بىلەن بولغان سوقۇشتا ئۆلدى، يەنە بىر قىسمى قېچىپ كېتىشتى. مەن تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلان بىلەن ئىككى دېدىكىمنى ئېلىپ باسمىچىلارنىڭ قولىدىن ئاران ـ ئاران دېگەندەك قېچىپ قۇتۇلدۇق. پۇل ـ پۇچەك ۋە بار ـ يوق تەئەللۇقاتلىرىمىزنىڭ هەممىسىنى باسمىچىلار ئولجا ئېلىپ كېتىشتى. بىز بىر كۈن توق، بىر كۈن ئاچ يۈرۈپ دېگۈدەك قەلئەيى زەفەر شەهىرىگە ئاران كېلىۋالدۇق. مۇساپىرچىلىق، چارچىغانلىق، ئاچلىق، يوقسۇللۇق ۋە خورلۇق بىزنى يامان بەك ئېزىپ تاشلىدى. زامانىنىڭ بېشىمىزغا سالغان بۇ كۈلپىتىگە نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۆز ۋاقتىدا ئەزىز ئىدۇق، هالا بۈگۈن مانا مۇشۇنداق خار ـ زەبۇن بولدۇق !...

ئەمىر ئاغىچا سۆزىنى تۈگىتىپ، يۈرەكنى ئەزگۈدەك داد ـ پەرياد سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ ساهىب ئاقساقال بەگچەكنىڭ يۈرەك ـ باغرى كاۋاپ بولدى.

ــ بېكەم، سەۋر قىلغايسىز، ــ دېدى ئۇ ئەمىر ئاغىچىغا تەسەللى بېرىپ، ــ بۇ تەتۈر پەلەك جاپا ـ مۇشەققەت دەرياسىنى دولقۇنلاتسا، خۇدا ساقلىغايكى، هەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ

تۇتۇۋالسا، نىجاتلىق ساھىلىغا چىقىۋالغۇدەك بىرەر خەشەكمۇ تېپىلمايدۇ! ئىنشائاللا، سىز ۋە تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلان مېنىڭ بۇ ئاددىي كۆلبەمدە ئەمدى ھەرگىزمۇ خار بولمايسىلەر. بەلكى ئەمىر قەمەرىدىندەك ناشەرئى ئىشلارنى قىلغان تۇزكورلار خار ۋە زەبۇن بولۇر! شۇڭا، سەۋر قىلماق لازىم، سەۋر!

— بىز كاشغەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن چاغلاردا، — دېدى ئەمىر ئاغىچا كۆز يېشىنى كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، — ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات مۇرەببىم تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خاندانىدىن ئىلياس خان باشلىق ئون سەككىز كىشىنى شاھادەتلىككە يەتكۈزۈپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق.

ئانا ـ بالا ئىككىمىز ئۇلۇسبېگى ئەمىر خۇدايداتنىڭ قەسىرىدە پاناھلىنىپ تۇرغان ئاشۇ كۈنلەردە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات دېگەن خۇنخورنىڭ قولىدا قەتل قىلىنغاندىن كۆرە ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ۋاپاسى قالمىغان بۇ پانىي ئالەمدىن بىراقلا قۇتۇلايلى دەپمۇ ئويلىدىم. ئەمما، ئەمىر خۇدايدات جانابلىرىنىڭ ئانىسى بۇ نىيىتىمنى بىلىپ قېلىپ، مېنى توستى ۋە: «ئۆلمەك ئاسان، ياشاش قىيىن! چىن ئىنسان يېنىك ياشايدىغانغا تۇغۇلغان ئەمەس!» دەپ ماڭا تەسەللى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن: «قانداق ياشاش كېرەك؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ ماڭا: «ھاياتقا بولغان ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن ياشاش كېرەك. تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى پەقەت ھاياتقا بولغان ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەنلا يېڭىپ كەتكىلى بولىدۇ!» دەپ جاۋاب بەردى ۋە تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلاننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ شاھسانىيە مەڭلىك خاتۇننىڭ بەيتفالىخە زەمۇران بىبىگە ئېيتقان مۇنۇ سۆزى بىلەن نەسىھەت قىلىپ، دېدىكى:

— ھۆرمەتلىك بېكەم، سىز بۇ ئوغلاننى بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلدىڭىز؟ ئۇنىڭغا پەقەت ئۈمىد ئاتا قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇنىڭ قولىغا يېپيېڭى بىر دۇنيانى — مەرھۇم مۇرەببىڭىز تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى

تۇتقۇزۇش ئۇچۇنمۇ؟ ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ ئانا ئۆزىنىڭ باغرىنى يېرىپ چۇشكەن پەرزەنتىگە يېپيېڭى بىر دۇنيانى بېرىشنى خالايدۇ. سىزچۇ بېكەم، سىز خالىمامسىز؟ پەرزەنت ئاتىنىڭ ئۇلۇغ ئىشىنى داۋاملاشتۇرغۇچى ۋارىسىدۇر. مۇبادا ئانا بولغۇچى كىشى ئۆز پەرزەنتىگە يېڭى بىر دۇنيانى يارىتىپ بېرەلمىسە، ئۇ چاغدا ئۇنداق ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە بولغان مېھرىنىڭ ئىنەكنىڭ ئۆز موزىيىغا بولغان مېھرىدىن نېمە پەرقى بولسۇن؟! — دەپ مېنى ماماتلىق يولىدىن ھاياتلىق يولىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

ئەمىر ئاغىچا بىرپەس سۈكۈت قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— دانىشمەنلەر: «ھېچبىر غەمكىنلىك ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلغان غېرىبلارنىڭ غېمىدىن قاتتىقراق ۋە يامانراق بولمايدۇ!» دەپ ياخشى ئېيتقان. ئۇلار يەنە: «ھېچبىر مۇسىبەت ياخشىلاردىن ئايرىلىپ قالغاندىكى مۇسىبەتتەك ئېغىر بولمايدۇ!» دېگەن. بىز ۋەتەندە سەرسان بولۇپ يۈرگەندە بېشىمىزغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىكلەرنى ھېچ كىشىگە بىلىندۇرمىگەن ۋە ھېچكىمگە تىنمىغان، تۈن - كۈن بويىچە خۇددى چوغقا دەسسەپ تۇرغاندەك غەم - ئەندىشە ئىچىدە ياشاپ كەلگەنىدۇق. ھالا بۈگۈن يات بىر ئەلگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ سەرسانلىقتا ۋەتەندىشىمىز مۆھتەرەم ئاقساقال جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتى ۋە غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، ئۆزىمىزنى يېنىك ھېس قىلماقتىمىز.

ئاقساقال بەگچەك ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەرھۇم تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ۋە ئۇنىڭ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ قولىدا شاھادەتلىك شارابىنى ئىچىشكە مەجبۇر بولغان ئەھلى بەيتىنى چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەت ۋە قويۇق مېھىر - مۇھەببەت بىلەن يادلىدى:

— بەندە ھېچقاچان ئاللانىڭ ھۆكمىدىن ۋە تەقدىر -

قىسمەتنىڭ ئىلكىدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ئەمەس; ھەرقانداق جان ئىگىسى ئاللانىڭ ئىزنىسىز جان تەسەددۇق قىلالىغان ھەم پېشانە ـ قىسمىتىگە يېزىلغاندىن ئارتۇقمۇ ياشىيالىغان ئەمەس! شۇڭا، قازايىقەدەرگە رازى بولماقتىن باشقا چارە يوق. ھازىر مەن گەرچە ئۆزگىلەر يۇرتىدا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولساممۇ، ئەمما مەرھۇم ساھىبقىران خاقانىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ شاپائىتىنىڭ شاراپىتى بىلەن ھازىرغىچە توق ھەم بىغەم ياشاپ كەپتىمەن. ھۆرمەتلىك بېكەم، سىز ئۆزىڭىزنى تىرىكچىلىك غېمى بىلەن يېقىر، مۇساپىر ۋە سۇنۇق دىل ھېس قىلماقتىسىز. سىزلەر ۋەتەندە سەرسان بولۇپ يۈرگەندە، ئەمىر خۇدايداتتىن بۆلەك ھەرقانداق بىر كىشىمۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ تەقىبىدىن قورقۇپ سىلەرگە ھامىيلىق قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. مېنىڭدىكى بۇ بايلىق ـ دۆلەت، بەخت ـ سائادەت ئاشۇ جەننەت ماكان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ شاراپىتىدە ماڭا نېسىپ بولغان. ھالا بۈگۈن مەن ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىغا سىزلەرگە ھامىيلىق قىلىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرمىسام، ئۇنىڭ تۇز ھەققىنى ئاقلىمىغان بولمامدىمەن؟ ھازىرقىلار مېنى تۇزكور ۋە مۇناپىق، دەپ تىللىسا، كېيىنكىلەر مېنى دوزىخي، دەپ تىللىماسمۇ؟...

ساھىب ئاقساقال سەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ھۆرمەتلىك بېكەم، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتقايسىز! كۆڭلىمىزنىڭ ۋە ئۆيىمىزنىڭ تۆرى سىزلەرنىڭ! بىساتىمىزدىكى بار ـ يوقىمىز ھەم سىزلەرنىڭ! شۇڭا، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۆزىڭىزلەرنى ھەرگىزمۇ غېرىب ـ غۇرۋا، مۇساپىر ھېس قىلمىغايسىزلەر! ...

— رەھمەت، ھۆرمەتلىك ئاقساقال، — دېدى ئەمىر ئاغىچا ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىپ، — سىزنىڭ بۇ مېھىر ـ شەپقىتىڭىزنى بىز مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز!...

## نەزم

مېۋە بەرمەي قالارمۇ دەپ كۆچىتىم،
ئەنسىرەيدۇ تىككەن دېھقان ئېھتىمال.
ئۇرۇق چاچماي ئالالمايسەن خامانىي،
تەمەگەرلەر قىلار هامان خام خىيال،
مېۋىسىنى يەيدۇ كۆچەت تىككەنلەر،
خامان ئالار چوقۇم ئۇرۇق ئەككەنلەر.

ـــ شەيخ سەئدى: «بوستان»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىنى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## خاتىمە

# كىچىككەن ھەقىقەت

«ساڭا يامانلىق قىلغاننى تەقدىرگە تاپشۇر، چۈنكى تەقدىر سېنىڭ ئىنتىقامىڭنى ئالغۇچى خىزمەتكارىڭدۇر.»

—— «بابۇرنامە»دىن

مىلادىيە 1387 ـ يىلى ياز. ئالتۇن ئوردا خانى توختامىش ۋە موغۇلىستان قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتلار بىلەن ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانى ئەمىر تۆمۈر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۇرۇش ئاخىر ئۇترارىدىكى چەۋلەك دېگەن يەردە يۈز بەردى.

ئەسلىدە موغۇلىستاندا كۆتۈرۈلگەن دوغلاتلار ئىسيانىدا ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات غالىب كېلىپ، چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ مەرھۇم خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان خانىدانىدىن چاغاتاي خانى ئىلياس خوجا ئوغلان باشلىق ئون سەككىز ئادەمنى قەتل قىلغاندىن كېيىن، قەشقەردە ئۆزىنى قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئۈچ، چالىش، تۇرپان، قامىل، قۇياس ـ ئىلى ۋادىسى، ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرى ۋە يەتتىسۇ قاتارلىق ئۆلكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن موغۇلىستاننىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانى، دەپ ئېلان قىلدى.

ئۇ ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا ئىنىسى ئەمىر شەمسىدىن دوغلاتنى، يەتتىسۇ ئۆلكىسىگە يەنە بىر ئىنىسى شەيخىدىن

دوغلاتنى ۋالىيلىققا تەيىنلىدى.

ئۇلۇسبېگى ئەمىر خۇدايدات ئالمالىقتىن كۇچاغا قېچىپ بېرىۋالغاندىن كېيىن مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى خىزىر خوجا ئوغلاننى بەدەخشاندىن قايتۇرۇپ كېلىپ چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ خاقانى دەپ ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ قولىدىن چالىشنى تارتىۋالدى. تۇرپاندىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى تاپىنۇرتېكىنمۇ بۇ قالايمىقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت — چاغاتاي سەلتەنەتىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

ماۋەرائۇننەھرلىك توپىلاڭچى بەگ ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان مىلادىيە 1369 - يىلى كۈزدە ھىندۇۋان نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بەلخ قەلئەسىنى قورشىۋېلىپ، ماۋەرائۇننەھرلىك يەنە بىر توپىلاڭچى بەگ ئەمىر ھۇسەيىننى تۇتۇپ يوقاتتى. ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان مىلادىيە 1370 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، يەنى رامىزاننىڭ 12 - كۈنى① بەلختە داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى ماۋەرائۇننەھر ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان پۈتۈن غەربىي ۋادىلار ھەمدە شىمالىي ئافغانىستان قاتارلىق جايلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى دەپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى، يەنى مىلادىيە 1368 - يىلى شەرقتىكى چوڭ ئەل خاقانىي چىندا موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇپ، پەغپۇرچىن جۇ يۈەنجاڭ مىڭ سۇلالىسىنى قۇرۇپ، سەلتەنەت يىلنامىسىنى «خۇڭۋۇ» دەپ ئاتىدى.

كۈچلۈك زېمىن كېڭەيتىش ئارزۇسىنى كۆڭلىگە پۈككەن

---

① «زەفەرنامە» دە: «(ھىجرىيە) 771 - يىلى (ئىت يىلى) رامىزان ئېيىنىڭ 12 - كۈنى — چارشەنبە (مىلادىيە 1370 - يىلى 9 - ئاپرېل) كۈنى» دەپ يېزىلغان. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شەرەفىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنىڭ 257 - بېتىگە قاراڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان موغۇلىستان ھۆكۈمدارى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى ئۆزىنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ماۋەرائۇننەھر مەملىكىتى ئۈچۈن ئەڭ زور خەۋپ دەپ ھېسابلىغاچقا، مىڭبىر چارىلەر بىلەن ئۇنىڭ ھەربىي قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا، ھېچبولمىغاندا ئۇنى ئۆزىنىڭ ھودۇدلۇقىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇندى. شۇڭا، ئۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، شىمالدىكى قىپچاق دالاسىدا قۇرۇلغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى توختامىش بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزدى. ئاندىن بۇ ئىتتىپاققا تايىنىپ تۇرۇپ، موغۇلىستان ھۆكۈمرانى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بىلەن ئۇن يىللىغا سوزۇلغان ئۇرۇشنى باشلىدى. بۇ ئون يىللىق ئۇرۇشتا، ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانى ئەمىر تۆمۈر ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ موغۇلىستانغا بەش داپقۇر ئۇدا تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇرۇشلاردا بەزىدە ئۇ، بەزىدە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات غالىب كېلىپ ھېچكىم ھېچكىمنى يېڭەلمىدى.

مىلادىيە 1386 ـ يىلى، ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانى ئەمىر تۆمۈر بىلەن ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانى توختامىش خان ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي ئىتتىپاق تەلتۆكۈس بۇزۇلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات دەرھال توختامىش خانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانى ئەمىر تۆمۈرگە قارشى ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى.

توختامىش خانمۇ ئۇزاقتىن بېرى ئەمىر تۆمۈرنىڭ قولىدىن غەربىي ۋادىدىكى سىغىناق، سايرام (ئىسپىجاپ) ۋە ئوترار قاتارلىق جايلارنى تارتىۋېلىشنى كۆزلەپ يۈرەتتى. پەقەت موغۇلىستان ھۆكۈمرانى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزگەندىلا، ئاندىن بۇ ئىتتىپاقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى

چۈشەنگەن توختامىش خان ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتقا ئىككى تەرەپ شەرق ۋە شىمال تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قوزغاش ئارقىلىق ئەمىر تۆمۈرنى غەربىي ۋادىدىن سىقىپ چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن شەرتنامە بويىچە، مىلادىيە 1387 ـ يىلى كۈزدە توختامىش خان غەربىي ۋادىغا ئىككى تارام ئۇلۇغ لەشكەر ماڭدۇردى. بۇ ئىككى تارام ئۇلۇغ لەشكەرنىڭ بىر تارامى خارەزىم كۆلى (ئارال دېڭىزى) ئارقىلىق خارەزىمگە ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە ئۇ يەردىن توپتوغرا بۇخاراغا قاراپ ئىلگىرىلىدى؛ يەنە بىر تارام ئۇلۇغ لەشكەر خارەزىم كۆلىنىڭ شىمال ۋە شەرق تەرەپلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، موغۇلىستان لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شاش (تاشكەنت) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ماۋەرائۇننەھرنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتكە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

بۇ چاغدا ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئىراندا مۇزەپپەر شاھ بىلەن خۇراسان ئۆلكىسىنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقانىدى. ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆمەر شەيخ مىرزا دېگەن ئىككىنچى ئوغلى بۇ چاغدا ئەنجاننى بېسىپ ياتاتتى؛ ئۇنىڭ سۇلايمانشاھ، ئەمىر لەئىل، ئەمىر ئابباس قاتارلىق بەگلىرى سەمەرقەنتنى بېكىتىپ ياتقانىدى؛ ئۇنىڭ شەيخ تۆمۈر، ئەمىر تاغاي بۇغا ۋە ئەمىر ئىلتىمىش قوچىن قاتارلىق سەركەردىلىرى بۇخارانى قوغداپ تۇراتتى.

شەرتنامە بويىچە ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتمۇ ئىككى تارام ئۇلۇغ لەشكەرنى موغۇلىستاندىن غەربىي ۋادىغا ماڭدۇردى. بۇ ئىككى تارام لەشكەرنىڭ بىرسى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات باشچىلىقىدا تالاس يولى ئارقىلىق غەربىي ۋادىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ مېڭىپ، توختامىش خاننىڭ ئىككىنچى تارامىدىكى

لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلەشتى؛ يەنە بىر تارامدىكى ئۇلۇغ لەشكەرگە موغۇلىستانلىق مەرھۇم ھاجىبەگنىڭ ئاكاتۇر بەگ دېگەن جىيەنى باشچىلىق قىلدى. ئۇلار قەشقەرنىڭ تۇرۇغ ئارت (تورغات) يولى ئارقىلىق پەرغانىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات باشچىلىقىدىكى موغۇلىستان لەشكەرلىرى تالاسنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، سىغناق شەھىرىنىڭ يېنىدا توختامىش خاننىڭ ئىككىنچى تارامدىكى لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلدى، ئاندىن سىغناق شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا سايرام① شەھىرىنى قورشىۋالدى. بۇ چاغدا شەھەرنى ئەمىر تۆمۈرنىڭ تۆمۈر خوجا ئىسىملىك بىر سەركەردىسى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن مۇداپىئە قىلىپ ياتقانىدى. قىپچاق ــ موغۇلىستان بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ سايرامنى قورشىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئۆمەر شەيخ مىرزا دەرھال ئەنجاننى تاشلاپ چىقتى ۋە سەمەرقەنتنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان سەركەردىلىرى بىلەن شاشتا قوشۇلغاندىن كېيىن، داۋاملىق تۇردە شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. توختامىش خان بىلەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى دەرھال سايرامنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ ماڭدى. بۇ ئىككى دۈشمەن كۈچ ئۇترار شەھىرىنىڭ شەرق ــ شىمالىدىكى چۆللەك دېگەن جايدا دوقۇرۇشۇپ قالغاندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر ــ بىرىگە قارىمۇقارشى سەپ تۈزۈشۈپ ئۇرۇش قىلىشقا ھازىرلاندى.

---

① سايرام ــ ئىسپىجاپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى بىر شەھەر بولۇپ، ھازىر قازاقىستاندىكى چىمكەنت شەھىرىنىڭ شەرقىگە ئون ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە خارابىلىكى ساقلىنىپ قالغان.



www.uyghurkitap.com

* * *

مىلادىيە 1387 ـ يىلى بۇغداي بېشى ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ بىر كۈنى سەھەردە ئۇرۇش باشلاندى.

جەڭ دۇمبىقى بىردىنلا ئىككى تەرەپنىڭ سېپىدە تەڭلا ياڭراپ، ناغرا ـ تەبىللەر گۇمبۇرلەپ چېلىندى. كانايلار غارتىلداپ، سۇنايلار زارلىنىپ سايرىدى. سانجاق ـ سانجاق تۇغ ـ ئەلەملەر ئېگىز كۆتۈرۈلدى. ھەربىر سانجاقنىڭ ئاستىدا بىردىن ھەزارە لەشكەر سەپ تارتىپ تۇرۇشاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا يۇقىرى تەرەپتىن چىققان شامال چاڭ ـ توزاننى سۇپۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. بۇلۇتتىن جەڭ مەيدانىغا تەكشى سۇ سېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جەڭگاھ خۇددى ئەينەكتەك روشەن ۋە تاپتازا بولدى. سەپراس ـ چەپراس بولۇپ سەپ تۈزۈشكەن بۇ ئىككى دەريايى لەشكەر خۇددى قىيان سۈيىدەك بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئېقىپ كەلدى. ئىككى تەرەپنىڭ باھادىرلىرى مەيدانغا ئات سېلىشىپ كىرىپ، قوللىرىدىكى قورال ـ ياراغلىرىنى ئوينىتىپ جەۋلانبازلىق قىلىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا ئۇلار ئۆچ ـ ئىنتىقام ئوتى بىلەن خۇددى شامالدەك ئېلىشتى، يامغۇر سۈيىدەك توپىغا يۇز قويۇشتى. بەزىلىرى ھاياتلىق سۈيىنى ماماتلىق ساھىلىغا قويۇپ بەردى ۋە بەزىلىرى ئەجەل ئوقىنىڭ زەربىسىدىن ئۆچ ـ ئىنتىقام بىلەن تولغان كۆكسىلىرىنى قارا تۇپراققا يېقىشتى.

چۈشكىچە داۋام قىلغان دەھشەتلىك قانلىق جەڭلەردىن كېيىن، نۇسرەت شاملى قىپچاق ـ موغۇلىستان بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ بايرىقىنى لەپىلدەتتى. ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بىلەن توختامىش خاننىڭ موغۇل ـ قىپچاق لەشكەرلىرى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە سان جەھەتتە گويا قاتمۇقات تاغدەك ئىدى. ئۇلار تەرەپتە چىقىشقا باشلىغان بەخت ـ سائادەت ۋە غەلىبە نۇسرەت شاملى ماۋەرائۇننەھر قوشۇنلىرىنىڭ سېپىنى خۇددى سامانى

ئۇچۇرغانـدەك سورۇشقا بـاشلىغـاندا، مـاۋەرائۇننـەھرلـىكلەرنـىڭ ئۇلۇغ ئەمىرى، ئۆمەر شـەيخ مـىرزا يـېگانىـلىكتىـن بىگـانىلىـك ياخشىراق دەپ ھېسابلاپ، ئۆز سەركەردىلىرىگە لەشكەرنى باشلاپ بىر يولىلا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇدى.

توختامىش خان بىلەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۆزلىرىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ بىرىنغارلىرىنى ماۋەرائۇننەھرلىكلەرنىڭ چىرىنغارلىرىغا، ئۆزلىرىنىڭ چىرىنغارلىرىنى ئۇلارنىڭ بىرىن-غارلىرىغا سېلىپ، دۈشمەننىڭ ئوڭ قاناتتىكىلىرىنى سول قانات-قا، سول قاناتتىكىلىرىنى ئوڭ قاناتقا قوغلاپ ـ سۈرۈپ، ئۇر ـ تو-قاي قىلىپ، شۇنداق قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدىكى، گويا شۇ كۈن-نىڭ ئۆزىدە قىزىل قىيامەت ئاشكارا بولغاندەك بولدى. ھەركىم-نىڭ بېشىغا تىغ ئۇرۇلسا، خۇددى قەلەمدەك كېسىلىپ يەرگە چۈ-شەتتى. ھەركىمنىڭ بېلىگە قىلىچ چېپىلسا، گەۋدىسى ئىككى نىمتە بولاتتى. گويا قوي پادىسىغا بۆرە تەگكەندەك، قومۇشقا ئوت تۇتاشقاندەك، جەڭ شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، سەھەردىن تاكى نا-مازدىگەرگە قەدەر، ماۋەرائۇننەھرلىكلەرنىڭ لەشكەرلىرى پاتە-پاراق بولۇپ، ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىشتى. شۇ كۈنى كەچتە ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى ئېغىر مەغلۇپ بو-لۇپ، ئىنتايىن پاراكەندە ھالدا سەمەرقەنتكە قاراپ قېچىشتى.

بۇ ئارىلىقتا ئىككىنچى تارامدىكى موغۇلىستان لەشكەرلىرى ئاتاتۇر بەگنىڭ باشچىلىقىدا ئەنجان شەھىرىنى ھالقىدەك قورشىۋالدى. سەمەرقەنتكە قېچىپ كېتىۋاتقان ئۆمەر شەيخ مىرزا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال ئەنجانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مېڭىۋىدى، يېرىم يولدا ئاتاتۇر بەگنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ يېڭىلىپ قېچىپ ئەنجان تاغلىرىغا چىقىۋالدى. پۈتۈن پەرغانە موغۇلىستان قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

توختامىش خان بىلەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ قىپچاق ـ موغۇل بىرلەشمە ئارمىيەسى چەۋلەك ئۇرۇشىدا ئۆمەر شەيخ

مىرزا باشچىلىقىدىكى ماۋەرائۇننەھر قوشۇنىنى يەڭگەندىن كېيىن، قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ ئىسپىجاپ، ئۇترار ۋە شاش شەھەرلىرىنى قورشىۋالدى، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ شەھەرلەرنى پەتھى قىلدى، ئاندىن توختامىش خاننىڭ بىرىنچى تارامدىكى قىپچاق لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بۇخاراغا قاراپ دەبدەبە - ئەسئەسە بىلەن يۈرۈش قىلدى. بىراق، بۇخارا قەلئەسى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولغانلىقتىن، مۇھاسىرە ئۇرۇشى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى.

ماۋەرائۇننەھر قوشۇنلىرىنىڭ چەۋلەك ئۇرۇشتا پۈتۈنلەي تارمار كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئەمىر تۆمۈر دەرھال ئىران شاھى مۇزەپپەر بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقتى - دە، لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەيھۇن دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى.

بۇخارانى پەتھى قىلىش ئۇرۇشى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەچكە، ئۇ يەرنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان قىپچاق - موغۇل بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ئالىلىقاچان ئۆكسۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانى ئەمىر تۆمۈر ئىراندىن چېكىندۈرۈپ چىققان غايەت زور قوشۇننى باشلاپ، بۇخارانى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز يۈرۈش قىلىپ ئۇدۇل بۇخاراغا قاراپ كېلىۋاتقانىدى. بۇنداق پايدىسىز ئەھۋالدا ئۇرۇشنى ئەمدى يەنە داۋاملاشتۇرۇۋەرسە ئۆزىگە زىيان يېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن توختامىش خان غەربىي ۋادىنى بىكارلاپ بېرىپ دەرھال خارەزىم كۆلى تەرەپكە قاراپ چېكىندى. ئۆزىنىڭ ئەمىر تۆمۈرگە تەنھا تەڭ كېلەلمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن موغۇلىستان قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتمۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ دەرھال موغۇلىستانغا قاراپ جىددىي چېكىندى. بىراق، موغۇلىستان قوشۇنلىرى ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا يېتىپ بارغاندا، ئەمىر تۆمۈر قوشۇنىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولدى. موغۇلىستان

قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئازغىنا لەشكەرلىرى بىلەن قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

* * *

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئىسيانچى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ موغۇلىستاننىڭ ھۆكۈمرانىدىن قاچان ۋە قانداق قىلىپ موغۇلىستان قوشۇنىنىڭ باش قوماندانىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، گەپنى يەنىلا مەرھۇم تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ بەدەخشاندا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان كىچىك خانىشى ئەمىر ئاغىچا بىلەن ئوغلى تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلانىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن باشلىنىدىغان دۇۋا ئېقىنى تار ھەم تىك تاغ دارالىرىنىڭ ئاستىدىن ۋە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدىغان ئەگرى - بوگرى تاغ قاپتاللىرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى دۇۋا① دېگەن يەرگە كەلگەندە قۇم بارخىنى ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى. مۇشۇ تار ھەم ئۇزۇن دۇۋا ئېقىنىنى بويلاپ قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى كەشمىر مەملىكىتىدىن خوتەن دىيارىغا بارغىلى بولىدىغان تاغ يولىمۇ دۇۋاغا كەلگەندە مەشھۇر پىيالما② چۆللۈكىدىكى قۇم بارخىنىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى.
باشلامچى تۆگىنىڭ بوينىدىكى كولدۇرمىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىغا ئەگىشىپ، ئۇستىگە يۈك ئارتىلغان ئۈچ تارتىم تۆگىدىن تەركىب تاپقان كارۋان بىر خىل سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتاتتى. گاھ توختاپ، گاھ ئېقىپ كېتىۋاتقان بۇ قەدىمكى دۇۋا ئېقىنى

---

① دۇۋا — گۇما ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.
② پىيالما — گۇما ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخىنى ئىچىدە تۈيۈقسىز غايىب بولغانىدى. ئەڭ ئېگىز قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىغاندىمۇ، كۆز يەتكۈدەك يەرنىڭ ھەممىسى قۇملۇق، قۇرۇغان توغراق ۋە يۇلغۇنلۇق ئىدى.

كارۋاننىڭ دۇۋادا غەملىۋالغان ئوزۇق - تۈلۈكى بىلەن يەم - خەشەكلىرى، ئىچىدىغان سۇلىرى پىيالما چۆللۈكىدىكى مۇشۇ بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەر داۋامىدا خوراپ ئازلا قالغانىدى. يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا، بولۇپمۇ ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار ئىچىدىغان سۇنىڭ خورىشى ئىنتايىن تېز بولۇۋاتاتتى. يېڭى سۇ مەنبەسىنى بايقاش ئۈمىدى بولسا، خۇددى ئىچىدىغان سۇغا ئوخشاش بارغانسېرى ئازلاپ، كارۋاندىكى كىشىلەرنىڭ ئەندىشىسى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇلار پايانسىز چۆللۈكتە ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ ئۆلگەندىن كۆرە، دەرھال ئارقىغا قايتىپ، دۇۋادا ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك ۋە ئىچىدىغان سۇنى غەملىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن داۋاملىق ماڭساق، دېيىشمەكتە ئىدى.

بىراق، تەجرىبىلىك كارۋان بېشى مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا ئارقىغا قايتىش ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، بىردىنبىر ھاياتلىق ئۈمىدى شەرق تەرەپكە قاراپ داۋاملىق ماڭغاندىلا ئاندىن سۇ مەنبەسىگە ئۇلاشقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. پايانسىز پىيالما چۆللۈكىدە ياۋا تۆگىنىڭ ئىزلىرى ئىنتايىن قويۇق بولسىمۇ، ئەمما قۇم بارخىنى ئارىسىدا ھېچقانداق ئېقىن ئىزناسى كۆزگە چېلىقمايۋاتاتتى.

كارۋان پىيالما چۆللۈكىدە ئوزۇق - تۈلۈكسىز ۋە سۇسىز ئۈچ كۈن ماڭغاندا، ئالدى تەرەپتىكى ئۈپۈقتا چوقچىيىپ تۇرغان بىر قۇمتاغنى كۆرۈشتى. شەرق تەرەپكە قاراپ داۋاملىق ماڭغاندا ئاندىن سۇ تاپقىلى بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن كارۋان بېشى يىراقتا چوقچىيىپ تۇرغان ئاشۇ قۇمتاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ باقماقچى بولدى. ئۇ ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئۈچ

www.uyghurkitap.com

يۇز گەز كېلىدىغان بۇ زور قۇمتاغنىڭ ئۈستىگە يامان تەسلىكتە چىقىپ، ئالدى تەرەپكە قارىۋىدى، ئۇيۇقتا خۇددى ئاق بەلباغقا ئوخشىشىدىغان بىر نەرسىنىڭ ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان قارىقاش دەرياسى ئىدى.

كارۋان بېشى تەلپىكىنى قولىغا ئېلىپ، يىراقتا قالغان كارۋانغا «دەرھال مۇشۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىڭلار!» دەپ پۇلاڭلاتتى.

كارۋان چۆل ئىچىدە ئالاھازەل بىر ـ ئىككى ئاش پىشىمدەك ماڭغاندىن كېيىن، ئاخىر دەريا بويىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار نەچچە كۈندىن بېرى چاڭقاپ تەشنا بولۇشقان سۇغا ئۇلاشقانىدى! كىشىلەرنىڭ شۇ چاغدىكى قايناق ھېسسىياتىنى ئادەتتىكى سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن ئىدى! چۈنكى، ئادەم ۋە ئات ـ تۆگىلەرنىڭ سۇ ئىچكەنلىكىنى كۆرۈش كارۋان بېشى، شۇنداقلا كارۋاندىكى بارلىق ئادەملەر ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇلمايدىغان خۇشاللىنارلىق بىر ئىش ھېسابلىناتتى. كارۋاندىكى ئات ـ تۆگىلەرنىڭ قېنىپ سۇ ئىچمىگىنىگە تۆت ـ بەش كۈن بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى زاغزاق يەپ كەلگەن تۆگىلەر ئەمدى ئۇنىمۇ يېمەس بولغانىدى. ئادەملەر ئاتقا مىنمەستىن پىيادە مېڭىپ كەلمەكتە ئىدى. ھالا بۈگۈن دەريادا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇنى كۆرۈپ ئادەملەرگىمۇ، ئات ـ تۆگىلەرگىمۇ باشقىلاتىن جان كىرگەنىدى.

كارۋان قارىقاش دەرياسىنى بويلاپ شەرققە قاراپ مېڭىپ، قوشلاش دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كارۋان بېشىنىڭ قارارى بىلەن مۇشۇ يەردە ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك غەملىۋېلىش ئۈچۈن تۆت ـ بەش كۈن تۇرۇپ قالدى.

قارىقاش دەرياسى شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خوتەن بوستانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىدىكى يەنە بىر ئەزىم دەريا ــ يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ

خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلاتتى. شۇڭا، بۇ يەرنىڭ نامىمۇ قوشلاش دەپ ئاتىلاتتى.

خوتەن دەرياسى داۋاملىق تۇردە شەرقىي شىمالغا ئېقىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. قەدىمدىن تارتىپ «تىلسىم ماكان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن تەكلىماكان قۇملۇقىنى جەنۇبتىن شىمالغا توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان قەدىمكى كارۋان يولىمۇ مۇشۇ خوتەن دەرياسىنى بويلاپ بۈيۈك تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى.

قوشلاش ئاران ئون نەچچە تۇتۇنلۇك كىچىك بىر مەھەللە ئىدى. مەھەللىدىكى ھويلىلارنىڭ ئەتراپى چىتەنلەنگەن بولۇپ، ھويلا ئەتراپىدا مېۋىلىرى مەي باغلاپ پىشىپ، تۆكمە بولۇپ كەتكەن شاتۇت، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ھەم قارىياغاچ، توغراق، سۆگەت، تېرەك قاتارلىق مېۋىسىز دەرەخلەر قېلىن سايە تاشلاپ تۇراتتى. ھويلىلارنىڭ ئىچىدىكى تەك باراڭلىرىدا قىزىل، ئاق سايىۋا، مۇناقى ئۈزۈملەر شىڭگىل - شىڭگىل ئېسىلىپ تۇراتتى. دەريا بويىدىكى قارىياغاچ، سۆگەت ۋە قاپاق تېرەكلەردە قۇشلار يېقىملىق سايرىشاتتى. دەريا بويىدا كەڭ بىر پارچە بوش مەيدان بار ئىدى. كارۋان بېشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كارۋان مۇشۇ يەرگە چۈشكۈن قىلدى. چاكارلارنىڭ بىر قىسمى تۆگىلەرنى چۆكتۇرۇپ، ئۈستىدىكى يۈكلىرىنى يېشىپ چۈشۈردى. يەنە بىر قىسىم چاكارلار چېدىرلارنى تىكىپ ئوچاقلارغا قازانلارنى ئېسىشتى. ئوچاقلاردىكى كۆيۈۋاتقان ئوتتا چايجۇشلار پورۇقلاپ قايناپ، قازانلاردا پىشىۋاتقان تاماقنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى ئەتراپقا تارقىلىشقا باشلىدى.

مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ ئاستىغا تىكىلگەن چېدىرغا ئون ياشلاردا بار بىر ئوغۇل بالا بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسى ئورۇنلاشقانىدى. بۇ چېدىرنىڭ ئەتراپىدىكى چېدىرلاردا كارۋاننى قوغداپ ماڭغان قورالىق مۇلازىملار تۇراتتى. ئۇلار كارۋان بېشىنىڭ ئىجازىتىسىز ھېچكىمنى ئانا - بالا جايلاشقان

بۇ چېدىرغا يېقىنلاشقىلى قويمايتتى.

سۇسىز چۆل ـ باياۋاندىكى ئاشۇ جاپالىق سەپەردە ھەم چارچاپ، ھەم چاڭقاپ ھالىدىن كەتكەن ئات ـ تۆگىلەر ئەمدى بۇ يەردە تۆت ـ بەش كۈن بىقىلىپ ئارام ئېلىشى، كۈچىگە كېلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىگىسى بولغان بۇ ئادەملەرمۇ ئارام ئېلىپ ماغدۇرىغا كېلىۋالالايتتى.

بىر ئالا پاختەك نەدىندۇر ئۇچۇپ كېلىپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ شېخىغا قونۇپ، گۈگۈلاپ سايرىدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئۇرغاچىسىمۇ ئۇچۇپ كېلىپ ئەركىكىنىڭ يېنىدىكى شاخقا قونۇپ گۈگۈلىدى. بىردەمدىن كېيىن بۇ ئىككى پاختەك بىللە ئۇچۇپ كېتىشتى. ئوچاقلاردىكى كۆيۈۋاتقان ئوتتىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئىسلار مەيداننىڭ ئۈستىدە بىر قەۋەت يۇپقا پەردە ھاسىل قىلىپ لەرزان ئۇچۇپ يۈرەتتى.

يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، دەريا قىنىنى بويلاپ كەتكەن يالغۇز ئاياغ يول بىلەن شەرقىي شىمالغا ئاز دېگەندىمۇ يەنە يىگىرمە كۈن ماڭغاندا، ئاندىن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان قەدىمكى يۇرت ــ كۈچا دىيارىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ يول گەرچە خوتەن دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلغان يول بولسىمۇ، ئەمما پايانسىز بۈيۈك قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىلىقتا ئون كۈنلۈك ئادەمسىز چۆللۈكنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقتىن، خېيىم ـ خەتىرى ئىنتايىن زور بولغان بارسا كەلمەس يول ئىدى.

ئەگرى ـ بۈگرى تولغىنىپ ئاقىدىغان خوتەن دەرياسى بۈيۈك قۇملۇقنى خۇددى ئاپپاق چاچنى ئوتتۇرىسىدىن ئايرىغان چاچ يارمىسىدەك ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ تاشلىغانىدى. دەريا قىنىنى بويلاپ ماڭغان يالغۇز ئاياغ يولمۇ دەريا قىنىغا ئەگىشىپ، بەزىدە شەرققە، بەزىدە غەربكە، بەزىدە جەنۇبقا ۋە بەزىدە شىمالغا قاراپ

سوزۇلاتتى. بەزىدە ئادەم ئۇنى ئاخىرقى چەككە يەتتى دەپ قارىغان بۇ يول توساتتىنلا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ يىقىلغان توغراقنىڭ ئاستىدىن چىقاتتى ياكى قىيان سۇلىرىدىن يىغىلىپ ھاسىل بولغان كىچىك - كىچىك چولمىلارنىڭ نېرىقى چېتىدىن جان تالاشقاندەك ئۆمىلەپ چىقىپ، ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا قايتىدىن پەيدا بولاتتى. شۇڭا، بۇ يولنىڭ مۇشكۇل - خەتەرلىك ئىكەنلىكى خەلقئالەمگە پۇر كەتكەن بولۇپ، شۇ چاغلاردا ئەل - يۇرت ئىچىدە: «بۇ يولدا تۇنجى داپقۇر ماڭغانلار بىلمەسلىكتىن، تىجارەت ۋە ياكى نەپىقە ئەھلى خوتۇن، دەپ نادانلىق قىلىپ ماڭغان؛ ئىككىنچى داپقۇر ماڭغانلار مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ياكى بولمىسا مازارى شەرىفلەرنى زىيارەت قىلىش نىيىتى بىلەن ماڭغاندۇر؛ ئۈچىنچى داپقۇر يەنە ماڭغانلارنىڭ ئۆزى مۇرتەت، خوتۇنى تالاق !» دېگەن سۆز مەشھۇر ئىدى !

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بەلكىم سىزنىڭ بۇ سىرلىق كارۋاننىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن بۇنداق خېيىم - خەتىرى كۆپ، جەبىر - جاپالىق يولدا ماڭماقچى بولغانلىقىنى ۋە قەيەرگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى بىلگۈڭىز كېلىدىغاندۇ؟ ئۇنداق بولسا مۇئەللىپنىڭ ھېكايىسىگە قۇلاق سالغايسىز !

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات يىلان يىلىدىكى دوغلاتلار ئىسيانىدا چاغاتاي مەملىكىتىنىڭ خاقانى ئىلياس خوجا ئوغلاندىن تەخت سەلتەنەتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئوي - خىيالى زېمىن كېڭەيمىچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەملىكەتنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى. مىلادىيە 1374 - يىلى يازدا ئۇ ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ قولىدىن غەربىي ۋادىنى ۋە پەرغانىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، موغۇلىستاننى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى دوغلات ئەمىرلىرىگە تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى ماۋەرائۇننەھرگە لەشكەر تارتىپ ماڭدى.

«ئىنسان ھەممە نەرسىدىن ھاجەتسىز بولغاندا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىسيانكارلىق باش كۆتۈرىدۇ» دېگەن ئايەت بويىچە، دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ھەربىرى بىر ئاي، ھەتتا بىر كۈن بولسىمۇ خەلقى كۆپ، بايلىقى مول، ھودۇدلۇقى كەڭرى بولغان بۇ موغۇلىستانغا ئالىي ھۆكۈمران بولۇشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. بۇ چاغدا موغۇلىستاننىڭ جەنۇبىدىكى كۇچا بىلەن چالىشنى بېسىپ ياتقان ئەمىر خۇدايدات ئىلى ـ قۇياس ۋادىسىدىكى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتقا نارازى بولغان بىر قىسىم دوغلات ئەمىرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، مەرھۇم چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجا ئوغلاننى ھىمايە قىلىپ، موغۇلىستان مەملىكىتىنىڭ تەختىگە چىقارماقچى بولدى.

ئەمىر خۇدايداتنىڭ تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلاننىڭ ئانىسى ئەمىر ئاغىچا بىلەن بەدەخشاندىكى قەلئەيى زەفەر شەھىرىدە نام ـ ئەمەلىنى يوشۇرۇپ مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ سودىگەرچە ياسانغان ئوتتۇز نەپەر نۆكەرنى بىر پارچە ئىنايەتنامە بىلەن قەلئەيى زەفەر شەھىرىدىكى سابىق ئاقساقال بەگچەكنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. بۇ ئىنايەتنامەدە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ۋە ھەققانىيەتنىڭ ھامىيسى، مەرھۇم ساھىبقىران خاقانىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەھلى بەيتىنىڭ باشپاناھى بولغان ساھىب ئاقسال بەگچەك جانابلىرىغا:

مەرھەمەتلىك ۋە سائادەتلىك سالامىلىرىمىزدىن سوڭرە مەلۇم بولغايكى، مۇشۇ كۈنلەردە تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلان ۋە خانىش ئايىم ئەمىر ئاغىچا بېكەنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك ئاپەت ۋە مەنئى بالا ـ قازالاردىن پاك ساقلاپ، ئۇلارنىڭ ئىشىغا غەلىبە ـ نۇسرەت ئاتا قىلىشنى تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ، موغۇلىستان مەملىكىتىدىكى باشپاناھسىز غېرىب، ئاجىز ۋە كۆڭلى سۇنۇق پۇقرالارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ياخشى دۇئاسىنى

ئېلىۋاتقانلىقىمىزدىن ۋە ئۆزبېگىمىزنىڭمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىن نەبۇۋەت نۇرىنىڭ ئۆچمەسلىكىگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىمىزدىن خەۋەر تېپىپ قانائەت ھاسىل قىلدۇق ۋە كۆپ خۇرسەن بولدۇق.

تەڭرىتائالا بۇ ئەسسىز ئازۇنىنىڭ ئەھۋالاتلىرىنى ھەمىشە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ خوجىسى بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى ئۇشبۇ موغۇلىستان خەلقىنىڭ بېشى ئۇستىدە يېنىپ تۇرغان مەشئەلدۇر. بىز بىلەن سىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەل ـ ئۇلۇسنىڭ ئاسايىشلىقى ـ خاتىرجەملىكى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەشتىن باشقا نىيەت ـ مەقسەت يوق. يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ۋەلىنېئمەت خوجىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەھلى بەيتىنى پايمال قىلىپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىككى ئالەم سەرۋەرى ئالدىدا مەڭگۈ قارا يۈز ۋە تۇزكور مۇناپىق بولدى. ئەلھال، موغۇلىستان مەملىكىتىدە مەرھۇم تۇغلۇق تۆمۈرخانغا سادىق مۇھەببەتخاندانلار تۇغلۇقزادا خىزىر خوجا ئوغلاننى ھىمايە قىلىپ، چاغاتاي سەلتەنەتىنىڭ تەختىگە خاقان قىلىپ تىكلەشنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىشماقتا. شۇ سەۋەبتىن، شەخسەن ئۆزبېگىمىز بىللە ھەمراھ بولۇپ، توغلۇقزادە خىزىرخوجا ئوغلاننى كۇچا مەۋزەئىدىكى بارگاھىمىزغا سالامەت يەتكۈزۈپ كېلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىپ ئۇشبۇ ئىنايەتنامەنى ئۆز قولىمىز بىلەن پۈتتۈق ۋە پۈتۈن سەپەر تەييارلىقىغا يېتەرلىك سەرمايە بىلەن ئوتتۇز نەپەر ئىشەنچلىك ۋە سادىق نۆكەرنى خىزمىتىڭىزگە ئەۋەتتۇق. ئىنايەتنامەنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان، ئولتۇرغان بولسىڭىز ئورنىڭىزدىن تۇرغايسىز، تۇرغان بولسىڭىز دەرھال سەپەر جابدۇقىنى ئىشلەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، دەرگاھىمىز تامان تەخىرسىز ئاتلانغايسىز. ئۇشبۇ ۋەزىپىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىق بىلەن ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن، خانلىق

www.uyghurkitap.com

داغدام يولدا ماڭماي، پىنھان يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ماڭغايسىزلەر، ئۇنىڭدىن قالغىنىنى تەڭرى ئىگەمگە تاپشۇردۇق. نامە تامام، گەپ ۋەسسالام!»

ساھىب ئاقساقال بەگچەك ئەمىر خۇدايداتنىڭ ئىنايەتنامەسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جىددىي سەپەر ھازىرلىقىغا تۇتۇش قىلىپ، پۈتۈن تەييارلىقلارنى خۇپىيانە ئىشلەپ پۈتكۈزۈۋالدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئۈچ تارتىملىق تۆگىدىن تەشكىل قىلىنغان زور بىر كارۋاننى باشلاپ، قەلئەيى زەفەر شەھىرىدىن بىر كېچىدىلا چىقىپ كەتتى، ئاندىن بەدەخشاندىن كەشمىردىكى چىپچاپ يولى ئارقىلىق خوتەن دىيارىغا بارغىلى بولىدىغان قەدىمكى قاراقۇرۇم تاغ يولىنى بويلاپ مېڭىپ، ساقمۇساق ئاتمىش كۈن بولغاندا خوتەن دىيارىغا يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى خوتەن دەرياسىنىڭ باشلىمىدىكى قوشلاشتا قونغانلار دەل ئاشۇ كارۋان ئىدى.

ساھىب ئاقساقال بەگچەك باشلاپ ماڭغان بۇ كارۋان «تىلسىم ماكان» دەپ ئاتالغان تەكلىماكان قۇملۇقىنى ناھايىتى قىيىندا بېسىپ ئۆتۈپ، ئەمىر خۇدايداتنىڭ كۇچادىكى قارارگاھىغا يېتىپ باردى. ئۇ ئەۋەتكەن ئوتتۇز نەپەر نۆكەر ئۆز ۋەزىپىسىنى سادىقلىق بىلەن ئورۇنلاپ، يول بويى بۇ سىرلىق كارۋاننى ئوغرى ـ قاراقچىلاردىن قوغداپ، مەرھۇم خاقان ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇھەببەتخانىدانلىرىنىڭ بارگاھى بولغان ئەمىر خۇدايداتنىڭ كۇچادىكى قارارگاھىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ساھىب ئاقساقال بەگچەك دوغلاتلار ئىسيانىدا ئەمىر خۇدايداتنىڭ تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلانىنى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ قانلىق قىرغىنىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بىردىنبىر دوغلاتبېگى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە دەۋران

سۇرۇشكە تەكلىپ قىلغاندا، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ، قەسىرنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقاپ يېتىۋالغانىكەن. شۇڭا، ئەمىر قەمەردىن ئۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنمەيتتى ۋە ھەمىشە ئۇنىڭدىن خەۋپسىرەپ يۇرەتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە، ئەمىر خۇدايدات كۇچاغا قېچىپ كېلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ يالغان خان ئەمىر قەمەردىن دوغلات سەلتەنەتىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى ۋە ئۆزى بىلەن بىر نىيەتتىكى بەگلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلاننى موغۇلىستان تەختىگە چىقىرىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆردى.

ئەمىر خۇدايداتنىڭ قارارگاھى كۇچا دىيارىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆگەن دەرياسى بويىدىكى بورىقاي[1] دېگەن جايدا ئىدى. ساھىب ئاقساقال بەگچەك باشلاپ كەلگەن كارۋان بورىقاي قارارگاھىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەرھۇم تۇغلۇق تۆمۇرخاننىڭ كىچىك خانىشى ئەمىر ئاغىچا بىلەن بىللە تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلاننى قولىدىن يېتىلەپ ئاقئۆينىڭ ئىشىكىدىن كىرگەندە، ئەمىر خۇدايدات ئاقئۆينىڭ تۆرىدە باداشقان قۇرۇپ، بىر توپ ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ مەرھۇم بەگ ئاتىسى ئەمىر بۇلاجىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتى: بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوراكۆز، قاڭشارلىق يۇزىگە قاپقارا ساقال ـ بۇرۇتلىرى خويمۇ ياراشقان، بەستلىك، نەۋقىران بىر يىگىت ئىدى.

ساھىب ئاقساقال بەگچەك قولىدا خان ئەۋلادىنىڭ ئالامىتى بولغان ئۈچ تال قىزىل ئوق كۆتۈرۈۋالغان تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلان بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى، خانىش ئەمىر ئاغىچىنى سورۇن ئەھلىگە تونۇشتۇرغاندا، ئەمىر خۇدايدات ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم باش ئۇرۇش ئارقىلىق

① بورىقاي ــ شايار ناھىيەسىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

ئەركانلىق تەزىمنى بەجا كەلتۈرۈپ:

— مانا بۇ ئوغلان ساھىبقىران مەرھۇم خاقانىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىنىڭ تەخت ۋارىسى! — دەپ تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلاننى سورۇندىكى ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەرگە يەنە تونۇشتۇردى، — مەن ساداقەتلىك ساھىب ئاقساقال بەگچەك جانابلىرىدىن موغۇلىستان مەملىكىتىنىڭ تەخت ۋارىسىنى ھۇزۇرىمىزغا تەخىرسىز ۋە ساق - سالامەت يەتكۈزۈپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلغاندىم. مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىم ھالا بۇگۈن تولۇق ئورۇنلىنىپتۇ!

ئاندىن ئەمىر ئاغىچىغا قاراپ دېدى:

— ھۆرمەتلىك خانىش ئايىم، مۇبارەك قەدىمىڭىزگە ھەسسىنات! تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلان مەرھۇم ساھىبقىران خاقانىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن قالغان بىر تاللا نەمۇنە ئىدى. سىز مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە ئۇنى جېنىڭىزدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ، بېقىپ قاتارغا قوشتىڭىز. سىزنىڭ بۇ تۆھپە - خىزمىتىڭىزنى بىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ!

— تۈزكور ئەمىر قەمەرىدىن تەقدىر - قىسمەت ئۆزىگە بۇيرۇمىغان تەخت - سەلتەنەتنى ساھىبقىران ئىلياس خاندىن تارتىۋېلىپ، چاغاتاي ئەۋلادىغا بىھېساب زۇلۇملارنى سالدى، — دېدى ئەمىر ئاغىچا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، — ئەۋلاد - ئەسھابلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قەتلىئام قىلىپ شاھادەتلىككە يەتكۈزدى. ئەھلى بەيتىنى خۇددى رۇم ئەسىرلىرىگە ئوخشاش تۇتقۇن قىلىپ، خەلقىئالەمنىڭ ئالدىدا شەرمىسار ئەيلىدى. بۇنداق زۇلۇمنى ئەلمىساقتىن تارتىپ ھېچكىممۇ ئاڭلىمىغان ۋە بىرەر كىشىمۇ كۆرمىگەن بولغىيدى. بىز نائىلاج ۋەتەننى تەرك ئېتىپ، چەت ئەلگە سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق...

— ھۆرمەتلىك خانىش، ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلمىغايسىز، — دېدى ئەمىر خۇدايدات ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، —

ئۇلۇغلار: «ساڭا يامانلىق قىلغانىنى تەقدىرگە تاپشۇر. چۈنكى، تەقدىر سېنىڭ ئىنتىقامىڭنى ئالغۇچى خىزمەتكارىڭدۇر» دەپ ياخشى ئېيتقان. ھۆرمەتلىك ئەمىر ئاغىچا، يىغلىغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ھازىر بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك كۈنلەرگە چەك قويىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى! خاتىرجەم بولغايسىز. بىز مۇھەببەت خانىدانلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرەيلى، قورال ـ ياراغ تەييارلايلى. ئاندىن ئەمىر قەمەرىدىن بەتبەختنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، مەرھۇم خاقانىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلانىنى بۇ تەختكە ئولتۇرغۇزايلى!

— ھىممىتىڭىزگە ھەسسىنات! — دېدى ساھىب ئاقساقال بەگچەك خۇشال بولغىنىدىن، — بىزمۇ ئەسلىدە: «بىر شىرمەرد بولغان بولسا ۋە بۇ ئىشقا قەدەم قويسا، بىزلەر ئۇنىڭغا قولداش بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تەخت ـ سەلتەنەتى ئۈچۈن جېنىمىزنى ۋە مېلىمىزنى پىدا قىلساق» دەپ ئويلايتتۇق. ئىنشائاللا، مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە مانا ئەمدى يەتكۈدەكمىز!

ئەمىر خۇدايدات ئۇلارغا قاراپ:

— ئاۋۋال ئورۇنلىشىپ، دېمىڭلارنى ئېلىڭلار. يولدا ئىسسىق تاماق يېيەلمەي نۇرغۇن جاپا چەككەنسىلەر بەلكىم. ئۇنىڭغىچىلىك بىز بەيئەت قىلىش مۇراسىمىغا تەييارلىق كۆرەيلى، — دېدى ـ دە، مۇلازىملىرىنى ئۇلارغا غىزا تەييارلاشقا بۇيرۇدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئەمىر خۇدايداتنىڭ بورىقايدىكى قارارگاھىدا داغدۇغىلىق بەيئەت قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئەلەمدار، قەلەمدار بەگلەر ئەمىر خۇدايداتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بەلباغلىرىنى بويىنىغا تاشلىشىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشتى ۋە ھەممىسى بىر ئېغىزدىن: «نۆكەرمىزكى، ۋەلىنېئمەت خاقاني سەئىد خىزىر خوجا ئوغلانىنى رىياسەت كۆرگەيمىز ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا مەڭگۈ سادىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەربىيە ۋە ئىنايەت كۆرگەيمىز. مۇبادا ۋەلىنېئمەت خوجىمىزغا ئەيىبنى راۋا كۆرمەكنى خىيال ئەيلىسەك، ئىككىلا ئالەم سەرۋەرىگار مۇرتەت ۋە تۇزكور بولغايمىز!» دېيىشىپ، ئانت ـ قەسەم ئىچىشتى.

داغدۇغىلىق بەيئەت مۇراسىمىدا تۇغلۇقزادە خىزىر خوجا ئوغلان ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، «موغۇلىستان مەملىكىتىنىڭ خاقانى» دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلىندى. خۇتبىلەردە: «مەلىكۇل مەشرىق ۋە مەغرىب تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىبنۇل خاقانىي سەئىد خىزىرخان» دەپ نامى زىكرى قىلىنىدىغان بولدى. سالنامىچىلەر بۇ ئىشنى تارىخقا: «776 ـ ھىجرىيە يولۋاس يىلىنىڭ قەۋس ئېيىدا بولغان»① دەپ پۈتۈپ قويۇشتى.

خىزىر خوجا ئوغلان «خاقانىي سەئىد خىزىرخان» نامى بىلەن «موغۇلىستان مەملىكىتىنىڭ خاقانى» دەپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئالمالىق شەھىرىنى يېڭىباشتىن ئۆزىگە پايتەخت قىلىپ تاللىدى ۋە ئەمىر خۇدايداتنى باشقىلاتىن ئۇلۇسبېگىلىككە تەيىنلىدى.

چاغاتاي خانى خىزىرخان قول ئاستىدىكى بەگلەرگە ئۇلارنىڭ ئىلگىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرەپدارى بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قارىماستىن ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا مەركىزىيەتچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ سەلتەنەتى پەيدىنپەي كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇلۇسبېگى ئەمىر خۇدايدات باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك بەگلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، مەملىكەتنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى تېزلا ئۆزەنىگە چۈشتى. مىلادىيە 1382 ـ يىلىغا بارغاندا خىزىرخاننىڭ ئەمەلىي كۈچ ـ قۇۋۋىتى موغۇلىستان ھۆكۈمرانى، يالغان خان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. ئىلگىرى ئۇ خېلى بىر

① مىلادىيە 1374 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

ۋاقىتلارغىچە خىزىرخاننى ئېتىراپ قىلماي كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سەلتەنەتىگە دۈشمەنلىكمۇ قىلماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانى ئەمىر تۆمۈر بىلەن ئېلىشىپ يۈرگەندى. خىزىرخان يولغا قويغان مەركىزىيەتچىلىكنى كۈچەيتىش سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە ۋە ئەمىر تۆمۈرگە قارشى كۈرەشتە ۋەزىيەت موغۇلىستاندىكى بارلىق كۈچلەردىن بىر مەركەز ئاستىدا بىرلىككە كېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن، مىلادىيە 1387 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئەمىر قەمەردىن ئۆزىنىڭ «موغۇلىستان ھۆكۈمرانى» دېگەن يالغان خانلىق نامىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە خىزىرخانغا بويسۇنغانلىقىنى ئېلان قىلدى. خىزىرخانمۇ ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى سەركەردىلىك ماھارىتى بىلەن يۇرتدارچىلىقتىكى سىياسىي قابىلىيىتىنى ياخشى چۈشەنگەچكە، موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭ ئەمىر تۆمۈر بىلەن بولغان ھەربىي ـ سىياسىي جەھەتتىكى كۈرەشلىرىدە ئەمىر قەمەردىن دوغلاتنىڭ سەركەردىلىك ماھارىتىدىن پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى پۈتۈن موغۇلىستان قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭغا ماۋەرائۇننەھرلىك تويىلاڭچى بەگ ئەمىر تۆمۈر بىلەن بولغان ئۇرۇشنى تەشكىللەشكە تولۇق ھوقۇق بەردى.

* * *

مىلادىيە 1388 ـ يىلى ياز پەسلى.

موغۇلىستان لەشكەرلىرى بۇخارادىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، جىددىي يۈرۈش قىلىپ موغۇلىستاندىكى ئىسسىقكۆل بويىغا جايلاشقان چولپانئاتاغا يېتىپ كەلدى. بىراق، ئۇلارنى بۇ يەردە ئەجەل مۇئەككىلى كۈتۈپ تۇراتتى. موغۇلىستان قوشۇنى ئەمىر تۆمۈر لەشكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قاتتىق مەغلۇپ بولدى. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشقان چولپانئاتا ئۇرۇشىدا موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى

دىگۈدەك قىرىپ تاشلاندى. پەقەت ئازلا كىشى بۇ قىرغىندىن قۇتۇلۇپ قالالىدى. قۇتۇلۇپ قالغانلارنىڭ ئارىسىدا موغۇلىستان قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتمۇ بار ئىدى. ئۇ نۆكەرلىرى بىلەن بىللە ئاتلىق قېچىپ ماڭغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ مىنگەن ئات ئورۇق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇدا نەچچە كۈن توختىماي چېپىپ يۈرگەچكە ئاخىر ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ ئۆلۈپ قالدى. ئەمىر قەمەرىدىن بىر نۆكىرىنىڭ ئېتىنى تارتىۋېلىپ داۋاملىق قاچتى. ئۇلار يول ئازابى، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقىغان ھالدا كېچىلەپ مېڭىپ بىر مەھەللىگە يېتىپ كېلىپ، يول بويىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى قەلەندەر ھېسابلاپ بىر پارچە ناننى تاشلاپ بېرىپلا ئىشىكنى تاقىۋالدى. ئۇلار بۇ ناننى يەپ بىر ئاز ماغدۇرىغا كېلىۋالغاندىن كېيىن، ئەتىسى كەچ كىرگۈچە يول يۈرۈپ، ئىسسىقكۆل بويىدىكى تۈپ دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئۇ يامغۇردىن قېچىپ بىر ھويلىغا پاناھلاپ كىرگەندە، ئۆي ئىگىسى ئۇنى «ئوغرى» دەپ گۇمان قىلىپ قوغلاپ چىقاردى. ئۇ ئامالسىز كالا ئېغىلىغا كىرىپ بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۆي ئىگىسى كۆرۈپ قېلىپ «ۋاي ئوغرى» دەپ ۋارقىراپ سالدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قوشنىلىرى ئۇلاش - چولاش كەلگەن پېتى ئۇنى سويلا بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ كېتىشتى. ئۇ: «ۋايجان، ئۇرماڭلار، مەن ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات بولىمەن!» دېسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم چىنپۈتمىدى. تاياقنىڭ زەربىسىدىن ئۇنىڭ نالە - پەريادىغا چىداپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىتتەك ئۆمىلەپ، دومىلاپ قېچىپ يۈرۈپ، تاياقتىن ئاران قۇتۇلغان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئېتىغا ئاران مىنگەن پېتى بەدەر قاچتى.

ئاتلىق قېچىپ كېتىۋاتقان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئۆزى موغۇلىستاندا ئورناتقان تەرتىپلەرنىڭ يوق بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ موغۇلىستاندىكى ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنىڭ تەلتۆكۈس

يىمىرىلگەنلىكىنى، رەئىيەت ۋە پۇقرالاردا ئۆزىگە نىسبەتەن ئىتائەت ۋە ساداقەتتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانلىقىنى مانا شۇ چاغدىلا ھەقىقىي چۈشەندى ـ دە، ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ يىغلاپ تاشلىدى...

چولپانئاتا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ ئۆتكۈزۈلگەن بىر بەزمە ـ زىياپەتتە ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان بەگلىرىدىن:

— موغۇلىستان لەشكەرلىرى زادى قانچىلىك ئىكەن؟ — دەپ سورىۋىدى. بەگلىرى:

— سانىغۇدەك بولمىدۇق، ساھىبقىران ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى، — بىراق، كۆزىمىز بىلەن كۆرگىنىمىز ئوتتۇز سانجاق ①تىن كەم ئەمەس! ھەربىر سانجاق بىر ھەزارە چېرىك بولغان تەقدىردىمۇ، موغۇلىستان لەشكەرلىرى ئۈچ تۇمەندىن كەم ئەمەس !

— ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات دېگەن مەلئۇننى ئاللانىڭ قارغىشى تۇتۇپتۇ ئەمىسە، بولمىسا ئوتتۇز سانجاق لەشكىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق، بىزنىڭ ئىككى تۇمەن لەشكىرىمىزدىن يېڭىلەتتىمۇ؟

— راست ئېيتىدىلا، ساھىبقىران ئالىيلىرى، كەرەملىك ئاللا ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ قوشۇنىغا ئاز بولۇشىغا قارىماي غەلىبە ـ نۇسرەتتىن بېشارەت بەرگەن. بولمىسا مۇنچىۋالا كۆپ لەشكەرنى ئاز لەشكەر بىلەن ھەرگىز يېڭەلمىگەن بولاتتۇق.

— ئاجايىپ ئىش ـ دە، بۇ، — دېدى ئەمىر تۆمۈر مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — موغۇلىستان لەشكەرلىرى بىردەمنىڭ ئىچىدە خۇددى قۇياش چىققىنىدا يۇلتۇز يوق بولغىنىدەك يوقالدى !

— قۇياشنىڭ چىقىشى بىلەن يۇلتۇزلار پاتقانغا ئوخشاش،

---

① سانجاق — مىقدار سۆز. تۇغ، ئەلەم، بايراقنىڭ بىرلىكى. بىر سانجاق لەشكەر ئادەتتە مىڭ ئادەمگە باراۋەر كېلىدۇ.

ساھىبقىران ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەتىنىڭ ئاپتىپى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ، ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ موغۇلىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ زاۋاللىققا يۈزلەندى. بۇنداق قىسمەت ئۇنىڭ پېشانىسىغا تەقدىر خەۋەرچىسى تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە ئېنىق كۆرسىتىلگەن! — دېدى بەگلەر كۈلۈشۈپ.

بۇ چاغدا ئەمىر تۆمۈر تۈيۇقسىزلا:

— دىلاۋەرلەر، بىزگە قانداق مەسلىھەت بېرۈرسىلەركىن، — دەپ سورىۋىدى، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— ساھىبقىران ئالىيلىرى ھەرقانداق مەسلىھەت ۋە تەدبىر كۆرسەتسە، بىزلەر شۇنىڭغا ئەمەل قىلغايمىز! — دېيىشتى.

— مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، — دېدى ئۇ بەگلەرگە، — ئاۋۋال پەلىد ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتتىن مەرھۇم چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ خانىدانىدىن قەتل قىلىنغان ئون سەككىز كىشىنىڭ قېنىنى تەلەپ قىلايلى! چۈنكى، بارلىق پىتنە - پاساتنى ئاشۇ مەلئۇن تېرىغان! تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن خانىدانىنى ئاشۇ مەلئۇن ھالاك قىلغان. ئەمىر قازغىن بارلاس بىلەن تاشتۆمۈر باھادىرنى شاھادەتلىككە يەتكۈزگەنمۇ ئاشۇ مەلئۇن. شۇڭا، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە تاش ۋە ياغاچنىڭ پۈتى ھەم قولى بولغان بولسا ئىدى، ئۇلارمۇ ئاشۇ شېھىتلەرنىڭ قىساسىنى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات دېگەن مەلئۇندىن ئالغان ۋە ئۇ بەتبەخت بىلەن جەڭ قىلىپ، قېنىنى ئاشۇ شېھىتلەر ئۈچۈن پىدا قىلغان بولاتتى.

بۇ چاغدا ئەمىر تۆمۈرنىڭ يادىغا بىر ئىش كەچكەندەك بولۇپ، دەرھال بەگلەردىن:

— ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات تۇتۇلدىمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، بەگلىرى:

— ياق، قېچىپ كېتىپتۇ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— ئۇنى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بولسا تاپىنىدىن، يەرگە كىرىۋالغان بولسا كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ تارتىپ چىقىرىڭلار! بۇ ئەبلەخنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تولۇمچىلاپ سويۇپ، پوستىغا سامان تىقمىغۇچە زادى خاتىرجەم بولالمايمەن! جاكار قىلىڭلار، كىمكى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى تۇتۇپ كەلسە ياكى خەۋىرىنى بەرسە كاتتا مۇكاپات ـ ئىنئامغا ئېرىشىدۇ!

— خوپ، ساھىبقىران ئالىيلىرى، ئەمرىڭىزنى بەجا كەلتۈرگەيمىز!...

ئەتىسى ئەمىر تۆمۈرنىڭ پەرمانى بويىچە جاكارچىلار شەھەر ـ مەھەللىلەردە بىر خالتىدىن ئالتۇن كىبەكىينى كۆتۈرۈشۈۋېلىپ، خالايىققا:

— ھەركىم ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات دېگەن مەلئۇننى تۇتۇپ بەرسە ياكى ئۇنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزسە، مانا بۇ بىر خالتا ئالتۇن كىبەكي شۇنىڭ بولىدۇ! — دەپ جار سېلىپ يۈرۈشتى.

كىشىلەر ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى ئىزدىشىپ تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىشىپ چىقىپ كېتىشتى. دەشت ـ باياۋان، شەھەر ـ ئاۋدان، مەھەللە ـ قىشلاق ھەممىلا يەر ئۇنى ئىزدەۋاتقان ئادەملەر بىلەن تولدى.

ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات شۇنچىۋالا كۆپ لەشكەرلەر بىلەن ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئازغىنا لەشكەرلىرىدىن يېڭىلىپ قالغىنىنى ئويلىغىنىدا ئۆزىدىن نۇسرەت قاچقانلىقىنى ھېس قىلدى، زەردىگۆش بولۇپ ئازابلاندى. بىراق، ئامال قانچە؟... ئۇ ئالدى ـ كەينىگە قارىماستىن قاچقان پېتى مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېتىنى توختاتتى. باغنىڭ ئىچىدىكى كۆل بويىدا بىر موماي سۆگەتنىڭ سايىسى ئاستىدا ئولتۇرۇپ يىپ

www.uyghurkitap.com

ئېگىرىپ ئولتۇراتتى. ئۇ باغنىڭ ئىشىكىدىن ئاتلىق كىرىپ كېلىۋاتقان ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى كۆرۈپ «باسمىچى ئوخشايدۇ !» دەپ بەكمۇ قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قاچىمەن دەپ ئالدىغا قويۇقلۇق چاققا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى.

— هەي قىرى، قورقما، مەن ساڭا چېقىلمايمەن، — دېدى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مومايىنىڭ دەككە ـ دۈككە بولغان كۆڭلى ئازراق بولسىمۇ ئېزىغا چۈشتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە: «ئەجەبا شۇنچە ئېسىل، قىممەت باھالىق كىيىم ـ كېچەك كىيىۋالغان بۇ كىشى كىم بولغىيدى؟» دەپ هەيران بولدى ۋە:

— بەگ جانابلىرى، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئوسال هالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن غال ـ غال تىترەپ تۇرۇپ.

— هەي موماي، مېنىڭدىن قورقما، مەن موغۇلىستان مەملىكىتىنىڭ هۆكۈمدارى ئەمىر قەمەرىدىن دېگەن كىشى بولىمەن !

— موغۇلىستاننىڭ هۆكۈمدارى دەسلەپتە تۇغلۇق تۆمۈرخان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلياس خان ئەمەسمىدى؟ سەن قاچاندىن بېرى ئۇلارنىڭ مەملىكىتىگە هۆكۈمران بولۇۋالدىڭ؟

— بولدى، بەس، ئاغزىڭنى يۇم، جەددال قىرى ! — دەپ قەهر قىلدى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات قاتتىق تىرىكىپ.

— بېگىم، خاتا سۆزلەپ قويغان بولسام، مەن نادان قىرىنى كەچۈرگەيسەن. بىلمىدىمكى، مېنىڭدە نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟

— ئەمىر تۆمۈر دەيدىغان بىر بەدرەك مېنىڭ لەشكەرلىرىمگە هۇجۇم قىلىپ، قوشۇنۇمنى تۇزۇتۇۋەتتى. مەن بۇ ياغى ئارىسىدىن

ئاران قېچىپ قۇتۇلدۇم. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى يەنىلا بولدى قىلماي، ئارقامدىن تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ! ئەگەر سەن بۈگۈن ماڭا پاناھلىق بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەقىبىدىن مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولساڭ، مەن ساڭا ئۆمرۈڭدە كۆرمىگەن راھەت - پاراغەتنى كۆرسىتەتتىم. سەنمۇ ھازىرقىدەك موھتاجلىقتىن مەڭگۈ قۇتۇلغان بولاتتىڭ!

موماي ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېشىنى سالغىنىچە ئويلىنىپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى. ئاندىن:

— ئۇنداق بولسا قازناق ئۆيگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالغىن، — دېدى ۋە ئۇنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ئېغىلغا ئەكىرىپ باغلاپ قويۇپ، ئالدىغا ئوت - چۆپ سېلىپ بەردى. ئۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ئۈچىسىدىكى قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەكلەرنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئوغلىنىڭ كونا بىر چەكمەن چاپىنىنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنى قازناق ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىشىكنى بېكىتىپ قويدى ۋە ھېلىقى ئېسىل كىيىملەرنى يوشۇرۇپ قويدى.

موماينىڭ ئوتۇنچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلى بىلەن ئۆينىڭ زورغارىنى قامداپ كېلىۋاتقان بىرلا ئوغلى بار ئىدى. ئۇ بۈگۈن جاڭگالغا ئوتۇنغا كەتكەنىدى. ئوتۇنلىرىنى بازاردا سېتىپ، پۇلىغا نەرسە - كېرەكلەرنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ تۇراتتى. بىردىنلا جاكارچىلارنىڭ ھېلىقى سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى - دە، شۇ قىزىقچىلىقتا ئۇمۇ ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنى ئىزدەپ، ئېشىكىنى مىنگەن پېتى چۆل - باياۋانغا چىقىپ كەتتى. ئۇ بىر كۈن كەچكىچە ئىزدەپ چارچاپ ئۆلگۈدەك ھارغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمىر قەمەرىدىن دوغلاتنىڭ ئۆزى تۇرماق قارىسىنىمۇ ئۇچرىتالماي ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارتقان جاپاسى ئۇياقتا قېلىپ، بار دۇنيالىقتا بىرلا

ئېشىكىمۇ ھېرىپ ئۆلۈپ قالدى.
— جېنىم بالام، نېمىشقا مۇنچىلىك كەچ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى موماي ئوغلىدىن.
— ھەي ئانا، ئۇنى بىر دېمە، ئەمىر تۆمۈر دەيدىغان بەگ بىر گۇناھكارنى قاچۇرۇپ قويۇپ، ئامۇ خاسقا جاكار قىلدۇرۇپ يۈرۈپتۇ، ئاڭلىسام ھېلىقى گۇناھكارنى تۇتۇپ بەرگەن ياكى ئۇنىڭ نەدىلىكىنى خەۋەر قىلغان ھەرقانداق ئادەمگە بىر خالتا ئالتۇن كىبەكىي مۇكاپات بەرمەكچىكەن. ھەممە ئادەم ئۇنى ئىزدەشكە چۈشۈپتۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئاشۇ ئەمىر قەمەرىدىن دېگەن گۇناھكارنى ئىزدەپ مېنىڭ چىقمىغان دۆكۈم، كىرمىگەن ئۆيۈم قالمىدى. مېنىڭ مۇشۇنداق كەچ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ مانا مۇشۇ ئىدى، — دەپ ئوغلى ئۆزىنىڭ بىر كۈندىن بېرى تارتقان جاپاسىنى ئانىسىغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.
— ئوغلۇم، ئاشۇ قاچقۇننى ئىزدەيمەن دەپ بىكاردىنلا جاپا تارتىپسەن، — دېدى موماي ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ئۇنىڭدىن كۆرە، ماڭىلا ئېيتقان بولساڭ، بۇنچىۋالا جاپا تارتمىغان بولاتتىڭ. ئاۋۋال غىزايىڭنى يەپ، ھاردۇقۇڭنى ئالغىن.
— ھوي ئانا، قىزىق گەپ قىلىسەن! ئاشۇ بىر خالتا ئالتۇن كىبەكىي قولدىن كېتىدىغان بولدى ئەمەسمۇ، شۇڭا گېلىمدىن غىزا قانداق ئۆتسۇن؟!
— ئاۋۋال غىزايىڭنى يەۋال، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاناڭ ساڭا ئاشۇ قاچقۇن گۇناھكارنى كۆرسىتىپ قويسۇن، بولامدۇ؟
— ھوي ئانا، ماڭا چاقچاق قىلمايۋاتقانسەن - ھە؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالماستىن.
— ئوغلۇم، سۆزۈمگە ئىشەن، سەن ئېيتقان ھېلىقى گۇناھكارنى مەن تېخى ھېلىلا قازناقتا سولاپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئېتىنى ئېغىلغا ئەكىرىپ ئوت سېلىپ بەردىم. كېيىم -

كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ ماۋۇ ساندۇققا سېلىپ قويدۇم ! ــ دېدى ئانىسى سىرلىق كۈلۈپ.

ئوغلى ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ ساندۇقنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئۇچىسىدىن سالدۇرۇۋېلىنغان قىممەت باھالىق سەرپايىنى كۆردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىلغا كىرىپ باغلاقلىق تۇرغان ئاتنى كۆردى. خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

ئۇ ئىشىكتىن ئۇچقاندەك چىققان پېتى بازاردىكى چاھارسۇغا كېلىپ جاكارچىنى تاپتى. ئۇ تېخىچە جاكار قىلىپ يۈرگەنىكەن. يىگىت ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

ــ ئەمىر قەمەرىددىن دوغلاتنىڭ نەدىلىكىنى مانا مەن بىلىمەن، ــ دەپ شىۋىرلىدى.

جاكارچى ئۇنى دەرھال ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. ئەمىر قەمەرىددىن دوغلاتنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي غەمناك بولۇپ، تىتىلداپ ئولتۇرغان ئەمىر تۆمۈر ئوتتۇنچى يىگىت ئەكەلگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى ـ دە، ياساۋۇللىرىنى ئېلىپ دەرھال مومايىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ياساۋۇللار قازناق ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئەمىر قەمەرىددىن دوغلاتنى تۇتۇپ، ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالدىغا ئاچىقتى. ئۇ ئەمىر تۆمۈرنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن غال ـ غال تىترەپ تۇرالماي قالدى.

ــ ھەي ناكەس، رەھىمسىز مەلئۇن، جىنايەتكار بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارا ! ئادالەت ئىگىلىرى قارا بولغان يۈزۈڭنى كۆرسۇن ! ــ دېدى ئەمىر تۆمۈر قاتتىق غەزەپ بىلەن، ــ ئىگىسىنى ئالدىغان قۇش، يۈزىدە تۈكى بار ئىت ! قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ، ئەمدى نېمە دەيسەن؟ ! ھەي بەتبەخت، كەرەملىك ئاللا سېنى قولۇمغا نېمىدېگەن خار ۋە زار ھالدا چۈشۈردى ـ ھە! سەن ئەمىر بايان سۇلدۇزنى كۈش ـ كۈشلەپ، جەننەت ماكان

ئەمىر قازغىن بارلاسنىڭ ھاياتلىق شامىنى ئۆچۈرۈشكە سەۋەبچى بولدۇڭ؛ رەھمەتلىك چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر ۋە ئىلياس خان باشلىق ئۇنىڭ خاندانىدىكى ئون سەككىز ئادەمنى شاھادەتلىككە يەتكۈزدۇڭ. يەنە ئۇنى ئاز دەپ ئۇنىڭ ئەھلى بەيتىنى خورلاپ، بېشىغا نېمە كۈنلەرنى سالمىدىڭ؟ شۇنداق قىلغۇدەك سەن ئۇلاردىن نېمە يامانلىق كۆرگەنىدىڭ؟ سەن زاكاڭدىن تارتىپ قارا نىيەت، ياۋۇز، ئاچ كۆز، نەزىرى پەس، كۆرەلمەس، خەسىس ـ بېخىل، باشقىلارنىڭ ھاياتلىق گۈلىنى ماماتلىق تىكىنىگە ئالماشتۇرۇشقا ھەر دائىم چارە ـ ئامال ئىزدەيدىغان رەزىل، پاسىق ئادەم ئىدىڭ! بىز ساھىبقىران خاقان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سېنىڭدەك ناكەسكە يەنىلا مېھىر ـ شەپقەت ياغدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتلىق يىلتىزىغا پالتا چاپماقچى بولۇۋاتقان سېنىڭدەك بىر سۇيىقەستچىگە ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى قاتارىدا كۆرگەنلىكىگە ھەيران بولغانىدۇق. پازىللار: «ياخشى ئويلانماي ئىش قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى پاجىئەلىك بولىدۇ» دەپ ئېيتقاندەك، ئاخىر ئاشۇ تۇز بەرگەن ئۇلۇغۇڭغا خىيانەت قىلدىڭ! ئەجەل شىۋىرغىنى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇد كۆچىتىنى ھاۋاغا ئۇچۇردۇڭ؛ ئۇنىڭ ھاياتلىق نەزمىسىنى ماماتلىق مەرسىيەسىگە ئۇلىدىڭ. شۇڭا، سېنىمۇ ئادەم دېيىش مۇمكىنمۇ؟

— ئەي، ئەمىر تۆمۈر، ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى ھەق، — دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى ئەمىر قەمەرىدىن دوغلات، — نىيەت ـ ئىقبالىمغا بولغان ئىشەنچسىزلىك كۆزۈمنى قاراڭغۇلاشتۇردى. قاراڭغۇلۇقتا پۇتلاشتىم ۋە ھەقنى كۆرەلمىدىم. ئىنسان دېگەن مەشئۇملۇق ئىچىدە مانا مۇشۇنداق تۇيۇقسىز ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويىدىكەن. شەيتان لەئىننىڭ ۋەسۋەسىسى ئادەمنى گۇناھقا مۇپتىلا قىلىدىكەن. بەزى

چاغلاردا ئادەم ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋېتىپمۇ يىقىلىپ چۈشىدۇغۇ. مەنمۇ ئەنە شۇ شەيتان لەئىن دىلىمغا سالغان ۋەسۋەسىنىڭ ئازدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئېغىر سىناقتا يېڭىلدىم، تۇز بەرگەن ئۇلۇغۇمغا خىيانەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم...

— ھەي مەلئۇن، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىشنىمۇ شەيتان لەئىندىن ئۆگەنگەنمىدىڭ؟! كۆرۈڭلار بۇنىڭ قىلىۋاتقان گېپىنى !

— مەن ئېزىپتىمەن، ماڭا رەھىم - شەپقەت قىلغايسەن ! — دەپ ئەمىر قەمەرىددىن دوغلات ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئۇنىڭ چاڭ باسقان سەختىيان ئۆتۈكىنى سۆيگىلى تۇردى، — مېنى ئۆلتۈرمەي، ھايات قالدۇر. بوسۇغاڭدا ئىت بولۇپ ياتاي، ئات - ئېشەك كەبى خىزمىتىڭدە بولاي !...

ئۇنىڭ بۇ يىرگىنچلىك ھالىتىنى كۆرگەن ئەمىر تۆمۈر:

— ھا - ھا - ھا !... — دەپ قاقاھلاپ كۈلدى - دە، ئارقىدىنلا چىشىنى غەزەپ بىلەن غۇچۇرلىتىپ، — سېنى ئۆلتۈرمىسەم، مەن تەقدىر - قىسمەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماسمەنمۇ؟ سېنىڭ قولۇڭدا بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ ئەمىر قازغىن بارلاس، تاشتۆمۈر باھادىر، تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئىلياس خوجا ئوغلانلارنىڭ قىساسى مېنى تۇتماسمۇ؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. ئاندىن جاللاتلىرىغا قول شىلتىدى:

— مۇنۇنى ئاچىقىپ تىرىك تۇرغۇزۇپ سويۇپ، پوستىغا سامان تىقىڭلار !

جاللاتلار ئەمىر قەمەرىددىن دوغلاتنىڭ «ياق !...» دەپ ۋارقىرىغىنىغا ئۇنىماستىن، ئۇنى دارقىرىتىپ سۆرىگەن پېتى سويۇشقا ئاچىقىپ كەتتى...①

---

① بەزى مەنبەلەردە: «قەمەرىددىن بەگ ھىجرىيە 790 - يىلى (1388 - يىلى) ئىستىسقا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ ۋاپات بولدى...» دەپ يېزىلغان.

## نەزم

ئەي، چەرخى پەلەك، دەستىڭدىن يۈز ئاھۇ پىغان،
تۈز كىور كىم، ۋاپادار كىم؟ تونۇغايسەن ھامان !
دەردمەن دىلىمغا ئازار بېرىشتۈر ھەممە ئىشىڭ،
ئالدىڭدا پەرىشتە بىلەن شەيتان يەكسان !

— مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان①

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان (مىلادىيە 1499 — 1551 ـ يىللار) — قەشقەرلىك، كەشمىر ھۆكۈمرانى (مىلادىيە 1541 — 1551 ـ يىللاردا تەختتە)بول-غان. بۈيۈك ئەسەر «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئاپتورى.

# تۇغلۇق تۆمۈرخان (3) (رومان)


ئاپتورى:  ئابدۇۋەلى ئەلى
مەسئۇل مۇھەررىرى:  بارىجان زەپەر
مەسئۇل كوررېكتورى:  زەمىرە پىدائىي
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى رەيمۇن
رەسىملەرنى سىزغۇچى:  شوپاخۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:  مەمەت نەۋەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون:  0991-2827472
ئادرېسى:  ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى:  830001
باسقۇچى:  بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى:  شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى:  1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى:  15.5
نەشرى:  2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى:  2015 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى:  5001 — 13000
كىتاب نومۇرى:  ISBN 978 - 7 - 228 - 17351 - 8
باھاسى:  43.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
和硕县毅泰君尔综合店
6528282016143